# مۇندەرىجە


مۇقەددىمە ........................................ 3
باشلىنىش نۇقتىسى ........................................ 10
ساھابىلارنىڭ ئۇيۇشۇشى ........................................ 12
دەۋەتنىڭ يېيىلىشى ........................................ 14
دەۋەتكە قارشى كۈرەش ........................................ 17
دەۋەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى ........................................ 28
ۋەتنىڭ ئىككى دەۋرى ........................................ 37
ۋەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى ........................................ 43
بەدىكى بىرىنچى بەيئەت ........................................ 45
دىنىدە دەۋەت ........................................ 46
ئەقەبەدىكى ئىككىنچى بەيئەت ........................................ 52
ئىسلامى دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇشى ........................................ 64
جەمئىيەتنى بىنا قىلىش ........................................ 66
ئۇرۇش مۇھىتىنى تەييارلاش ........................................ 73
ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى ........................................ 76
مەدىنىدىكى ھايات ........................................ 81
يەھۇدى ۋە نەسرانىلار ........................................ 84
بەدرى غازىتى ........................................ 90
بەنى قەينۇقانى سۈرگۈن قىلىش ........................................ 94
ئىچكى تىنچلىقسىزلىقنى بىر تەرەپ قىلىش ........................................ 96
ئەھزاب غازىتى ........................................ 105
ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ........................................ 116
خەيبەر غازىتى ........................................ 132
«قازا» ئۆمرىسى ........................................ 140

مۇئتە غازىتى ...... 141
مەككىنىڭ فەتھى قىلىنىشى ...... 147
ھۇنەين غازىتى ...... 155
تەبۇك غازىتى ...... 163
ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىقى ...... 169
ئىسلامى دۆلەت جەھازى ...... 172
ئىسلامى دۆلەت ۋە يەھۇدىلار ...... 179
ئىسلامى دۆلەتنىڭ داۋام قىلىشى ...... 186
ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياسىتى ...... 193
ئىسلامى دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتى ...... 205
ئىسلامى فەتھىلەر ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈندۇر ...... 212
ئىسلامى فەتھىلەرنى مۇستەھكەملەش ...... 216
خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىرلا ئۇممەتكە ئايلاندۇرۇش ...... 224
ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىش سەۋەبلىرى ...... 234
ئىسلامى دۆلەت ئىنقىرازى ...... 241
مىسسىئونېرلىق ھۇجۇمى ...... 253
سېلىبچىلار ئاداۋىتى ...... 269
مىسسىئونېرلىق ھۇجۇملىرىنىڭ ئاسارەتلىرى ...... 276
ئىسلامى ئالەمگە سىياسى ھۇجۇم ...... 285
ئىسلامى دۆلەتنى يىقىتىش ...... 291
ئىسلامى دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇشى ئالدىدىكى توسۇقلار ...... 310
ئىسلامى دۆلەت بەرپا قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر ...... 321
ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشنىڭ قىيىنچىلىقلىرى ...... 329
ئىسلامى دۆلەت قانداق بەرپا بولىدۇ ...... 340
ئىسلام دۆلىتىنىڭ دەستۇر لايىھەسى ...... 346
دەستۇر لايىھەسى ...... 347
ئۇمۇمى ھۆكۈملەر ...... 347
باشقۇرۇش نىزامى ...... 350
خەلىپە ...... 352
تەۋىز مۇئاۋىنى ...... 358
تەنپىز مۇئاۋىنى ...... 360
جىھاد ئەمىرى ...... 361
قوشۇن ...... 362
قازا (قازىلىق) مەھكىمە ئىشلىرى ...... 364
ۋالىلار ...... 369
ئىدارى جەھاز ...... 371
ئۇممەت مەجلىسى ...... 373
ئىجتىمائى نىزام ...... 376
ئىقتىسادى نىزام ...... 378
تەلىم سىياسىتى ...... 390
تاشقى سىياسەت ...... 393


www.uyghurkitap.com

ئەبەدىي نېمەت لەززەتلەردىن بەھرىمەن بولىسىلەر» ، دېدى.

مۇسۇلمانلار قوچاق ئېچىپ قاتىلنى قارشى ئېلىپ چىقىشتى. ۋەھالەنكى، ئانىلىرىنىڭ قېنى غەربنىڭ بۇ قورالىدىن تېخىچە سۈرتۈۋېتىلگەن ئەمەس. غەرب ئۇلارغا نىسبەتەن يىرتقۇچ ھايۋاننىڭ ئىشىنى قىلدى - يىرتقۇچ ھايۋان ئۆلجىسىنى غەپلەتتە قالدۇرۇپ، چاڭ سالىدۇ. ئۇ زەربىدىن ھوشىغا كەلگەندە كەچ بولىدۇ. يىرتقۇچ ھايۋان ئۇنى ئورمانغا ئېكىلىپ يەيدۇ.

ئۇشبۇ زەھەرلەنگەن ئەقىل ئىگىلىرى ئىسلامىي دۆلەتنى يوق قىلغان ۋە ئۇلار مەھكەم تۇتقان بۇ زەھەرلىك قورال ھاياتنى خازان قىلىشنى بىلىشەمدىكىن؟! ئۇلار ئېلىپ يۈرگەن بۇ پىكىرلەر - مىللەتچىلىك، دىننى دۆلەتتىن ئاجرىتىش پىكىرلىرى، ئىسلامغا تەنە تاشلىرىنى ئاتقۇچى رەئىيلىرى - ئۇلارغا ئۇشبۇ ساقاپەت بەرگەن زەھەرلەرنىڭ بىر قىسمى ئىكەنلىكىنى بىلەمدىكىن؟! ئۇشبۇ «ئىسلامىي دۆلەت» كىتاۋىنىڭ «مىسسىئونېرلىق ھۇجۇمى» بابىدا (بۇ باب باشتىن-ئاخىر ھەقىقەتلەر ۋە ھەقىقەت رەقەملەردىن ئىبارەت) بىزگە جىنايەتچىلەرنىڭ ئەپتى بەشىرىسىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ئۇنى بۇ جىنايەتكە قول سېلىشقا ئۈندىگەن سەۋەپنى ۋە ئىسلامىي دۆلەتنى يوقىتىشقا ئېرىشىش يولىدا قوللانغان ۋاستىلىرىنى ئېچىپ تاشلايدۇ. سەۋەپ ئىسلامنى يەر يۈزىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش بولسا، ۋاستىلىرىنىڭ ئەڭ يامىنى مىسسىونېرلىق ھۇجۇمى ئېلىپ كەلگەن ئۇشبۇ ساقاپەت ئىدى.

ھەقىقەتەن، مۇسۇلمانلار بۇ ساقاپەت خەتىرىدىن غەپلەتتە قالدى. ئۇلار مۇستەملىكىچىگە قارشى كۈرەشنى باشلىغان ۋاقتىنىڭ ئۆزىدە ئۇنىڭ ساقاپىتىنى ئېلىشاتتى. ھالبۇكى، مانا



شۇ ساقاپەت مۇستەملىكە بولۇشنىڭ سەۋەپچىسى ئىدى. شۇ ساقاپەت ياردىمىدە مۇستەملىكىچىلىك ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدا مۇستەھكەم ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ قانچىلىك ئېچىنىشلىق ۋە كۈلكىلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىغا قارىسا بولمامدۇ. ئۇلار ئەجنەبىيگە قارشى تۇرغان ھالدا، ئۇنىڭ ئۆتكۈر زەھەرنى ئىچىش ئۈچۈن قوللىرىنى ئۇزارتىشىدۇ ۋە ھالاك بولىۋاتقانلىقىنى ئويلاشمايدۇ. ھەقىقى ئەھۋالنى بىلمىگەنلەر ئۇلارنى جەڭدە شەھىد بولدى، دېگەن خىيالغا بېرىشىدۇ. ھالبۇكى، ئۇلار غەپلەت ۋە زالالەت قۇربانلىرىدۇر.

مۇسۇلمانلار ئۆزى نېمىنى خالاۋاتىدۇ؟ ئىسلامدىن باشقا ئاساسقا قۇرۇلغان دۆلەتنى خالاۋاتامدۇ ياكى ئىسلام يۇرتلىرىدا بىر قانچە دۆلەتلەر بولۇشىنىمۇ؟ ھەقىقەتەن، غەرب ئۇلارغا - ئىش ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن بېرى - ئىسلامنى باشقۇرۇشتىن يىراقلاشتۇرۇش مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىنى پارچىلاپ تاشلاش ۋە ئۇلارنى ئەرزىمەس سەلتەنەت بىلەن ئالداشنى كۆزلىگەن پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ ئىمتىيازلار بەردى. غەرب ئۇلارنى ئاداشتۇرۇش ۋە پارچىلاپ تاشلاش مەقسىتىدە ئۇلارغا دۆلەت ھوقۇقىنى بېرىشتە داۋام قىلماقتا. غەرب مۇسۇلمانلارغا - ئەگەر ئۇلار ئۇنىڭ مەبدەء ۋە چۈشەنچىلىرىنى ئېلىپ يۈرسىلا - يېنىمۇ كۆپراق ئىمتىيازلارنى بېرىشكە تەييار، چۈنكى مۇسۇلمانلار ئۆز ئەھۋاللىرىنى ئۆزگەرتمىسە غەربكە تەۋە بولۇپ قېلىۋېرىشىدۇ.

گەپ پەقەت دۆلەتكە ئىگە بولۇشتىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ئىسلام ئالىمىدە يېگانە دۆلەت بەرپا بولۇشىدادۇر. شۇنىڭدەك، قانداقتۇر دۆلەت بەرپا بولۇشىدىمۇ، اللە نازىل قىلمىغان قانۇنلار

بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان پەقەت نامىلا ئىسلامىي دۆلەتنىڭ دۇنياغا كېلىشىدىمۇ، نامى ھەم ئىسلامىي، ئۆزى شەرىئەت قانۇنى بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان، لېكىن دىنىي پىكىرنى ئەمەل دەستۇرى قىلمايدىغان دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشىدىمۇ ئەمەس. ھەئە، گەپ بۇنداق دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇشىدىمۇ ئەمەس، بەلكى ئىسلامىي ھاياتنى ئەقىدە ئاساسىدا قايتا قۇرۇدىغان، دىن قەلبلىرىنىڭ تۆرىدىن ۋە پىكرى زىكرىدىن ئورۇن ئالغاندىن كېيىن ئىسلامىي دەۋەتنى پۈتۈن ئالەمگە يايىدىغان دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىدەدۇر.

ئىسلامىي دۆلەت ئەس-ھوشنى چالغىتىدىغان خىيالى نەرسە ئەمەس. ئۇ ئون ئۈچ ئەسىر داۋامىدا ئۆزىنى تولۇق نامايەن قىلىپ كەلگەن ھەقىقەتتۇر. بۇرۇندا شۇنداق بولغان، يېقىن كۈنلەردە ھەم شۇنداق بولغۇسى. چۈنكى، ئۇنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىش ئامىللىرى زاماننىڭ رەت قىلىشى، قارشى تۇرۇشىغا پىسەنت قىلمايدۇ. قاراڭ بۈگۈنمۇ ئەقىللەرگە كۈچ بېرىپ تۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنداق دۆلەت شەرئىي ئادالەتكە تەشنا ئىسلامىي ئۈممەتنىڭ ئارزۇسىدۇر. ئىسلامىي دۆلەت كىملەرنىڭدۇر خاھىش ئىستىكىدىن پەيدا بولۇپ، قەلبلەرنى ھەرىكەتكە سالغان قىزىقىش ئەمەس. بەلكى ئۇ اللە تائالا مۇسۇلمانلارغا يۈكلىگەن پەرز بولۇپ، ئۇنى ئادا قىلىشقا بۇيرىغان. بۇ ئىشتا سۇسلۇق قىلىنسا، ئازاپ بېرىلىدىغانلىقىدىن ئاگاھلاندۇرۇلغان. مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا ئەزىزلىق اللە، رەسۇلى ۋە مۆئمىنلەر ئۈچۈن بولمىسا، رەببلىرىنى قانداق رازى قىلالايدۇ؟ ئۇلار قوشۇنلارنى غازاتقا تەييارلايدىغان، چېگرىلارنى ھىمايە قىلىدىغان، اللەنىڭ ھەدلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ۋە اللە نازىل قىلغان دىن بىلەن



ھۆكۈم يۈرگۈزىدىغان دۆلەتنى بەرپا قىلماستىن ئۆز رەببىنىڭ ئازابىدىن قانداق نىجات تاپىدۇ؟

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىسلامىي دۆلەتنى بەرپا قىلىشى لازىم. چۈنكى دۆلەتسىز ئىسلام تەسىر كۈچىگە ئىگە بولمايدۇ، ھەممە شەرىئەت ئەھكاملىرى ئاساسىدا باشقۇرۇلمىسا، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى دارۇلئىسلام دەپ ئاتالمايدۇ.

شۇنداق بولسىمۇ ئىسلامىي دۆلەتنى بەرپا قىلىش شەخسلەر ياكى پارتىيەلەردىن ۋەكىللەر سايلاپ، كېيىن ھاكىمىيەت ئۇلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالىدىغان دەرىجىدە ئاسان ئىش ئەمەس. بۇ يولغا تىكەنلەر تاشلانغان، خەۋپ-خەتەرلەر تەھدىت سېلىپ تۇرىدۇ، ئازاپ ئۇقۇبەت ۋە قىيىنچىلىقلار بىلەن تولغان، غەيرى ئىسلامىي ساقاپەت ئەڭ چوڭ قىيىنچىلىق، يۈزەكى پىكىر قىلىش جىددىي توسۇق ۋە غەربكە تەۋە دۆلەتلەر بولسا ئاساسىي خەۋپ-خەتەرنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئىسلامىي دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش يولىدا يۈرگەنلەر - ئىسلامىي ھاياتنى قايتا باشلاش ۋە پۈتۈن ئالەمگە ئىسلامىي دەۋەتنى يېيىش ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى قولغا كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. بۇنىڭغا قىزىقتۇرغۇچى ئامىل قانچىلىك كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار مەۋجۇت ھاكىمىيەتتىن خاتىرجەم بولمايدۇ، شۇنىڭدەك، تاكى ئىسلامنى ئىنقىلابىي رەۋىشتە تەتبىق قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولمايدىكەن، ھاكىمىيەتتىنمۇ كۆڭۈللىرى خاتىرجەم بولمايدۇ.

مەزكۇر «ئىسلامىي دۆلەت» كىتابى - ئىسلامىي دۆلەت تارىخىنى يورۇتىشنى مەقسەت قىلمىغان. بەلكى ئادەملەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي دۆلەتنى قانداق

تىكلىنىشىگە قارشى تۇرغان، مۇستەملىكىچى كاپىرلار ئىسلامىي دۆلەتنى تىكلىگەنلىكىنى، مۇستەملىكىچى كاپىرلار ئىسلامىي دۆلەتنى قانداق يوق قىلغانلىقىنى ۋە زۇلمەت قاراڭغۇلۇقلىرىدا ھىدايەت يولىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇرنى قايتۇرۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا قانداق قىلىپ ئىسلامىي دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى بىلدۈرۈش مەقسەت قىلىنغان بىر كىتاپتۇر.



# بسم الله الرحمن الرحيم

## باشلىنىش نۇقتىسى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندە ئايالى خەدىچىنى دەۋەت قىلدى ۋە ئۇ ئايال ئىمان كەلتۈردى. كېيىن تاغىسىنىڭ ئوغلى ئەلىنى دەۋەت قىلدى، ئۇمۇ ئىمان كەلتۈردى. قۇلى زەيدنى دەۋەت قىلدى، ئۇمۇ ئىمان كەلتۈردى. دوستى ئەبۇ بەكرىنى دەۋەت قىلدى، ئۇمۇ ئىمان كەلتۈردى. كېيىن باشقا ئادەملەرنى دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىشەنگەن كىشىلەر ئىمان كەلتۈردى، رەت قىلغانلار كاپىر بولدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىمان كەلتۈرگەندىن كېيىن ئىشەنچىلىك ئادەملەرگە مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارا قىلىپ، ئۇلارنى اللەقا ۋە رەسۇلۇللاھقا دەۋەت قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇلايىم تەبىئەتلىك ھەمدە قەۋمى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھۆرمەت قىلىدىغان كىشى ئىدى. ئۇ ئىلىملىك، تىجارەتتە تەدبىرلىك ۋە ياخشى سۆھبەتداش بولغانلىقى ئۈچۈن قەبىلىدىكىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆپ ئىشلاردا مەسلەھەت سورىشاتتى. ئۇنىڭ قولىدا ئوسمان ئىبنى ئەففان، زۇبەيرى ئىبنى ئەۋۋام، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپ، سەئدى ئىبنى ئەبۇۋەققاس، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللا قاتارلىق كىشىلەر ئىسلامغا كىردى. ئۇلار

ئەبۇبەكرىنىڭ دەۋىتىنى قوبۇل قىلغان بولغاچقا، ئۇلارنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇلار ئىمان كەلتۈرۈپ، ناماز ئوقۇدى. كېيىن ئەبۇ ئۇبەيدۇللاھ ئامىر ئىبن جەرراھ، ئەبۇ سەلىمە ئابدۇللاھ ئىبن ئابدۇل ئەسەد، ئەرقەم ئىبن ئەبۇ ئەرقەم، ئوسمان ئىبن مەزئۇن ۋە باشقىلار ئىسلامغا كىردى. كېيىن ئادەملەر ئەر-ئاياللاردىن بولۇپ توپ-توپ هالدا ئىسلامغا كىرىشكە باشلىدى ۋە ئىسلامنىڭ زىكرى مەككىدە ئاشكارا بولۇپ، ئادەملەر پەقەت شۇ ھەقتە گەپلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئاۋۋالدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە باردى. ئۇلارغا: «الله تائالا سىلەرگە يالغۇز ئۆزىگە ئىبادەت قىلىشقا ۋە ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە بۇيرىدى»، دەپ ئېيتتى. الله تائالانىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇپ مەككىدە ئادەملەرنى ئىسلامغا ئوچۇق دەۋەت قىلاتتى. الله تائالا مۇنداق دېدى:

يايها المدثر * قم فانذر *

-«ئى كىيىمگە چۈمكىلىۋالغۇچى (پەيغەمبەر!). تۇر! ئىنسانلارنى اللەنىڭ ئازابىدىن ئاگاھلاندۇرغىن». (74:1-2)

ئادەملەر بىلەن باغلىنىپ ئۇلارنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە ئۈندەيتتى ۋە مانا شۇ دىن ئاساسىدا ئۇلارنى ئۆز ئەتراپىغا يۇشۇرۇنچە توپلايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابلىرى نامازلىرىنى تاغ جىلغىلىرىغا بېرىپ قەۋملىرىدىن يوشۇرۇنچە ئوقۇشاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا ئاۋۋال كىرگەن ۋە دىندىن خەۋەردار كىشىلەرنى ئىسلامغا يېڭى كىرگەنلەرگە قۇرئان ئۆگىتىش ئۈچۈن ئەۋەتەتتى. خەبباب ئىبن ئەرەتتىلنى زەينەپ بىنتى خەتتاپ ۋە ئۇنىڭ ئېرى سەئىدگە قۇرئان ئۆگىتىش



ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۆمەر ئىبن خەتتاپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغان ۋاقىتتا ئۇلار سەئىدنىڭ ئۆيىدە بولۇپ، خەبباب ئۇلارغا قۇرئان ئۆگىتىۋاتقان ئىدى. ئۆمەر مانا شۇ ئادەملەر ئارىسىدا ئىسلامغا كىردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلمىدى، بەلكى، مۇسۇلمانلارغا قۇرئاننى ئۆگىتىش، ئۇنىڭ مۆئمىن ئۇيۇشمىغا مەركەز بولىشى ۋە بۇ يېڭى دەۋەتكە مەدرىسە بولىشى ئۈچۈن بىر ھويلىنى تاللىدى. بۇ ھويلا ئەرقەم ئىبن ئەرقەمنىڭ ھويلىسى ئىدى. بۇ يەرگە مۇسۇلمانلارنى يىغىپ، ئۇلارغا قۇرئان ئۆگەتتى، ئىزاھلاپ بەردى، قۇرئاننى يادلاش ۋە مەناسىنى چۈشۈنۈشكە بۇيراتتى. قاچان بىرەر شەخس ئىسلامغا كىرسە، ئۇنىمۇ دارۇل ئەرقەمگە قوشاتتى. ئۈچ يىل داۋامىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ مۇسۇلمانلارنى تەربىيلىدى، بىرگە ناماز ئوقۇدى. كېچىلىرى ئۇخلىماستىن ئىبادەت قىلسا، ئۇلارمۇ بىرگە ئىبادەت قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ناماز ئوقۇش ۋە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلاردا روھانىلىقنى پەيدا قىلدى. اللەنىڭ ئايەتلىرى ۋە مەخلۇقاتلىرى ھەققىدە ئويلاش ۋە تەدەببۇر قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئويغاتتى. ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىنى قۇرئان مەنالىرى ۋە لەۋزىلىرى، ئىسلام چۈشەنچىلىرى ۋە پىكىرلىرى بىلەن بېيىتتى. ئازارلارغا سەبرە قىلىشقا چاقىردى. ئىتائەتكە ۋە بويسۇنۇشقا ئۆگەتتى. نەتىجىدە ئۇلار ئالىي ۋە قۇدرەتلىك اللەقا خالىس بەندىلەر بولۇپ يېتىشتى. الله تائالانىڭ:

فاصدع بما تؤمر واعرض عن المشركين *

-«ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرىلىرىگە)

پەرۋا قىلمىغىن» . (15:94)

ئايىتى نازىل بولغىچە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار ئەرقەم ئىبن ئەرقەمنىڭ ھويلىسىدا يوشۇرۇن ھالدا ئىش ئېلىپ باردى.

## ساھابىلارنىڭ ئۈيۈشۈشى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يېشى، مەرتىبىسى، جىنسى ۋە ئەسلىدىن قەتئىينەزەر كىم بولمىسۇن ئۇشبۇ دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا رىغبەتنى كۆرسە، ئۇلارنى دەۋەت قىلاتتى. بۇ باردا ئادەم تاللىمايتتى، بەلكى ھەممىنى تەڭ كۆرەتتى ۋە ئۇلارنىڭ دەۋەتنى قوبۇل قىلىش قىلماسلىقىغا ئېتىبار بېرەتتى. نۇرغۇن كىشىلەر ئىسلامغا كىردى. ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مۇسۇلمانلارغا دىن ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىشكە ۋە قۇرئاننى يادلىتىشقا زور ئېتىبار بېرەتتى. شۇ تەرىقىدە مۇسۇلمانلار ئۈيۈشتى ۋە دەۋەتنى يايدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەندىن تا بۇ ئىشنى ئاشكارا قىلىشقا بۇيرۇلغىچىلىك ساھابىلارنىڭ سانى - ئەر ۋە ئاياللارنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا - قىرىقتىن ئاشتى. ئۇلار تۇرلۇك ياشتىكى ۋە تۇرلۇك مۇھىتلاردىن چىققان كىشىلەر بولۇپ، كۆپچىلىكى ياشلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۈچلىكمۇ، ئاجىزىمۇ، بېيىمۇ، كەمبەغىلىمۇ بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئىيمان كەلتۈرگەن ۋە ئۇزاتتىن ئايرىلماستىن دەۋەت ئىشلىرىنى بىرگە ئېلىپ بارغانلار تۆۋەندىكى ساھابىلار ئىدى: 1. ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىپ، ئىيمان كەلتۈرگەندە سەككىز ياش ئىدى. 2.



زۇبەير ئىبن ئەۋۋام، يېشى سەككىز ياش. 3. تەلھە ئىبن ئۇبەيدۇللاھ، يېشى ئون بىر ياش. 4. ئەرقەم ئىبن ئەبۇل ئەرقەم، يېشى ئون ئىككى ياش. 5. ئابدۇللاھ ئىبن مەسئۇد، ئون تۆت ياش. 6. سەئىدى ئىبن زەيد، يېشى يىگىرمىگە يەتمىگەن. 7. سەئدى ئىبن ئەبۇ ۋەققاس، ئون يەتتە ياش. 8. مەسئۇد ئىبن رەبىئە، ئون يەتتە ياش. 9. جەئپەر ئىبن ئەبۇ تالىپ، ئون سەككىز ياش. 10. سۇھەيب رۇمى، يىگىرمىگە يەتمىگەن. 11. زەيد ئىبن ھارىسە، يىگىرمىگە يېقىنلىشىپ قالغان. 12. ئوسمان ئىبن ئەففان، يىگىرمىگە يېقىنلىشىپ قالغان. 13. تۇلەيب ئىبن ئۇمەر، يىگىرمىگە يېقىنلىشىپ قالغان. 14. خەبباب ئىبن ئەرەتتى، يىگىرمىگە يېقىنلاشقان. 15. ئامىر ئىبن بۇھەيرە، يىگىرمە ئۈچ. 16. مۇسئەب ئىبن ئۇمەير، يىگىرمە تۆت. 17. مىقداد ئىبن ئەسۋەد، يىگىرمە تۆت ياش. 18. ئابدۇللاھ ئىبن جەھشى، يىگىرمە بەش ياش. 19. ئۇمەر ئىبن خەتتاپ، يىگىرمە ئالتە ياش. 20. ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبن جەرراھ، يىگىرمە يەتتە ياش. 21. ئۇتبە ئىبن غەزۋان، يىگىرمە يەتتە ياش. 22. ئەبۇ ھۇزەيپە ئىبن ئۇتبە، ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغان. 23. بىلال ئىبن رەباھ، ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغان. 24. ئىياش ئىبن رەبىئە، ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغان. 25. ئامىر ئىبن رەبىئە، ئوتتۇزغا يقىنلىشىپ قالغان. 26. نۇئەيم ئىبن ئابدۇللاھ، ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغان. 27-30. مەزئۇن ئىبن ھەبىبىنىڭ ئوغۇللىرى: ئوسمان ئىبن مەزئۇن، ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغان. ئابدۇللاھ ئىبن مەزئۇن، يىگىرمە يەتتە ياش. قۇددامە ئىبن مەزئۇن، ئون توققۇز ياش. سەئىب ئىبن مەزئۇن، يىگىرمىگە يېقىنلىشىپ قالغان. 31. ئەبۇ سەلەمە

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەسەد مەخزۇمىي، ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغان. 32. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپ، ئوتتۇزغا يېقىنلىشىپ قالغان. 33. ئەممار ئىبنى ياسىر، ئوتتۇز بىلەن قىرىق ئارىسىدا. 34. ئەبۇ بەكرى سىددىق، ئوتتۇز يەتتە ياش. 35. ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىپ، قىرىق ئىككى ياش. 36. ئەبەيد ئىبنى ھارىس، ئەللىك ياشتا ئىدى. شۇنىڭدەك ئاياللاردىنمۇ كۆپچىلىك ئىسلامغا كىرگەن ئىدى. بۇ ساھابىلار ئۈچ يىل داۋامىدا ساقاپەتتە پىشىپ يېتىلگەچكە، ئەقىللىرى ئىسلام بىلەن شەكىللەنگەچكە ۋە نەفسلىرى شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە بىنائەن قانائەت ھاسىل قىلغاچقا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خاتىرجەم بولدى. ساھابىلارنىڭ الله تائالاغا بولغان ئالاقىلىرىنى ئىدراك قىلىشى ئۇلارنىڭ ئەمەللىرىدە ئوچۇق نامايەن بولاۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ئىشلاردىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خۇرسەن بولدى. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئۇيۇشمىسى كۈچلۈك ۋە پۈتۈن جەمئىيەتكە قارشى تۇرۇشقا قادىر ئۇيۇشمىغا ئايلانغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن الله بۇيرۇغان ۋاقىتتا بۇ ئۇيۇشمىنى ئاشكارا قىلدى.



## دەۋەتنىڭ يېيىلىشى

ئىسلامىي دەۋەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر بولۇپ ئەۋەتىلگەن بىرىنچى كۈندىن باشلاپ ھەممىگە مەلۇم بولغان ئىدى. مەككىدىكى ئادەملەر مۇھەممەدنىڭ يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقىنى، كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئىسلامغا كىرىۋاتقانلىقىنى، مۇھەممەدنىڭ ئەسھابلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ئۇلارنى تەربىيەلىۋاتقانلىقىنى ھەمدە مۇسۇلمانلارنىڭ يېڭى دىنىنى ئەمەلىلەشتۇرۇش ئۈچۈن يوشۇرۇنچە ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى بىلىشەتتى. ئادەملەر يېڭى دەۋەتنى ۋە ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرگەنلىكىنى بىلىسىمۇ، مۆئمىنلەرنىڭ قەيەردە توپلىنىۋاتقانلىقىنى، توپلىنىۋاتقانلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىدىن خەۋەرسىز ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلامنى مەككە كاپىرلىرىغا ئېلان قىلىشى يېڭىلىق بولمىدى، بەلكى ئۇشبۇ مۆئمىن ئۇيۇشمىنىڭ ئادەملەرگە ئاشكارا قىلىنىشى كۈتۈلمىگەن ھال ئىدى. ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىپ، ئۇنىڭدىن ئۈچ كۈن كېيىن بولسا ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ ئىسلامغا كىردى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار كۈچلۈك جامائەگە ئايلاندى. شۇچاغدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا الله تائالانىڭ ئۇشبۇ:

فاصدع بما تؤمر واعرض عن المشركين * انا كفينك المستهزءين * الذين يجعلون مع الله الها اخر فسوف يعلمون

— «ساڭا بۇيرۇلغاننى (يەنى پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئەمرىنى) ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويغىن، مۇشرىكلار (نىڭ مەسخىرەلىرىگە) پەرۋا قىلمىغىن. سېنى مەسخىرە قىلغۇچىلارغا بىز چوقۇم يېتىمىز. ئۇلار باشقا مەبۇدلارنى اللەغا شېرىك قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاققا قالماي (ئىشنىڭ ئاقىۋىتىنى) بىلىدۇ». (15:94-96)

ئايىتى نازىل بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام اللەنىڭ بۇيرۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇردى ۋە مۇسۇلمانلار ئۇيۇشمىسىنى بارچىغا ئاشكارا قىلدى. بىراق بەزى بىر مۇسۇلمانلار تا مەككە پەتھى بولغىچە يوشۇرۇن ھالەتتە قالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئۇيۇشمىنى ئاشكارا قىلىشى تۆۋەندىكى ئۇسلۇبدا بولغان ئىدى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئەسھابلىرى ئىككى سەپ بولۇپ چىقتى. سەپلەرنىڭ بىرىگە ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ، ئىككىنچىسىگە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ باش بولۇپ ئېلىپ باردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەرەپلەر تېخىچە كۆرمىگەن بىر گۈزەل تەرتىپتە كەئبىگە ئېلىپ باردى ۋە كەئبىنى بىرگە تاۋاپ قىلدى. شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەسھابلىرى بىلەن يوشۇرۇن پائالىيەت دەۋرىدىن ئوچۇق پائالىيەت دەۋرىگە، قىزىققانلارنى دەۋەت قىلىش دەۋرىدىن بارچىغا خىتاپ قىلىش دەۋرىگە ئۆتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىمان بىلەن كۇفرى ئوتتۇرىسىدا، ساغلام پىكىرلەر بىلەن پاساد پىكىرلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇشلار باشلاندى. ئىككىنچى باسقۇچ - تەسىر كۆرسىتىش ۋە كۈرەش قىلىش باسقۇچى باشلاندى. كاپىرلار دەۋەتكە قارشى كۈرەشنى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئەسھابلىرىغا تۈرلۈك يوللار بىلەن ئازار بېرىشنى باشلىۋەتتى. تەسىر كۆرسىتىش ۋە كۈرەش قىلىشتىن ئىبارەت بۇ باسقۇچ پۈتۈن دەۋرلەردە كۆرۈلگەن ھەرقانداق قورقۇنۇشلۇق ئىشلاردىنمۇ قاتتىقراق بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى تاش كېسەك قىلىندى. يولىغا ئەبۇ جەھىلنىڭ ئايالى ئۇممۇ جەمىل ئىپلاس نەرسىلەرنى تاشلاپ قوياتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئېلىۋېتىش بىلەن كۇپايە قىلدى. بىر كۈنى ئەبۇ جەھىل بۇتلارغا قۇربانلىق قىلىپ سويۇلغان قوينىڭ ئىچ قارنىنى ناماز ئوقۇپ تۇرغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئازارغىمۇ سەبرە قىلىپ، قىزى پاتىمىنىڭ ئالدىغا باردى. قىزى پاتىمە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كىيىملىرىنى يۇيۇپ بەردى. بۇلارنىڭ بارچىسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدا سەبرىنى ۋە



دەۋەتكە يېنىمۇ قاتتىق كىرىشىش ئىشتىياقىنى كۈچەيتىۋەتتى. مۇسۇلمانلار تەھدىت ۋە ئازارلارغا دۇچار بولاتتى. ھەربىر قەبىلە ئۆزىدىكى مۇسۇلمانلارغا زۇلۇم قىلاتتى. دىنىدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇناتتى. مۇشرىكلارنىڭ بىرىنىڭ قۇلى بولغان بىلال ھەبەشىنى ئىسلامدا سابىت تۇرغانلىقى ئۈچۈن ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن پىژغىرىم ئىسسىقتا قۇمغا ياتقۇزۇپ، ئۈستىگە چوڭ بىر تاشنى باستۇرۇپ قويدى. بىلال مانا شۇنداق ھالەتتىمۇ «ئەھەد، ئەھەد» سۆزىنى تەكرارلاپ، رەببىنىڭ يولىدا بۇ ئازاپقا بەرداشلىق بەردى. بىر ئايال ئىسلامدىن ئاتىلىرىنىڭ دىنىغا قايتىشقا رازى بولمىغانلىقى ئۈچۈن زۇلۇمغا دۇچار قىلىندى ۋە ئۇ ئازاپلارغا چىدالماي بۇ ئالەمدىن كۆز يۇمدى. مۇسۇلمانلار مۇشرىكلار تەرىپىدىن ئۇرۇلاتتى، تۈرلۈك ھاقارەتلەرگە دۇچ كېلەتتى. ئۇلار بۇ ئازارلارنىڭ بارچىسىغا اللە تائالانىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن سەبرە بىلەن چىدايتتى.

## دەۋەتكە قارشى كۈرەش

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئىسلام دىنى ئەۋەتىلگەچكە، ئادەملەر ئۇ كىشىنىڭ دەۋىتى ھەققىدە گەپلىشىشكە باشلىدى. قۇرەيش قەبىلىسىمۇ پەقەت شۇ نەرسە بىلەن بەنت بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلار باشتا بۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپلىرىمۇ راھىپلار ۋە پالچىلارنىڭ سۆزلىرىگە ئوخشاش قۇرۇق سەپسەتە، ئادەملەر يەنە ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ دىنىغا قايتىدۇ دەپ ئويلاشقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دەسلەپتە ئۇنىڭغا ئارتۇقچە ئېتىبار بەرمىدى. قارشىلىقمۇ قىلمىدى. رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالام ئۇلار توپلىنىپ ئولتۇرغان جايلاردىن ئۆتۈپ قالسا: «مانا بۇ ئابدۇل مۇتەللىپنىڭ ئوغلى، ئاسماندىن سۆزلەيدۇ»، دېيىشەتتى. ئاۋۋال شۇنداق داۋام قىلدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتى باشلىنىپ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، بۇ دەۋەتنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى، كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشىلىق كۆرسىتىشكە، پەيىنى قىرقىپ قارشى كۆرەش قىلىشقا كېلىشىۋېلىشتى. ئاۋۋال رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ئابرۇيسىزلاندۇرۇش ۋە پەيغەمبەرلىكى ھەققىدىكى سۆزلىرىنى يالغانغا چىقىرىش بىلەن شۇغۇللاندى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيغەمبەرلىكىنى ئىسپاتلايدىغان مۆجىزىلەرنى تەلەپ قىلىشقا باشلىدى. نېمە ئۈچۈن مۇھەممەد ساپا ۋە مەرۋىنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرۇپ قويمايدۇ؟ ئۇ سۆزلەۋاتقان كىتاپ نېمە ئۈچۈن ئاسماندىن تەييار يېزىلغان هالدا چۈشمەيدۇ؟ مۇھەممەد ناھايىتى كۆپ سۆزلەيدىغان جىبرىئىل نېمە ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيدۇ؟ نېمىگە ئۇ ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرمەيدۇ؟ مەككە تاغلار قورشاۋىدا قالماسلىقى ئۈچۈن نېمىشقا ئۇلارنى باشقا جايغا كۆچۈرىۋەتمەيدۇ. نېمە ئۈچۈن ئۇ مەككە ئەھلى سۇغا مۆھتاج ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، زەمزەم سۈيىدىن باشقا تاتلىقراق سۇلۇق بۇلاق چىقارمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ رەببى نەرسىلەرنىڭ نەرقىنى ۋەھيى قىلمايدۇ؟ شۇنداق بولسا زور پايدا كۆرگەن بولاتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋە دەۋىتىگە قارشى مانا شۇنداق مەسخىرە ئۇسلۇبى بىلەن ھۇجۇم قىلدى. لېكىن بۇ نەرسە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى دەۋەتتىن چالغىتمىدى، بەلكى ئادەملەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئۈندەش، بۇتلارنى



قارىلاش، ئۇلارغا سېغىنىپ، ئۇلۇغلىغۇچىلارنىڭ نادانلىقىنى پاش قىلىشتا داۋام قىلدى. قۇرەيشلىكلەرگە بۇ نەرسە قاتتىق تەسىر قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى دەۋەتىدىن قايتۇرۇش مەقسىتىدە بارچە ۋاستىلەرنى ئىشقا سېلىشتى، بىراق بۇنىڭ پايدىسى بولمىدى. ئۇلار بۇ دەۋەتكە قارشى كۆرەش قىلىش ئۈچۈن قوللانغان ئەڭ ئاساسىي ۋاستىلەر تۆۋەندىكى ئۈچ ۋاستە ئىدى:

1. ئازاپ ۋە قىيناشلارغا دۇچار قىلىش.
2. ئىچكى ۋە تاشقى تەشۋىقات.
3. ئالاقىنى ئۈزۈش.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى قەۋمى ھىمايە قىلىشقا قارىماستىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار قىيناشلارغا دۇچار بولدى. مۇشرىكلار ئازاپلارنىڭ بارچە تۈرلىرىنى ئىشقا سالدى. ياسىر ئائىلىسىنىڭ بارچىسىنى دىنىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن ناھايىتى قاتتىق قىينىدى. لېكىن بۇ ئازاپلار ئۇلاردا سابات ۋە ئىماننى زىيادە قىلدى. ئۇلار ئازاپلىنىۋاتقان پەيتتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتىۋېتىپ، ئۇلارغا قارىتا: «ئى ياسىر ئائىلىسى، سەبرە قىلىڭلار! چۈنكى، سىلەرگە جەننەت ۋەدە قىلىنغاندۇر. مەن سىلەر ئۈچۈن ئاللاتىن بىرەر نەرسە بېرىشكە قادىر ئەمەسمەن»-، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا «سىلەرگە جەننەت ۋەدە قىلىنغاندۇر». دېگەندە ياسىرنىڭ ئايالى سۇمەييە: «ئى رەسۇلۇللاھ، مەن ئۇنى ئوچۇق-روشەن كۆرىۋاتىمەن»، دېدى. شۇنداق قىلىپ، قۇرەيش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئەسھابلىرىغا ئازاپ بېرىشنى بىر لەھزىمۇ (بىر

قېتىم كۆز يۇمغىچىلىكمۇ) توختاتمىدى.

قۇرەيش بۇ ئۇسۇل پايدا بەرمىگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، ھەممە يەردە، مەككىدە ۋە ھەبەشىستاندا باشقا قۇرالنى - ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى تەشۋىقات ۋاستىسىنى ئىشقا سالدى. تەشۋىقاتنىڭ بارلىق تۈرلىرى مۇنازىرە قىلىش، ھۆججەت كەلتۈرۈش، سۆكۈش، مىش-مىشلار تارقىتىشلارغا ئوخشاش ئىشلاردىن پايدىلاندى. ئىسلامىي ئەقىدىگە، ئۇنىڭ تەرغىباتچىلىرىغا قارشى تۆھمەتلەر ئۇيۇشتۇرۇلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى يالغانچىغا چىقىرىشقا ئۇرۇنۇشتى. مۇھەممەدكە قارشى مەككىدە، خۇسۇسەن، ھەج مەۋسۇمىدا تەشۋىقات قىلىش كۆزلەنگەن ھەر بىر سۆزنى پۇختا تەييارلاشقا باشلىدى. قۇرەيشلەرنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى تەشۋىقات قىلىشقا قانچىلىك ئېتىبار بەرگەنلىكىنى ئۇشبۇ ھەدىستىن ھەم بىلسە بولىدۇ. ئۇلاردىن بىر نەپەرى ھەج مەۋسۇمىدا مەككىگە كەلگەنلەرگە مۇھەممەد توغرىسىدا نېمە دېيىشلىرىنى مەسلىھەتلىشىپ ئېلىش ئۈچۈن ۋەلىد ئىبن مۇغىرىنىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. بەزىلىرى ئۇنى كاھىن دېيىشنى تەكلىپ قىلدى. ۋەلىد ئىبن مۇغىرە مۇھەممەد ئېيتىۋاتقان سۆزلەر كاھىنلارنىڭ غۇڭۇلدىشىمۇ، ھىكايىسىمۇ ئەمەس، دەپ ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلدى. بەزىلىرى مۇھەممەدنى ساراڭ دەيمىز، دېگەن تەكلىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋەلىد بۇ تەكلىپنىمۇ مۇھەممەددە ساراڭلىقنىڭ بىرەر ئالامىتى يوق، دەپ رەت قىلدى. باشقىلار مۇھەممەدنى سېھىرگەر دەيمىز دېگەن رەئيىنى بىلدۈردى. ۋەلىد بۇنىمۇ مۇھەممەد تۈگۈنلەرگە دەم سالمايدۇ ۋە سېھىرگەرلەرگە ئوخشاش بىرەر ئىش قىلمايدۇ، دەپ ئۇنىمىدى.



ئۇزاق تارتىشىش ۋە مۇنازىرىدىن كېيىن مۇھەممەدنى سېھىرگەر دەپ ئېيىپلەشكە كېلىشتى. كېيىن ھەجگە كەلگەن ئەرەبلەر ئارىسىدا يۈرۈپ، مۇھەممەد سېھىرگەر، ئۇنىڭغا قولاق سالماڭلار، ئۇ ئېيتىۋاتقان گەپلەر سېھرى بولۇپ، كىشىنى ئاكا-ئۇكىلىرىدىن، ئاتا-ئانىسىدىن، ئايال ۋە قېرىنداشلىرىدىن ئاجرىتىۋېتىدۇ. كىم ئۇنىڭغا قولاق سالسا، مۇھەممەددە ئۇنى سېھىرلەپ، ئەھلى ئائىلىسىدىن ئاجرىتىۋېتىشىنىڭ سېھرى بار، دەپ ئاگاھلاندۇرۇشتى. لېكىن بۇ تەشۋىقاتمۇ پايدا بەرمىدى، ئىسلام دەۋىتىنى توختىتالمىدى.

كېيىن قۇرەيشلەر نەزرى ئىبن ھارىسنىڭ ئالدىغا بېرىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشقا ئۈندىدى. شۇنىڭدىن كېيىن نەزرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى اللەنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىپ ئادەملەرنى توپلىغان يەرلىرىگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن بېرىپ، پارسلار ۋە ئۇلارنىڭ دىنى ھەققىدە ھىكايە قىلىپ، مۇھەممەدنىڭ گەپلىرى نېمىسى بىلەن مېنىڭ گەپلىرىمدىن چىرايلىق؟ ئۇمۇ مەن ئېيتىپ بېرىۋاتقان - ئۆتكەنلەرنىڭ ئەپسانىلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتامدۇ، دەپ تەشۋىقات يۈرگۈزۈشكە باشلىدى. قۇرەيشلەر بۇ گەپلەرنى ئادەملەر ئارىسىدا تارقاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇھەممەد ئېيتىۋاتقان گەپلەرنى ئۇنىڭغا جەبرى ئىسىملىك بىر نەسرانىي بالا ئۆگىتىۋاتىدۇ، ئۇلار اللەتىن كەلگەن ۋەھيى ئەمەس، دېگەن گەپلەرنىمۇ تارقاتتى. ئۇلار بۇ تۆھمەتنى ئەۋج ئالدۇرغاچقا، الله تائالا ئۇلارنىڭ گېپىنى رەت قىلىپ ئۇشبۇ ئايەتنى نازىل قىلدى:

ولقد نعلم انهم يقولون انما يعلمه بشر لسان الذي يلحدون ·

الیه اعجمي وهذا لسان عربي مبین

– «ئۇلارنىڭ: «ئۇنىڭغا قۇرئاننى بىر ئىنسان تەلىم بېرىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئوبدان بىلىمىز. ئۇلار كۆرسەتكەن ئادەمنىڭ تىلى ئەرەپ تىلى ئەمەس. بۇ قۇرئان بولسا روشەن ئەرەپ تىلىدۇر». (16 : 103)

ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا قۇرەيشلەرنىڭ پىتنىلىرى مانا شۇنداق داۋام قىلدى. قۇرەيشلەر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، مۇسۇلمانلار ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نەجاشى ھوزۇرىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى گەپ تارقىتىپ، نەجاشىنىڭ ئۇلارنى ھەبەشىستاندىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئىككى ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلار ئەمرى ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەبىئە ئىدى. ئۇلار ھەبەشىستانغا يېتىپ كېلىپ، نەجاشى سارىيىدىكى باش روھانىلارغا مۇسۇلمانلارنى مەككىگە قايتۇرۇشقا ياردەم قىلىشنى ئۆتۈنۈپ، ھەدىيەلەر بەردى. كېيىن نەجاشى ئالدىغا كىرىپ، شۇنداق دېدى: «ئى پادىشاھ، سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا بىزدىن ئاخماق ياشلار كەلگەن، ئۇلار ئۆز قەۋملىرىنىڭ دىنىنى تەرك قىلغان، بىراق، سىزنىڭ دىنىڭىزغىمۇ كىرمىگەن. ئۆزلىرى توقۇۋالغان بىزمۇ، سىزمۇ بىلمىگەن بىر دىننى ئېلىپ كەلگەن. بىزنى ئۇلارنىڭ ئاتا-باۋىلىرى، تاغىلىرى، قېرىنداشلىرى ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىغا قايتۇرۇۋېتىشىڭىز ئۈچۈن ياردەم سوراپ ئالدىڭىزغا ئەۋەتتى. چۈنكى، قېرىنداشلىرى ئۇلارنىڭ ئېيىپلىرى ۋە قىلمىشىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ».

نەجاشي مۇسۇلمانلاردىن بۇ ھەقتە نېمە دېيىشىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى چاقىرتىپ سورىدى: «سىلەرنىڭ قەۋمىڭلاردىن ئايرىلىشىڭلارغا، مېنىڭ دىنىمغا ۋە باشقا ھېچ بىر مىللەتنىڭ



دىنىغە كىرمەسلىكىڭلارغا سەۋەپ بولغان بۇ قانداق دىن؟» ئۇنىڭغا جەئپەر ئىبنى ئەبۇ تالىپ جاھىلىيەتتىكى ئەھۋالىنى، ئۆزى قانداق سۈپەتتە بولغانلىقىنى بايان قىلىپ، جاۋاپ بەردى. كېيىن ئىسلام ئېلىپ كەلگەن ھىدايەتنى، مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىنكى ئەھۋاللىرى قانداق سۈرەتتە ئۆزگەرگەنلىكىنى بايان قىلدى. كېيىن قۇرەيشنىڭ ئۇلارنى قانداق ئازاپ ۋە قىيناشلارغا دۇچار قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ۋە: «قۇرەيشلەر بىزگە زوراۋانلىق قىلىپ، قىيناشلارغا دۇچار قىلغاچقا، بىزنى تەڭلىك ئەھۋالغا سېلىپ قويغاچقا دىنىمىزدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغاچقا سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا كەلدۇق، باشقىلاردىن قارىغاندا سىزنىڭ ھىمايىڭىزدە بولۇشىمىزنى خالىدۇق ۋە سىزنىڭ ھوزۇرىڭىزدا زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقنى ئۈمىد قىلدۇق»، دېدى. نەجاشى جەئپەرگە دېدى: «سىلەردە پەيغەمبىرىڭلار كەلتۈرگەن بىرەر نەرسە بارمۇ، ماڭا ئوقۇپ بېرىڭلار؟» جەئپەر «ھەئە»، دېدى ۋە قۇرئاندىن مەريەم سۈرىسىنىڭ بېشىدىن ئۇشبۇ ئايەتكىچە ئوقۇپ بەردى:

فاشارت الیه قالوا كیف نكلم من كان فى المهد صبیا * قال اني عبد الله اتني الكتب وجعلني نبیا * وجعلني مبركا این ماكنت واوصني بالصلاة والزكوة مادمت حیا * وبرا بوالدتي ولم یجعلني جبارا شقیا * والسلم علي یوم ولدت ویوم اموت ویوم ابعث حیا *

– «مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: «بۆشۈكتىكى بوۋاققا قانداق سۆزلەيمىز» دېدى. بوۋاق ئېيتتى: «مەن ھەقىقەتەن اللەنىڭ بەندىسىمەن، ماڭا كىتاپنى بەردى (يەنى ئىنجىلنى بېرىدۇ) ۋە مېنى پەيغەمبەر قىلدى (يەنى قىلىدۇ). قەيەردە بولاي مېنى بەرىكەتلىك قىلدى، ھاياتلا بولىدىكەنمەن، ماڭا نامازنى،

تېخىمۇ كۈچەيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىمان كەلتۈرگەنلەردە سەبرە-تاقەت ۋە ئىشەنچىنى مۇستەھكەملىدى. مەككىدە ۋە ئۇنىڭ تاشقىرىسىدا دەۋەتنىڭ يېيىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلالمىدى. قۇرەيشلەر مۇھەممەدنى قامال قىلغانلىق خەۋەرى مەككە تاشقىرىسىدىكى ئەرەپلەرگە يېتىپ باردى. شۇ سەۋەپتىن دەۋەت ھەققىدىكى گەپلەر باشقا قەبىلىلەرگىمۇ تارقالدى. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ئىسلامنىڭ زىكرى ئەمەللەشتى. كارۋانلارمۇ ئىسلامنىڭ ھەققىدە گەپلەرنى تارقىتىشتى. لېكىن ئالاقىنى ئۈزۈش داۋام قىلدى، ئاچلىقتا مەھكۇملۇق تۈگىمىگەن ئىدى. قۇرەيش ئالاقىنى ئۈزۈشكە كېلىشكەن توختام ئۆز كۈچىگە ئىگە ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قېرىنداشلىرى بىلەن مەككە تاشقىرىسىدىكى تاغلار ئارىسىدا پاناھلاندى. ئۇلار ئاچلىق، مەھرۇملۇق، مۇھتاجلىق ئەلەملىرىنى باشلىرىدىن كەچۈردى. كۆپۈنچە جاننى ساقلاپ قېلىشقا يېتىدىغان يىمەكلىك تاپالمايتتى. شۇنىڭدەك، ئۇلارغا ئادەملەر بىلەن هارام قىلىنغان ئايلاردىن باشقا پەيتلەردە ئارىلىشىش ۋە گەپلىشىشكىمۇ رۇخسەت يوق ئىدى. بۇ ئايلاردا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىگە چۈشۈپ، ئەرەپلەرنى ئاللەنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلاتتى، ئاللەنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىش خەۋەرنى يەتكۈزەتتى، ئازاپلاردىن ئاگاھلاندۇراتتى ۋە كېيىن يەنە تاغقا قايتاتتى. بۇ هال مۇسۇلمانلارغا ئەرەپلەرنىڭ مېھرىنى ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋىتىگە ئەگەشكەن بولسا، بەزىلىرى مۇسۇلمانلارغا يوشۇرۇنچە ئوزۇق-تۈلۈك ئەۋەتەتتى. ھىشام ئىبنى ئەمرى تۆگىگە ئوزۇق-تۈلۈك ۋە بۇغداي ئارتىپ، يېرىم كېچىدە تاغ ئارىسىغا كېلىپ ئۇنى مۇسۇلمانلار تەرىپىگە ھەيدىۋەتەتتى.



مۇسۇلمانلار تۆگىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭغا يۈكلەنگەن نەرسىلەرنى ئىستىمال قىلاتتى. ئۆزىنى سويۇپ گۆشىنى يەتتى. بۇ هال ئۈزلۈكسىز ئۈچ يىل داۋام قىلدى. ئۇلارغا دۇنيا تار-قىستاڭچىلىق بولۇپ قالدى. ئاخىر الله ئۇلارغا ئازادلىك بەردى ۋە قامالنى ئېچىپ تاشلىدى. بۇ شۇنداق بولغان ئىدى: قۇرەيش ياشلىرىدىن بەشى - زۇھەير ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە، ھىشام ئىبنى ئەمرى، مۇتئىم ئىبنى ئەدىي، ئەبۇ بۇختەرىي ئىبنى ھىشام ۋە زەمئە ئىبنى ئەسۋەدلەر يىغىلىپ، توختامنىڭ ۋە ئالاقىنى ئۈزۈشنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە سۆزلەشتى. ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىشتى، بىر-بىرىگە بۇ ئىشتىن غەزەپتە ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىشتى، ھەمدە بۇ توختامنى بىكار قىلىدىغان ۋە ئۇ يېزىلغان قەغەزنى يىرتىپ تاشلاشقا ئېلىپ بارىدىغان بىر ئىش قىلىشقا ئەھدىلەشتى. ئەتىسى كەئبىگە باردى. زۇھەيرى كېلىپ كەئبىنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئادەملەرگە مۇنداق دېدى: ئى ئەھلى مەككە، ھېچكىم سودا-سېتىق قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن بەنۇ هاشىم هالاك بولىۋاتىدۇ، بىز تائام يەپ، كىيىم كېيىپ يۈرۈۋېرىمىزمۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى، بۇ زالىم، ئوتتۇرىنى ئۈزگۈچى ئۇشبۇ خەت يىرتىلىپ تاشلانمىغىچە ئولتۇرمايمەن». بۇ گەپلەرنى ئەبۇ جەھلى ئاخىرغىچىمۇ ئىشتمەي، ئۇنى چاقىردى: «يالغان گەپ قىلىۋاتىسەن الله بىلەن قەسەمكى ئۇ يىرتىلمايدۇ». بەيتۇللانىڭ تۆرلۈك تەرەپلىرىدىن زەمئە، ئەبۇ بۇختەرىي، مۇتئەم ۋە ھىشاملار ئاۋاز قېتىپ، ئەبۇ جەھلنى يالغانچىغا چىقاردى ۋە زۇھەيرنى قوللاپ - قۇۋۋەتلىدى. ئەبۇ جەھل بۇ ئىش ئالدىن كېلىشۋېلىنغان ئىش ئىكەنلىكىنى، قەۋم بۇنىڭغا كېلىشكەنلىكىنى. ئۇنىڭغا قارشى

چىقىش يامانلىققا ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى چۈشەندى ۋە قورقۇپ ئارقىغا چېكىندى. مۇتئىم توختام يېزىلغان سەھىپىنى يىرتىپ تاشلاش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى، ئۇنى ئېلىپ قارىسا، بېشىدا «بىسمىكەللاھۇممە» دەپ يېزىلغان قىسمىدىن باشقا يەرلىرىنى قۇرۇت يەپ بولغان ئىكەن. قۇرەيش ياشلىرى ئالاقىنى ئۈزۈش ئەھدىنى بىكار قىلىش بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئەسھابلىرى تاغ ئارىسىدىكى قامالدىن چىقىپ، مەككىگە قايتىشقا رۇخسەت بولدى ۋە ئۇلار مەككىگە قايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋىتىنى يەنە داۋام قىلدۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ سانى كۈن سايىن كۆپەيدى. شۇنداق قىلىپ، قۇرەيشنىڭ قىيناش، تەشۋىقات ۋە ئالاقىنى ئۈزۈشكە ئوخشاش كۈرەش قىلىش ۋاستىلىرى مېۋە بەرمىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن چىقارالمىدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى دەۋىتىدىن قايتۇرالمىدى. تالاش-تارتىش نەتىجىسىدە الله تائالا بۇ دەۋەتنى بارچە قىيىنچىلىق ۋە توسۇقلار ئۈستىدىن غالىپ قىلدى.

## دەۋەتنىڭ تەسىر كۆرسىتىشى

قۇرەيشنىڭ ئىسلامىي دەۋەت بىلەن توقۇنۇشى تەبىئىي ئىدى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى ئاشكارا قىلغان، پۈتۈن ئالەمگە قارشى تۇرۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلىدىغان ئۇيۇشمىنى تەشكىل قىلغان ئىدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى بۇ دەۋەت مەككە مۇشرىكلىرىگە ۋە قۇرەيشكە قارشى كۈرەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى. چۈنكى بۇ دەۋەت اللەنى يەككە يېگانە دەپ بىلىشكە، يالغۇز ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشقا، بۇتلارغا



www.uyghurkitap.com

سېغىنىشنى تەرك قىلىشقا ھەمدە ئۇلارنى ياشاۋاتقان بۇزۇق تۈزۈمدىن ۋاز كېچىشكە چاقىراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرەيش بىلەن توقۇنۇشۇپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشلىكلەرنىڭ ئەقىلسىز ئىكەنلىكىنى پاش قىلىۋاتقان، ئىلاھلىرىنى چەكلەۋاتقان، بىر تىيىنغا قىممەت ھايات قىممەت كۆز قاراشلىرىنى تەنقىد قىلىۋاتقان، زۇلۇم ئاساسىدىكى تۇرمۇش ۋاستىلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىۋاتقان بولسا، ئۇلار بىلەن توقۇنۇشماي قالامتتىمۇ؟! رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان نازىل بولۇپ، قۇرەيش مۇشرىكلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئوچۇق لەپزىلەر بىلەن شۇنداق دېدى:

**انكم وما تعبدون من دون الله حصب جهنم انتم لها واردون ***

-«ھەقىقەتەن سىلەر اللەنى قويۇپ ئىبادەت قىلغان نەرسەڭلار بىلەن دوزاختا يېقىلغۇ بولىسىلەر، سىلەر دوزاخقا كىرىسىلەر». (21:98)

كېيىن قۇرئان ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكلىرىنىڭ ئاساسىي بولغان جازانىخورلۇقلىرىنى كەسكىن قارىلاپ مۇنداق دېدى:

**وما اتيتم من ربا ليربوا فى اموال الناس فلا يربوا عندا الله وما اتيتم من زكوة يريدون وجه الله فاولئك هم المضعفون ***

-«سىلەر كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلى ئىچىدە ئۆستۈرۈش ئۈچۈن بىرەر پۇل-مال بەرسەڭلار، اللەنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئۆسمەيدۇ، اللەنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ بەرگەن سەدىقەڭلارغا ھەسسىلەپ ساۋاب بېرىلىدۇ». (30:39)

تارازا ۋە ئۆلچەملەردىن تۇتۇپ قالىدىغان كىشىلەرنى قاتتىق ئازابىدىن ئاگاھلاندۇردى:

**ويل للمطففين * الذين اذا اكتالوا علي الناس يستوفون * واذا**

كالوهم اوزنوهم يخسرون *

ـ «(ئۆلچەمدە ۋە تارازىدا) كەم بەرگۈچىلەرگە ۋاي! ئۇلار كىشىلەردىن ئۆلچەپ ئالغان چاغدا، تولۇق ئالىدۇ. كىشىلەرگە ئۆلچەپ ياكى تارتىپ بەرگەن چاغدا، كەم بېرىدۇ» . (83:1-3)

شۇنىڭ ئۈچۈن مۇشرىكلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشتى، ئۇ كىشىنىڭ ئەسھابلىرىنى بىر قېتىم قىيناشلارغا دۇچار قىلىش بىلەن يەنە بىر قېتىم ئالاقىنى ئۈزۈش بىلەن ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋە دەۋەتلىرىگە قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش بىلەن ئازار بېرىشتى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا زەربە بېرىشتە داۋام قىلدى. خاتا رەئىيلەرگە قارشى كۆرەشنى، بۇزۇق ئەقىدىلەرنى تەنقىد قىلىشنى ۋە دەۋەتنى يېيىشنى توختاتمىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا تۇرلۇك سۆز ئويۇنلىرىنى ئىشلەتمەستىن، ئادەملەرنىڭ خاھىشلىرىغا ماسلاشماي، تىل ياغلىمىلىق قىلماي بىرەر كىشىنىڭ يېنىنى ئالماي، ئوچۇق دەۋەت قىلاتتى. قۇرەيشتىن يېتىشۋاتقان تۇرلۇك-تۈمەن ئازاپلارغا ۋە ھەر قەدەمدە دۇچ كېلىۋاتقان مەشەققەتلەرگە ئېتىبار بەرمىدى. ھالبۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوللىغۇچىسى ياردەمچىسى. تەييارلاپ قويغان نەرسىلىرى ۋە قورال-يارىقى يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئالەمگە ئوچۇق قارشى تۇرۇپ. اللەنىڭ دىنىغا چىن ئىيمان بىلەن دەۋەت قىلدى. بۇ ھەقتىكى زور ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا ئاجىزلىقتا بول قويمايتتى. بۇ قۇرەيشنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىنى توسۇپ قويۇش ئۈچۈن قويغان توسۇقلىرىنى يېقىپ ئۆتۈشتە ئۆز نەتىجىسىنى بەردى.



رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ، ئۇلارغا دەۋەتنى يەتكۈزىۋەردى ۋە ئادەملەر اللەنىڭ دىنىغا كىردى. ھەقنىڭ كۈچى باتىلنىڭ ئۈستىدىن غالىپ كەلدى. ئەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا ئىسلام نۇرىنىڭ يېيىلىشى كۈندىن-كۈنگە ئاشتى. نەتىجىدە بۇتلارغا سېغىنغۇچىلارنىڭ ۋە نەسرانىلارنىڭ كۆپچىلىكى مۇسۇلمان بولدى. قۇرەيش باشلىقلىرىمۇ قۇرئانغا قولاق سېلىشقا باشلىدى. قەلبلىرىدە ئىيمانغا مايىللىق پەيدا بولدى.

تۇپەيلى ئىبنى ئەمرى دەۋسى مەككىگە كەلدى. ئۇ شائىر، پاراسەتلىك ۋە ئالىجاناپ ئادەم ئىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، مۇھەممەدتىن ئېھتىيات قىلىشقا چاقىردى ۋە: «ئۇنىڭ سۆزلىرى سېھىرىدەكدۇر، كىشىنى ئەھلى ئائىلىسىدىن ئايرىۋېتىدۇ، مەككىدە بىزنىڭ بېشىمىزغا چۈشكەن نەرسىلەر ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگىمۇ يېتىشىدىن قورقىمىز. ياخشىسى سەن ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشمىگىن، ئۇنىڭ گەپلىرىگە قولاقمۇ سالمىغىن» ، دېدى. بىر كۈنى تۇپەيلى كەئبىگە باردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاشۇ يەردە ئىدى. تۇپەيلى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ گەپلىرىگە قولاق سالدى. قارىسا چىرايلىق گەپلەر. شۇ ۋاقىتتا ئۇ ئۆزىگە-ئۆزى: «ھالىمغا ۋاي، اللە بىلەن قەسەمكى، مەن پاراسەتلىك ۋە شائىر ئادەممەن، ماڭا نېمە ياخشى نېمە يامان ئىكەنلىكى بەش قولدەك ئايان. شۇنداق بولغاچقا، بۇ ئادەمنىڭ گەپلىرىنى ئىشتىشتىن مېنى نېمە قايتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ كەلتۈرگەن نەرسە ياخشى نەرسە بولسا ئالىمەن، يامان بولسا ئالمايمەن» ، دېدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىپ ئۆيىگە باردى ۋە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى ئىزھار قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئىسلام دىنىغا كىرىشكە چاقىردى

ۋە قۇرئان ئايەتلىرىدىن ئوقۇپ بەردى. تۇپەيلى شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بەردى. ئۆز قەۋمىگە قايتىپ بېرىپ، ئۇلارنىمۇ دەۋەت قىلىشقا باشلىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدىكى پەيتلىرىدە، پەيغەمبەر چىقىپتۇ دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئالدىغا نەسرانىلاردىن يىگىرمە كىشى كەلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆھبەتلەشتى. سورايدىغان نەرسىلىرىنى سوراشتى، گەپلىرىنى ئاڭلىدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئىيمان كەلتۇردى. بۇ ھال قۇرەيش مۇشرىكلىرىنى غەزەپلەندۇردى، ھەتتا ئۇلارنى سۆكۈپ: «اللە سىلەرنى نائۇمىد قىلسۇن! يۇرتۇڭلاردا قالغان دىنداشلىرىڭلار سىلەرنى بۇ ئادەمنىڭ خەۋەرنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن تۇرسا، سىلەر ئۇنىڭ ئالدىغا كىرە-كىرمەيلا دىنىڭلاردىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ گەپلىرىنى تەستىقلاپ كەتتىڭلار»، دېدى. قۇرەيشلەرنىڭ بۇ گېپى ئۇلارنى پەيغەمبەرگە ئەگىشىشتىن قايتۇرالمىدى. بەلكى اللەقا بولغان ئىيمانىنى تېخىمۇ زىيادە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرى زاھىر بولۇپ، ئادەملەرنىڭ قۇرئان ئىشىتىشكە ئىشتىياقلىرى كۈچەيدى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەشەددى دۈشمەن بولغان قۇرەيشلىكلەرمۇ: «ئۇنىڭ يېڭى دىنغا دەۋەت قىلىۋاتقانلىقى ھەقمۇ، ئۇ ۋەدە قىلىۋاتقان ۋە ئاگاھلاندۇرىۋاتقان نەرسىلەر راستتىمۇ؟»، دەپ ئۆزلىرىگە سوئال بېرىشكە باشلىدى. بۇ سوئاللار ئۇلارنى قۇرئان ئىشىتىش ئۈچۈن يوشۇرۇنچە ھەرىكەت قىلىشقا ئۈندىدى. ئەبۇ سۇفيان، ئەبۇ جەھل، ئەمرى ئىبن ھىشام ۋە ئەخنەس ئىبن شۇرەيق بىر كېچە



مۇھەممەد ئۆيىدىكى چېغىدا ئۇنى تىڭشاش ئۈچۈن چىقىشتى. ھەر بىرى بۇكۇنۇپ تىڭشاشقا بىر جاي تاللىدى. لېكىن ئۇلار بىر-بىرىنىڭ تۇرغان جايلىرىنى بىلمەيتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام كېچىلىرى ناھايىتى ئاز ئۇخلاپ، قۇرئان ئوقۇپ چىقاتتى. ئۇلار اللەنىڭ ئايەتلىرىنى تىڭشىدى ۋە قەلبلىرى ئۇنىڭدىن قاتتىق تەسىرلەندى. تاڭ ئاتقۇچە شۇنداق ھالدا قۇرئان تىڭشىدى. كېيىن ئۆيلىرىگە قايتىش ۋاقتىدا ئۇچرىشىپ قالدى ۋە بىر-بىرىنى مالامەت قىلىشىپ: «قايتا بۇنداق قىلماڭلار، قەۋمىڭلاردىكى بەزى بىر ئاخماقلار سىلەرنى كۆرۈپ قالسا، بۇ ھال ئىشلىرىڭلارغا پۈتۈر يەتكۈزىدۇ ۋە مۇھەممەدنى سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىن غالىپ قىلىدۇ»، دېدى. ئەتىسى كېچىدە ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يەنە تۈنۈگۈن بارغان جايلارغا بېرىشقا قاتتىق ئىشتىياق ھېس قىلدى. بۇ كېچىنىمۇ ئاۋۋالقى كېچىنى ئۆتكۈزگەن جايدا ئۆتكۈزۈش ۋە مۇھەممەدنىڭ رەببىنىڭ كىتابىنى ئىشىتىش ئۈچۈن گوياكى پۇتلىرىنىڭ ئۆزى يېتەكلەپ بارغاندەك بولدى. بۇنىڭغا قارشىلىق قىلالمىدى. تاڭ پەللىسى قايتىۋاتقان پەيتتە يەنە ئۇچرىشىپ قېلىشتى. بىر-بىرىنى يەنە مالامەت قىلىشتى. مالامەتلىرى ئۇلارنى ئۈچۈنچى كېچىدە بېرىشتىن قايتۇرالمىدى. مۇھەممەدنىڭ دەۋىتى ئالدىدا ئاجىزلىقىنى بىلگەندىن كېيىن بۇ ئىشنى تەكرارلىماسلىققا بىر-بىرىگە ۋەدە بېرىشتى. لېكىن ئۈچ كېچە ئىشىتكەنلىرى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدە شۇنداق ئىز قالدۇردۇكى، ئۇنىڭ تەسىرىدە ئىشىتكەن نەرسىلىرى ھەققىدە بىر-بىرىنىڭ پىكرىنى سورىشىدىغان، ھەممەيلەننىڭ قەلبى ئىزتىراپىدا ئىدى. ئۇلار قەۋمىنىڭ چوڭلىرى بولاپ تۇرۇپ، ئۆزلىرى ئاجىزلىق قىلىشتىن، كېيىن

قەۋملىرىمۇ ئاجىزلىق قىلىپ مۇھەممەدكە ئەگىشىپ كېتىشتىن قورقۇشاتتى. شۇنداق قىلىپ قۇرەيش ھەرقانداق توسقۇلار قويسىمۇ، دەۋەت تىنماي ئاممىۋىلىشىۋەردى. بۇ ھال قۇرەيشنى قاتتىق تەشۋىشكە سالدى، دەۋەت بارلىق ئەرەب قەبىلىلىرى ئارىسىدا يېيىلىپ، كېتىشىدىن خەۋپ قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئەسھابلىرىغا ئازار بېرىشنى ئەۋج ئالدۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن ئەسكىلىكلىرى چىدىغۇسىز دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. شۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تائىپ شەھىرىگە سەقىپ قەبىلىسىدىن ياردەم ۋە ھىمايە ئىزلەپ ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ باردى. لېكىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرىگە يامان جاۋاپ قايتۇردى. كىچىك باللار ۋە ئاخماقلارنى كۈشكۈرتۈپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى تىللاشتى. قار-يامغۇر تاشلارنى ئېتىشتى. ھەتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياقلىرى قانغا توشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قېچىپ، رەبىئەنىڭ ئىككى ئوغلى ئۇتبە ۋە شەيبەلەرنىڭ ئۈزۈمزار بېغىغا بېرىپ جان ساقلىدى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىگە، مەككىنىڭ مۇشرىك باشلىقلىرىنىڭ بىرەرسى ھىمايە قىلمىسا كىرەلمەيتتى، تائىپكىمۇ قايتىپ بارالمايتتى، بۇ يەردىمۇ - باغ ئىككى مۇشرىك كىشىنىڭ بېغى بولغانلىقى ئۈچۈن - قالالمايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەشۋىشلىرى ئاشتى ۋە باشلىرىنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ، كۈچلۈك ئەلەم ھالىتىدە، اللەقا، ئۆز ئەھۋالىدىن نالە ئىلتىجا قىلىشقا باشلىدى: «ئى اللە، ساڭا كۈچۈمنىڭ ئاجىزلىقىدىن، ناچارلىقىمدىن ۋە ئادەملەرگە خار



بولۇۋاتقانلىقىمدىن شىكايەت قىلىمەن. ئى رەھىمدىللەرنىڭ رەھىم دىلى، سەن ئاجىزلارنىڭ پەرۋەردىگارى سەن مېنىڭمۇ پەرۋەردىگارىمسەن، مېنى كىملەرگە تاپشۇرۇپ قويدۇڭ، ماڭا دۈشمەنلەرچە قارايدىغان ناتونۇش كىشىلەرگىمۇ ياكى مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئىگە قىلىپ قويغان دۈشمەنگىمۇ؟ ئەگەر سەندە ماڭا نىسبەتەن غەزەپ بولمىسا، مەن بۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلمايمەن. لېكىن سېنىڭ مېنى ساق-سالامەت تىنچ-ئامان قىلىشىڭ مەن ئۈچۈن كاتتا نېئمەتتۇر. ئى پەرۋەردىگارىم، ماڭا غەزەبىڭنى چۈشۈرۈشتىن پاناھ تىلەيمەن. سېنىڭ رازىلىقىڭنى تىلەيمەن. كۈچ قۇدرەت پەقەت سەندىن». كېيىن مەككىگە مۇتئەم ئىبن ئەدىينىڭ ھىمايىسىدە قايتتى. قۇرەيش تائىپتە مۇھەممەد ئەلەيۇسسالامغا نېمە بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ئازارلىرىنى يەنە كۈچەيتتى. ئادەملەرنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاشتىن قايتۇرۇشقا باشلىدى. نەتىجىدە مەككە مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن يۈز ئۆرۈپ، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشاشتىن باش تارتتى. بىراق، بۇ نەرسە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى اللەنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتىن قايتۇرمىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەج مەۋسۇملىرىدا ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغان، ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىك خەۋەرىنى بەرگەن ۋە پەيغەمبەر ئىكەنلىكىنى تەستىق قىلىشنى تەلەپ قىلغان ھالدا ئۇلار بىلەن ئۇچرىشاتتى. لېكىن تاغىسى ئەبۇ لەھەپ ئابدۇلئۇززا ئىبن ئابدۇلمۇتتەلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن قەيەرگە بارسا شۇ يەرگە پەيدا بولۇپ، ئادەملەرنى ئۇنىڭغا قۇلاق سالماسلىققا تەرغىپ قىلاتتى. بۇنىڭ تەسىرىدە ئۇلار،

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى تىڭشىمايدىغان بولۇپ قالدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قەبىلىلەر تۇرغان جايلارغا بېرىپ، ئۇلارنى دەۋەت قىلىشقا باشلىدى. كىندە، كەلب، بەنى ھەنىفە، بەنۇ ئامىر ئىبنى سەئسەئە قەبىلىلىرىگە باردى. بىراق ئۇلاردىن ھېچكىم رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قۇلاق سالمىدى ۋە يىرىك يوللار بىلەن رەت قىلدى. بەنۇ ھەنىفە قەبىلىسىدىكى كىشىلەر بولسا ناھايىتى قەبىھلىك قىلدى. بەنۇ ئامىر كىشىلىرى ئەگەر بىزنىڭ ياردىمىمىز بىلەن غالىپ بولساڭ، سېنىڭدىن كېيىن ئىش بىزگە ئۆتسۇن، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئىش اللەنىڭ قولىدا، خالىغان يېرىگە قويىدۇ»، دېگەندىن كېيىن ئۇلارمۇ يۈز ئۆرىدى. شۇنداق قىلىپ مەككە ئىسلامدىن يۈز ئۆرىدى. تائىپ ئەھلى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىشتىن باش تارتتى، ئەرەپ قەبىلىلىرى بولسا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتىگە قولاق سالمىدى. مەككىگە ھەج قىلىش ئۈچۈن كېلىۋاتقان قەبىلىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى، قۇرەيش ئۇنىڭغا دۈشمەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچى ھەرقانداق ئادەمنى ئۆزىگە دۈشمەن دەپ بىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن يۈز ئۆرۈشىنى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بولسا ئادەملەردىن ئايرىلىپ قېلىشىنى كۈچەيتىۋەتتى. مەككە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا دەۋەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش قىيىنلاشتى. مەككە ئەھلى شۇنداق كۇفرى ۋە قارشىلىق ھالەتتە ئۆتىۋالدىكى، بۇ يەردە دەۋەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشتىن ئۈمىد ئۈزۈلدى.



# دەۋەتنىڭ ئىككى دەۋرى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىككى دەۋرنى بېسىپ ئۆتتى. بىرىنچىسى، تەلىم ۋە ساقاپەت بېرىش. پىكرىي ۋە روھىي تەييارلىق قىلىش دەۋرى، ئىككىنچىسى بولسا دەۋەتنى يېيىش ۋە كۈرەش قىلىش دەۋرى ئىدى. بىرىنچى دەۋرى پىكىرلەرنى چۈشەندۈرۈپ، ئادەملەرنى تەييارلاپ، ئۇلارنى شۇ پىكىرلەر ئەتراپىغا ئۇيۇشتۇرۇش دەۋرىدۇر. ئىككىنچى دەۋرى بۇ پىكىرلەرنى جەمئىيەتتىكى ئۇندۇگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش دەۋرىدۇر. شۇ چاغدا بۇ پىكىرلەر ھايات مەيدانىدا ئۇلارنى تەدبىق قىلىش ئۈچۈن تۈرتكە بولىدۇ. چۈنكى پىكىرلەر تەدبىق قىلىنمىسا، قۇرۇق مەلۇمات بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. بۇ مەلۇماتلارنىڭ كىتاپلاردا ياكى مېڭىلەردە بولىشىنىڭ پەرقى يوق، چۈنكى بۇ ھالەتتە ئۇلار بىر جايغا يىغىپ قويۇلغاندەك بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتقا تەدبىق قىلىشقا ئۆتۈلمىسە، پىكىرلەرنىڭ ھېچبىر قىممىتى بولمايدۇ. پىكىرلەر تەدبىق قىلىنىشى ئۈچۈن، ئۇلارنى پىكىردىن ئۇندۇگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇش لازىم. شۇ ۋاقىتدا ئادەملەر ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، چۈشىنىپ يېتىدۇ. كۆتۈرۈپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنى تەدبىق قىلىش يولىدا كۈرەش قىلىدۇ. شۇندىلا ئۇلارنى تەدبىق قىلىش لازىم بولغان ئىشقا ۋە تەبىئى نەتىجىگە ئايلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋەتنى مەككىدە شۇ ئىككى دەۋرىدە مانا شۇنداق ئېلىپ باردى. بىرىنچى دەۋرى ئادەملەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىش، ئۇلارغا ئىسلام پىكىرلىرى بىلەن ساقاپەت بېرىش، ئىسلام ئەھكاملىرىنى

ئۆگۈتۈش ۋە ئىسلام ئەقىدىسى ئاساسىدا ئۇيۇشتۇرۇش دەۋرىدۇر. بۇ يوشۇرۇن ئۇيۇشۇش دەۋرىدۇر. بۇنىڭغا سەۋەپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلىشتىن بىردەم توختىمىغان، ئىسلامغا كىرگەنلەرنى پىكىرلەر بىلەن ساقاپەتلىك قىلىشقا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلاتتى، ئۇلارنى ئەرقەمنىڭ ئۆيىگە يىغىپ، ساقاپەت بېرىدىغان كىشىلەرنى ئەۋەتەتتى. مۇسۇلمانلارمۇ ئۆيلىرىدە، تاغ ئارىلىرىدا، ئەرقەمنىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنچە يىغىلىش قىلاتتى. كۈندىن-كۈنگە ئۇلارنىڭ ئىمانى ئېشىپ، بىر-بىرى بىلەن بولغان ئالاقىلىرى كۈچەيدى. كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان مۇھىم مەسىلىنىڭ ھەقىقىتىنى چوڭقۇر چۈشۈنۈپ، دەۋەت يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلىشقا تەييار ئىدى. ئىسلام ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كەتتى ۋە ئۇلار تىرىك ئىسلامغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قانچىلىك يوشۇرۇنسىمۇ، ئۇيۇشمىلىرىنى سىر تۇتسىمۇ، يىغىلىشلىرىنى قانچىلىك مەخپىي قىلىشقا ئۇرۇنسىمۇ، دەۋەت مەخپىي بولۇپ قالمىدى. مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى ئىشەنگەن دەۋەتنى قوبۇل قىلىشقا تەييار دەپ بىلگەن ئادەملىرىگە ئىسلام ھەققىدە گەپ قىلىشقا باشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئادەملەر مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋىتىنى ۋە ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلىقىنى ھېس قىلدى. شۇ ئىشلار سەۋەبىدىن دەۋەتنىڭ كەڭ تارقىلىشى مۇقەررەر بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرىنچى دەۋر - يوشۇرۇن ئۇيۇشۇش ۋە ئۇنى مەيدانغا چىقىرىدىغان ساقاپەت بېرىش دەۋرى ئاخىرىغا يەتتى. ئەمدى ئىككىنچى دەۋرى - ئادەملەرگە ئىسلامنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق تەسىر كۆرسىتىش ۋە كۈرەش دەۋرىگە ئۆتۈش ۋاقتى يېتىپ كەلدى. شۇنداق قىلغان ئادەملەر ئىسلامغا جاۋاپ بېرىدۇ، ئۇنى قارشى ئالىدۇ ۋە ئىسلام ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىن ئورۇن



ئالىدۇ. ياكى ئىسلامنى رەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭ پىكىرلىرى بىلەن تۇقۇنۇشىدۇ. بۇ تۇقۇنۇش نەتىجىسىدە كۇفرى ۋە بۇزۇقلۇق مەغلۇپ بولىدۇ، ئىمان ۋە پاكلىق قارار تېپىپ، ساغلام پىكىر غەلىبە قازىنىدۇ. چۈنكى ئەقىل قانچىلار ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ كىبرى قىلسىمۇ، ساغلام پىكىرگە قارشى تۇرۇشى، ئۇنى رەت قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ قالماسلىقتىن قاچقانلىقى پايدىسىزدۇر. تەسىر كۆرسىتىش دەۋرى مانا شۇنداق باشلىنىدۇ ۋە ئازات پىكىر بىلەن رەت قىلىنىدىغان پىكىر، مۇسۇلمانلار بىلەن كاپىرلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت مەيدانغا كېلىدۇ. بۇ نەرسە ھىزبىي ئۇيۇشمىدىن باشلاندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەسھابلىرى بىلەن ئەرەپلەر ئىلگىرى كۆرمىگەن بىر تەرتىپتە بىرلا ئۇيۇشما بولۇپ چىقتى. كېيىن بېرىپ كەئبىنى تاۋاپ قىلىپ، ئۆز ئىشلىرىنى ئاشكارا قىلدى. مانا شۇ پەيتتىن باشلاپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەر ئارىسىدا دەۋەتنى ئوچۇق-ئاشكارا ۋە پۈتۈن ئالەمگە يېيىشقا باشلىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئايەتلەر تەۋھىدكە چاقىرىپ، بۇت پەرەسلىك ۋە شېرىكنى ئىنكار قىلىپ، ئۇ ئىككىسىگە ھۇجۇم قىلىپ، ئاتا-بوۋىلارغا قارىغۇلارچە تەقلىد قىلىشنىڭ ئاقىۋىتى ھالاكەت بولىشىدىن خەۋەر بېرىپ، نازىل بولۇشقا باشلىدى. شۇنىڭدەك، ئايەتلەر جازانىخورلۇق، بۇزۇق تىجارەت، ئۆلچەم ۋە تارازىلاردا ئالداشقا ئوخشاش يالغانچىلىق مۇئامىلىلەرنى قارىلاپ، نازىل بولۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەرگە ئىسلام ھەققىدە ئۇلارنى جامائەت قىلىپ گەپ قىلىشقا باشلىدى. بىر كۈنى ئۆز قەۋمىنى ئۆيىگە غىزاغا

چاقىرىپ، ئۇلاردىن ئىسلامغا يارەم بېرىشىنى تەلەپ قىلدى. لېكىن ئۇلار بۇنىڭغا رازى بولمىدى، كېيىن مەككە ئەھلىنى ساپا تۆپىلىكىگە يىغىپ سۆزلىدى. بۇنىڭدىن قۇرەيش باشلىقلىرى قوزغىلىپ كەتتى ۋە ئەبۇ لەھەب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى قاتتىق ھاقارەت قىلدى. اللەنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش ۋە باشقا ئەرەپلەر ئوتتۇرىسىدا خۇسۇمەت كۈچىيىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ دەۋەت ئۆيلەردە، تاغ ئارىلىرىدا ۋە ئەرقەمنىڭ ئۆيىدە چۈشەندۈرۈشتىن ھەممە ئادەملەرنى تەرغىپ قىلىشقا ئۆتتى. بۇنداق ئاممىۋى دەۋەت ۋە ساقايەت بېرىشنىڭ قۇرەيشكە تەسىرى بولدى. يەنى ئۇنىڭ دەۋەتكە ئاداۋىتى كۈچەيدى ۋە ئۆزىگە كېلىنۋاتقان خەتەرنى ھېس قىلدى. ئاۋۋاللىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە دەۋىتىگە پەسەنت قىلمىغان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىش ئۈچۈن جىددى قەدەم قويۇشقا باشلىدى. قۇرەيش مۇشرىكلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئەسھابلىرىغا ئازار ۋە قىستاشلارنى كۈچەيتتى. بۇ ئۇسۇلنىڭ دەۋەتكىمۇ تەسىرى بولدى. يەنى ئادەملەرگە ئىسلام دېگەن سۆزنى ئاڭلاتتى ۋە اللەنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىش پۈتۈن مەككە ئاھالىسى ئارىسىدا ئەمەللەشتى. ھەر كۈنى بىرەر ئادەم مۇسۇلمان بولاتتى. ئاجىز، بىمەنە ۋە مەھرۇملار، تىجارەتلىرى پىكرىنى ئېتىقاتتىن چالغىتمايدىغانلار ئىيمان كەلتۈردى. مەككە سودىگەرلىرى، بايلىرى ۋە باشلىقلىرىدىنمۇ قەلبى پاك ۋە ئادىل بولغانلىرى، جىدەل ۋە كىبىرىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىرى ئىيمان كەلتۈردى. ئۇلار دەۋەتنىڭ توغرىلىقىنى ۋە دەۋەتچىنىڭ راستگويلىقىنى بىلگەن ھامان ئىسلامغا كىردى. ئىسلام مەككىدە تارقالدى ۋە ئەر-ئايال ئىسلامغا كىرىشكە



www.uyghurkitap.com

باشلىدى. گەرچە دەۋەتچىلەرنى مەشەققەت ۋە قىيىناشلارغا، ھەر تۈرلۈك ئازاپلارغا گىرىپتار قىلغان بولسىمۇ، ئاممىۋى تەرغىبات مېۋىسى دەۋەتنىڭ ئەتراپىنى كېڭەيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەككىدە ھۆكۈمران بولغان زۇلۇم، شەپقەتسىزلىك ۋە قۇلدارلىققا قارشى چىقىشى ھەمدە كاپىرلارنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلىشى قۇرەيش باشلىقلىرىنىڭ ئاداۋىتىنى تېخىمۇ ئۇلغايتىۋەتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئەسھابلىرى بىلەن قۇرەيش كاپىرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئەڭ مەشەققەتلىك باسقۇچ ۋە ئەڭ ئېغىر دەۋرى باشلاندى. ئەگەر ساقايەت بېرىشتىن تەسىر كۆرسىتىشكە ئۆتۈش - ھىكمەت بىلەن ئىش ئېلىپ بېرىشقا، سەبىرگە ۋە ئىشلارنى پۇختىلىق بىلەن يۇرگۈزۈشكە مۇھتاج بولغانلىقى ئۈچۈن ئوچۇق دەۋەت قىلىش، نەتىجە قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پۈتۈن ئالەمگە قارشى چىقىش زۆرۈرلىكى ئۈچۈن ئەڭ مەشەققەتلىك دەۋرى ھېساپلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ كاپىرلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن قايتۇرۇش دەۋرى بولىدۇ. بۇ دەۋرىدە ئىيمان قىيىنچىلىقلىرىنى كۆتۈرۈش كۈچى، ئېغىر پەيتتە مۇستەھكەم بولۇش سۈپىتى قەلبىدىكى نەرسىنىڭ راست ياكى يالغانلىقى نامايەن بولىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرى بۇ دەۋرىدە قۇدرەتلىك تاغلارمۇ كۆتىرەلمەيدىغان زۇلۇم، جەبرى ۋە مەشەققەتلەرگە چىداپ، دەۋەتنى داۋام قىلدۇردى. ساھابىلاردىن بەزىلىرى دىنىنى ئاسراش ئۈچۈن ھەبەشىستانغا كەتتى، بەزىلىرى ئېغىر ئازاپلار ئاستىدا ۋاپات بولدى. يەنە باشقىلىرى ھەر تۈرلۈك ئازاپلارغا سەبرە قىلدى. بۇ ھالەت ئۇزاق مۇددەت داۋام قىلدى. بۇ مۇددەت مەككە ئەھلى

ئىسلام نۇرىدىن تەسىرلىنىشى ۋە ئۇنىڭدا زۇلمەتلەر پارچىلىنىپ كېتىشى ئۇچۇن كۇپايە قىلدى. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇچ يىل ئەرقەمنىڭ ھويلىسىدا بولۇپ، شۇ دەۋرىدە يوشۇرۇنچە ئۇيۇشۇش ۋە ساقاپەت بېرىش دەۋرى ئاخىرىغا يەتكەن بولسا، يەنە سەككىز يىلنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيش بىلەن ئۆتكۈزدى. (بۇ دەۋرىدە ئادەملەرگە مۆجىزىلەر زاھىر بولدى). شۇنداق بولسىمۇ قۇرەيشنىڭ مۇسۇلمانلارنى ئازابلىشى كەمەيمىدى، ئىسلامغا قارشى ئۇرۇشۇشتىن غەيرەتلىرى سۇسلاشمىدى. توغرا، مۇسۇلمانلارنىڭ قۇرەيش بىلەن تۇقۇنۇشى سەۋەبىدىن پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئىسلامدىن خەۋەردار بولدى. بۇنىڭغا ھاجىلارنىڭ دەۋەت ھەققىدە ئىشەتكەنلىرىنى ئادەملەرگە يەتكۈزۈشى سەۋەپ بولدى. بىراق، كۆپچىلىك تاماشىبىن بولۇپ تۇراتتى، ئىيمان تەرىپىگە بىر قەدەممۇ يېقىنلاشمايتتى، بەلكى قۇرەيشنى غەزەبلەندۈرۈپ قويماسلىقى ئۇچۇن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن يىراق يۈرەتتى. بۇ ھالەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ئەسهابىلىرى ئۇچۇن ناھايىتى ئېغىر بولدى. ئەمدى ئۇچۇنچى دەۋرى - ئىسلامنى تەدبىق قىلىش دەۋرىگە ئۆتۈش زۆرۈرىتى تۇغۇلدى. لېكىن مەككە ئەھلىنىڭ قاتتىق تۇرۇشى بۇنىڭغا ئىمكان بەرمىدى. مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن زۇلۇمنىڭ يېنىمۇ كۆچىيىپ كېتىشى ئۇلارغا دەۋەت ئۇچۇن بوش ۋاقىت قالدۇرماي، بەلكى ئۇلارنى چارىسىز قىلىپ قويغان ئىدى. ئادەملەرنىڭ دەۋەتتىن يۈز ئۆرۈشى بولسا ئۇلارنىڭ ئەلەملىرىنى يېنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.



## دەۋەت دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشى

قۇرەيشنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ياۋۇزلۇقلىرى ناھايىتىمۇ كۆچىيىپ، تاقات قىلغىلى بولمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى سەقىپ قەبىلىسى تائىپىدىن ھەيدەپ چىقارغانلىقى ۋە كىندە، كەلب، بەنۇ ئامىر، بەنۇ ھەنىفە قەبىلەلىرى ھەج مەۋسۇمىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى دەۋەت قىلغاندا رەت قىلغاندىن كېيىن بىرەرسىنىڭ ياردەم قىلىشىدىن ئۇمىد ئۈزۈلدى. ئەمدى قۇرەيشتىن بىرەر ئادەمنىڭ ئىسلامغا ھىدايەت تېپىشىدىن ئۇمىد قىلمىسىمۇ بولاتتى. مەككىگە خوشنا بولغان ۋە ئۇنىڭغا ئەرەپ ئالىمىنىڭ تۇرلۇك تەرەپلىرىدىن ھەج قىلغىلى كېلىدىغان باشقا قەبىلىلەر مۇھەممەدنىڭ يالغۇزلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى، قۇرەيش دۇشمەنلىك قىلىۋاتقانلىقىنى، ئۇ كىشىگە ياردەم بېرىۋاتقان ھەر بىر ئادەمنى ئۆزىگە دۇشمەن دەپ بىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇ سەۋەپتىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن يۈز ئۆرۈيدىغانلار كۆپەيدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەرۋەردىگارىنىڭ رىسالىتى شۇ كۈنگىچە ئۆزىگە ئەگەشكەن تەۋەلىرى بىلەن چەكلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى. كۇنسايىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمى ئارىسىدا چەتكە قېقىلىپ يۈردى. قۇرەيشنىڭ ئاداۋىتى ۋە ئادەملىرىنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈشى تۇرۇۋېلا ئەۋجىگە چىقاتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلىرى اللە تائالانىڭ ياردەم بېرىشىگە ۋە ئۆز دىنىنى باشقا دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىشىغا

ھەرقانداق چاغدا ئىشەنچلىرى كامىل ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىمكان بېرىچە ئادەملەرنى دەۋەت قىلىۋېرەتتى. ھەج مەۋسۇملىرىدا يېرىم ئارالنىڭ تۈرلۈك تەرەپلىرىدىن ئادەملەر مەككىگە يىغىلغاندا قەبىلىلەر ئالدىغا بېرىپ، يۈز ئۆرۈشى ياكى ھاقارەت قىلىشىغا قارىماستىن دەۋەت قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەرگە رەببىنىڭ رىسالىتىنى يەتكۈزىۋاتقان پەيتلىرىدە قۇرەيشنىڭ بەزى ئاخماقلىرى ئۇ كىشىگە ئۇچۇقتىن-ئوچۇق بىھۆرمەتلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۇ كىشىنىڭ ئۆز ئىشىغا ۋە ئەتىكى كۈنگە بولغان ئىشەنچىسىگە ئەسلا تەسىر يەتكۈزەلمىدى. چۈنكى، اللە تائالا ئۇزاتنى ئىسلام دىنى بىلەن ئەۋەتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز اللە ئۆزى ياردەم بېرىدۇ، قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە دىنىنى غالىپ قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ يېڭىللىك بېرىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. بۇ-كۈنلەردە ئۇ كىشى دەۋەت توختاپ قالغانلىقىدىن ئەلەمدە، قۇرەيشنىڭ زۇلمىغا ئۇچرىغان ھالەتتە ئىدى. كۈتۈش ئۇزۇنغا سوزۇلمىدى، نىجاتنىڭ بىشارىتى مەدىنە تەرىپىدىن كەلدى. بۇ ۋاقىئە شۇنداق يۈز بەردى: خەزرەج قەبىلىسىدىن بىر گۇرۇھ كىشىلەر ھەج مەۋسۇمىدا مەككىگە كەلگەندە رەسۇلۇللاھ ئۇلار بىلەن ئۇچراشتى، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئەھۋالىنى سورىدى ۋە دىنىغا دەۋەت قىلدى. شۇ ۋاقىتتا ئۇلار بىر-بىرىگە قاراپ: «بۇ كىشى يەھۇدىلار ئېيتقان پەيغەمبەرغۇ»، دېيىشتى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋەتلىرىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە ئۇ كىشىگە «بىزنىڭ ئارقىمىزدا قەۋمىمىز (يەنى ئەۋس ۋە خەزرەج) بار. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكىدەك ئاداۋەت ھېچبىر قەۋمدە ئۇچرىمايدۇ.



ئۈممىتكى اللە تائالا ئۇلارنى سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن بىرلەشتۈرسە. ئەگەر اللە تائالا ئۇلارنى سىزگە جەملەپ بەرسە، دۇنيادا سىزدىن باشقا ئېزىزراق ئادەم بولماس ئىدى»، دېيىشتى. ئۇلار مەدىنىگە قايتىپ، قەۋملىرىگە ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇ ۋاقىتتا قەبىلىداشلىرى ئارىسىدا يېڭى دىنغا ئىشتىياقمەن ئادەملەر كۆرۈشتى. نەتىجىدە ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىدىن مۇھەممەدنىڭ نامى تىلغا ئېلىنمايدىغان بىرەر ئۆي قالمىدى.

## ئەقەبەدىكى بىرىنچى بەيئەت

بىر يىل ئۆتۈپ، نۆۋەتتىكى ھەج مەۋسۇمىدا مەدىنە ئەھلىدىن ئون ئىككى كىشى كەلدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئەقەبەدە ئۇچراشتى ۋە ئۇ كىشىگە ئەقەبەدە بىرىنچى بەيئەتنى بەردى: ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا اللەقا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق ۋە زىناغا قول ئۇرماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، بۆھتان قىلماسلىققا ۋە مەرۇپ ئىشلاردا اللەقا ئاسىي بولماسلىققا بەيئەت بەردى. ئەگەر كىم بۇ بەيئەتكە ۋاپا قىلسا، ئۇنىڭغا جەننەت بولىدۇ، ئەگەر كىم بۇ ئەھدىنىڭ بىرەرسىنى بۇزسا، ئۇنىڭ ئىشى اللەقا ھاۋالە قىلىنىدۇ، خالىسا ئازابلايدۇ، خالىسا مەغپىرەت قىلىدۇ.

# مەدىنىدە دەۋەت

بىرىنچى قېتىملىق ئەقەبە بەيئىتىنى بەرگۈچىلەر قايتىپ كەلگەندە ئەنسارىلارنىڭ ئۆيلىرىدە ئىسلام يېيىلدى. ئەنسارىلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەلچە ئەۋەتىپ: «بىزگە دىنىنى ئۆگۈتىدىغان ۋە قۇرئان ئوقۇپ بېرىدىغان بىر ئادەمنى ئەۋەتكىن» دەپ خەت يازدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىسلامغا كىرگەن ھەرقانداق بىر ئادەمنى ئەھكاملارنى ۋە ئۇنىڭ ئىسلامنى چۈشۈنۈش، ھەقىقەتنى ئىدراك قىلىشقا ئىمكانىيەت بېرىدىغان توغرا ئىسلام دۇنيا قارىشى بىلەن تەربىيىلىمەستىن تاشلاپ قويمايتتى. چۈنكى ئىسلامى ساقاپەت ھەر بىر مۇسۇلمان ئۈچۈن زۆرۈر، ئۇ - ئەقىدىنى كۆچەيتىشنىڭ، ئىسلام رىسالىتىنى چۈشۈنۈشنىڭ بىر-بىر ۋاستىسى، ئۇ - ئىسلام خىزمەت قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ كاپالىتى. مۇسۇلمان بولغانلار بۇ نۇقتىنى ھېس قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلارغا ئىسلامنى ئۆگۈتۇدىغان بىر كىشىنى تەلەپ قىلىشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى ئەۋەتتى. ئۇ مەدىنىگە كېلىپ، ئەسئەد ئىبنى زۇرارىنىڭ ئۆيىدە تۇردى.

ئىبنى ئىسھاق ئېيتىدۇ: مەدىنىلىكلەر قايتقاندا ئۇلارغا مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرنى قوشۇپ، ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇپ بېرىش، ئىسلامنى ئۆگۈتۈش ۋە دىندا بىلىملىك قىلىشنى بۇيرىدى. مۇسئەب مەدىنىدە «قۇرئان ئوقۇپ بەرگۈچى» دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ ئەسئەد ئىبنى زۇرارىنىڭ ئۆيىدە تۇردى. ئادەملەرنىڭ ئۆيلىرىگە، قەبىلىلىرىگە بېرىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا



دەۋەت قىلدى، قۇرئان ئوقۇپ بەردى. نەتىجىدە ئادەملەر بىر-بىرلەپ ئىمان ئېيتىپ، ئاخىرى ئىسلام مەدىنىدە زاھىر بولۇپ، (ئەۋس قەبىلىسىنىڭ خەتمە، ۋائىل ۋە ۋاقىپ ھويلىلىرىدىن باشقا) ئەنسارىيلارنىڭ بارچىسىنىڭ ھويلىسىغا ئىسلام كىرىپ بولدى. مۇسەئەپ ئۇلارغا قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەتتى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مەكتۇپ يوللاپ، ئادەملەرنى جەملەپ جۈمە نامىزى ئوقۇشقا رۇخسەت سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپ، ئۇشبۇ مەكتۇپنى يوللىدى: «ئەمما بەئدۇ، يەھۇدلار زەبۇرنى ئاۋاز چىقىرىپ ئوقۇشىدىغان شەنبە كۈنىگە قارا. . . كۈن يېرىمىدىن ئۆتكەن پەيتتە اللەقا ئىككى رەكئەت ناماز بىلەن ئىبادەت قىلىڭلار. ئادەملەرگە خۇتبە قىلىڭ» مۇسئەب ئىبنى ئۇمەيرى ئۇلار بىلەن سەئدى ئىبنى ھەيسەمىنىڭ ئۆيىدە جۈمە نامىزىنى ئوقۇدى. ئۇلار ئون ئىككى كىشى ئىدى. ئۇلار ئۈچۈن بىرلا قوي سويۇلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مۇسئەپ ئىبنى ئۇمەير ئىسلامدا جۈمە نامىزىنى بىرىنچى قىلىپ ئوقۇغان كىشىدۇر. مۇسئەب مەدىنىنى ئايلىنىپ ئادەملەرنى زىيارەت قىلىشتا، ئىسلامغا چاقىرىپ، تەلىم بېرىشتە داۋام قىلدى. بىر كۈنى ئەسئەد ئىبنى زۇرارە مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير بىلەن بەنۇ ئابدۇل ئەشھەل ۋە بەنۇ زۇپەر قەبىلىلىرىگە بېرىپ، (سەئدى ئىبنى مۇئاز ئەسەد ئىبنى زۇرارىنىڭ ھاماچىسىنىڭ ئوغلى ئىدى) ئۇلارنىڭ باغلىرىدىن بىرىگە كىردى. باغ «مەرەق قۇدۇغى» دېگەن جايدا ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا مۇسۇلمان بولغان ئادەملەر كەلدى. سەئدى ئىبنى مۇئاز ۋە ئۇسەيد ئىبنى ھۇزەير ئۆز قەۋملىرى بەنۇ ئابدۇل ئەشھەلنىڭ سەييىدى بولۇپ، ئۆز قەۋملىرى دىنىدا مۇشرىك

ئىدى. مۇسئەبنىڭ كەلگەنلىكىنى ئىشىتكەندىن كېيىن، سەئدى ئۇسەيدكە دېدى: «زەئىپ، نادان ئادەملىرىمىزنى ئەخماق قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بۇ ئىككى ئادەم قېشىغا بار. ئۇلارغا قاتتىق گەپ قىلىپ، بىز تەرەپكە كېلىشتىن قايتۇرغىن. ئەسئەد ئىبن زۇرارە، ئۆزەڭگە مەلۇمكى، مېنىڭ تۇققىنىم بولمىغان بولسا ئۇلارغا ئۆزەم كۇپايە قىلاتتىم. ئۇ ئانامنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى، ئۇنىڭ قېشىغا مەن بارماي». ئۇسەيد نەيزىسىنى ئېلىپ يولغا چىقتى. ئەسئەد ئۇنى كۆرۈپ، مۇسئەبكە دېدى: «بۇ ئادەم قەۋمىنىڭ سەييىدى، سېنىڭ قېشىڭغا كېلىۋاتىدۇ، خالىس بولغىن». مۇسئەب دېدى: «كېلىپ ئولتۇرسا گەپلىشىمەن». ئۇسەيد ئۇلارنىڭ ئۈستىگە كېلىپ تىللاپ: «بىز تەرەپكە نېمە ئۈچۈن كەلدىڭلار؟ ئاجىز ئادەملىرىمىزنى ئەخماق قىلامسىلەر. جانلىرىڭلار ئۆزەڭلارغا كېرەك بولسا، بۇ يەردىن كېتىۋېلىڭلار»، دېدى. مۇسئەب ئۇنىڭغا: «بىر ئولتۇرۇپ گەپلىرىمىزنى ئىشىتمەمسەن ئەگەر ئەقلىغا مۇۋاپىق بولسا، ئالىسەن، ياقتۇرمىساڭ ئالمايسەن»، دېدى. ئۇسەيد: «ئىنساپ قىلدىڭ»، دەپ نەيزىسىنى يەرگە سانچىپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. مۇسئەب ئۇنىڭغا ئىسلام ھەققىدە گەپ قىلدى، قۇرئان ئوقۇپ بەردى. مۇسئەب ۋە ئەسئەد ئېيتتى: «الله بىلەن قەسەمكى، تېخى ئۇ بىر ئېغىز سۆز قىلماي تۇرۇپ، يۈزى يورۇپ، مۇلايىم بولۇپ قالغانلىقىدىن، يۈزىدە ئىسلامنى كۆردۇق». ئۇسەيد مۇسئەبنىڭ گەپلىرىنى ئىشىتكەندىن كېيىن: «بۇ گەپلەر نېمە دېگەن چىرايلىق، بۇ دىنغا كىرمەكچى بولساڭلار، نېمە ئىشلارنى قىلىسىلەر؟»، دېدى. ئۇنىڭغا: «غۇسلى قىلىپ، بەدەنلىرىڭنى ۋە كىيىملىرىڭنى پاكلايسەن،



شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ، چىن دىلىڭدىن گۇۋاھلىق بېرىسەن. كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن»، دېدى. بۇ گەپلەرنى ئىشىتىپ، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، غۇسلى قىلدى، كىيىملىرىنى پاكلىدى. چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ، كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. كېيىن ئۇلارغا: «ئۇياقتا بىر كىشى بار، ئەگەر ئۇ سىلەرگە ئەگەشسە، قەۋمىدىن بىرەر ئادەم ئۇنىڭ ئارقىدا قالمايدۇ. ھازىر ئالدىڭلارغا سەئدى ئىبن مۇئازنى ئەۋەتىمەن»، دېدى. كېيىن نەيزىسىنى ئېلىپ، سەئدى ۋە قەۋمى ئالدىغا كەتتى. ئۇلار مەجلىسخانىلىرىدا ئولتۇرغان ئىدى. سەئدى ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىغا قاراپ تۇرۇپ: «الله بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، ئۇسەيد ئالدىڭلارغا باشقىچە بولۇپ كېلىپتۇ»، دېدى. ئۇسەيد ئۇ يەرگە يېتىپ بارغىنىدا، سەئدى ئۇنىڭغا: «نېمە قىلدىڭ؟»، دېدى. ئۇسەيد: «ئىككىلىسى بىلەن گەپلەشتىم، الله بىلەن قەسەمكى، ئۇلاردا بىرەر يامانلىق كۆرمىدىم. ئۇلارنى بۇ ئىشلاردىن قايتۇرغىنىمدا: «سەن خالىغان نەرسىنى قىلىمىز»، دېيىشتى. يەنە شۇ گەپنى ئېيتىپ قويايكى، بەنۇ ھارىسە قەۋمى ئەسئەد ئىبن زۇرارەنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن يولغا چىقتى. ئۇلار ئەسئەد ئاناڭنىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ شۇنداق قىلماقچى. مەقسىتى ساڭا خىيانەت قىلىش»، دېدى. سەئدى غەزەپ بىلەن ئالدىراپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بەنۇ ھارىس ھەققىدە ئېيتىلغان سۆزلەردىن خەۋپ قىلغان ئىدى. ئۇسەيدنىڭ قولىدىن نەيزىنى ئېلىپ: «الله بىلەن قەسەمكى، ئېيتقان ئىشىمنى كۆڭلىمدىكىدەك ئادا قىلمىدىڭ»، دەپ مۇسئەب ۋە ئەسئەد تەرەپكە كەتتى. سەئدى ئۇلارنىڭ خاتىرجەم ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇسەيد ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئۆز

قولىغى بىلەن ئىشىتسۇن، دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى بىلدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا يېقىنلىشىپ باردى ۋە ئەسئەدكە: «ئى ئەبۇ ئۇمامە، ئوتتۇرىمىزدا قېرىنداشچىلىق بولمىغان بولسا ساڭا باشقىچە مۇئامىلىدە بولغان بولاتتىم. بىز تەرەپكە بىز يامان كۆرگەن نەرسىمىزنى ئېلىپ كېلىشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭلار!؟» دېدى. ئەسئەد ئالدىراپ مۇسئەبكە: «ئى مۇسئەب، الله بىلەن قەسەمكى، ئالدىڭغا بىر سەييىد كېلىدۇ، ئەگەر ئۇ ساڭا ئەگەشسە، قەۋمىدىن ھېچكىم سەندىن ئارقىدا قالمايدۇ»، دېگەن ئىدى. مۇسئەب سەئدىگە دېدى: «بىر ئولتۇرۇپ گەپلىرىمىزنى ئىشتىمەمسەن، ماقۇل كېلىپ، قىزىقساڭ، قوبۇل قىلىسەن، ياقمىسا ياقتۇرمىغان نەرسەڭنى سەندىن يىراق قىلىمىز». سەئدى: «ئىنساپ قىلدىڭ»، دەپ نەيزىسىنى يەرگە سانچىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. مۇسئەب ئۇنىڭغا ئىسلام ھەققىدە گەپ قىلدى. قۇرئان ئوقۇپ بەردى. مۇسئەب ۋە ئەسئەد ئېيتتى، الله بىلەن قەسەمكى، تېخى ئۇ بىر ئېغىز سۆز قىلماي تۇرۇپ، يۈزى يورۇپ، مۇلايىم بولۇپ قالدى ۋە سىلەر مۇسۇلمان بولۇپ بۇ دىنغا كىرمەكچى بولساڭلار قانداق قىلىسىلەر؟ دېدى. مۇسئەب ئۇنىڭغا ئاۋۋال غۇسلى قىلىپ كىيىمىڭنى پاكلايسەن ئاندىن شاھادەت كەلىمىسىنى ئېيتىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيسەن دېدى. سەئدى مۇسئەبنىڭ گەپلىرىنى ئىشتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ غۇسلى قىلدى. چىن دىلىدىن گۇۋاھلىق بېرىپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇدى. كېيىن نەيزىسىنى ئېلىپ قەۋمى تەرەپكە كەتتى. ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئادەملەر: «الله بىلەن قەسەم قىلىپ ئېيتىمەنكى، سەئدى باشقىچە بولۇپ، كېلىپتۇ»، دېيىشتى. سەئدى ئۇلارنىڭ قېشىغا



بېرىپ: «ئى بەنۇ ئابدۇل ئەشھەل، مېنى كىم دەپ بىلىسىلەر؟»، دېدى. ئۇلار: «سەن بىزنىڭ سەييىدىمىز ۋە رەئىيى ئەڭ ئەۋزىلىمىزسەن ۋە ئەڭ بەرىكەتلىك باشلىقىمىزسەن»، دېيىشتى. شۇچاغدا سەئدى ئۇلارغا: «ئاللەقا، الله ۋە رەسۇلىغا ئىمان كەلتۈرمىسەڭلار، ئەركەك ۋە ئاياللىرىڭلار بىلەن گەپلىشىش مەن ئۈچۈن ھارامدۇر»، دېدى. مۇسئەب ۋە سەئدى ئېيتىدۇ: «الله تائالا بىلەن قەسەمكى، بەنۇ ئابدۇل ئەشھەل دىيارلىرىدا مۇسۇلمان بولمىغان بىرەر ئەر ۋە ئايال قالمىدى.

مۇسئەب سەئدى ئىبنى زۇرارىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى داۋام قىلدى. ھەتتا ئەنسارىلاردىن بىرەر مۇسۇلمان بولمىغان بىرەر ئۆي قالماي ھەممە ئەر-ئاياللار ئىسلامغا كىردى. مۇسئەب مەدىنىدە ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىگە دىنىنى ئۆگىتىپ، بىر يىل تۇردى. ئەنسارىلارنىڭ اللەنىڭ بۇيرۇقىغا ۋە ھەق سۆزگە ئىنتىلىشى زىيادىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ مەمنۇن بولاتتى. مۇسئەب ئىبنى ئۇمەير ئادەملەرگە اللەنىڭ دەۋىتىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۆيلىرىگە باراتتى. داللارغا چىقاتتى، ئىشلەۋاتقان يەرلىرىدە ئۇچرىشىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى، سەييىدلەر (خوجايىنلەر) بىلەن ئۇچرىشىپ، اللەنىڭ دىنىدىن تەلىم بېرەتتى. شۇنداق قىلىپ، مەدىنىدە پىكىرلىرى ساختا بۇتپەرەسلىكتىن، خاتا تۇيغۇلاردىن تەۋھىد ۋە ئىمانغا، شېرىكتىن غەزەپكە كېلىدىغان، تارازا ۋە ئۆلچەملەرنى تۇتۇپ قېلىشتىن نەپرەتلىنىدىغان ئىسلامىي پىكىرلەرگە ئۆزگەرتتى. مۇسئەب ۋە ئۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ پائالىيىتى شۇنداق بولدى - مەدىنىدە بىر يىلدا شېرىك ھالىتىدىن ئىسلامغا يۈزلىنىش يۈز بەردى.

# ئەقەبەدىكى ئىككىنچى بەيئەت

ئەقەبەدىكى بىرىنچى بەيئەت ياخشىلىق ۋە بەرىكەت بولدى. چۈنكى، ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر ئازچىلىق بولسىمۇ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەسھابلىرىدىن بىرلا شەخس - مۇسئەب ئۇلار بىلەن بىرلىكتە مەدىنىنى ۋە ئۇ جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت بۇزۇق پىكىر ۋە تۇيغۇلارنى ئۆزگەرتىۋېتىشتا كۆپايە قىلدى. مەككىدىكى مۇسۇلمانلار كۆپچىلىك بولسىمۇ، بىراق ئاما ئۇلاردىن ئاجرالغان ئىدى. چۈنكى جامائەتلەر ئىمان كەلتۈرمىدى، جەمئىيەت ئىسلامىي پىكىر ۋە تۇيغۇلاردىن تەسىرلەنمىدى. مەدىنىدە بولسا ئادەملەر ئاممىۋى ھالەتتە ئىسلامغا كىردى، ئۇيەردىكى جەمئىيەت يېڭىلىقتىن تەسىرلەندى. بۇ نەرسە شۇنىڭغا دالالەت قىلىدۇكى، شەخسلەرنىڭ ئىمانى، بۇ شەخسلەر قانچىلىك كۈچلۈك بولسىمۇ، جەمئىيەتتىن ۋە ئاممىدىن ئىسلامدىن باشقا نەرسە يوقلىغىنى، بۇ يىل بەزى مۇسۇلمانلار، يەنى اللەقا ئىمانلىرى ئەڭ كۈچلۈكلىرى، اللەنىڭ رىسالىتىنى كۆتۈرۈپ چىقىشقا تەييارلىرى ۋە اللەنىڭ دىنىنى ھىمايە قىلىشقا قادىرلىرى مەككىگە كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسئەبنىڭ خەۋەرىدىن خۇرسەن بولدى. بۇ ئىش ئۈستىدە ئۇزاق پىكىر يۈرگۈزدى. مەككە ۋە مەدىنە جەمئىيەتلىرىنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئۈزلۈكسىز ئون ئىككى يىلنى اللەقا دەۋەت قىلىپ ئۆتكۈزدى، كۈچىنى ئايىمىدى، ئازارلارنىڭ ھەممە تۈرلىرىگە سەبرى قىلدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ جەمئىيەت دەۋەتكە يول بەرمەستىن تاشتەك قېتىپ تۇرۇۋالدى. بۇنىڭغا



سەۋەپ مەككە ئەھلىنىڭ قەلبلىرى تاش، ئۆزى قوپال، ئەقلى كونا ھالەتتە قېتىپ قالغان ئىدى. بۇتپەرەسلىكنىڭ باش مەركىزى بولغان مەككە ئاھالىسى دىللىرىغا بۇتپەرەسلىك شېرىكى چوڭقۇر ئورنىشىپ ئالغانلىقى ئۈچۈن دەۋەتنى قوبۇل قىلىشى زەئىپ بولدى. ئەمما مەدىنىدىكى خەزرەجلىكلەرنىڭ بىر نەچچىسىنىڭ مۇسۇلمان بولىشىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، ئون ئىككى كىشىنىڭ بەيئەت بېرىشى ۋە مۇسئەب ئىبن ئۇمەيرىنىڭ يەنە بىر يىل ئەمگىكى مەدىنىدە ئىسلامىي مۇھىتنى پەيدا قىلىش ۋە ئادەملەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ھالدا اللەنىڭ دىنىغا كىرىشى ئۈچۈن كۆپايە قىلدى. ئەگەر مەككىدە اللەنىڭ رىسالىتى مۇسۇلمان بولغانلار چېگراسىدا توختاپ قالغان بولسا، مەدىنىدە بولسا اللەنىڭ رىسالىتى ناھايىتى تېز-يېيىلىشقا باشلىدى، ئۇ يەردە نە يەھۇدىيلار نە مۇشرىكلار تەرىپىدىن بىرەرمۇ ئازارغا دۇچ كەلمىدى. بۇ بولسا ئادەملەرنىڭ دىللىرى ئۈستىدىن ئىسلامنى ھۆكۈمران قىلىدىغان، مۇسۇلمانلار ئالدىدا يولنى ئېچىپ قويىدىغان نەرسە ئىدى. شۇ سەۋەپتىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مەدىنە ئىسلامغا، دەۋەت قىلىش ئۈچۈن مەككىگە قارىغاندا مۇناسىپ جاي ئىكەنلىكى، مەدىنە جەمئىيىتى ئىسلام نۇرى يېيىلىدىغان ئورۇن بولىشى ئۈچۈن مەككىگە قارىغاندا لايىقراق ئىكەنلىكى ئايان بولدى. شۇ سەۋەپتىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇيەرگە ھىجرەت قىلىش ھەققىدە، ئەسھابلىرىنىڭمۇ مۇسۇلمان بۇرادەرلىرى ئالدىغا - ئۇلار ھۇزۇرىدا پاراغەت تېپىشى ۋە قۇرەيش ئازارلىرىدىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن - ھىجرەت قىلىشى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزدى. چۈنكى، شۇنداق قىلغاندا ئۇلار دەۋەتكە ئىمكان تاپىدۇ ۋە ئىسلامنى تەدبىق

قىلدى.. ئۇنىڭ رىسالىتىنى دۆلەت كۈچى ۋە سەلتەنەتى بىلەن ئالەمگە يېيىش باسقۇچىغا كۆچۈرىدۇ. مانا بۇ نەرسە مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنىڭ سەۋەبى ئىدى.

بۇ يەردە شۇ نەرسىگە ئېتىبارنى قارىتىش لازىمكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋەت ئالدىدا قىيىنچىلىقلەرگە دۇچ كەلگەنلىكى ئۈچۈن سەبرە قىلماستىن ۋە بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشقا ئۇرۇنماستىن مەككىدىن باشقا جايغا ھىجرەت قىلىش ھەققىدە بىرەر قېتىم ئويلىغان ئەمەس. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پىكىرلىرىنى چالغىتماي مەككىدە، ئون ئىككى يىل سەبرە قىلدى. ئون ئىككى يىل داۋامىدا دەۋەت يولىدا ئۆزى ۋە تەۋەلىرى ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا دۇچار بولدى. بىراق قۇرەيشنىڭ ياۋۇزلىقى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبىدە بىرەر نەرسىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرالمىدى، ئۇنىڭغا قارشى كۆرەش قىلىش نىيەتلىرىنى سۇسلاشتۇرالمىدى، بەلكى رەبىدىن ئېلىپ كەلگەن دەۋەتكە بولغان ئىمانى تېخىمۇ مۇستەھكەملەندى. اللەنىڭ ياردىمىگە بولغان ئىشەنچىسى مۇستەھكەملىكىنى ۋە ساباتىنى ئاشۇردى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ تەجرىبىلەردىن كېيىن مەككىدىكى تاش يۈرەك جەمئىيەتنىڭ پىكىرلىرى يۈزەكى، تەبىئىتى يىرىك، ئۆزى بولسا زالالەت پاتقىقىغا پېتىپ كەتكەنلىكىنى بۇ جەمئىيەتتىن ئۈمىد قىلىشنى سۇسلاشتۇرۇۋېتىش ۋە دەۋەتتە يەنە تەجرىبىنى داۋام قىلىش، ئەمگەكنى زايا قىلىشنى كۆردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇنداق جەمئىيەتتىن باشقىسىغا ئۆتۈش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭدەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ھىجرەت قىلىش ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى. مەدىنىگە ھىجرەت قىلىش ھەققىدە ئويلىغان



نەرسە، ئۆزى ۋە ئەسھابلىرىغا يەتكەن ئازارلار ئەمەس، بەلكى دىن تەشۋىشى ئىدى. توغرا، رەسۇلۇللاھ ئەسھابلىرىغا ئازاردىن قېچىپ، ھەبەشىستانغا بۇيرىغان، چۈنكى مۆئمىنلەر دىنىنى ئاسراش مەقسىتىدە پىتنە ماكانلىرىدىن ھىجرەت قىلىشى جائىزدۇر. گەرچە ئازارلار ئىماننى كۈچەيتىسىمۇ، قوغلىنىشلار ئىخلاسنى ئاشۇرۇسىمۇ، قارشىلىقلار ئىرادىنى مۇستەھكەملىسىمۇ، ئىمان ئۆز ئىگىسىنى اللەنىڭ رازىلىقى ئالدىدا ھەممە نەرسىنى ئەرزىمەس دەپ ساناشقا، ئىمان يولىدا مال-دۇنيا، ئابروي-ئېتىبار، راھەت-پارغەتنى ۋە ھاياتنى قۇربان قىلىشقا ئۈندىسىمۇ، اللەقا بولغان ئىمان مۆئمىننى دىن يولىدا جېنىنى خۇرسەنلىك بىلەن پىدا قىلىدىغان قىلىپ قويسىمۇ، لېكىن ئازارلارنىڭ تىنىمسىز داۋام قىلىشى، قۇربانلارنىڭ ئاخىرى كۆرۈنمەسلىكى مۆئمىننى - ئۇنىڭ ئېڭىنى كېڭەيتىدىغان، ھەقنى ئىدراك قىلىشنى كۈچەيتىدىغان ناھايىتى نازۇك پىكىر يۈرگۈزۈشتىن ئازارلارغا سەبرە قىلىش ۋە قۇربان بېرىشكە بۇرىۋېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىنلەرنىڭ پىتنە ماكانلىرىدىن ھىجرەت قىلىشى زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ھەبەشىستانغا قىلغان ھىجرەتلىرى ھالىتىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشىغا كەلسەك، بۇ يېڭى جەمئىيەتتە مۇسۇلمانلارنىڭ رىسالىتىنى تىرىك سۈرەتتە نامايەن قىلىدىغان ھالەتكە، اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش ئۈچۈن، پۈتۈن يەر يۈزىگە ئاتلىنىدىغان ھالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلام مەدىنىدە كەڭ تارقالغاندىن كېيىن ئەسھابلىرىنى ئۇيەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرىدى. ئۇلارنى يەسرىبكە ھىجرەت قىلىشقا

بۇيرۇشتىن ۋە ئۆزىمۇ ئۇ يەرگە بېرىشتىن ئالدىن مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەۋەت ھىمايىسىگە، ئىسلام يولىدا قۇربان بېرىشكە تەييارلىقىنى كۆرۈشى، ئۇلار ئىسلام دەۋىتىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسى بولغان ئورۇش بەيئىتىنى بېرىشكە ھازىرمۇ ياكى باشقىچە بەيئەتتىمۇ، شۇلارنى بىلىش كېرەك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاجىلارنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. بۇ پەيغەمبەرلىكنىڭ ئون ئىككىنچى يىلى، يەنى مىلادى 622-يىلى ئىدى. ھەقىقەتەن، مەدىنىدىن ناھايىتى كۆپ ھاجىلار كەلدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە 75 نەپەر مۇسۇلمان بولۇپ، 73 ئەر ۋە ئىككىسى ئايال ئىدى. بۇ ئاياللار بەنۇ مازىن ئىبن نەججار قەبىلىسىدىن نەسىبە بىنتى كەئب ئۇممۇ ئۇمارە ۋە بەنۇ سەلىمە قەبىلىسىدىن ئەسما بىنتى ئەمر ئىبن ئەدي ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىلەر بىلەن يوشۇرۇنچە ئۇچراشتى. ئۇلارغا ئىككىنچى بەيئەت ھەققىدە گەپ قىلىپ، بۇ بەيئەت پەقەت دەۋەت قىلىش ۋە ئازارلارغا سەبرە قىلىش بىلەن چەكلەنمەي، بەلكى مۇسۇلمانلار ئۆزىنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچكە ئايلىنىدىغان نەرسىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئېلىشىنىمۇ ئېيتتى. شۇنىڭدەك، بۇ بەيئەت جەمئىيەتتە ئىسلامنى تەدبىق قىلىدىغان، ئۇنى پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئالەمىي رىسالەت سۈپىتىدە ئېلىپ چىقىدىغان، شۇ ۋاقىتدا ئۇنى ھىمايە قىلىدىغان كۈچنى مەيدانغا كەلتۈرىدىغان، ئىسلامنى يېيىش ۋە تەدبىق قىلىش يولىدا توسالغۇ بولىدىغان ھەرقانداق توسۇقنى ئېلىپ تاشلايدىغان دەۋەتنى بەرپا قىلىشتا ئۇل-ئاساس ۋە مۇستەھكەم ئۇستۈن بولىدىغان ئاساسنى پەيدا قىلىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان بەيئەت بولىشىنى ئېيتتى. سۆھبەت ئەسناسىدا ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا تەييارلىقى پۈختىلىقىغا خاتىرجەم بولدى ۋە



ئۇلار بىلەن «تەشرىق» كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يېرىم كېچىسى ئەقەبەدە ئۇچرىشىشقا كېلىشتى. ئۇلارغا: «ئۇخلاپ قالغانلارنى ئويغاتماڭلار، يوق ئادەملەرنى كۈتمەڭلار»، دېدى. ۋەدىلىشكەن كۈن، كېچىنىڭ ئاۋۋالقى ئۈچتەن بىرى ئۆتكەندىن كېيىن، مۇسۇلمانلار ئاستا-ئاستا ئەقەبەگە يول ئالدى ۋە ھەممىسى، ئىككى ئايالمۇ، تاغ تۈپىسىگە چىقتى، شۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى كۈتۈپ تۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تاغىسى ئاbباس بىلەن كەلدى. ئاbباس تېخى ئىسلامغا كىرمىگەن ئىدى. ئۇ بۇ يەرگە ئاكىسىنىڭ ئوغلىغا دالدا بولۇش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى. ئاbباس ئىبن ئابدۇلمۇتەللىپ بىرىنچى بولۇپ گەپ قىلدى: «ئى خەزرەج جامائەسى، مۇھەممەد بىزدە قانداق ماقامدا ئىكەنلىكى سىزلەرگە مەلۇم. بىز ئۇنى قەۋمىمىزدىكى بىزدەك پىكىردە بولغان ئادەملەردىن ھىمايە قىلغانمىز. ئۇ ئۆز قەۋمىدە ئېزىزلىق، ئۆز شەھىرىدە ھىمايىدە، ئۇ سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلارغا كېتىشكە قارار قىلدى. ئەگەر ئۇنىڭغا ۋاپا قىلساڭلار، قارشى چىققانلاردىن ئاسرىساڭلار، ئۆز ئۈستۈڭلەرگە ئالغان ئەھدىڭلار بىلەن بولۇڭلار. ئەگەر سىلەر تەرەپكە بارغاندىن كېيىن ئۇنى (دۈشمەنلەرگە) تاپشۇرۇپ، ياردەمسىز تاشلاپ قويىدىغان بولساڭلار، ھازىردىلا ئۇنى ئۆز ھالىغا قويۇڭلار». ئۇلار ئاbباسنىڭ گېپىنى ئىشتىپ، ئۇنىڭغا: «ئېيتقانلىرىڭنى ئىشتتۇق»، دېدى. كېيىن: «ئى رەسۇلۇللاھ گەپ قىلىڭ، ئۆزىڭىز ۋە پەرۋەردىگارىڭىز ئۈچۈن بىزدىن خالىغان بەيئىتىڭىزنى ئېلىڭ»، دېيىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرئان تىلاۋەت قىلىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن: «ئايال ۋە بالاچاقىلىرىڭلارنى ئاسرايدىغان نەرسىلەردىن مېنىمۇ

ھىمايە قىلىشىڭلارغا بەيئەت ئالىمەن»، دېدى. بەررا ئىبنى مەئرۇر بەيئەت بېرىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتى ۋە: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، بەيئىتىمىزنى قوبۇل قىلغىن. اللە بىلەن قەسەمكى بىز ئۇرۇش پەرزەنتلىرىمىز، بۇ بىزگە ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن مىراس»، دېدى. بەررا گېپىنى تۈگەتمەستىن ئەبۇ ھەيسەم ئىبنى تەييىھان ئۇنىڭغا ئۇز رازىلىقىنى بىلدۈرۈپ دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىز بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدا ئەھدى پەيمان بار، بىز ئۇلارنى بۇزىمىز، ئەگەر بىز شۇنداق قىلساق، كېيىن اللە سىزنى غەلىبىگە ئېرىشتۈرسە، بىزنى تاشلاپ قەۋمىڭىزگە كەتمەيسىزمۇ؟». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ گەپلەرنى ئىشىتىپ، كۈلۈپ دېدى: «قانغا-قان، ئۇرۇشقا-ئۇرۇش، مەن سىلەردىنمەن، سىلەر مەندىن سىلەر. سىلەر ئۇرۇش قىلغانلار بىلەن ئۇرۇش قىلىمەن، سۈلھى تۈزگەنلەر بىلەن سۈلھى تۈزىمەن». قەۋمى بەيئەت قىلىشقا قەست قىلىپ تۇرغان بىر پەيتتە ئۇلارغا ئابباس ئىبنى ئۇبادە ئۇز ئېتىراز بىلدۈرۈپ شۇنداق دېدى: «ئى خەزرەج جامائەسى، بۇ كىشىگە نېمىگە بىنائەن بەيئەت بېرىۋاتقانلىقىڭلارنى بىلەمسىلەر؟ سىلەر قىزىل ۋە قارا بارچە ئادەملەرگە قارشى ئۇرۇشقا بەيئەت بەرمەكتەسىلەر. ئەگەر مال-دۇنيايىڭلارغا بالادىن ئادەملىرىڭلارغا ئۆلۈمدىن تالاپەت يەتسە، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى تاشلاپ كېتىشنى ئويلىساڭلار، بەيئەتنى ھازىرلا توختىتىڭلار. چۈنكى ئەگەر شۇنداق قىلساڭلار، اللە بىلەن قەسەمكى، بۇ نەرسە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە شەرمەندىلىكتۇر. ئەگەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن بەيئىتىڭلارغا، مال ۋە جانلارغىمۇ تالاپەت يەتسىمۇ ۋاپا قىلىمىز دەپ ئويلىساڭلار بەيئەت



بېرىڭلار. چۈنكى، بۇ ئىش، اللە بىلەن قەسەمكى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ئەڭ ياخشى نەمەلدۇر». قەۋم جاۋاب بەردى: «بىز ماللىرىمىزغا تالاپەت يېتىپ، ئادەملىرىمىز ئۆلۈپ كېتىدىغان بولسىمۇ بەيئەت بېرىمىز». كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن سورىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ، ئەگەر بىز ۋاپا قىلساق، بىزگە نېمە مۇكابات بولىدۇ؟». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خاتىرجەملىك بىلەن «جەننەت»، دەپ جاۋاب بەردى.

ئۇلار رەسۇلۇللاھقا قوللىرىنى ئۇزاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامۇ قولىنى ئاچتى. ھەممىسى ئۇ كىشىگە ئۇشبۇ سۆزنى ئېيتىپ، بەيئەت بەردى: «قىيىنچىلىق ۋە يېڭىللىك ھالىتىمىزدىمۇ، خۇشاللىق ۋە خاپىچىلىقىمىزدىمۇ قۇلاق سېلىپ ئىتائەت قىلىشقا. ياخشىلىقلارنى باشقىلار ئۈچۈن ئىختىيار قىلىشقا، ئىشنى ئۇز ئىگىلىرىدىن تالاشماسلىققا، قەيەردە بولمايلى ھەقنى ئېيتىشقا ۋە اللە يولىدا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماسلىققا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت بەردۇق». بەيئەتتىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ئۇز قەۋمىگە كېپىل بولۇش ئۈچۈن ئاراڭلاردىن ئون ئىككى نەقىبنى چىقىرىڭلار». ئۇلار خەزرەجدىن توققۇز، ئەۋستىن ئۈچ كىشى تاللىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ نەقىبلەرگە دېدى: «ئىيسا ئىبنى مەريەم ئۈچۈن ھاۋارىيۇنلار كېپىل بولغانغا ئوخشاش سىلەر ئۇز قەۋمىڭلارغا كېپىل دۇرسىلەر. مەن بولسام ئۇز قەۋمىمگە كېپىلمەن». ئۇلار: «خوپ» دېدى. ئۇلار يۈكتاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ مەدىنىگە قايتتى. شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى مەدىنىگە ھىجرەت

قىلىشقا ۋە يولغا بۇلۇنۇپ-بۇلۇنۇپ چىقىشقا بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار بىردىن ياكى ئازچىلىلىق بىلەن ھىجرەت قىلىشقا باشلىدى. قۇرەيش بەيئەت بولغاندىن خەۋەر تاپقان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆچى يەتكەنلەرنى مەككىگە قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى. مۇشرىكلەر مۇسۇلمانلارنى ھىجرەتتىن توستى، ھەتتا ئىرى بىلەن ئايالى بىرگە ھىجرەت قىلىشقا توسقۇنلۇق قىلدى. لېكىن بۇ ئەرسە ھىجرەتكە تەسىر قىلالمىدى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلار مەدىنىگە يىغىلىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولسا بىر قانچە ۋەقىت مەككىدە قالدى. ئۇ كىشى مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشنى مەقسەت قىلدىمۇ ياكى مەككىدە قالامدۇ، بۇنى ھېچ كىشى بىلمەيتتى. لېكىن بەزى بىر ئىشلاردىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلماقچى ئىكەنلىكى مەلۇم بولۇپ قالغان ئىدى. ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھ ئەنھۇ) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىشقا ئىزنى سورىغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئالدىرىما، ئۈمىتكى اللە تائالا سىز ئۈچۈن بىرەرسىنى ھەمراھ قىلغاي»، دېدى. بۇ سۆزلەردىن ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىجرەت نىيىتى بارلىقىنى چۈشەندى. قۇرەيش رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىگە ھىجرىتى ھەققىدە مىڭ خىل تەخمىنلەر قىلاتتى. چۈنكى، مەدىنىدە مۇسۇلمانلار كۆپىيىپ، قوللىرى ئۈستۈن بولۇپ قالغان، مەككىدىن كەلگەنلەر بىلەن كاتتا كۈچنى تەشكىل قىلغان ئىدى. ئۇلار شۇنداق كۈچكە ئىگە بولىۋاتقان بىر پەيتتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قېشىغا بارسا، قۇرەيش ئۈچۈن ھالاكەت بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى مەدىنىگە ئەۋەتمەسلىك چارىلىرى ھەققىدە ئويلاپ



www.uyghurkitap.com

قالدى. ئەينى ۋاقىتتا ئۇلار مەدىنىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتى ئېشىپ، مەككىگە رەسۇلۇللاھنى ھىمايە قىلىشقا كېلىپ قېلىشتىن قورقتى. ئۇ زاتنىڭ مەككىدە قېلىشىدىنمۇ قورقاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە بارماسلىقى، ھەمدە ئىسلام ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆپەيلىدىن مەدىنىلىكلەر بىلەن ئوتتۇرىلىرىدا ئۇقۇنۇش چىقماسلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلدى. سىيرەت كىتاپلىرىدا ئائىشە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ۋە ئەبۇ ئۇمامە ئىبىن سەھمى رىۋايەت قىلغان ئۇشبۇ ھەدىس كەلگەن: «يەتمىش كىشى (يەنى، مەدىنىلىكلەر) كېتىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ناھايىتىمۇ خۇرسەن بولدى. چۈنكى اللە تائالا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ئۇرۇش ۋە جاسارەت پەرزەنتلىرىنىڭ ھىمايىسىگە تاپشۇرغان ئىدى». مۇسۇلمانلار مەككىدىن چىقىپ كېتىشنى ئېلان قىلغاندا مۇشرىكلەر ئۇلارغا زۇلۇمنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

مۇسۇلمانلارنى ئېغىر ئەھۋالغا سېلىپ زۇلۇمنى ھەددىدىن ئاشۇردى. مۇسۇلمانلار بۇ ھالدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا: «سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان جاينى چۈشۈمدە شورلۇق جاي ئىكەنلىكىنى كۆردۈم»، دېدى ۋە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن خۇرسەن ھالدا چىقىپ: «اللە تائالا ماڭا سىلەر ھىجرەت قىلىدىغان جاينى كۆرسەتتى، ئۇ يەر مەدىنەدۇر (يەسرىب)دۇر. كىم خالىسا ئۇ يەرگە بارسۇن»، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇسۇلمانلار بىر-بىرىگە ھەمراھ بولۇپ، مەدىنىگە يوشۇرۇنچە كېتىشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىزنى قىلىنىشنى كۈتۈپ

باشلاپ دۆلەت بەرپا قىلدى. بۇ دۆلەتنى ـ سابىت ئاساس ئۈستىگە جەمئىيەت قۇرۇش ھەمدە دۆلەتنى ھىمايە قىلىش ۋە دەۋەتنى يېيىش ئۈچۈن يېتەرلىك كۈچ تەييارلاش ئارقىلىق مۇستەھكەملەشكە باشلىدى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ئىسلامنى يېيىش يولىدا توسۇق بولۇپ تۇرغان توسۇقلارنى ئېلىپ تاشلاشقا كىرىشتى.

## جەمئىيەتنى بىنا قىلىش

ئاللاھ تائالا ئىنساندا بەقا غەرىزىسىنى ياراتتى. ئىنسانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن جەملىنىشى ئۇشبۇ بەقا غەرىزىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرىدۇر. لېكىن جەملىنىشنىڭ ئۆزى جەمئىيەتنى مەيدانغا كەلتۈرمەيدۇ، بەلكى جامائەتنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر پەقەت جەملىنىشنىڭ ئۆزى بىلەن چەكلەنسە جامائەت ھالىتىدە قېلىۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەنپەئەتلەرنى جەلب قىلىش، زەرەرلەرنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ئالاقىلار پەيدا بولسا، مانا شۇ ئالاقىلار جامائەتنى جەمئىيەتكە ئايلاندۇرىدۇ. لېكىن بۇ ئالاقىلار مۇئەييەن جەمئىيەتنى پەيدا قىلالمايدۇ. ئادەملەرنىڭ بۇ ئالاقىلارغا مۇناسىۋىتى بىر خىل بولۇشى، بۇ ئالاقىلاردىن رازى ياكى نارازىلىقى ئوخشاش بولۇشى، ۋە بۇ ئالاقىلارنى مۇئالىجە قىلىشى، مۇئالىجە قىلىدىغان قانۇنغا ماس بولغاندىلا جەمئىيەت پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەتنى ئۆگۈنىۋاتقاندا، پىكىرلەر ۋە قانۇنلارغا قاراش زۆرۈر. چۈنكى، مانا شۇلار تۈزۈمنى مۇئەييەن كۆرۈنۈشتىكى جەمئىيەت قىلىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن



پەيتىدە بۇ يەردىكى مەۋجۇت جەمئىيەتكە مانا شۇ نۇقتىئىنەزەر بىلەن قارايمىز. بۇنىڭ بىلەن مەدىنە جەمئىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى بىلىۋالىمىز.

ئاشۇ پەيتتە مەدىنىدە ئۈچلا جەمئىيەت ياشايتتى. بىرىنچىسى، مۇھاجىر ۋە ئەنسارلاردىن ئىبارەت مۇسۇلمانلار، ئۇلار كۆپچىلىك ئىدى. ئىككىنچىسى ئەۋس ۋە خەزرەج مۇشرىكلىرى، ئۇلار ئازچىللىق ئىدى. ئۈچۈنچىسى، يەھۇدىيلار، ئۇلار تۆت قىسىم ئىدى. بىر قىسمى مەدىنە ئىچىدە، ئۈچ قىسمى مەدىنە سىرتىدا ياشايتتى. ئىچكىرىدىكى يەھۇدىلار بەنۇ قەينۇقا ۋە تاشقىرىدىكى يەھۇدىلار بەنۇ نەزىر، خەيبەردىكى يەھۇدىلار ۋە بەنۇ قۇرەيزە ئىدى. ئىسلامدىن ئالدىنقى يەھۇدىلار مەدىنىدىكى جەمئىيەتتىن ئاجرالغان ھالدا، ئۆز ھالىچە ياشايتتى. ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ۋە ھاياتى مۇئامىلىرىنى بېكىتىدىغان ۋاسىتىلىرى باشقا ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەھۇدىيلار ـ گەرچە مەدىنە ئىچىدە ۋە ئۇنىڭغا يېقىن يەردە ياشىسىمۇ ـ مەدىنىدىكى جەمئىيەتنىڭ بىر بۆلىكى دەپ ھېساپلانمايتتى. مۇشرىكلار ئازچىللىق بولغانلىقى ئۈچۈن مەدىنىدىكى ئىسلامىي مۇھىتتا ئۇلارنىڭ بار-يوقلىقى سېزىلمەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار گەرچە، ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغان بولسىمۇ، ئۆز مۇناسىۋىتىدە ئىسلامىي پىكىرلەر، ئىسلام قانۇنلىرىغا بويسۇنۇشى مۇقەررەر ئىدى. مۇھاجىر ۋە ئەنسارلارنى بولسا ئىسلامىي ئەقىدە بىرلەشتۈرگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پىكىرلىرى ۋە تۇيغۇلىرى بىرخىل بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇلار ئۆز مۇناسىۋەتلىرىنى ئىسلام ئاساسىغا قۇرۇشلىرى تەبىئىي ھال ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنى

www.uyghurkitap.com

ئىسلامىي ئەقىدە ئاساسىغا قويدى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز-ئارا مۇئامىلىلىرىدە ۋە بارلىق ئىشلىرىدا كۈچلۈك تەسىرى بولىدىغان بۇرادەرلىككە - الله يولىدا بىر-بىرى بىلەن قېرىنداش بولۇشقا چاقىردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ بىلەن بۇرادەر بولدى. خىزمەتچىسى زەيد بىلەن تاغىسى ھەمزە، ئەبۇ بەكرى سىددىق بىلەن خارىجە ئىبنى زەيد بۇرادەر بولدى. مۇھاجىرلار ۋە ئەنسارىلارنى بىر-بىرى بىلەن بۇرادەر قىلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ بىلەن ئۇتبە ئىبنى مالىك خەزرەجى، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ بىلەن ئەبۇ ئەييۇبىل ئەنسارى، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپ بىلەن سەئدى ئىبنى رەبىئە بۇرادەر بولدى. بۇ بۇرادەرلىكنىڭ ماددىي تەرەپكىمۇ تەسىرى بولدى. يەنى، ئەنسارىلار مۇھاجىر بۇرادەرلىرىگە زور ساخاۋەت كۆرسەتتى، بۇ نەرسە ئۇشبۇ بۇرادەرلىكنى تېخىمۇ كۈچلۈك ۋە مۇستەھكەم قىلدى. ھەقىقەتەن، ئۇلار ئۆز ماللىرىدىن بېرىپ ۋە دۇنياۋى ئىشلىرىدا شېرىك قىلىۋالدى يەنى سودىگەرلەر سودىسىغا، دېھقانلار دېھقانچىلىقىغا بۇرادەرلىرىنى قېتىۋالدى. ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپ ياغ ۋە پىشلاق سېتىشقا باشلىدى. باشقىلارمۇ ئۆز ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. تىجارەتلىرىدىن ياخشى پايدا كۆردى. چۈنكى، ئۇلار تىجارەت ئىشلىرىدا ماھىر ئىدى. ئەمما سودا بىلەن شۇغۇللانمىغان ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر، ئەلىي ۋە باشقىلارغا كەلسەك، ئۇلار ئەنسارىلار بەرگەن يەرلەردە ئائىلىلىرى بىلەن دېھقانچىلىق قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام (كىمنىڭ يېرى بولسا، دېھقانچىلىق قىلسۇن ياكى بۇرادىرىگە بەرسۇن»، دېدى. خۇسۇسەن ھەممىسى ئوزۇق-تەمىنات تېپىش ئۈچۈن ئىشلەشكە باشلىدى. مەدىنىدە مۇھاجىرلاردىنمۇ



ئەنسارىلاردىنمۇ بولمىغان، مەدىنىگە كېلىپ ئىسلامغا كىرگەن، مال-دۇنياسى، ئۆي-ئورنى ۋە قىلىدىغان ئىشىنىڭ تايىنى يوق بىر كىچىك ئەرەب جامائەسى بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ئېتىبار بېرىپ، ياشىشى ئۈچۈن مەسجىددىن سۇپىسىنى (ئۈستى يېپىلغان قىسمىنى) ئاجراتتى. ئۇلار شۇ يەردە ياشىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى سۇپپا ئەھلى دەپ ئاتالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام الله ياخشى رىزقى بەرگەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارنىڭ ماللىرىدىن ئۇلار ئۈچۈن نەسىۋە ئاجراتتى. شۇنداق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بارلىق مۇسۇلمانلارنى بەرقارار ھالەتكە كەلتۈرۈش ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنى مۇستەھكەم ئاساسقا قويۇشنى ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكۈزدى. بۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە كۇفرىغا قارشى تۇرغان، يەھۇدىلار ۋە مۇناپىقلارنىڭ مېكرىگە قارشى كۆرەش قىلغان ۋە بىر پۈتۈن بىرلىككە ئايلانغان جەمئىيەتنى قۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ جەمئىيەت ۋە بىرلىكتىن كۆڭۈللىرى تىندى. مۇشرىكلار ئاجىزلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامىي ھۆكۈملەرگە بويسۇندى. كېيىنچىلىك ئۇلار ئۆز-ئۆزىدىن يوق بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئىسلامىي جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشتە ئۇلارنىڭ تەسىرى بولمىدى. ئەمما يەھۇدىلار ئىسلامدىن ئالدىن ئۆز ھالىچە ياشايتتى. ئىسلامدىن كېيىن ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا تاپاۋۇت كۈچەيدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلارنى مۇئەييەن ئاساسقا قويۇش زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇ ۋەجىدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارغا يەھۇدىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولىشىنى ۋە يەھۇدىلارغا

مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىلىرى قانداق بولۇشى لازىملىقىنى بەلگىلەپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلارغا خەت يازدى. ئۇنىڭدا يەھۇدىيلارغا شەرت قويۇلدى. بۇ خەت مۇسۇلمانلارنىڭ بىر-بىرى بىلەن ۋە ئۇلارغا تەۋە بولغانلار بىلەن مۇناسىۋەتلىرى قانداق بولۇشىنى ۋە يەھۇدى قەبىلىلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار بىلەن ئالاقىلىرى قانداق بولۇشىنى بەلگىلەپ بەرگەن ئەمەل دەستۇرى ئىدى. خەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرى بىلەن باشلاندى: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، بۇ قۇرەيش يەسرىبدىن ئىبارەت بولغان مۆئمىنلەر، ئۇلارغا تەۋە بولغانلار ۋە ئۇلارغا قوشۇلۇپ بىرگە جىھادقا بارغانلارغا پەيغەمبەر مۇھەممەدتىن خەتتۇر. ئەلۋەتتە مۆئمىنلەر باشقا ئادەملەردىن ئالاھىدە بىر ئۈممەتتۇر». كېيىن مۆئمىنلەرنىڭ بىر-بىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىرىنىڭ ئاساسىنى زىكرى قىلدى ھەمدە يەھۇدىيلارنىمۇ تىلغا ئالدى: «مۆئمىن كاپىر ئۈچۈن مۆئمىننى ئۆلتۈرمەيدۇ. مۆئمىننىڭ زەرەرىگە كاپىرغا ياردەم بەرمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئاللاھنىڭ ئەھدى بىردۇر. مۆئمىنلەرنىڭ ئەڭ زەئىپىمۇ بارچە مۆئمىنلەر نامىدىن ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە. مۆئمىنلەر باشقا ئىنسانلاردىن ئالاھىدە بىر-بىرى بىلەن بۇرادەردۇر. يەھۇدىيلاردىن كىم بىزگە ئەگەشسە، ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ، ئەكسىچە، ياردەم بېرىلىدۇ. مۆئمىنلەرنىڭ سۈلھىسى بىرلادۇر. مۆئمىن بىر مۆئمىندىن ئايرىلغان ھالدا ئاللاھنىڭ يولىدا ئۇرۇشتا باشقىلار بىلەن سۈلھى قىلسا، ئۆز-ئارا ئادالەت ۋە تەڭلىك ئاساسىدا ئىش تۇتۇدۇ»، دېدى. بۇ خەتتە زىكرى قىلىنغان يەھۇدىيلار قوشۇنى يەھۇدى قەبىلىلىرى ئەمەس، بەلكى ئىسلامىي دۆلەتكە تەۋە،



ئۇنىڭغا پۇقرا بولۇشنى خالاۋاتقان شەخسلەردۇر. بۇنداق شەخسلەر ئۈچۈن ياردەم ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە تەڭلىك ھوقۇقى باردۇر. چۈنكى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ شەخس زىممى بولۇپ قالىدۇ. خەت ئاخىرىدا زىكرى قىلىنغان يەھۇدىيلار ئۆز قەۋملىرىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان، ئۇلار: بەنۇ ئەۋپ، بەنۇ نەججار ۋە باشقىلاردۇر. ئۇلارنىڭ ئىسلامىي دۆلەت بىلەن بولغان ئالاقىلىرى بىرنەچچە شەرتلەرگە بەلگىلەندى. خەتتە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىيلار ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقىلار ئىسلامنى ھاكىم قىلىش، بۇ ئالاقىلارنىڭ ئىسلام سەلتەنەتىگە بويسۇنۇشى ۋە يەھۇدىيلار ئىسلامىي دۆلەت سەلتەنەت مەنپەئەتىنى تەلەپ قىلىدىغان نەرسىگە رازى بولۇشى شەرتلىكى ئاساسىدا بەلگىلەنگەن. خەتتە:

1. يەھۇدىيلارنىڭ ئەھلى ئېياللىرى ئۆزلىرىگە ئوخشاشتۇر. يەھۇدىيلارنىڭ بىرەرسى مۇھەممەدنىڭ ئىزنىسىز تاشقىرىغا چىقمايدۇ.
2. مەدىنە خەتتە زىكرى قىلىنغانلارغا ھارامدۇر.
3. شۇ خەتتە زىكرى قىلىنغانلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر مۇئامما بولسا، ئۇنىڭ يېشىمى ئاللاھقا ۋە رەسۇلىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.
4. قۇرەيشكىمۇ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلەرگىمۇ ھىمايە بېرىلمەيدۇ.

شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خېتى مەدىنىگە خوشنا بولغان يەھۇدى قەبىلىلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى بەلگىلەپ بەردى ۋە ئۇلارغا تۆۋەندىكىلەرنى شەرت قىلدى: مەدىنىدىن پەقەت رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىزنى بىلەن چىقىدۇ؛

مەدىنىگە ئورۇش قىلىش ياكى ئۇنىڭغا قارشى ئورۇشقا ياردەم بېرىش بىلەن مەدىنىنىڭ ھۆرمىتىنى پايمال قىلىش ئۇلارغا ھارام قىلىنىدۇ؛

قۇرەيشنى ياكى ئۇنىڭغا ياردەم بەرگۈچىلەرنى ھىمايىگە ئېلىش ھارام قىلىنىدۇ؛ شۇ خەتتە كەلگەن شەرتلەرگە بىنائەن يۈز ئوتتۇرىسىدا پەيدانغا كەلگەن ھەرقانداق ئىختىلاپتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۆكۈم چىقىرىدۇ. بۇ شەرتلەرگە ئۆزۋەندىكى يەھۇدىي قەۋملەر رازى بولۇپ، ئىمزا قويدى: بەنۇ ئەۋپ، بەنۇ نەججار، بۇنۇ ھارىس، بەنۇ سەئىدە، بەنۇ جەشم، بەنۇ ئەۋس، بەنۇ سەئلەبە. خەتنى ئىمزالاشتا بەنۇ قۇرەيزە، بەنۇ نەزىر ۋە بەنۇ قەينۇقا قەبىلىلىرى قېتىلمىدى بولمىدى. بىراق ئازا يۇرسەتتىن كېيىن شۇنىڭغا ئوخشاش بىر خەت پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا يېزىلدى ۋە ئۇنىڭدىكى شەرتلەرگە رازى بولدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ خەتلەرگە ئىمزا قويۇش بىلەن ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ئالاقىلارنى بەرقارارلاشتۇردى ۋە بۇ دۆلەت بىلەن خوشنى يەھۇدىي قەبىلىلىرىنىڭ ئالاقىلىرىنى ئىسلام ھاكىم بولىدىغان ئاساسلارغا قۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي جەمئىيەتنى بىنا قىلىشتىن كۆڭلى تىندى. خوشنا يەھۇدىي قەبىلىلىرىنىڭ ئۇرۇشماسلىقىدىن خاتىرجەم بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىسلامىي دەۋەت يولىدىن ماددىي توسقۇلارنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇرۇشقا تەييارگەرلىك كۆرۈشكە باشلىدى.



# ئۇرۇش مۇھىتىنى تەييارلاش

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي جەمئىيەتنى بىنا قىلىشتىن خاتىرجەم بولغانلىقتىن ۋە يەھۇدىي خوشنىلار بىلەن توختام تۈزگەندىن كېيىن مەدىنىدە جىھاد مۇھىتىنى يارىتىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئىسلام دۆلىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئۆزى ھۆكۈمران بولغان يۇرتلاردا ئىسلام ھۆكۈملىرىنى تولۇق تەدبىق قىلىش ۋە تاشقىرىدا ئىسلامىي دەۋەت دائىرىسىنى كېڭەيتىشتۇر. ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنىڭ مەنىسى ـ مىسسىئونېرلارغا ئوخشاش تەشۋىقات قىلىش ئەمەس، بەلكى ئادەملەرنى ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرى بىلەن ساقاپەتلىك قىلىش ھەمدە دەۋەتكە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقان ماددىي توسقۇلارنى كۈچ بىلەن ئېلىپ تاشلاشتۇر.

قۇرەيش ئىسلامى دەۋەت يولىدىكى ئەڭ چوڭ دۈشمەن ئىدى. بۇ توسقۇنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن كۈچ تەييارلاش زۆرۈر ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي دەۋەتنى مەدىنە تاشقىرىسىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلاشقا باشلىدى. تۆت ئاي داۋامىدا قۇرەيشكە قارشى چىقىپ ھەمدە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ياشىغۇچى مۇناپىقلار ۋە يەھۇدىيلارنى قورقۇتقان ھالدا، پەقەت مۇھاجىرلارنىڭ ئۆزىدىن تەشكىل تاپقان ئۈچلا سەرىيە ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تاغىسى ھەمزە ئىبن ئابدۇل مۇتتەلىبنى مۇھاجىرلاردىن ئوتتۇز ئاتلىق بىلەن غازاتقا ئاتلاندۇردى. ھەمزە ئۈچيۈز ئاتلىق قوشۇنغا ئىگە ئەبۇ جەھل ئىبن ھىشامغا ئىيس تەرەپتىن دېڭىز قىرغىقىدا دۇچ كەلدى ۋە

ئۇرۇشقا تەييارلىنىشقا باشلىدى. ئەگەر مۇجدي ئىبن ئەمر جۇھەينى ئۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ قالمىغان بولسا چەك بولىشى مۇقەررەر ئىدى. كېيىن ئىككى تەرەپ بىر-بىرىنى تاشلىدى ۋە ھەمزە ئۇرۇش قىلماستىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇبەيدە ئىبن ھارىسنى مۇھاجىرلاردىن ئاتمىش ئاتلىق بىلەن ئەۋەتتى. ئۇبەيدە ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدىكى ئىككى يۈزدىن ئارتۇق قۇرەيشلىكلەرگە رابىغە ۋادىسىدا دۇچ كەلدى. سەئدى ئىبن ئەبۇ ۋەققاس دۈشمەن تەرەپكە ئوق ئاتتى، لېكىن ئۇرۇش بولمىدى ۋە ئىككى تەرەپ تارقالدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، سەئدى ئىبن ئەبۇ ۋەققاسنى مۇھاجىرلاردىن يىگىرمە ئاتلىقا باش قىلىپ مەككە تەرەپكە ئەۋەتتى. ئۇلار ئۇرۇش قىلماستىن قايتتى. ئۇشبۇ سەرىيەلەر سەۋەبىدىن مەدىنىدىمۇ، قۇرەيشدىمۇ ئۇرۇش مۇھىتى پەيدا بولدى. بۇ ھال قۇرەيش قەلبىگە قورقۇنچ سالدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارىتا ئىلگىرى ئويلاپ باقمىغان ئىشنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلدى. ئەگەردە بۇ سەرىيەلەر بولمىغان بولسا، قۇرەيش رەسۇلۇللاھنى مەنسىتمىگەن ۋە قورقۇنچىغا چۈشمىگەن بولاتتى. رەسۇلۇللار ئەلەيھىسسالام بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، ئۆزىمۇ ئۇرۇشقا چىقتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەنىنىڭ ئون ئىككىنچى ئېيىنىڭ بېشىدا قۇرەيش ۋە بەنۇ زەمرىگە قارشى ئاتلاندى. مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا سەئدى ئىبن ئۇبادىنى قالدۇردى ۋە ئەبۋە تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ، ۋەددانغا يەتتى. لېكىن قۇرەيشكە دۇچ كەلمىدى ۋە بەنۇ زەمرە بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈپ قايتتى. بىر ئايدىن كېيىن مۇھاجىر ۋە ئەنسارىلاردىن تەشكىل تاپقان ئىككى يۈز كىشىلىك قوشۇنغا باشچىلىق قىلىپ، ئۇمەييە



ئىبن خەلەپ باش بولغان كارۋاننى كۆزلەپ بۇۋات تەرەپكە چىقتى. كارۋاندا ئىككى مىڭ بەشيۈز تۆگە بولۇپ، ئۇنى يۈز ساقلىغۇچى ساقلايتتى. كارۋان باشقا يولدىن ماڭغانلىقى ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئۇلارغا دۇچ كەلمىدى. ئاردىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا ئەبۇ سەلەمە ئىبن ئابدۇل ئەسەدنى قالدۇرۇپ، مۇسۇلمانلاردىن ئىككى يۈزدىن كۆپراق ئەسكەر بىلەن چىقىپ يەنبۇئە قەۋمىدىن بولغان بىر قەبىلە تۇرغان جايغا بېرىپ چۈشتى ۋە بۇ يەردە ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى جامادىيەل ئاۋۋال ئېيى ئىچى ۋە جامادىيەسسانى ئېيىدىن بىر نەچچە كۈن تۇردى ۋە ئەبۇ سۇفيان باش بولغان قۇرەيش كارىۋىنى ئۆتۈشىنى كۈتتى. لېكىن كارۋان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا دۇچ كەلمەستىن ئۆتۈپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قايتىشىدا بەنۇ مۇدلىج قەبىلىسى بىلەن توختام تۈزدى. ئاردىن ئون ئىككى ئاي ئۆتۈپ قەرزى ئىبن جابىر پەخرىي (ئۇ مەككە ۋە قۇرەيش بىلەن ئالاقىدارلىرىدىن بىرى ئىدى) مەدىنىنىڭ قوي ۋە تۆگىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئۆز ئورنىغا زەيدى ئىبن ھارىسنى قالدۇرۇپ، قەرزىنى قوغلاپ چىقتى ۋە بەدرى تەرەپكىچە باردى، لېكىن ئۇنىڭغا يېتىشەلمىدى. بۇ غازات بەدرىدىكى بىرىنچى غازات ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەسكەرلىرى بىلەن قۇرەيشكە قارشى چىقىپ، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنى كېزىپ غازات قىلدى. بۇ غازاتلارنىڭ بىرەرسىدىمۇ ئۇرۇشقا دۇچ كەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن چوڭ ئۇرۇشلارنى باشلاش ئۈچۈن زور نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالام دۈشمەنگە ئۇچرىشىدىغان قوشۇننى شۇ غازاتلار بىلەن تەييارلىدى. چۈنكى، بۇ غازاتلار مەدىنىنى ئۇرۇشقا تەييار ھالەتكە ئېلىپ كەلدى. مانا شۇ ئۇرۇشلار مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى يەھۇدىيلار ھەمدە ۋە مۇناپىقلارنىڭ قەلبلىرىگە قورقۇنچ سالدى، ئۇلارنى پىتنە چىقىرىشتىن قايتۇردى. قۇرەيشنىڭ ئۆز نەپسانىيەتچىلىكىنى يەربىلەن يەكسان قىلدى. دۈشمەنلەرنىڭ قەلبلىرىدە مۇسۇلمانلاردىن ھەيىقىشنى كۈچەيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قىزىل دېڭىز قىرغاقلىرى بىلەن مەدىنە شەھرى ئارىسىدا ياشىغۇچى قەبىلىلەر بىلەن توختام تۈزۈش ئارقىلىق قۇرەيشنىڭ شامغا ئۆتىدىغان كارۋان يولىنى قولغا كىرگۈزدى.

## ئۇرۇشنىڭ باشلىنىشى

پەيغەمبىرىمىز ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئورناشتى ۋە ئىسلامنى تەدبىق قىلىشقا باشلىدى. ۋەھيى قانۇنلىرى بىلەن نازىل بولۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامىي دۆلەتنى شەرئى قانۇنلار ئاساسىغا قۇردى. مۇسۇلمانلارنى بىر-بىرى بىلەن بۇرادەر قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلام ئۇنى قوبۇل قىلغان ۋە دۆلىتىنى كۆتۈرۈپ چىققان جەمئىيەتتە ھاكىمىيەت ۋە شەرىئەت سۈپىتىدە نامايەن بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ قۇدرىتى ۋە سانى ئاشتى، شان-شەۋكىتى كۈچەيدى. مۇشرىكلار ۋە يەھۇدىيلا يەككە-يەككە ۋە جامائە بولۇپ، ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا باشلىدى. ئىسلامدىن ۋە مەدىنىدىكى دەۋەتتىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبلىرى خاتىرجەم



www.uyghurkitap.com

بولغاندىن كېيىن مەدىنىنىڭ تاشقىرىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى ئويلاشقا باشلىدى. لېكىن بۇ ئىشقا قۇرەيش كۈچلۈك دۈشمەن بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ھۆججەت ۋە دەلىل بىلەن دەۋەت قىلىشنىڭ ئۇنىڭغا پايدىسى بولمىدى. شۇنداق بولغاچقا، بۇ توسۇقنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن كۈچ زۆرۈر ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدە تۇرغاندا ئۇشبۇ دۈشمەننى يەنچىپ تاشلاش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىسلامىي دۆلەتنىڭ يوقلىقى ئۈچۈن چارىسىز بولغان بولسا، مەدىنىدە ئىسلامىي دۆلەتكە ئاساس سالغاندىن كېيىن، بۇ توسۇقنى كۈچ بىلەن ئېلىپ تاشلاش قۇدرىتىگە ئىگە بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ كۈچنى ۋە ئۇرۇش ۋەزىيىتىنى تەييارلىشى، يېڭى سىياسەتنىڭ سەۋەپ ۋە ۋاستىلىرى يېتىلگەندىن كېيىن دەۋەت ئۈچۈن پۈتۈنلەي باشقىچە يول تۇتۇشى كېرەك ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشكە قارشى چىقىش ۋە ئۇنىڭغا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ قويۇش مەقسىتىدە ئەۋەتكەن ۋە بەزىلىرىدە ئۆزى قاتناشقان سەرىيە ۋە توقۇنۇشلىرىنى باشلىۋەتتى. بۇ سەرىيەلەرنىڭ ئاخىرقىسى بەدرى غازىتىغا مۇقەددىمە بولغان ئابدۇللاھ ئىبن جەھش باشچىلىقىدىكى سەرىيە بولدى. بۇ شۇنداق بولدى: ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رەجەپ ئېيىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇھاجىرلاردىن بىر جامائەگە باشلىق قىلىپ ئابدۇللاھ ئىبن جەھشنى ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭ قولىغا بىر مەكتۇپ تۇتقۇزۇپ، ئىككى كۈن يۈرگەندىن كېيىن ئۇنى ئوقۇشنى، ئۇنىڭدىكى بۇيرۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ۋە ھەمراھلىرىدىن ھېچكىمنى مەجبۇر قىلماسلىقنى بۇيرۇدى. ئابدۇللاھ ئىككى كۈن يۈرگەندىن كېيىن مەكتۇپنى ئېچىپ

ئوقۇدى، ئۇنىڭدا ئۇشبۇ سۆزلەر يېزىلغان ئىدى: «بۇ مەكتۇپنى ئوقۇغاندىن كېيىن يۈرۈشتە داۋام قىلىپ، مەككە بىلەن تائىپ ئارىسىدىكى نەخلە دېگەن جايغا بار، ئۇ يەردە تۇرۇپ قۇرەيشنى كۆزەتكىن ۋە ئۇلارنىڭ خەۋەرىنى بىزگە بىلىپ كەلگىن». مەكتۇپنى ئوقۇپ، ئابدۇللاھ ھەمراھلىرىغا ئۇنىڭدا يېزىلغان نەرسىنى مەلۇم قىلدى ۋە بۇ ئىشقا ھېچ كىمنى مەجبۇر قىلمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئابدۇللاھ سەئدى ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس ھەمدە ئۇتبە ئىبنى غەزۋاندىن باشقا بارچە ھەمراھلىرى بىلەن نەخلىگە يېتىپ باردى. سەئدى بىلەن ئۇتبە تۆگىسى يوقاپ كېتىپ، ئۇلارنى ئىزدەپ كەتكەن ئىدى. قۇرەيشكە ئەسىر چۈشۈپ قالدى. ئابدۇللاھ نەخلىدە قۇرەيشنى پايلاپ تۇردى. ئۇ يەردە تۇرغاندا قۇرەيشنىڭ سودا ماللىرى يۈكلەنگەن كارۋىنى ئۆتۈپ قالدى. بۇ ۋەقە ھارام ئايلىرىدىن بىرى-رەجەپ ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا بولغان ئىدى. ئابدۇللاھ نېمە قىلىش ھەققىدە ھەمراھلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئۇرۇشۇشقا بۇيرىمىغان ئىدى. بەزىلىرى: «ئەگەر شۇ كېچە ئۇلارنى ئۆز ھالىغا قويساق، مەككىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى ئۆلتۈرسەك، ھارام ئايدا ئۆلتۈرگەن بولىمىز»، دەپ ئىككىلىنىشتى. ئاخىرى ئۇرۇشقا ئەھدى قىلىشتى. مۇسۇلمانلاردىن بىرى كارۋان بېشى ئەمرى ئىبنى ھەزرەمىيگە ئوق ئېتىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. مۇسۇلمانلار قۇرەيشتىن ئىككى كىشىنى ئەسىر ئېلىپ، كارۋاننى ھەيدەپ مەدىنىگە قايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۆرۈپ: «مەن سىلەرنى ھارام ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىمىغان ئىدىم»، دېدى ۋە ئەسىرلەرگىمۇ، ئولجىلارغىمۇ تەگمىدى.



رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيش خەۋەرىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتكەن، لېكىن قۇرەيش كارۋىنىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنىڭ كىشىلىرىدىن بىرىنى ئۆلتۈرۈپ، ئىككىسىنى ئەسىر ئالغان، ماللىرىنى قولغا كىرگۈزگەن ۋە ھارام ئاي-رەجەپ ئېيىدا بۇ ئىشلارنى قىلغان ئابدۇللاھ باشچىلىقىدىكى سەرىيە ۋەقەسى شۇ. خوش، ئىسلام بۇ ئىشقا قانداق قارايدۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ھەقتە اللەنىڭ ھۆكمى نازىل بولۇشىنى كۈتۈپ، ئەسىرلەر ۋە ماللارغا تەگمىدى. قۇرەيش بولسا بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئەرەپلەر ئىچىدە مۇھەممەدكە قارشى تەشۋىقات يۈرگۈزۈشتە پايدىلاندى. ھەممە جايدا: «مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەسهابلىرى، ھارام ئايدا ئۇنى ھالال قىلدى ۋە ئۇنىڭدا قان تۆكدى، كىشىلەرنى ئەسىر قىلىپ، ماللىرىنى تارتىۋالدى»، دەپ جار سېلىشتى. بۇ ھەقتە مەككىدىكى مۇسۇلمانلار بىلەن مۇشرىكلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىشلار يۈز بەردى. مەككىدىكى مۇسۇلمانلار: «بۇرادەرلىرىمىز بۇ ئىشنى رەجەپ ئېيىدا ئەمەس، شەئبان ئېيىدا قىلغان»، دەپ جاۋاپ بەردى. بىراق بۇ جاۋاپ تەشۋىقاتنى توختىتىپ قېلىشقا كۇپايە قىلمايتتى. بۇ تەشۋىقاتقا يەھۇدىلارمۇ ئارىلىشىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى جەھش قىلغان ئىشنى قارىلاپ مۇسۇلمانلارنى قارىلاشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارغا قارشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بۇ تەشۋىقاتلاردىن تەڭلىك ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. مانا شۇنداق بىر ۋاقىتتا «بەقەرە» سۈرىسىدىكى اللە تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتى نازىل بولدى:

**يسئلونك عن الشهر الحرام قتال فيه قل قتال فيه كبير وصد عن سبيل الله وكفر به والمسجد الحرام واخراج اهله منه اكبر عند الله والفتنة اكبر من القتل ولايزالون يقاتلونكم حتي يردوكم عن دينكم ان استطاعوا**

– «(ئى مۇھەممەد) ئۇلار سەندىن: «ھارام قىلىنغان ئايدا ئۇرۇش قىلىشقا بولامدۇ؟» دەپ سورايدۇ، ئېيتقىنكى، «بۇ ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھدۇر؛ اللەنىڭ يولىدىن توسۇش، اللەغا كۇفرىلىق قىلىش، مەسجىدى ھەرامدا (ئىبادەت قىلىشتىن) توسۇش ۋە اللەنىڭ دەرگاھىدا تېخىمۇ چوڭ گۇناھتۇر، پىتنە (يەنى مۆئمىنلەرگە زىيانداشلىق قىلىش) ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ قاتتىق گۇناھتۇر». ئۇلار (يەنى كۇففارلار) قولىدىن كەلسىلا سىلەرنى دىنىڭلاردىن قايتۇرۇۋەتكەنگە قەدەر سىلەر بىلەن داۋاملىق ئۇرۇشىدۇ». (2:217)

بۇ ئايەت نازىل بولۇپ، مۇسۇلمانلار خۇرسەن بولدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھسسالام تۆگىلەر ۋە ئەسىرلەرنى ئالدى. بۇ ئايەتتە قۇرەيشنىڭ تەشۋىقاتلىرىغا كۈچلۈك رەددىيە ۋە ئېنىق جاۋاب بار. قۇرئانى كەرىم قۇرەيشنىڭ ھارام ئايدا ئۇرۇش قىلىش ھەققىدىكى سوئالىغا: «ھارام ئايدا ئۇرۇش قىلىش چوڭ گۇناھ، لېكىن مەسجىدىل ھەرامدىن توسۇش، ئۇنىڭ ئەھلىنى ئۇ يەردىن ھەيدەپ چىقىرىش اللەنىڭ نەزىرىدە ھارام ئايدا ئادەم ئۆلتۈرگەندىن چوڭ گۇناھتۇر. قۇرەيشنىڭ قىلغان ۋە قىلىۋاتقان ئىشلىرى – مۇسۇلمانلارنى قورقۇتۇش ۋە ئازاپلاش ئارقىلىق دىنلىرىدىن قايتۇرۇش ھارام ئايدا ئۇرۇش قىلىش ۋە ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ چوڭ گۇناھتۇر. ھارام ئايدا مۇسۇلمانلار ئۇرۇش قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى تەشۋىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان قۇرەيشلەر، ئەگەر قادىر بولالىسا مۇسۇلمانلارنى دىنلىرىدىن قايتۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن تىنىمسىز ئۇرۇش قىلىشاتتى. شۇنداق ئىكەن، ئىسلام دەۋىتى ئالدىدا توسۇق بولىۋاتقان، اللەنىڭ يولىدىن قايتۇرۇۋاتقان، اللەقا كاپىر بولغان، مەسجىدىل



ھەرامدىن ئۇنىڭ ئەھلىنى قوغلاپ چىقارغان ۋە مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن قايتۇرۇۋاتقان قۇرەيشلەرگە قارشى ھەرام ئايدىمۇ، باشقا ئايلاردىمۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش قىلىشى لايىقتۇر. دېمەك، ئابدۇللاھنىڭ ھارام ئايدا ئۇرۇش قىلىشىنىڭ مۇسۇلمانلارغا زەرەر بولىدىغان ھېچنەرسە يوق»، دەپ جاۋاب بەردى.

شۇنداق قىلىپ، ئابدۇللاھ باشچىلىقىدىكى سەرىيە ئىسلام ئېلىپ بارىدىغان سىياسەتتە، ئىسلام دۆلىتى سىياسىتىدە بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولدى. ئۇنىڭدا ۋاقىد ئىبىن ئابدۇللاھ تەمىمىي كارۋان باشلىقى، ئەمرى ئىبىن ھەزرەمىنى ئۆلتۈردى ۋە بۇ مۇسۇلمانلار اللە يولىدا تۆككەن ئاۋۋالقى قان ئىدى.

ھەممە ۋاقىت ۋە ھەممە جايدا كاپىرلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىشقا بۇيرىغان «ئۇرۇش ئايىتى» نازىل بولغىچىلىك ھارام ئايدا ئۇرۇش قىلىشتىن توسۇلغان ئىدى. مەزكۇر ئايەت بىلەن ھارام ئايدا ئۇرۇش قىلىشتىن توسۇش ھۆكمى بىكار بولدى.

## مەدىنىدىكى ھايات

ئىسلامنىڭ ھاياتتا ئۆزىگە خاس تەرىقىتى بولۇپ، ئۇ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر مەجمۇئەسىدىن كېلىپ چىقىدۇ. دەل ئەنە شۇ تەرىقەت ئىسلام دۇنيا قارىشى بولۇپ، دۇنيادا مەۋجۇت دۇنيا قاراشلاردىن باشقىچە ۋە ئۇلارغا تامامەن زىتتۇر. ئىسلامنىڭ ھاياتتىكى تەرىقىتى قىسقىچە ئۈچ نەرسىدە ئىپادىلىنىدۇ. 1. ھاياتتىكى ئىسلام تەرىقىتىنىڭ ئاساسى ئەقىدەدۇر. 2. ھاياتتىكى ئەمەللەرنىڭ ئۆلچىمى اللەنىڭ بۇيرۇق



www.uyghurkitap.com

ۋە توسۇقلىرىدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ تەرىقەتنىڭ نەزەرىدە ھاياتنىڭ تەسۋىرى ھالال ۋە ھارامدۇر.. 3. بۇ تەرىقەتنىڭ نەزەرىدە بەخت-سائادەتنىڭ مەنىسى اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىشدۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بەخت-سائادەت دائىمى خاتىرجەملىك بولۇپ، ئۇ پەقەت اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بىلەن ھاسىل بولىدۇ. مانا شۇ ئىسلامنىڭ ھاياتى تەرىقىتىدۇر. بۇ شۇنداق بىر ھاياتكى، مۇسۇلمانلار ئۇنىڭدا ئۆزلىرىنى ئەركىن ھىس قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئىنتىلىپ، ئۇنىڭ مەنھەجىدە ماڭىدۇ. مۇسۇلمانلار بۇنداق ھاياتقا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئىسلامنى تەدبىق قىلىدىغان، ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ....دۆلەت ..... بولىشى زۆرۈر. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە كۆچكەن ۋاقىتىدا ئاساسى ئىسلام ئەقىدىسىگە ئاساسلانغان مۇئەييەن شەكىلدىكى ھاياتتا ياشاشقا باشلىدى. تېخى ئىلگىرى ئىبادەتلەر ھەققىدە نازىل بولۇپ باقمىغان ئايەتلەر نازىل بولدى. زاكات ۋە روزا پەرز قىلىندى. ئەزان ئېيتىش جارى قىلىندى. مەدىنەنىڭ بارچە ئاھالىسى ھەر كۈنى بەش ۋاقىت گۈزەل ئاۋازدا ۋە چىرايلىق تەرتىپتە ئادەملەرنى نامازغا چاقىرغۇچى ئەزاننى ئىشىتىشقا باشلىدى. ئەزاننى بىلال ئىبنى رەباھ ئېيتتى. مۇسۇلمانلار نامازغا بولغان چاقىرىققا دەرھال جاۋاپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە ئون يەتتە ئاي تۇرغاندىن كېيىن، قىبلە بەيتۇل مۇقەددەستىن كەئبىگە ئۆزگەردى. ئىبادەت، يىمەك-ئىچمەك، ئەخلاق، مۇئامىلە ۋە جازا چارىلىرىنىڭ ھۆكۈملىرى بايان قىلىنغان ئايەتلەر، ھاراقنى، چوشقا گۆشىنى ھارام قىلغان ئايەت، شۇنىڭدەك ھەدلەر، جىنايەتلەر ۋە سودا-سېتىق ھۆكۈملىرى ھەمدە جازانىخورلۇقنىڭ ھاراملىقىنى



بايان قىلغان ئايەتلەر نازىل بولدى. ھايات مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلىدىغان ھۆكۈملەر كەين-كەينىدىن چۈشۈشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرىغا گەپ قىلىپ بەرگەن سۆزلىرى، قىلىۋاتقان ئىشلىرى ۋە (ئالدىدا بولىۋاتقان ئىشلىرىغا كۆرۈپ تۇرۇپ) سۈكۈت قىلىشى ئارقىلىق ئايەتلەرنى بايان قىلىپ، شەرھىلەپ بېرەتتى. ئادەملەرنىڭ ماجرالىرىنى ئاجرىم قىلاتتى، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇراتتى ۋە مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلاتتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلديھىسسالامنىڭ سۆزلىرىمۇ، پائالىيەتلىرىمۇ، سۈكۈتلىرىمۇ شەرىئەتتۇر. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز خاھىشلىرى بىلەن سۆزلىمەيدۇ. بۇلار اللە تائالا تەرىپىدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى قىلىنغان نەرسىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. مەدىنىدىكى ھايات ئىسلام دۇنيا قارىشىغا تامامەن ماس كېلەتتى. ئىسلامىي پىكىرلەر ۋە ئىسلامىي تۇيغۇلار ھۆكۈمران بولغان ھەمدە ئادەملەرنىڭ مۇئامىلىرى ۋە بارچە ئالاقىلىرىدا ئىسلام قانۇنلىرى تەدبىق قىلىنغان مۇمتاز (ئالاھىدە) جەمئىيەت پەيدا بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋەت ھاسىل قىلغان نەتىجىلەردىن خۇرسەن بولدى. مۇسۇلمانلار دىنىدىن قايتۇرۇشتىن ۋە ئازارلاردىن قورقماستىن بىرلىكتە ۋە يەككە ھالدا پەرزلىرىنى ئادا قىلىشقا باشلىدى. ئۆز ئىشلىرىنى اللەنىڭ ھۆكۈملىرى بىلەن مۇئالىجە قىلىدىغان. بىلمىگەن نەرسىلىرىنى رەسۇلۇللاھتىن سورايدىغان بولدى. چوڭ ياكى كىچىك ئەمەللىرىنى اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرىغا مۇۋاپىق بېجىرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى اللەنىڭ ھۆكۈملىرىنى ۋە قۇرئاننى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆزىدىن ئۆگىنىش مەقسىتىدە

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئايرىلمايتتى. شۇ ھالدا كۈندىن-كۈنگە ئىسلامنىڭ يېيىلىشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئېشىشقا باشلىدى.

## يەھۇدى ۋە نەسرانىلار

كاپىرلار مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار بۇ كۈچ ئىسلام يولىدا ئۆزىنى پىدا قىلىش ۋە اللەنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تۈرلۈك ئازابلارنى تارتىپ كۆرگەن قەلبلەر تۆرىدىن چىقىدىغان كۈچ ئىكەنلىكىنى بىلدى. بۇ اللە يولىدا ھېچنەرسىدىن تايمايدىغان قەلبلەر ئىدى. بۈگۈن بۇ قەلبلەر دىنغا يول ئېچىلىۋاتقانلىقىنى، ھۆكۈملەر ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ راھەتلىنەتتى. لېكىن ئىسلام دۈشمەنلىرىنى بۇ نەرسە ئېغىر قايغۇغا سېلىپ قويدى. بۇ ھال خوشنىسى يەھۇدىلاردا نامايەن بولدى. يەھۇدىلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتى كۈچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى ۋە ئادەملەرنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ئېشىۋاتقانلىقىنى كۆرگەچكە، مۆئمىنلەرگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى. بەزى يەھۇدىلارنىڭ ئىسلامنى قوبۇل قىلىشى ئۇلارنى قاتتىق غەزەپلەندۈردى. ئىسلام ئۇلارنىڭمۇ سەپلىرىگە كىرىپ بېرىشلىرىدىن قورقۇنچىغا چۈشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامغا، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىگە، ھۆكۈملىرىگە ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار ۋە يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش قۇرەيش بىلەن بولغان تالاش-تارتىشتىنمۇ ئاداۋەتلىك ۋە مېكىرلىك ئىدى. ئۇشبۇ پىكرى كۈرەشتە چىدىماسلىق،



مۇناپىقلىق ھەمدە ئۆتكەن پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ خەۋەرلىرىنى بىلىش، يەھۇدىلار قولىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ رىسالىتىگە ۋە مۇھاجىر-ئەنسارى ئەسھابلىرىغا ھۇجۇم قىلىشتا قورال بولدى. يەھۇدىلار ئالىملىرىنىڭ بەزىلىرى مۇسۇلمانلار ئارىسىغا كىرىپ، ئۆزىنى تەقۋادار قىلىپ كۆرسىتىپ، كېيىن شۈبھە ۋە گۇمانلار نامايەن قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شۇنداق سوئاللارنى بېرىشتىكى، بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبلىرىدە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئۇ دەۋەت قىلىۋاتقان ھەق رىسالەتكە بولغان ئىشەنچىنى بىقارار قىلىپ قويۇشنى كۆزلىدى. مۇناپىقلىق قىلىپ، مۇسۇلمان بولۇپ بولغان ئەۋس ۋە خەزرەج قەبىلىلىرىدىن بىر جامائە مۇسۇلمانلارغا سۇئال قويۇپ، ئۇلار ئوتتۇرىسىغا پىتنە سېلىش ئۈچۈن يەھۇدىلار سېپىگە كىردى. يەھۇدىلار ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىش بەزەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئەھدى بولۇشىغا قارىماستىن، مۇشلىشىش دەرىجىسىگە يەتتى. يەھۇدىلار ئېغىر-بېسىق، مۇلايىم، يۇمشاق تەبىئەتلىك ئەبۇ بەكرى سىددىقنى شۇ تەبىئىتىدىن چىقىرىۋاتقانلىقى، ئۇلارنىڭ تالاش-تارتىشتىكى ناچارلىقلىرى ۋە خۇسۇمەتلىرى قانچىلىك شىددەتلىك تۈس ئالغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن كۇپايە قىلىدۇ. ئەبۇ بەكرى سىددىق پىنھاس دېگەن يەھۇدىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندا، ئۇ شۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى: «ئى ئەبۇ بەكرى، بىز اللەقا مۇھتاج ئەمەسمىز، اللە بىزگە مۇھتاجدۇر. ئۇ بىزگە يېلىنغاندەك بىز ئۇنىڭغا يېلىنمايمىز. بىز ئۇنىڭدىن بىھاجەتمىز. ئۇ بولسا بىزدىن بىھاجەت ئەمەس، ئەگەر بىزدىن بىھاجەت بولىدىغان بولسا، بۇرادىرىڭ ئېيتقاندەك بىزنىڭ

ماللىرىمىزدىن قەرز سورىمىغان بولاتتى. سىلەرنى جازانىخورلۇقتىن توسۇپ، بىزگە جازانىخورلۇقنى بەردى. ئەگەر ئۇ بىزدىن بىھاجەت بولغان بولسا بىزگە جازانىخورلۇقنى بەرمىگەن بولاتتى»، دەپ الله تائالانىڭ ئۇشبۇ سۆزىگە ئىشارە قىلدى:

**من ذا الذي يقرض الله قرضا حسنا فيضعفه له اضعافا كثيرة والله يقبض ويبسط واليه ترجعون**

-«كىمكى اللەغا قەرزە ھەسەنە بېرىدىكەن (يەنى اللەنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، الله ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ. الله (سىناش ئۈچۈن بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، قىيامەت كۈنى اللەنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر». (2:245)

لېكىن ئەبۇ بەكرى بۇ جاۋابقا سەبرە قىلىپ تۇرالمىدى، غەزەپى ئۆرلەپ، پىنھاسنى قاتتىق ئۇردى ۋە: «الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئارىدا ئەھدى بولمىغان بولسا كاللاڭنى ئالاتتىم، ئى اللەنىڭ دۈشمىنى»، دېدى. شۇنداق قىلىپ، يەھۇدىلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدىكى تالاش-تارتىشلار شىددەتلىك تۈس ئالدى. مانا شۇ ۋاقىتتا مەدىنىگە نەجران نەسرانىلىرىدىن ئەلچى كەلدى. ئۇلار ئاتمىش ئاتلىق ئىدى. بۇ ئەلچىلەر مەدىنىگە مۇسۇلمانلار بىلەن يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلارنى بىلىپ، شۇ ئىختىلاپنى كۆچەيتىپ، ئاداۋەتكە ئايلاندۇرۇشنى ۋە ئۇلارنىڭ نەسرانى دىنلىرىنى سىقىپ چىقىرىۋاتقان يېڭى دىن بىلەن ئىلگىرىكى دىن بىر-بىرىنى يوق قىلىۋەتمە، مەيدان ئۆزلىرىگە بوشاپ قېلىشىنى كۆزلەپ كەلگەن



بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇ ئەلچىلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن يەھۇدىلار بىلەن ئۇچراشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ۋە يەھۇدىلارغا ئەھلى كىتاب دېگەن نەزەرى بىلەن قاراپ، شۇ سەۋەپتىن بارچىسىنى ئىسلامغا دەۋەت قىلاتتى ۋە ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتىنى ئوقۇپ بېرەتتى:

**قل يااهل الكتاب تعالوا الي كلمة سواء بيننا وبينكم الا نعبد الا الله ولا نشرك به شيئا ولا يتخذ بعضنا بعضا اربابا من دون الله**

-«ئى ئەھلى كىتاب (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار) پەقەت اللەغىلا ئىبادەت قىلىش، اللەغا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، اللەنى قويۇپ بىر-بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتەك ھەممىمىزگە ئورتاق بولغان بىر سۆزگە (يەنى بىرخىل ئەقىدىگە) ئەمەل قىلايلى» دېگىن». (3:64)

يەھۇدى ۋە ناسارلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن قايسى پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈشنى سورىغاندا، ئۇلارغا الله تائالانىڭ ئۇشبۇ سۆزلىرىنى ئوقۇپ بەردى:

**قولوا امنا وما انزل الينا وما انزل الى ابراهيم واسماعيل واسحق ويعقوب والاسباط وما اوتي موسي وعيسي وما اوتي النبيون من ربهم لانفرق بين احد منهم ونحن له مسلمون**

-«ئېيتىڭلاركى، «اللەغا ئىمان ئېيتتۇق، بىزگە نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، ئىبراھىمغا، ئىسمائىلغا، ئىسھاققا، يەئقۇپقا ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىغا نازىل قىلىنغان ۋەھيگە، مۇساغا بېرىلگەن (تەۋراتقا)، ئىساغا بېرىلگەن (ئىنجىلغا) ۋە پەيغەمبەرلەرگە پەرۋەردىگارى تەرىپىدىن بېرىلگەن (كىتابلارغا) ئىمان ئېيتتۇق. ئۇلاردىن ھېچبىرىنى ئايرىۋەتمەيمىز (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالارغا ئوخشاش، ئۇلارنىڭ بەزىسىگە ئىمان ئېيتىپ

بەزىسىنى ئىنكار قىلمايمىز)، بىز ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارمىز».
(2:136)

بۇ ئايەتنى ئىشىتىپ، ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. لېكىن ئۆز مەرتىۋىلىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورقۇپ، ئىمان كەلتۈرمىدى. ھەتتا بەزىلىرى بۇنى ئوچۇق ئېيتىشتى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەبۇ ھارىسە نەجران ئەلچىلىرىدىن بولۇپ، نەجران نەسارالىرىنىڭ ئەڭ بىلىملىكرەكى ۋە ئىلىملىكرەكى ئىدى. ئۇ ھەمراھلىرىغا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېيتقان نەرسىلەرگە قانائەت ھاسىل قىلغانلىقىنى ئېيتتى. ھەمراھى: «ئۇنىڭغا ئىمان كەلتۈرۈشتىن سېنى نېمە مەنئى قىلىۋاتىدۇ؟»، دەپ سورىغاندا، «ئاشۇ قەۋم بىزگە قىلغان ياخشىلىقلىرى مەنئى قىلىدۇ. ئۇلار بىزنى ئۇلۇغلىدى، مال-دۇنيا بېرىپ ئىززەت ئىكرام قىلدى. ئۇلار بولسا مۇھەممەدكە قارشىدۇر. ئەگەر مەن سەن ئېيتقان ئىشنى قىلسام، ھەممە نەرسىنى بىزدىن تارتىپ ئالىدۇ»، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ ھال ئۇلار كىبرى ۋە ئۆچلۈك قىلىپ، ئىمان كەلتۈرمىگەنلىكىگە دالالەت قىلىدۇ. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى بىرلىكتە ئاللاھقا ئىلتىجا قىلىشقا چاقىردى ۋە ئۇلارغا ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزلىرىنى ئوقۇپ بەردى:

فمن حاجك فيه من بعد ما جائك من العلم فقل تعالوا ندع ابنا٫نا وابنا٫كم ونسا٫نا ونسا٫كم وانفسنا وانفسكم ثم نبتهل فنجعل لعنت الله علي الكذبين

—«سەن ئىسا توغرۇلۇق ھەقىقى مەلۇماتقا ئىگە بولغىنىڭدىن كېيىن، كىملەركى سەن بىلەن مۇنازىرىلەشسە، سەن ئۇلارغا: «كېلىڭلار، ئوغۇللىرىمىزنى ۋە ئوغۇللىرىڭلارنى، ئاياللىرىمىزنى ۋە ئاياللىرىڭلارنى، ئۆزلىرىمىزنى ۋە



www.uyghurkitap.com

ئۆزلىرىڭلارنى يىغىپ، ئاللاھنىڭ لەنىتى يالغانچىلارغا بولسۇن، دەپ ئاللاھقا يالۋۇرۇپ دۇئا قىلايلى، دېگىن». (3:61)

ئۇلار ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىپ، بىرلىشىپ ئاللاھقا ئىلتىجا قىلماسلىق رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆز دىنىدا قالدۇرۇش ۋە ئۇلار ئۆز دىنىدا قايتىش پىكرىگە كەلگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ماللار خۇسۇسىدا ئىختىلاپلىق ئىشلاردا ھۆكۈم چىقىرىپ بېرىشى ئۈچۈن ئۇلار بىلەن بىر كىشىنى ئەۋەتىشىنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئىختىلاپلىق بولغان ئىشلارنىڭ ھۆكمىنى ئىسلام ئەھكاملىرى ئاساسىدا چىقىرىش ئۈچۈن ئۇلارغا قوشۇپ ئەۋەتتى.

شۇنداق قىلىپ ئىسلامى دەۋەتنىڭ كۈچى، ئىسلامى پىكىرنىڭ كۈچى ۋە يېتەكچى ھۆججەت يەھۇدىلار، مۇناپىقلار ۋە ناسارالار قوزغىغان كالامى تالاشلارنىڭ ھەممىسىگە زەربە بەردى. بۇنداق غەيرى ئىسلامى پىكىرلەرنىڭ بارچىسى يوقۇلۇپ كەتتى. ئىسلامنىڭ ئۆزى قالدى ۋە پەقەت ئۇنىڭ ئەھكاملىرى چۈشىنىش ۋە ئۇنىڭغا دەۋەت قىلىشتا مۇنازىرە قىلىنىدىغان بولدى. نەتىجىدە ئىسلام مۇستەھكەم ئورناشتى ۋە پىكرى جەھەتتىن، ھۆكۈم يۈرگۈزۈش جەھەتتىن ئۇنىڭ تەسىرى كەڭ يېيىلدى. لېكىن يەھۇدىلار ۋە مۇناپىقلار مۇسۇلمانلارنى يامان كۆرۈشتە داۋام قىلدى. ئۇلارغا قارشى كىنە ئاداۋەتلىرىنى تاشلىمىدى. بىراق مەدىنىدە ئىسلام سەلتەنەتىنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ مۇستەھكەملىكى ھەر قانداق قارشىلىقلارغا زەربە بەردى. كەين-كەينىدىن ئەۋەتىلىۋاتقان بۇنداق سەرىيەلەر ۋە غالىپ كۈچ بۇنداق كىمەل شەخسلەرنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈردى. ئاللاھنىڭ ھۆكمى غالىپ

بولدى. مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپلىرىدىكى ئىسلام دۈشمەنلىرى جىم يۇرۇش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سەلتەنىتىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى.

## بەدرى غازىتى

ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزان ئېيىدىن سەككىز كۈن ئۆتكەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ساھابىلىرى بىلەن مەدىنىدىن چىقتى. ئەمرى ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى ئادەملەرگە ناماز ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن مەدىنىدە قالدۇردى. ئەبۇ لۇبابىنى مەدىنىگە ھاكىم قىلىپ قويدى. غازاتقا مەدىنىدىن ئۈچ يۈز ئەللىك كىشى چىقتى. ئۇلاردا يەتمىش تۆگە بولۇپ، تۆت كىشى بىر تۆگىگە نۆۋەتلىشىپ مىنەتتى. قۇرەيش كارۋانلىرىنىڭ خەۋىرىنى كۈتۈپ، زېپران ۋادىسىغا بېرىپ چۈشتى. شۇ يەردە ئۇلارغا قۇرەيش ئۆز كارۋىنىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن مەككىدىن چىققانلىقى ھەققىدىكى خەۋەر كەلدى. ئەمدى مەسىلە ئەبۇ سۇفيان كارۋىنى بىلەن ئەمەس، بەلكى قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن توقۇنۇشۇش ياكى توقۇنۇشماسلىق بولۇپ قالدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆز رەئيىلىرىنى بىلدۈردى. كېيىن مىقداد ئىبنى ئەمرى ئورنىدىن تۇرۇپ دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ الله سىزنى نېمىگە بۇيرىغان بولسا، شۇنى ئىجرا قىلىڭ. بىز سىز بىلەن بىرگىمىز. الله بىلەن قەسەمكى، بىز سىزگە بەنۇ ئىسرائىل مۇسا ئەلەيھىسسالامغا: «سەن رەببىڭ بىلەن بىرگە بېرىپ، دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇشقىن، بىز بۇ يەردە تۇرۇپ تۇرىمىز» ، دېگىنىدەك ئىش قىلمايمىز. بىز سىز



بىلەن بىرگىمىز. سىزنى ھەق بىلەن ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، بەرقۇلغىمادقا ئېلىپ بارسىڭىزمۇ، ئۇ يەرگە يەتكىچە سىزنىڭ يېنىڭىزدا جەڭ قىلىمىز» . مۇسۇلمانلار سۈكۈت قىلىپ قالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ماڭا مەسلىھەت بېرىڭلار، ئى ئادەملەر» . بۇ سۆزلەر بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەقەبە كۈنىدە باللىرى ۋە ئاياللىرىنى ھىمايە قىلغان نەرسىلەردىن رەسۇلۇللاھنىمۇ ھىمايە قىلىشقا بەيئەت بەرگەن ئەنسارىلارنى ئىرادە قىلغان ئىدى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلار بۇ بەيئەت ئۇ زاتنىڭ دۈشمەنلىرى مەدىنىدە ئۇرۇش قىلسىلا ياردەم بېرىشنى لازىم قىلىدۇ دەپ، ئويلىشىدىن خەۋپسىرەيتتى. ئەنسارىلار بۇ سۆزلەر ئۇلارغا قارىتىلغانلىقىنى بىلىشتى ۋە ئۇلارنىڭ بايراقدارى سەئدى ئىبنى مۇئاز رەسۇلۇللاھقا قاراپ: «ئى رەسۇلۇللاھ، بىزنى ئىرادە قىلىۋاتامسىزمۇ؟» دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «ھەئە» ، دېدى. سەئدى: «بىز سىزگە ئىمان كەلتۈرگەنمىز، سىزنى تەستىقلىغانمىز، سىز ئېلىپ كەلگەن نەرسىنى ھەق دەپ بىلگەنمىز، شۇنىڭغا بىنائەن سىزگە قولاق سېلىپ، ئىتائەت قىلىشقا ئەھدى-پەيمان بەرگەنمىز. شۇنداق ئىكەن، يا رەسۇلۇللاھ خالىغان ئىشىڭىزغا كىرىشىۋېرىڭ، بىز سىز بىلەن بىرگىمىز. سىزنى ئەۋەتكەن زات بىلەن قەسەمكى، ئەگەر بىزنى مانا شۇ دېڭىز ئالدىغا ئېلىپ بارسىڭىز ۋە ئۇنىڭغا شۇڭغۇسىڭىز، بىزمۇ سىز بىلەن شۇڭغۇيمىز بىزدىن بىرەر ئادەم ئارقىدا قالمايدۇ. ئەتىگە بىزنى دۈشمىنىمىزگە يۈزمۇ-يۈز قىلىشىڭىزنى خالىماسلىق بىزلەرگە ياتدۇر. ئەلۋەتتە بىز ئۇرۇشتا سەبىرلىك ۋە دۈشمەنگە يولۇققاندا باتۇرمىز. ئۈمۈتكى الله تائالا سىزگە

بىز تەرىپىمىزدىن كۆزلىرىڭىز خۇشال بولىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەتكەي. بەس، بىزنى اللەنىڭ مەرھەمىتىگە ئېلىپ بېرىڭ» ، دېدى. سەئدى سۆزلىرىنى تاماملىماستىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يۈزلىرى خۇشاللىقتىن يورۇپ كەتتى ۋە: «يورۇڭلار ۋە خۇشال بولۇڭلار، ھەقىقەتەن، اللە تائالا ئىككى نەرسىدىن بىرىنى ماڭا ۋەدە قىلدى . اللە بىلەن قەسەمكى، گويا مەن ھازىر قەۋمنىڭ ھالاكىتىنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمەن» ، دېدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ھەممىيلەن يولغا راۋان بولدى ۋە بەدرىگە يېقىنلاشقاندا قۇرەيشنىڭ كارۋىنى يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى بىلدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، زۇبەيرى ئىبنى ئەۋۋام ۋە سەئدى ئىبنى ئەبۇ ۋاققاسلارنى بىر نەچچە ساھابىلار بىلەن بىرگە بەدرىنىڭ سۇلۇق يېرىگە قۇرەيشنىڭ خەۋەرىنى ئېلىپ كەلگىلى ئەۋەتتى. ئۇلار ئىككى بالىنى ئەسىر ئېلىپ قايتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن قۇرەيشنىڭ سانى 1000_900 كىشى ئەتراپىدا ئىكەنلىكىنى ۋە قۇرەيشنىڭ بارلىق چوڭلىرى كارۋان ھىمايىسىگە چىققانلىقىنى سوراپ بىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ مەلۇماتلاردىن ئۆزلىرىدىن ئۈچ باراۋەر كۆپ قەۋم قارشىسىدا تۇرغانلىقىنى ۋە مۇسۇلمانلارنى ناھايىتى قاتتىق بىر ئۇرۇش كۈتىۋاتقانلىقىنى بىلدى ۋە مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ ئالدىغا مەككە ئۆز جىگەر پارىلىرىنى چىقارغانلىقىنى مەلۇم قىلىپ، ئۇلار

دۈشمەنلىرى سۇ ئىچەلمەسلىكى ئۈچۈن باشقا قۇدۇقلارنى كۆمۈپ تاشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن بىر ئىستىھكام ياسىدى. قۇرەيشلەر بولسا جەڭ قىلىدىغان جايغا، مۇسۇلمانلار قارشىسىغا كېلىپ چۈشتى. كېيىن ئۇرۇش باشلاندى. قۇرەيش سەپىدىن ئەسۋەد ئىبنى ئابدۇل ئەسەد مەخزۇمى مۇسۇلمانلارنىڭ سېپىنى يېرىپ كىرىپ، ئۇلار ياسىغان كۆلنى بۇزماقچى بولدى. ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتەللىپ ئۇنىڭ يوتىسىنى بىر ئۇرۇش بىلەن ئۈزۈپ تاشلىدى. ئۇ ئايىغىدىن قان ئاققان ھالدا ئارقىسىغا يېقىلدى. كېيىن ھەمزە بىر ئۇرۇش بىلەن ئۇنى كۆل ئىچىدە ئۆلتۈردى. يەككمۇ-يەككە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن ئۇتبە ئىبنى رەبىئە ئۇكىسى شەيبە ۋە ئوغلى ۋالىد بىلەن ئوتتۇرىغا چىقتى. ئۇلارغا قارشى ئوتتۇرىغا ھەمزە ئىبنى ئابدۇللمۇتتەلىپ، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئۇبەيدە ئىبنى ھارىسلار چىقتى. ھەمزە شەيبەنى، ئەلى ۋالىدنى ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەستىن ئۆلتۈردى. كېيىن ئۇبەيدىگە ياردەم بەردى. ئۇتبە ئۇنىڭ بىلەن بەس-بەس بىلەن ئۇرۇشىۋاتقان ئىدى. كېيىن ئىككى تەرەپ بىر-بىرىگە قاراپ كېلىشتى، توقۇنۇش يۈز بەرگەن كۈن ھىجرەتنىڭ ئىككىنچى يىلى رامىزان ئېيىنىڭ ئون يەتتىنچى كۈنى ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى تۈزلەپ، جەڭگە ئۈندىدى. مۇسۇلمانلار شىددەت بىلەن جەڭگە كىرىپ

www.uyghurkitap.com

يېرىگە ئۇرۇنلاشتى.

## ئىچكى قالايمىقانچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىش

مۇسۇلمانلار قۇرەيش بىلەن ئۇرۇشۇشقا كىرىشتى. ئۇلار بىلەن بىرىنچى - بەدر جېڭىدە تۇقۇنۇشتى. ئۇنىڭدا مۇسۇلمانلار زور غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ غەلىبە نەتىجىسىدە قۇرەيشتە ئۇنىڭ ھوشىنى بېشىدىن ئۇچۇرىدىغان قاتتىق سىلكىنىش يۈز بەردى، مەدىنە يەھۇدىيلارنىڭ پىتنىلىرى ۋە ۋەسۋەسىلىرىدىن تازىلاندى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سۈرگۈن قىلىندى ۋە بەزىلىرى بىلەن سۈلھى تۈزۈلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ قۇدرىتى زىيادىلاشتى. بىراق قۇرەيش تىنچىمىدى. بەدرى جېڭىدىن باشلاپ، - ئۇنىڭدىكى مەغلۇبىيەت دەردىنى ئېلىش مەقسىتىدە - مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلاردىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن تەييارگەرلىك كۆرۈشكە باشلىدى. بۇ ئىشلارنىڭ نەتىجىسى بىلەن ئوھۇد جېڭى بولدى. بۇ جەڭدە قۇرەيش، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوقچىلىرى لەشكەر باشلىقىغا ئىتائەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن غەلىبىگە ئېرىشتى. بۇ جەڭدە مۇسۇلمانلار سىندى. قۇرەيش بەدرى نۇمۇسىنى يۇغانلىقى ئۈچۈن ئوھۇددىن قەلبلىرى خۇشاللىققا تولغان ھالدا قايتتى. مۇسۇلمانلار مەدىنىگە مەغلۇپ ھالدا قايتتى. ئۇلار جەڭدىن كېيىن دۈشمەننى ھەمرائى ئەسەدكىچە قوغلاپ بارغان بولسىمۇ مەغلۇبىيەت ئەلىمى نامايەن بولۇپ تۇراتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئوھۇدتىكى مەغلۇبىيىتى مەدىنىدىكى كۆپچىلىك، شۇنىڭدەك، تاشقىرىدىكى بەزى ئەرەپ قەبىلىلىرى ئۇلارنى تەن ئالماي



قويۇشقا سەۋەپ بولدى. مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلار بەدرىدىن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇلارغا قاتتىق قارشى تۇرۇشىدىن كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ سەلتەنىتىگە بويسۇنغان ئىدى. شۇنىڭدەك، تاشقىرىدىكى ئەرەپ قەبىلىلىرىمۇ بويسۇنغان ئىدى. لېكىن بۇلارنىڭ بارچىسى ئوھۇددىن كېيىن ئۆزگەردى. مەدىنىدىن تاشقىرىدا ياشايدىغان ئەرەپلەر مۇھەممەدكە قارشىلىق قىلىش ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى. مەدىنىدىكى يەھۇدىيلار ۋە مۇناپىقلارمۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى تىل بىرىكتۈرۈپ، قارشىلىق كۆرسىتىشكە باشلىدى. مانا شۇ ئىشلار سەۋەبىدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنە ئەھلى ۋە تاشقىرىدىكى ئەرەپ قەبىلىلىرى نىمە قىلىشۋاتقانلىق خەۋەرنى بىلىشكە ئىنتىلدى، بۇنىڭدىن مەقسەتلىرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتىنى ۋە ھەيۋىتىنى باشقىلارنىڭ قەلبلىرىدە قايتا تىكلەش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنى كەم پەسەنت قىلمىسا ياكى ئۇلارغا بىرەر زەرەر يەتكۈزسە، ئۇنىڭغا قارشى كۈچ ئىشلىتىش بىلەن بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئىزلىرىنى ئۆچۈرۈش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلىدى.

ئوھۇددىن بىر ئاي ئۆتۈپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بەنۇ ئەسەد قەبىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەدىنە ئەتراپىدا بېقىلىدىغان چارۋىلىرىنى ئولجا ئېلىش ئۈچۈن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشنى مۆلچەرلەۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرى كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار ھۇجۇم قىلماستىن ئالدىن ئۇلار تۇرغان جايلىرىغا ھۇجۇم قىلىشنى ئىرادە قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىغا ئەبۇ سەلەمە ۋە ئەبۇلئەسەدنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بايراق بېرىپ، بىر يۈز ئەللىك كىشىلىك سەرىيەگە باشلىق قىلدى. ئۇلار ئارىسىدا ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ، سەئدى ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس،

ئۇسەيد ئىبىن ھۇزەير ۋە ئۇنىڭدىن باشقا كۆپلەپ ئەڭ جاسارەتلىك مۇسۇلمان جەڭچىلەر بار ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىرەر كىشى سېزىپ قالماسلىقى ۋە دۇشمەنگە غەپلەتتە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئۇلارنى كېچىسى يۈرۈپ، كۈندىزى مۆكۈنۈش ۋە بىرەر كىشى يۈرمەيدىغان يولدىن يۈرۈشنى بۇيرىدى. ئەبۇ سەلەمە يولغا چىقتى ۋە بەنۇ ئەسەد قەبىلىسى تۇرغان جايغا يېتىپ باردى ۋە تاڭ-غۇۋا ۋاقىتدا ئۇلارنى قورشىۋالدى. ئۇلارنى باسۇرۇپ، قول ئاستىدىكىلەر بىلەن جەڭ قىلىشقا باشلىدى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ھاڭ-تاڭ قالدۇرۇپ، غەلىبىگە ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئولجا ئېلىپ، مەدىنىگە زەپەر بىلەن قايتتى. بۇ سەرىيە سەۋەبى بىلەن مۇسۇلمانلار دۈشمەنلىرىنىڭ قەلبلىرىگە يەنە قورقۇنچ سالدى.

كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەرەنە ياكى نەخلەدە تۇرغۇچى خالىد ئىبىن سۇفيان ھۇزەيلى ئادەملەرنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يىغىۋاتقانلىقى ھەققىدە خەۋەر كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قېشىغا ئابدۇللاھ ئىبىن ئۇنەيسنى چاقىرىپ، خەۋەرنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن جاسۇس قىلىپ ئەۋەتتى. ئابدۇللاھ بېرىپ خالىد بىلەن ئۇچراشتى. خالىد: «سەن كىمسەن؟»، دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ: «مەن ئەرەبلەردىن بىر ئادەممەن، سېنىڭ مۇھەممەدكە قارشى ئادەم يىغىۋاتقانلىقىڭنى ئاڭلاپ كەلدىم»، دېدى. خالىد مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئادەم يىغىۋاتقانلىقىنى يوشۇرمىدى. ئابدۇللار ئۇ يەردە قېلىپ، خالىدنىڭ ئادەملىرىدىن خالى بولىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ئۇ خالى بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە يۈرۈپ چەتكە چىقتى ۋە قولايلىق پۇرسەت بولغاندا ئۇنىڭغا قىلىچ



سىلىپ ئۇنى ئۆلتۈردى. كېيىن مەدىنىگە قايتىپ كەلدى ۋە بولغان ئىشلارنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مەلۇم قىلدى. خالىدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن ھۇزەيلى قەبىلىسىدىن بولغان بەنۇ لىھيان قەبىلىسىنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنە تاشقىرىسىدىكى ئەرەب قەبىلىلىرى بەسلىشىنى شۇنداق ھەل قىلدى. بىراق بۇ ئىشلار ئەرەبلەرنى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدا بەرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇھۇدتىن كېيىن ئەرەبلەرنىڭ مۇسۇلمانلار سەلتەنەتىگە نەزەر پەسەنت قىلماسلىقىغا زەربە بېرەلمىدى. بۇ نەرسىنى تۆۋەندىكى ھەدىسلەردىن كۆرىۋېلىشىمىز مۇمكىن: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قېشىغا ھۇزەيلىگە خوشنا قەبىلىدىن بىر جامائە ئەلچە بولۇپ كەلدى. ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا، بىزنىڭ ئارىمىزدا ئىسلامغا مايىللىق بار، ئەسھابلىرىڭىزدىن بىر نەچچىسىنى قوشۇپ ئەۋەتىڭ، ئۇلار بىزگە دىننى، ئىسلام شەرىئىتىنى ئۆگەتسۇن، قۇرئان ئوقۇپ بەرسۇن»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىرگە ئەسھابلىرىدىن ئالتىنى ئەۋەتتى. ئۇلار رەجىئى دېگەن جايدىكى ھۇزەيلىگە قاراشلىق بىر جايغا يەتتى. شۇ يەردە ئۇلار مۇسۇلمانلارغا خىيانەت قىلىپ، ئۇلارنى خۇزەيلى قەبىلىسىگە مەلۇم قىلدى. بىردىنلا ئۇلارنى قىلىچ يالىڭاچلىغان كىشىلەر ئورىۋالدى. مۇسۇلمانلار دەرھال ئۇلار بىلەن جەڭگە كىرىشتى. ئۈچى ۋاپات بولدى، يەنە ئۈچى ئەسىر ئېلىندى. خۇزەيلى ئۇلارنى مەككىدە سېتىش ئۈچۈن يولغا چىقتى. يولدا ئەسىرلەردىن بىرى - ئابدۇللاھ ئىبىن تارىق قەۋمىنىڭ غەپلەتتە قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، قولىنى بوشىتىپ، قىلىچقا يېپىشتى، لېكىن دۈشمەنلەر ئۇنى ئۆلتۈردى. ئىككى

ئەسىرنى ئېلىپ بېرىپ مەككە ئەھلىگە ساتتى. ئۇلاردىن بىرى زەيد ئىبىن دەسنەنى سەپۋان ئىبنى ئۇمەييە ئاتىسى ئۇمەييە ئىبن خەلەپ ئۈچۈن ئۆلتۈرگىلى سېتىۋالدى. زەيدنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەندە ئەبۇ سۇفيان ئۇنىڭدىن: «اللە نامى بىلەن سەندىن سورايمەن، ئى زەيد، مۇھەممەد ھازىر سېنىڭ ئورنۇڭدا، بىزنىڭ ئىچىمىزدە تۇرۇشنى ۋە ئۆلتۈرۈلىشىنى، سەن ئۆز ئۆيۈڭدە بولۇشنى خالارمىدىڭ» ، دەپ سورىدى. زەيد ئۇنىڭغا: «اللە بىلەن قەسەمكى، مۇھەممەد ھازىر تۇرغان جايىدىمۇ ئۇنىڭغا بىرەر تىكەن كىرىپ، ئازار بېرىشىنى خالىمايمەن» ، دەپ جاۋاپ بەردى. بۇنىڭدىن ئەبۇ سۇفيان ئەجەپلىنىپ: «مۇھەممەدنىڭ ئەسھابلىرى مۇھەممەدنى ياخشى كۆرگەندەك، بىرەرسى بىرەرسىنى ياخشى كۆرگەنلىكىنى ئادەملەر ئىچىدە ئۇچراتمىدىم» ، دېدى. كېيىن زەيد ئۆلتۈرۈلدى. ئىككىنچى ئەسىر ـ ھەبىب بولسا قاماپ قويۇلدى، كېيىن ئۇنى دارغا ئېسىش ئۈچۈن ئېلىپ چىقتى. ھەبىب ئۇلارغا: «ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭلار، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇۋالاتتىم» ، دېدى. ئۇلار ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى ۋە ئۇ ئىككى رەكئەت نامازنى چىرايلىق قىلىپ ئوقۇپ تۈگەتتى. كېيىن ئۇلارغا قاراپ: «ئەگەر مېنى ئۆلۈمدىن قورقۇپ، نامازنى ئۇزۇن ئوقۇدى دېگەن گۇمان قىلىپ قالمىسۇن دېمىگەن بولسام ناھايىتى كۆپ ناماز ئوقۇغان بولاتتىم» ، دېدى. كېيىن ئۇنى دارغا كۆتۈرۈپ، باغلىغاندا ئۇلارغا غەزەپ كۆزلىرى بىلەن قاراپ: «ئى اللە، پەيغەمبىرىڭنىڭ رىسالىتىنى (تاپشۇرۇقىنى) يەتكۈزدۇق، سەنمۇ ئۇنىڭغا بىزنى نېمە قىلغانلىقىنى يەتكۈزگىن. ئى اللە، بۇلاردىن بىرەرسىنى قالدۇرماي ھەممىسىنى ھالاك قىلغىن» ، دەپ دۇئا قىلدى.



مۇشرىكلار ئۇنىڭ چاقىرىقىدىن گاڭگىراپ قېلىشتى ۋە كېيىن ھەبىبنى ئۆلتۈردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار بۇ ئالتە ساھابى ئۈچۈن قاتتىق قايغۇردى. ھۇزەيل قەبىلىسى مۇسۇلمانلارنى خار قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ خاپىلىقىنى يېنىمۇ كۈچەيتىۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىش ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مانا شۇنداق پىكىر قىلىپ يۈرگەن پەيتلىرىدە ئەبۇ بەرا ئامىر ئىبنى مالىك مەلائىبۇلئەسىننە كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا ئىسلامنى توغرى قىلدى. ئۇ قوبۇل قىلمىدى، بىراق، ئىسلامغا نىسبەتەن ئاداۋەت نامايەن بولمىدى. ئۇ رەسۇلۇللاھقا: «ئى مۇھەممەد، ئەگەر مەن بىلەن بىرگە نەجدى ئەھلىگە كىشىلىرىڭىزدىن ئەۋەتسىڭىز، ئۇلارنى سىزنىڭ ئىشىڭىزغا دەۋەت قىلسا، ئۈمىد قىلىمەنكى دەۋىتىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ» ، دېدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز ئەسھابلىرىغا نەجدى ئەھلىمۇ، ھۇزەيل قەبىلىسىگە ئوخشاش خىيانەت قىلىپ، ئۆلتۈرىۋېتىشتىن قورققان سەۋەپتىن ئەبۇل بەرائنىڭ تەلىۋىگە جاۋاپ بەرمىدى. بىراق ئەبۇلبەرا دەۋەتكە بۇيرۇغۇچىلارنى ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ رەسۇلۇللاھنى قانائەتلەندۈردى. چۈنكى ئەبۇل بەرا سۆزىگە قولاق سېلىنىدىغان ئادەم بولۇپ، ئۇ ھىمايىگە ئالغان ئادەمگە بىرەر كىشىنىڭ خىيانەت قىلىش خەۋپى بولمايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنزىر ئىبنى ئەمرىنى قىرىق يارام مۇسۇلمانغا باشلىق قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار يولغا چىقتى ۋە مەئۇنە قۇدۇقىغا يېتىپ بېرىپ، شۇ يەردە توختىدى. شۇ يەردە تۇرۇپ ئامىر ئىبنى تۇپەيلگە ئۆزىدىن بىر ساھابىنى ئەلچە قىلىپ مەكتۇپ يوللىدى. بىراق ئۇ مەكتۇپقا

www.uyghurkitap.com

قارايمۇ قويمىدى. بەلكى ئەلچىنى ئۆلتۈرۈپ، بەنۇ ئامىر قەبىلىسىنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىردى. لېكىن ئۇلار ئۇنىمىدى، بەلكى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئەھدىگە ۋە ئەيۋ بەرائىنىڭ ھىمايىسىگە ۋاپا قىلدى. ئامىر بولسا باشقا قەبىلىلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا چاقىردى ۋە ئۇلار بىلەن بىرىپ، مۇسۇلمانلارنى ئورىۋالدى. ئۇلارنى بۇ ئەھۋالدا كۆرگەن مۇسۇلمانلار دەرھال قىلىچلىرىنى قولغا ئېلىشىپ جەڭ قىلىشتى ۋە ھەممىسى ۋاپات بولدى. ئۇلاردىن پەقەت ئىككى كىشى نىجات تاپتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار بۇ شەھىدلەرگە ئىنتايىن قايغۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلار ھەققىدە ۋە دۈشمەنلەرنىڭ قەلبىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيبىتىنى يەنە پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئەرەبلەرگە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش ھەققىدە ئويلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئىشلار مەدىنىنىڭ ئىچىدە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆردى شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ...كى ئەھۋالنى مۇئالىجە قىلىشقا قەست قىلدى. بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن، تاشقى ئىشلارغا كىرىشىشنى مۆلچەرلىدى. ئوھۇدتىكى مەغلۇبىيەت، رەجى ۋە مەئۇنە قۇدۇقى ھادىسىلىرى مۇناپىق ۋە يەھۇدىلارنىڭ قەلبىدە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا مۇسىبەت يەتكۈزۈش ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەت كۈتۈشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ قەبىھ نىيىتىنى سەزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد ئىبنى مەسلىمەنى شۇنداق سالدى: بەنۇ نەزىر يەھۇدىلىرى ئالدىغا بېرىپ، ئۇلارغا ئېيت: «رەسۇلۇللاھ مېنى سەنلەرنىڭ يېنىڭغا ئەۋەتتى: «مېنىڭ شەھىرىمدىن چىقىپ كېتىڭلار. سەنلەر ماڭا



خىيانەت قىلىشقا قەست قىلىش بىلەن ئۈستۈڭلەرگە ئالغان ئەھدىنى بۇزدۇڭلار. مەن سەنلەرگە ئون كۈن مۆھلەت بېرىمەن. بەس، كىم ئۇنىڭدىن كېيىن كۆرۈنسە، كاللىسى ئېلىنىدۇ». ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي بەنۇ نەزىرنى قېلىشقا ئۈندىسە ۋە ھۆۋەيي ئىبنى ئەختەپ ئۇلارنى قالسە قېلىشقا كۆندۈرسە، ئۇلار چىقىپ كېتىشمەيتتى. ئون كۈن ئۆتسىمۇ، ئۇلار چىقىپ كەتمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى جەڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى تەڭلىك تارتىش ئەھۋالغا سېلىپ قويدى. كېيىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ماللىرى، قانلىرى ۋە بالا-چاقىلىرىغا ئامانلىق بېرىشنى سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن بىرگە ھەر ئۈچ كىشى بىر تۆگە كۆتەرگىدەك ئىچىملىك ۋە يېمىلىك يۈكلەپ چىقىپ كېتىشكە بىنائەن سۈلھى تۈزدى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلارغا ئولجا سۈپىتىدە يەرلىرى، خورمازارلىرى، قورال ياراق-ئەسلەھەلىرى-بارچە مال-مۈلۈكلىرىنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. بۇ ماللارنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەقەت مۇھاجىرلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. ئەنسارلارغا ھېچنەرسە بېرىلمىدى. پەقەت ئۇلاردىن ئىككى كىشى-ئەبۇ دۇجانە ۋە سەھل ئىبنى ھەنىفلەرگە ئۇلارمۇ مۇھاجىرلارغا ئوخشاش پەقىر بولغانلىقى ئۈچۈن ماللاردىن بەردى.

بەنۇ نەزىرنى سۈرگۈن قىلىش بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىچكى سىياسەت ئىشىنى ھەل قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىتى يەنە ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن تاشقى سىياسەتكە كىرىشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنى كېيىنكى بەدرى غازىتىغا چاقىردى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ

ئەلەيھىسسالام بىلەن دۈچ كېلىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ شۇنداق بولغان ئىدى. ئوھۇد غازىتىدىن بىر يىل ئۆتۈپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفياننىڭ: «بۇ غەلىبىمىز بەدرىدىكى مەغلۇبىيىتىمىز ئورنىغا بولدى. يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئۇرۇش مەيدانىدا ئۇچرىشىشقا ۋەدەلىشىمىز»، دېگەن گېپىنى ۋە ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئۇچرىشىش زۆرۈرلىكىنى ئەسلەتتى. مەدىنىدە ئابدۇللاھ ئىبنى سۇلۇلنى ئورۇنلىرىغا قالدۇرۇپ مۇسۇلمانلار بىلەن يولغا چىقتى ۋە بەدرىگە بېرىپ قۇرەيشكە قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ، ئۇنى كۈتۈشكە باشلىدى. قۇرەيشمۇ ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدا ئىككى مىڭدىن كۆپ ئەسكەر بىلەن چىقتى. لېكىن ئۇ ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەستىن ئارقىغا قايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدرىدە سەككىز كۈن داۋامىدا قۇرەيشنى كۈتۈپ تۇردى. قۇرەيش كەلمەستىن ئۇنىڭ تۈنۈگۈن قايتىپ كەتكەنلىك خەۋىرى كەلدى. مۇسۇلمانلارمۇ بەدرىدە تۇرغان كۈنلىرىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كاتتا چوڭ پايدا كۆرگەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن مەدىنىگە قايتتى. جەڭ قىلىشمىغان بولسىمۇ غالىب بولۇپ قايتتى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام نەجد ئۆلكىسىدە تۇرغۇچى غەتىپان قەبىلىسىگە ئۇرۇش قىلدى. ئۇلار ماللىرى ۋە ئاياللىرىنى تاشلاپ قويۇپ قېچىپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنى ئولجا قىلىپ مەدىنىگە قايتتى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شام بىلەن ھىجاز چېگرالىرىغا جايلاشقان دەۋمەتۇلجەندەل دېگەن جايغا كارۋانلارغا ھۇجۇم قىلىش بىلەن يول توساپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان قەبىلىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن چىقتى. لېكىن ئۇ قەبىلىلەرمۇ



رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا دۈچ كېلىشتىن قورقۇپ، ماللىرىنى تاشلاپ، قېچىۋېلىشقان ئىدى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ماللىرىنى ئېلىپ زەپەر قازانغان ھالدا مەدىنىگە قايتتى.

مانا شۇ تاشقى غازاتلار ۋە مەدىنىدىكى ئىچكى ئىشلار بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەرەبلەر ۋە يەھۇدىلارنىڭ قەلبىگە ئىسلامىي دۆلەت ھەيۋىتىنى يەنە سېلىپ قويۇشقا ھەمدە ئوھۇدتىكى مەغلۇبىيەت ئىزىنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشقا ئېرىشتى.

## ئەھزاب غازىتى

ئوھۇد غازىتىدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەمەلگە ئاشۇرغان غازاتلار ۋە جازالاشلارنىڭ ئىسلامىي دۆلەتنى مۇستەھكەملەشتە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇرۇشتا كاتتا تەسىرى بولدى. ھەقىقەتتە، مۇسۇلمانلارنىڭ نۇپۇزى ئاشتى، سەلتەنىتى زورايدى، ئۇلاردىن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىكى قەبىلىلەر قورقۇپ قالدى. ئەرەبلەر ئۇلارغا قارشى رەسۇلۇللاھنىڭ غازاتقا چىققانلىقىنى ئىشىتكەن ۋاقىتتا - غەتىفان ۋە دەۋمەتۇلجەندەلدە بولغاندەك - قورقۇنچىغا چۈشۈپ قاچىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلار نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلار مەدىنىدىكى ھاياتتىن بىر قەدەر خاتىرجەم بولدى. مۇھاجىرلارغا بەنى نەزىر ئولجىسى ئۆتكەندىن كېيىن ھەمدە يەرلەر، خورمازارلار، ئۆي-جايلار ۋە ئۆي جىھازلىرى ئۇلارغا تەقسىملەپ بېرىلگەندىن كېيىن پەيدا بولغان يېڭى ۋەزىيەتكە قاراپ ياشاش شارائىتلىرىنى تەرتىپكە سېلىشقا باشلىدى. بىراق بۇ ئۆزگىرىشلەر مۇسۇلمانلارنى ئۆزلۈكسىز جىھاد قىلىشتىن بۇراپ، پۈتۈنلەي

تىرىكچىلىك بىلەن مەشغۇل قىلىپ قويالمىدى. چۈنكى، جىھاد قىيامەتكىچە پەرزدۇر. بەلكى مۇسۇلمانلار ئاۋۋالقىغا قارىغاندا تىنچ ۋە ياخشى ھايات كەچۈرۈشكە باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خاتىرجەم بولسىمۇ، دۈشمەنلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن دائىما ساقلىناتتى، ئۆزىنىڭ خۇپىيە ۋە كۆزەتكۈچىلىرىنى يېرىم ئارالنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئەۋەتەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەرەپلەرنىڭ ئىشلىرىدىن ۋە ئۇلار تۈزىۋاتقان پىلانلاردىن خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. شۇنىڭغا قاراپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دۈشمەنگە قارشى تۇرۇشقا تەييار بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن تۇقۇنۇشۇش ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەتنى كۈتەتتى. خۇسۇسەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بارچە ئەرەپلەرنى دەھشەتكە سالىدىغان سەلتەنەتكە ئىگە بولغىنىدىن كېيىن، بەنۇ قەينۇقا ۋە بەنۇ نەزىر يەھۇدىلىرىنى مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلغانلىقىدىن، غەتىفان، ھۇزەيل ۋە باشقا ئەرەپ قەبىلىلىرىگە قاخشاتقۇچ زەربە بەرگىنىدىن كېيىن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا مۇسۇلمانلارنىڭ دۈشمەنلىرى كۆپىيىپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەرەپلەرنى ھوشيار بىلەن كۆزۈتۈپ تۇردى. بىر كۈن قۇرەيش ۋە بەزى ئەرەپ قەبىلىلىرى مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يىغىلىش قىلىۋاتقانلىق خەۋىرى كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلىنىشقا باشلىدى. بۇ شۇنداق بولغان ئىدى: رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنى سۈرگۈن قىلغاندىن كېيىن ئۇلاردا ئەرەپلەرنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئۆچ ئېلىش پىكرىنى قوزغىتىش پىكرى پەيدا بولدى. بۇ پىكىرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەقسىتىدە بەنى نەزىردىن بىر جامائە ئىشقا كىرىشتى. ئۇلار



ئارىسىدا ھۇيەيي ئىبنى ئەختەب، سەلمان ئىبنى ئابدۇلھەقىق ۋە كەنانە ئىبنى ئابدۇلھەقىق، ئۇلار بىلەن بىرگە بەنى ۋائىل قەبىلىسىدىن ھەۋزە ئىبنى قەيس ۋە ئەبۇ ئەممارلار بار ئىدى. ئۇلار قۇرەيش قېشىغا باردى. مەككە ئەھلى ھۇيەيدىن قەۋمى ھەققىدە سورىغاندا: مەن ئۇلارنى مەدىنە بىلەن خەيبەر ئوتتۇرىسىدا ئىككىلىنىپ تۇرغان ھالدا قالدۇردۇم. ئۇلار سىلەر بېرىپ بىرگە مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرىغا قارشى ھۇجۇم قىلىشىڭلارنى كۈتۈشمەكتە»، دېدى. بەنى قۇرەيزە ھەققىدە سورىغاندا: ئۇلار مەدىنىدە مۇھەممەدكە قارشى تەييارلىق قىلىپ تۇرۇشۇپتۇ. سىلەر بېرىشىڭلار بىلەن سىلەر بىلەن بىرگە مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇش قىلىدۇ»، دېدى. قۇرەيش ئىككىلىنىپ قالدى. مەدىنىگە بارسۇنمۇ، بارمىسۇنمۇ؟ مۇھەممەد بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۇ اللەقا دەۋەت قىلىۋاتقان دەۋەت ھەققىدىلا ئىختىلاپ بار. ئۇ ھەق بولسىچۇ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرەيش چوڭلىرى يەھۇدىلارغا: «ئى يەھۇدىلار، سىلەر ئەھلى كىتاپ سىلەر ۋە مۇھەممەد بىلەن ئوتتۇرىمىزدا پەيدا بولغان ئىختىلاپنى ياخشى بىلىسىلەر. ئېيتىڭلارچۇ، بىزنىڭ دىنىمىز ياخشىمۇ ياكى مۇھەممەدنىڭ دىنى ياخشىمۇ؟»، دېدى. يەھۇدىلار: «ئەلۋەتتە سىلەرنىڭ دىنىڭلار ئۇنىڭدىن دىنىدىن ياخشىراق ھەق تەرەپدارى بولۇشقا سىلەر ئەڭ ھەقلىق» دېيىشتى. ھالبۇكى يەھۇدىلار ئەھلى تەۋھىد بولۇپ، مۇھەممەدنىڭ دىنىنىڭ ھەقلىقىنى ياخشى بىلەتتى. لېكىن ئەرەپلەرنى مۇسۇلمانلارغا قارشى قۇشكۇرتۇشقا قاتتىق ئىنتىلىشى مانا شۇ زور خاتاغا چۈشۈشكە سەۋەپ بولدى، يەنى ئۇلار بۇتلارغا ئىبادەت قىلىش تەۋھىدكە قارىغاندا ئەۋزەل دەپ ئوچۇق ئېيتىشتى. قۇرەيشنى

پىكرىگە كۆندۈرگەندىن كېيىن غەتفان، بەنى مۇررە، بەنى پىزارە، ئەشجەء، سىلىم، بەنى سەئەد، ئەسئەد ۋە مۇسۇلمانلاردا ئۆچى بار باشقا قەبىلىلەرنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ، ئۇلارنىمۇ ئۆچلىرىنى ئېلىشقا كۈشكۈرتتى، مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇشقا قۇرەيش رازى بولغانلىقىنى ئېيتتى، بۇت پەرەسلىكلەرنى ماختاشتى ھەمدە ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا ۋەدە بەردى. شۇنداق قىلىپ يەھۇدىلار ئەرەبلەرنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇشقا قوزغىتالىدى. نەتىجىدە ئەرەب قەبىلىلىرى بىرلىشىپ، قۇرەيش بىلەن مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقتى.

قۇرەيش ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدا چىقتى. ئۇلار تۆت مىڭ جەڭچى ئۈچ مىڭ ئاتلىق ۋە بىر يېرىم مىڭ تۆگىدە ئىدى. غەتفان قەبىلىسى ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى ئىبنى ھۇزەيفە باشچىلىقىدا ناھايىتى كۆپ كىشىلەر بىلەن ۋە مىڭ تۆگىدە چىقتى. ئەشجەء قەبىلىسى مىسئەر ئىبنى راھىلە باشچىلىقىدا تۆت يۈز جەڭچى بىلەن چىقتى. مۇررە قەبىلىسى ھارىس ئىبنى ئەۋپ باشچىلىقىدا تۆت يۈز جەڭچى بىلەن چىقتى. سىلىم قەبىلىسى ۋە مەئۇنە قۇدۇغى ئېگىلىرى يەتتە يۈز كىشى بولۇپ كەلدى. بۇلار توپلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلارغا بەنى سەئىد ۋە بەنى ئەسئەد قەبىلىلىرىمۇ كېلىپ قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ بۇ قوشۇنغا ئون مىڭغا يېقىن ئەسكەر جەملەندى. ھەممىسى ئەبۇ سۇفيان باشچىلىقىدا مەدىنىنى قەست قىلىپ يولغا چىقتى. بۇ قوشۇننىڭ خەۋىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەدىنىدە قوغدىنىشقا قارار قىلدى. سەلمانىل پارىسى مەدىنە ئەتراپىغا خەندەك قېزىپ، شەھەر ئىچىدە قوغدىنىشنى مەسلەھەت بەردى. شۇ مەسلەھەت بىلەن خەندەك قېزىلدى. قېزىش



ئىشلىرىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىمۇ ئىشلىدى. تۇپا تۇشىدى، مۇسۇلمانلارنى روھلاندۇرۇپ، يېنىمۇ كۆپراق كۈچ سەرپ قىلىشقا چاقىردى. خەندەك ئالتە كۈندە قېزىپ بولۇندى. دۈشمەنگە قارشى تۇرۇدىغان ئۆي-جايلارنىڭ تاملىرىنى مۇستەھكەملىدى. خەندەكنىڭ نەرىقى تەرىپىدە قالغان ئۆيلەر بىكار قىلىنىپ، ئۇ يەردىكى ئاياللار ۋە بالىلار قوغدالغان جايلارغا كۆچۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈچمىڭ ئەسكەر بىلەن چىقتى. سەل تۇپىلىك ئالدىدا تۇردى. خەندەكنى ئۆزلىرى بىلەن دۈشمەن ئارىسىدا قالدۇردى. شۇ يەرنى ئەسكەرلىرى ئۈچۈن قارارگاھ قىلىپ بەلگىلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن قىزىل چېدىر تىكىلدى. قۇرەيش باشچىلىقىدىكى دۈشمەنلەر مۇھەممەدكە ئوھۇدتا دۇچ كېلىمىز دەپ ئويلاشقان ئىدى. لېكىن مەدىنىگە يېقىنلىشىپ كەلدى ۋە خەندەكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى. چۈنكى ئۇلار مۇداپىئەنىڭ بۇنداق تۈرىنى بىلمەيتتى. قۇرەيش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە كەلگەن گورۇھلار خەندەكنىڭ ئارقىغا ئورۇنلاشتى. ئەبۇ سۇفيان ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار خەندەكتىن ئۆتەلمەي، ئۇزاق ۋاقىت تۇرۇپ قېلىشنى چۈشەندى. بۇ ۋاقىت شامال كۈچلۈك قىش پەسلى ئىدى. كۈچلۈك شاماللار، سوغۇقمۇ قاتتىق ئىدى. ئۇلارنىڭ رايىسى قايتتى ۋە چېكىنىش ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى. ھۇيەيي ئىبنى ئەختەب ئۇلاردىكى بۇ ھالەتنى سېزىپ، بەنى قۇرەيزىنى مۇھەممەد ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن تۈزگەن تىنچلىق توختامىنى بۇزۇپ، ئۇلارغا قوشۇلۇشقا كۆندۈرۈشنى ۋە بەنى قۇرەيزە شۇنداق قىلسا، مۇسۇلمانلاردىن ياردەم ئۈزۈلۈپ، مەدىنىگە يول ئېچىلىشىنى ئېيتتى. بۇ گەپلەرنى ئىشتىپ، قۇرەيش ۋە غەتفان خۇرسەن

بولدى. ھۆيەي ئالدىراپ-سالدىراپ بەنى قۇرەيزىنىڭ باشلىقى كەئبە ئىبن ئەسئەدنىڭ قېشىغا باردى. كەئبى ئۇنىڭغا قەلئەسىنىڭ ئىشىكىنى ئاچمىدى. لېكىن ھۆيەي كەتمەي تۇرىۋالغاندىن كېيىن قەلئە ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇ كىرىپلا كەئبكە: «ئى كەئب، مەن ئالدىڭغا دۇنيانىڭ شان-شەرىپىنى ۋە زور دېڭىز ئېلىپ كەلدىم، ئالدىڭغا قۇرەيش ۋە غەتفانىنىڭ چوڭلىرى باشلىقلىرى كېلىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ماڭا تا مۇھەممەدنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلارنى پۈتۈنلەي يوق قىلمىغىچە بۇ يەردىن كەتمەيمىز دەپ ئەھدى بېرىشتى»، دېدى. كەئب ئىككىلىنىپ قالدى ۋە مۇھەممەدكە ئەھدىگە ۋاپاسىنى، سادىقلىقىنى ئېيتىپ، ھۆيەي چاقىرىۋاتقان ئىشنىڭ ئاقىۋىتىدىن قورقتى. لېكىن ھۆيەي ئۇنىڭغا يەھۇدىلار بېشىغا مۇھەممەدتىن كەلگەن كۆلپەتلەرنى ئېيتىپ ۋە گورۇھلارنىڭ كۈچىنى تەرىپلەۋېرگەندىن كېيىن كەئب بوشىدى ۋە ئۇنىڭ تەلىپىگە رازى بولدى ۋە مۇھەممە ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار بىلەن بولغان توختامنى بۇزۇپ، قۇرەيزە يەھۇدىلىرىمۇ غەنىملەرگە قوشۇلدى. بۇ ھەقتە رەسۇلۇللاھقىمۇ خەۋەر بەرىلدى. رەسۇلۇللاھقا ۋە ئەسھابلىرىغا بۇ خەۋەر يېتىپ كەلگەندە، ئۇلار قاتتىق ئىزتىرابقا چۈشتى ۋە ئۇنىڭ ئاقىۋىتى مۇسۇلمانلارغا زەرەرلىك بولىشىدىن قورقتى. كېيىن ئەۋسنىڭ سەييىدى سەئدى ئىبن مۇئاز، خەزرەجنىڭ سەييىدى سەئدى ئىبن ئۇبادە، ئابدۇللاھ ئىبن رەۋاھە ۋە خەۋۋاد ئىبن جۇبەيرلەرنى بۇ خەۋەرنى ئېنىقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئۇلارغا ئەگەر قۇرەيز توختامنى بۇزغان بولسا، ئادەملەرنىڭ روھى چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بۇ ئىشنى يوشۇرۇشنى ۋە ئۇنى ئىشارىلەر ئارقىلىق



مەلۇلۇم قىلىش بىلەن چەكلىنىشنى بەلگىلىدى. ئۇتىمۇ ئەلچىلەر قۇرەيزگە يېتىپ بارغاندا ئۇلارنىڭ يېتىپ بارغان خەۋەردىن ئۇسالراق ئەھۋالدا كۆردى. ئەلچىلەر ئۇلارنى توختامىغا قايتۇرۇشقا ئۇرۇنغاندا كەئب ئۇلاردىن بەنى نەزىر يەھۇدىلىرىنى ئۆز جايلىرىغا قايتۇرۇشلىرىنى تەلەپ قىلدى. سەئدى ئىبن مۇئاز - ئۇ بەنى قۇرەيزىنىڭ ئىتتىپاقچىسى ئىدى - ئۇلارنى خاتىرجەم قىلماقچى بولغاندا، ئۇلار مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھنى ھاقارەت قىلىشقا باشلىدى. كەئب بولسا: «رەسۇلۇللاھ كىم ئۇزى؟ مۇھەممەد بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ھېچقانداق توختام، ھېچقانداق ئەھدى يوق»، دېدى. شۇنداق قىلىپ ئەلچىلەر قايتىپ كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھقا كۆرگەنلىرىنىڭ خەۋەرنى بەردى. خەۋپ يېنىمۇ كۈچەيدى. غەنىملار (يەنى ئەھزابلار) ئۇرۇشقا تەييارلىنىشقا باشلىدى. قۇرەيزە تەييارگەرلىك كۆرۈش ئۈچۈن ئون كۈن مۆھلەت سورىدى. پەقەت شۇ ئون كۈن ئىچىدە بىرلەشكەن كۈچلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭگە كىرىدۇ. ئۇلار شۇنداق قىلدى، ھەقىقەتتە، ئۇلار ئۈچ لەشكەر تەشكىل قىلدى. ئىبن ئەئۋار سەلەمىينىڭ لەشكىرى ۋادىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن كەلدى، ئۇيەينە ئىبن ھىسنى لەشكىرى يان تەرەپتىن كەلدى، ئەبۇ سۇفيان بولسا خەندەككە قارشى تۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ قورقۇشى بەتتەر ئاشتى. كۆزلەر چەكچىيىپ، يۈرەكلەر بوغۇزلارغا كەپلەشتى. دۈشمەننىڭ كۈچ-قۇدرىتى زىيادىلاشتى. كۈچى نامايەن بولدى. ئۇلارنىڭ روھى ئۈستۈن ئىدى. شۇنداق بىر ھالەتتە ئۇلار خەندەككە ھۇجۇم قىلدى. قۇرەيشنىڭ بەزى بىر جەۋەندازلىرى خەندەكنىڭ تار جايىنى تېپىپ، شۇ يەردىن ئۆتتى ۋە سەل بىلەن خەندەك ئارىسىدا ئات چاپتۇرۇپ يۈرۈشكە



www.uyghurkitap.com

باشلىدى. شۇ ۋاقىتتا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر نەچچە مۇسۇلمانلار بىلەن چىقتى ۋە ئۇلار، ئاتلار ئۆتكەن جاينى ئىگەللىدى. ئەمرى ئىبنى ئابدۇۋەدۇد ئالدىغا چىقىپ، مۇسۇلمانلارنى يەككمۇ-يەككە ئېلىشىشقا چاقىردى. ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئېلىشىشقا چاقىرغاندا، ئۇ نوچىلىق بىلەن ئەلىغا: «نىمە ئۈچۈن چىقتىڭ، ئى بۇرادىرىمنىڭ ئوغلى، اللە بىلەن قەسەمكى، مەن سېنى ئۆلتۈرۈشنى خالىمايمەن» ، دېدى. ئۇنىڭغا جاۋابەن ئەلى: «مەن بولسام، اللە بىلەن قەسەمكى، سېنى ئۆلتۈرۈشنى خالايمەن» ، دېدى. ئىككىسى ئېلىشىپ كەتتى ۋە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى ئۆلتۈردى. كېيىن دۈشمەن ئاتلىقلىرى ھېچنەرسىگە قارىماستىن ئارقىغا چېكىنىپ، يەنە خەندەككە ئۆزلىرىنى ئاتتى. لېكىن بۇ نەرسە دۈشمەننىڭ روھىنى چۈشۈرمىدى، بەلكى مۇسۇلمانلارنى كۆپراق قورقۇنچىغا سېلىش ئۈچۈن ئوت ياققاندا ئوتلىرىنى ناھايىتىمۇ چوڭ زور قىلىپ ياقتى. قۇرەيزىنىڭ شىجائەتلىك كىشىلىرى ئۆز قەلئەلىرىدىن مەدىنە ئەھلىنى قورقۇنچىغا سېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆزىگە يېقىن جايلارغا چۈشۈشكە باشلىدى. نەتىجىدە مۇسىبەت كۈچەيدى، قورقۇنۇش زورايدى ۋە ھەممىنى قورقۇنچ باستى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام اللە تائالانىڭ ياردەم بېرىشىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. شۇنداق ھالەت ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان بىر پەيتتە نۇئەيم ئىبنى مەسئۇد كېلىپ قالدى - ئۇ مۇسۇلمان بولغان ئىدى - ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا كاپىرلارنى بۇشاشتۇرىدىغان بىر ئىش قىلىشنى دېدى. ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بەنى قۇرەيزىگە باردى، ئۇلار ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى بىلمەيتتى. جاھىلىيەتتە نۇئەيم



ئۇلارنىڭ ھەم تاۋۇغى ئىدى. ئۇلارغا ئۆزى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى كونا ئۈلپەتچىلىكلىرىنى ئەسلەتتى. كېيىن ئۇلارغا قۇرەيش ۋە غەتفان بىلەن بىرگە مۇھەممەدكە قارشى چىققانلىقىنى قۇرەيش ۋە غەتفان بولسا بۇ يەردە ئۇزاق قېلىشقا تاقەت قىلالماستىن ئۇلارنى مۇھەممەد بىلەن ئۇرۇشقىلى يالغۇز تاشلاپ كېتىپ قېلىشىنى كېيىن مۇھەممەد ئۇلارنى يېگىشىنى ئېيتتى. ئۇلارغا قۇرەيش ۋە غەتفان كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلاردىن گۆرەگە ئادەم ئالماستىن تۇرۇپ مۇسۇلمانلار بىلەن ئۇرۇش قىلماسلىقىنى مەسلەھەت بەردى. قۇرەيزە ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىغا رازى بولدى. كېيىن قۇرەيشنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇلارغا قۇرەيزە مۇھەممەد بىلەن بولغان توختىمىنى بۇزغانلىقىغا پۇشايمان تىلىۋاتقانلىقىنى، مۇھەممەدنى رازى قىلىش ۋە دوستلىقىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈۋېتىشكە قۇرەيشنىڭ كاتتىلىرىدىن بىر نەچچىنى تۇتۇپ بەرمەكچى ئىكەنلىكىنى «پاش» قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگەر يەھۇدىلار ئادەملىرىڭلاردىن بىر نەچچىنى گۆرەگە سوراپ ئادەم ئەۋەتسە، ئۇلارغا ھېچكىمنى بەرمەسلىكنى مەسلەھەت بەردى. نۇئەيم غەتفانغىمۇ، قۇرەيشكە قىلغان ئىشلىرىنى قىلدى. نەتىجىدە ئەرەپلەردە يەھۇدىلارغا نىسبەتەن شەك تۇغۇلدى. ئەبۇ سۇفيان كەئىبكە: «بۇ ئادەمنى قامال قىلىشىمىز ناھايىتى سوزۇلۇپ كەتتى ئەتە سىلەر ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇش باشلاڭلار، بىز ئارقىڭىزلاردا تۇرىمىز» ، دەپ ئەلچى ئەۋەتتى. كەئب: «ئەتە شەنبە. نە ئۇرۇشالمايمىز ۋە نە بىرەر ئىش قىلالمايمىز» ، دەپ جاۋاپ بەردى. ئەبۇ سۇفيان بۇ جاۋاپتىن غەزەپكە كەلدى. نۇئەيمنىڭ گەپلىرى راستلىقىغا ئىشەندى. كېيىن يەنە ئەلچىسىنى

www.uyghurkitap.com

ئەۋەتتىپ: «بۇ شەنبە ئورنىغا باشقا شەنبە كۈنى شەنبە قىلىڭلار. ئەتە مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇشماق بولمايدۇ. ئەگەر بىز ئەتە ئۇرۇشقا چىقساق، سىلەر بىز بىلەن بىرگە بولمىساڭلار، سىلەر بىلەن ئىتتىپاقتىن چىقىمىز ۋە مۇھەممەدتىن ئىلگىرى سىلەرگە ئۇرۇش باشلايمىز»، دېدى. قۇرەيزە ئەبۇ سۇفياننىڭ گەپلىرىنى ئىشىتىپ، شەنبە كۈنى ئاجاۋۇز قىلماسلىقنى تەكرارلىدى. كېيىن خاتىرجەم بولىشى ئۈچۈن بىر نەچچە ئادەم سورىدى. بۇ گەپلەرنى ئىشىتكەن ئەبۇ سۇفياندا نۇئەيمنىڭ گەپلىرى راستلىقىغا ھېچبىر شۈبھە قالمىدى ۋە نېمە قىلىش ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى. بۇ ئەھۋالدىن غەتفانىنى خەۋەردار قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارمۇ مۇھەممەدكە قارشى ئۇرۇشقا ئىككىلىنىپ قالدى. كېچىدە الله تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە قاتتىق شامال، كۈچلۈك مۆلدۈر ۋە يامغۇر ئەۋەتتى. بۇ شامال چېدىرلەرنى ئۇچۇرۇۋەتتى. قازانلارنى ئۆرۈۋەتتى، قەلبلەرگە قورقۇنچ سالدى. ئۇلار مۇسۇلمانلار بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلار تەرەپكە ئۆتتى، دېگەن خىيالنى باشلىدى. تۇلەيھە ئورنىدىن تۇرۇپ، مۇھەممەد سىلەرگە قارشى ئۇرۇشنى باشلىدى، ئۆزەڭلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىڭلار، دەپ چاقىردى. ئەبۇ سۇفيان: «ئى قۇرەيش جامائەسى، يولغا چۈشۈڭلار، مەن كەتتىم»، دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن قەۋم كۆتىرەلەيدىغان نەرسىلىرىنى كۆتۈرۈپ، قېچىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن باشقىلارمۇ ئەگەشتى. تاڭ ئاتقاندا دۈشمەندىن نام-نىشان قالمىغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ھالنى كۆرۈپ، مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە مەدىنىگە قايتىپ كەلدى. الله تائالا مۆئمىنلەرنى ئۇرۇشۇش مەشەققىتىدىن خالاس



قىلدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشتىن تىنچلىنىپ، الله تائالا پەيغەمبىرىنى ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشتىن خالاس قىلدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەنى قۇرەيزەنىڭ ئىشىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈشنى نىيەت قىلدى. چۈنكى، ئۇلار ئوتتۇرىدىكى توختامنى بۇزدى. مۇسۇلمانلارنى يوقىتىشقا قارار قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇئەززىنگە ئادەملەر ئىچىدە ئېلان قىلىشقا بۇيرىدى: «كىمكى قۇلاق سېلىپ، ئىتائەت قىلىدىغان بولسا، ئەسرى نامىزىنى بەنى قۇرەيزەدە ئوقۇسۇن». ئەلىيگە بايراقنى بەردى. مۇسۇلمانلار ئەلىنىڭ ئارقىدىن خۇرسەن ۋە خۇشال بولۇپ ئۇرۇشقا قوزغالدى ۋە بەنى قۇرەيزە تۇرغان قەلئەگە كېلىپ، ئۇلارنى قامال قىلدى. قامال يىگىرمە بەش كۈنگە سوزۇلۇپ كەتتى. كېيىن يەھۇدىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەلچى ئەۋەتىپ، مۇزاكىرە قىلىشتى. سەئدى ئىبنى مۇئاز ئۇلار ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىشقا رازى بولدى. سەئدى ئۇلارنىڭ جەڭچىلىرى ئۆلتۈرۈلسۇن، ماللىرى تەقسىملەنسۇن، بالا-چاقىلار ۋە ئاياللار ئەسىر ئېلىنسۇن، دەپ ھۆكۈم چىقاردى. بۇ ھۆكۈم ئىجرا قىلىندى. شۇنداق قىلىپ بۇ قەبىلە يوق قىلىندى، مەدىنە ئۇلاردىن تازىلاندى.

دۈشمەنلەرنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن قۇرەيشنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئاخىرقى ئۇرۇنۇشى بەرباد بولدى. بەنى قۇرەيزىنى يوقىتىش بىلەن مەدىنە ئەتراپىدا ياشىغۇچى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن توختام تۈزۈپ، كېيىن توختامنى بۇزغان يەھۇدىلارنىڭ ئۈچ قەبىلىسى يوقىتىلدى. شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە

مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئەھۋال ياخشىلاندى، بۇ نەرسە ئەرەبلەرنى مۇسۇلمانلاردىن قورقىدىغان قىلىپ قويدى.

## ھۇدەيبىيە سۈلھىسى

ھىجرەتنىڭ ئالتىنچى يىلى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قوشۇنىدىن ۋە ئىسلامىي جەمئىيەتتىن خاتىرجەم بولۇپ، ئىسلامىي دۆلەتنىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇرۇش ۋە دۈشمەنلەرنى ئاجىزلاشتۇرۇش يولىدا يەنە بىر قەدەم قويۇشقا قارار قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا خەيبەر ۋە مەككە ئەھلى ئوتتۇرىسىدا مۇسۇلمانلارغا قارشى ھۇجۇم قىلىش بارىسىدا كېلىشىم بولغان خەۋىرى كەلدى. شۇنىڭغا قارىغاندا مەككە ئەھلى بىلەن يارىشىشقا ئېلىپ بارىدىغان ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا دەۋەتنى يېيىشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ھەمدە خەيبەرنى قۇرەيشتىن ئايرىيدىغان بىر پىلان تۈزدى. بۇ پىلان بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش بولۇپ، بۇنىڭدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تا مەقسەتكە يەتكىچە تىنىچلىق ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا قارار قىلدى. ھارام ئايلاردا ئەرەبلەرنىڭ ئۇرۇش قىلماسلىقى بۇ پىلاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرۇشنى كۆزدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ بىرلىكى پارچىلىنىپ كېتەلىكىنى، مۇسۇلمانلاردىن قورقۇش ئۇنى ساراسىمىگە سېلىپ قويغانلىقىنى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مىڭ خىل ئوي-خىياللارغا بېرىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن بەيتۇل ھەرامغا ھەج قىلىپ بېرىشنى ئىرادە قىلدى. ئەگەر قۇرەيش رەسۇلۇللاھنى



كىرگۈزمىسە، بۇ نەرسە ئەرەبلەر ئىچىدە ئىسلامىي دەۋەتنىڭ ھەمدە قۇرەيشكە قارشى تەشۋىقاتنىڭ ۋاستىلىرىدىن بىرى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھارام ئاي زۇلقەئدە ئېيىدا ھەجگە چىقىشنى ئېلان قىلدى. مۇسۇلمان بولمىغان ئەرەب قەبىلىلىرىنى ئۇرۇشسىز ۋە تىنىچ ھالدا بەيتۇللاھقا بېرىشتا شېرىك بولۇشقا چاقىرىپ، ئەلچى ئەۋەتتى. بۇنىڭ مەقسىتى ئۆزلىرىنى ئۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى ھەجگە چىققانلىقىنى ھەمدە ئۇرۇشنى ئىرادە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئىسلامدا بولمىسىمۇ غەيرى مۇسۇلمان ئەرەبلەرنى شېرىك قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇش ئىدى. بۇنىڭدىن ئەگەر قۇرەيش ھەجدىن مەنئى قىلىدىغان بولسا، ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا ئۆز پايدىلىرىغا پىكىر تۇغدۇرۇشنى كۆزلىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا قېپىدىكى قىلىچلىرىدىن باشقا قوراللىرىنى ئېلىشقا ئىزنى بەرمىدى ۋە ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇرۇشقا ئەمەس، بەلكى ھەجگە چىقىشنى مەلۇم قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدىن بىر مىڭ تۆت يۈز كىشى بىلەن يولغا چىقتى. قەسۋە دەپ ئاتىلىدىغان تۆگىسىنى مىنىپ، ئالدىدا يول باشلىدى. ئادەملەرگە ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن چىققانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن قۇربانلىققا ئاتاپ يەتمىش تۆگىنى ئالدى ۋە ئۇلار نىيەت قىلىپ ئېھرام كىيىمىنى كىيدى. مەدىنىدىن چىققاندىن كېيىن ئالتە ياكى يەتتە مىل مەساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، زۇلھۇلەيفە دېگەن جايغا يېتىپ بارغاندا، ئۆمرىنىڭ تەلبىيەسىنى ئېيتتى. كېيىن مەككىگە قاراپ يۈردى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشقا ئەمەس، ھەجگە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى خەۋەر قۇرەيشكە يەتتى. قۇرەيش بۇ نەرسە

مۇھەممەد ئەكككە كىرىش ئۈچۈن قىلغان ھىيلە بولسا كېرەك دەپ قورقۇنچىغا چۈشتى ۋە ئاغداق بولمىسۇن، مۇھەممەدنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە قارار قىلدى. مۇسۇلمانلارنى مەككىگە كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىندى. خالىد ئىبىن ۋەلىد ئىبىن ئىكرىمە ئىبىن ئەبۇ جەھىل كاتتا بىر قوشۇنغا باش بولدى. بۇ قوشۇندا ئاتلىقلارنىڭ ئۆزى ئىككى يۈز ئىدى. مۇشرىكلارنىڭ قوشۇنى مەككىدىن چىققتى ۋە ھەجگە كېلىۋاتقانلارنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئۇلار تەرەپكە يول ئالدى ۋە زۇتىۋە دېگەن جايغا كېلىپ چۈشتى. مۇھەممەدكە قۇرەيش قىلغان ئىشلار ۋە ئۇلار مۇسۇلمانلارنى ھەجدىن مەنئى قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىغانلىق خەۋىرى يېتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدىن ئىككى چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۇسفان دېگەن قىشلاققا يېتىپ كەلگەندە بەنى كەئىب قەبىلىسىدىن بولغان بىر كىشىگە دۇچ كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن قۇرەيش ھەققىدە گەپ سورىدى. ئۇ كىشى شۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى: «قۇرەيش سىلەرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىڭلارنى ئىشىتتى. ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن سۈت بېرىۋاتقان ۋە بالىسى بار تۆگىلىرىنىمۇ ئېلىپ چىقتى، ئۇلار قاپلان تېرىسىدىن كىيىم كىيىدى ۋە زۇتىۋاغا كېلىپ چۈشتى. سىلەرنى مۇتلەق مەككىگە كىرگۈزمەسلىككە ئاللاھقا ئەھدى بەردى. مانا خالىد ئىبىن ۋەلىد چەۋەندازلىرى بىلەن قۇرائۇل غەمىمگە كەلدى. (قۇرائۇل غەمىم مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇسفاندىكى قارارگاھىدىن سەككىز مىل يىراقلىقتىكى جاي). رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ بۇ جاۋابىنى ئىشىتىپ: «قۇرەيشنىڭ ھالىغا ۋاي، ئاخىر ئۇنى ئۇرۇش تامام قىلىدىمۇ. مەن بىلەن باشقا ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا توسۇق بولمىسا نېمە



www.uyghurkitap.com

بولاتتى؟ ئەگەر ئۇ ئەرەبلەر مېنى يوق قىلسا، ئۇنىڭ بىلەن قۇرەيشلەر خالىغان ئىش ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئەگەر ئاللاھ تائالا مېنى ئۇلار ئۈستىدىن غالىپ قىلسا، ئۇلاردىن ناھايىتى كۆپ ئادەملەر ئىسلامغا كىرىدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلمىسا، ئۇلارنىڭ كۈچ بولغان ھالدا ئۇرۇشىدۇ. قۇرەيش ئۆزى نېمە دەپ ئويلايدۇ؟ ئاللا بىلەن قەسەمكى، ئاللا مېنى ئەۋەتكەن نەرسە ئۈچۈن ـ تا ئاللا مېنى غالىپ قىلمىغىچە ياكى بېشىم كەتمىگىچە ـ جىھاد قىلىشتا داۋام قىلىمەن» ، دېدى. يەردە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزگەن پىلانلىرىنى قايتا كۆرۈپ چىقتى. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تىنچلىق پىلانىغا قارار قىلغان، ئۇرۇشقا تەييارلانمىغان ئىدى. لېكىن قۇرەيش رەسۇلۇللاھقا قارشى ئۇرۇش ئۈچۈن قوشۇن ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇرۇشنى خالىمىدى. لېكىن قايتىسۇنمۇ ياكى تىنچلىق پىلانىنى ئۇرۇشقا ئايلاندۇرسۇنمۇ؟ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەگەر مۇسۇلمانلاردا ئۇرۇشتىن باشقا ئىلاج قالمىسا، ئۆز ئىمانلىرى بىلەن دۈشمەنگە قارشى ئۇرۇشقا ئۇنىڭغا قارشى ئۇرۇشقا كىرىشكە قادىر ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. بىراق، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ يەرگە ئۇرۇشۇش ئۈچۈن كەلمىدى، ئۇرۇشۇشقا قارارمۇ قىلمىدى، بەلكى ھەج قىلىش ۋە تىنچلىق سۈلھى تۈزۈش ئۈچۈن كەلدى. پەرەزەن ئەگەر ھەجدىن مەنئى قىلىنسا، ـ مەنئى قىلىنىشى مۇمكىنلىكىنىمۇ ھېساپقا ئالغان ئىدى ـ شۇنداقتىمۇ بۇ مەنئى، ئۇرۇش بىلەن ئەمەس، تىنچلىق بىلەن بولىشىنى خالايتتى. ئۇرۇش بىلەن كىرىشنىمۇ خالىمايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پىلانلىغان ئۇشبۇ تىنچلىق پىلانى ئارقىلىق پۈتۈن ئەرەبلەردە ئىسلامىي دەۋەت ۋە ئۇنىڭ ئالىملىقى ھەققىدە، قۇرەيش

ۋە مەككىدە قۇرەيشنىڭ خاتادا، زالالەتتە، بۇزۇقلۇقتا، دۈشمەنلىكتە ئىكەنلىكى ھەققىدە پىكىر پەيدا قىلىشنى خالايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا دەۋەت مۇھىتىنى يېيىش ئۈچۈن مانا شۇنداق ئۇمۇمىي پىكىر زۆرۈر ئىدى. چۈنكى بۇ مۇھىت دەۋەتنىڭ يېيىلىشىغا ۋە غالىپ بولۇشىغا ياردەم بەرگۈچى ئەڭ كاتتا ئامىل ھېساپلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇرۇش پىلانىغا ئەمەس، تىنچلىق پىلانىغا قارار قىلدى. ئەگەر ئۇرۇشىدىغان بولسا، ئۇشبۇ پىلانغا خىلاپ ئىش قىلغان بولىدۇ ۋە بۇ چىقىشتىن كۆزلەنگەن مەقسىتىنى قولدىن بەرگەن بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن نېمە قىلىش توغرىسىدا كۆپ ئويلاندى، ئۇ زات ھەرقانداق ئادەمدىن ئۇزاقنى كۆرگۈچى، زور تەجرىبىلىك، ئۆتكۈر سىياسەتچى ئىدى. شۇ تەپەيلىدىن تىنچلىق پىلانىدا سابىت تۇرۇشنى قارار قىلدى. ئەكسى ھالدا كۆزلىگەن مەقسىتىنى قولدىن بېرىپ قوياتتى، پىلانى بەربات بولاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام زەرەرىگە قۇرەيش پايدىسىغا ئەرەپلەردە ھۆججەت پەيدا بولاتتى. ئۇمۇمىي پىكىرمۇ ئۆزىنىڭ ئەمەس، قۇرەيشنىڭ پايدىسىغا ھەل بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەرگە: «كىم بىزنى قۇرەيش تۇرغان يولدىن باشقا يولدىن ئېلىپ بارالايدۇ»، دېدى. ئادەملەر ئىچىدىن باشقا يولنى بىلىدىغان بىر كىشى چىقتى ۋە ئۇلار تاغ ئارىلاپ، تار چىغىرلاردىن، تاشلىق يوللاردىن ئېغىر مەشەققەتلەر بىلەن مېڭىپ، ھۇدەيبىيە دەپ ئاتىلىدىغان تۈزلەڭلىككە چىقتى. خالىد ۋە ئىكرىمىنىڭ قوشۇنلىرى مۇسۇلمانلارنى كۆرۈپ، دەھشەتكە چۈشۈپ، مەككىگە قاراپ ئات چاپتۇردى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ قوشۇنىدىن ئۆتۈپ، مەككە ھۇدۇدىغا باستۇرۇپ كىرىشىدىن ئۇلار قورقۇنچىغا چۈشۈپ



قالدى. مۇشرىكلار قوشۇنى مەككە ئىچىدە، رەسۇلۇللاھنىڭ قوشىنى ۋە ئۇ زات بىلەن بىرگە بولغانلار ھۇدەيبىيەدە ئورۇنلاشتى. ئىككى لەشكەرگاھ بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشى تۇردى ۋە بىر-بىرىگە قارشى قانداق پىلان قوللىنىش ھەققىدە ئويلاندى. بەزى مۇسۇلمانلار قۇرەيش ئۇرۇشقا تەييارلىق قىلغانلىقىنى، ھەجگە يول بەرمەسلىكى، دېمەك، ئۇنى يېڭىش ۋە ھەج قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئۇرۇشۇشتىن باشقا چارە يوقلىقى ھەققىدە ۋە بۇنىڭ بىلەن قۇرەيشنى پۈتۈنلەي تارمار قىلىش ھەققىدە پىكىر قىلدى. قۇرەيش مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇشقا بار تەييارلىقىنى قىلىپ، ئۆزلىرى قىرىلىپ كەتسىمۇ مۇسۇلمانلارنى مەككىدىن قايتۇرۇۋېتكىچە ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىش ھەققىدە ئويلايتتى. بىراق قۇرەيش مۇسۇلمانلار ھەققىدە مىڭ خىل ئوي-تەخمىنلەرنى قىلاتتى. شۇنىڭ بىلەن قۇرەيش مۇسۇلمانلارنىڭ نېمە قىلىشىنى كۈتۈپ تۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولسا بۇ يەرگە كېلىشتىن كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن مەدىنىدە ئۆمرە ئۈچۈن كىيگەن ئىھرام كىيىمىنى كىيگەندە تۈزگەن پىلانىنى، تىنچلىق پىلانىنى ئۆزگەرتمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۇدەيبىيەدە تۇردى. ۋە قۇرەيش نېمە قىلىشىنى كۈتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيش قورقۇۋاتقانلىقىنى ۋە ھەج قىلغىلى كەلگەنلىكى بارىسىدا مۇزاكىرە ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتىشنى بىلەتتى. قۇرەيش ئەلچى ئەۋەتكىچە ئالدىرىماسلىققا قارار قىلدى. ھەقىقەتەن، قۇرەيش بۇدەيل ئىبنى ۋەرقانى خۇزائە قەبىلىسىدىن بىر نەچچە كىشى بىلەن ئەلچە قىلىپ ئەۋەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىدى. ۋە قىسقا مۇزاكىرىدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئۇرۇشۇش

ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى ئۇلۇغلاش ئۈچۈن كەلگەنلىكىگە ئەمىن (خاتىرجەم) بولدى. كېيىن قۇرەيشنىمۇ بۇنىڭغا ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن قايتتى. قۇرەيش بولسا ئۇلارنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يان باستى دەپ ئەيىپلىدى ۋە ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئىشەنمىدى. كېيىن مىقداد ئىبن ھەپسە باشچىلىقىدا يەنە ئەلچى ئەۋەتتى. ئۇلارمۇ ئاۋۋالقىدەك بولدى. كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇزاكىرىگە ھەبەشلەر سەييىدى ھەلىس ئىبن ئەلقەمەنى ئەۋەتتى. قۇرەيش ئۇنىڭغا ۋە ئۇنىڭ قەۋمىگە مۇھەممەدنى توسۇشتا تايىناتتى ۋە ئۇلارنى مۇھەممەدكە قارشى قوزغىتىشنى قەست قىلغان ئىدى. قۇرەيشنىڭ پىكرىچە ئەگەر ھەلىس مۇزاكىرىدىن مۇۋەپپەقىيەتسىز قايتسا، مۇسۇلمانلارغا ئاداۋىتى كۈچىيىپ، مەككىنى قاتتىق ھىمايە قىلاتتى. بىراق رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن پەيتتە مۇسۇلمانلار ئۇرۇشقا ئەمەس، ھەججگە كەلگەنلىكىگە كۆزگە كۆرۈنۈدىغان دەلىل بولۇش ئۈچۈن قۇربانلىققا ئېلىپ كېلىنگەن چارۋىلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا ھەيدەپ چىقىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلىپ، ھەلىس مەككىدىن چىقىپ مۇسۇلمانلارنىڭ قارارگاھىغا يېقىنلاشقاندا كەڭ ۋادىدا تۆگىلەرنى كۆردى، مۇسۇلمانلارنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ قۇربانلىققا ئېلىپ كەلگەن چارۋىلىرى ئۇلارنىڭ ئۇرۇشقا ئەمەس، ئۆمرىگە كەلگەنلىكىنى نامايەن قىلىپ تۇرغانلىقىنى، مۇسۇلمانلار قارارگاھىدا ئىبادەت مۇھىتى زاھىر بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، بۇ مەنزىرىدىن قاتتىق تەسىرلەندى ۋە بۇ ئادەملەر ئۇرۇشنى ئەمەس، ئىبادەتنى ئىرادە قىلىپ كەلگەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام



بىلەن ئۇچراشماستىن مەككىگە قايتتى. ھەلىس قۇرەيشكە كۆرگەنلىرىنى بايان قىلدى ۋە ئۇلاردىن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىشىغا رۇخسەت بېرىشنى سورىدى. ئۇ قۇرەيشنىڭ ئىشەنمەي قاتتىق غەزەپلەندى ۋە ئەگەر مۇھەممەدكە كەئبىنى زىيارەت قىلىشقا يول بەرمىسە، ھەبەشلەرنى ئېلىپ مەككىدىن كېتىپ قېلىش بىلەن قورقۇتتى. لېكىن قۇرەيشلەرنىڭ چوڭلىرى ھەلىسنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ، بۇ ئىش ئۈستىدە پىكىر قىلىۋېلىش ئۈچۈن مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە شۇنىڭ بىلەن ھەلىس ئۇلارغا گەپ قىلمىدى. ئۇمۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا باردى ۋە مەككىدىن قايتىپ كېتىشى بارىسىدا مۇزاكىرە ئېلىپ باردى. مۇزاكىرىدە بارچە ئۇسۇللارنى ئىشقا سالدى. بىراق، ئۇنىڭ مۇزاكىرىسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتسىز ئاخىرلاشتى. ئۇرۋە رەسۇلۇللاھنىڭ كۆز قاراشلىرىغا قانائەت ھاسىل قىلىپ قايتتى ۋە قۇرەيشكە: «ئى قۇرەيش جامائەسى، مەن كىسرانى، قەيسەرنى ۋە نەجاشىنى ئۆز پادىشاھلىقىدا كۆرگەنمەن، لېكىن الله بىلەن قەسەمكى، مەن مۇھەممەدنى ئەسھابلىرى ئەزىزلىغاندەك ئۆز قەۋمىدىن ئەزىزلىق كۆرگەن بىرەر پادىشاھنى كۆرمىدىم. مەن شۇنداق بىر قەۋمنى كۆردۈمكى، ئۇلار مۇھەممەدنى دۈشمەن قولىغا ھەرقانداق ھالەتتىمۇ تاپشۇرۇپ قويمايدۇ. ئۇنداقتا، بىر ئويلاپ كۆرۈڭلار»، دېدى. بۇ نەرسە قۇرەيشنىڭ خۇسۇمىتىنى يېنىمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. ئۇلار ئۇزاق مەسلىھەتلىشىپ، بىرەر پىكىرگە كېلىشەلمىدى. رەسۇلۇللاھ قۇرەيش بىلەن مۇزاكىرىگە ئەلچى ئەۋەتىش ھەققىدە پىكىر قىلدى. بەلكى قۇرەيش ئەلچىلىرى قۇرەيشتىن قورقۇۋاتقاندۇر. ئۇمۇتكى ئۆز ئەلچىسى ئۇلارنى ئىشەندۈرەلە، شۇنىڭ بىلەن

قۇرەيشكە خىراش ئىبنى ئۇمەييە خۇزائىينى ئەۋەتتى. لېكىن قۇرەيشلەر ئۇنىڭ تۆگىسىنى سويۇپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ھەبەشلەر ھىمايە قىلدى. قۇرەيشنىڭ خۇسۇمىتى يېنىمۇ كۈچەيدى. كېچىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قارارگاھىغا تاش ئېتىشقا بىر توپ ئاخماقلارنى ئەۋەتتى. مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپكە كەلدى ۋە قۇرەيش بىلەن ئۇرۇشقا كىرىش ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ غەزەپلىرىنى بېسىپ، تىنچلاندۇردى. بىر كۈنى قۇرەيشتىن ئەللىك كىشى مۇسۇلمانلارغا زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ قارارگاھى تەرەپكە چىقتى. ئۇلار قولغا ئېلىنىپ، رەسۇلۇللاھ ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنى ئەپۇ قىلىپ، قويۇپ بەردى. بۇ ئىشنىڭ مەككىدە زور تەسىرى بولدى ۋە مۇھەممەدنىڭ ئۇرۇشقا ئەمەس، ھەجگە كەلگەنلىكى ھەققىدىكى گەپلىرى توغرىلىقىغا ئوچۇق دەلىل بولدى. بۇ ئىش سەۋەبىدىن مەككىدە رەسۇلۇللاھنىڭ پايدىسىغا ئۇمۇمىي پىكىر پەيدا بولدى. ھەتتا شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرگەندە ۋە قۇرەيش ئۇنى مەنئى قىلىشقا ئۇرۇنغاندا ئىش قۇرەيشنىڭ زەرەرىگە بولاتتى ھەمدە مەككە ئەھلى ۋە باشقا ئەرەبلەر قۇرەيشكە قارشى بولۇپ قېلىشاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرەيش جەڭ-جېدەل قىلىش ھەرىكەتلىرىنى توختىتىپ ۋە نېمە قىلىش ھەققىدە ئويلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىدە تىنچلىق ئالامىتى كۆرۈنۈپ قالدى.

شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلار بىلەن مۇزاكىرىگە مۇسۇلمانلاردىن ئەلچى ئەۋەتىشنى ئىرادە قىلدى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ بېرىشىنى بۇيرىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، مېنى ئۆلتۈرۈۋېتىشنىڭ



خەۋپى بار، مەككىدە بەنى ئەدىي ئىبنى كەئىب قەۋمىدىن مېنى ھىمايە قىلىدىغان ھېچكىم يوق، ھالبۇكى، قۇرەيش مەن ئۇنىڭغا قانچىلىك ئاداۋەتلىك ئىكەنلىكىمنى بىلىدۇ. لېكىن مەن قۇرەيش ئۈچۈن ئەزىز ۋە مۆتىۋەر بولغان بىر كىشىنى كۆرسىتىمەن، ئۇ ئوسمان ئىبنى ئەففان»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئوسماننى چاقىرىپ، ئەبۇ سۇفىياننىڭ قېشىغا ئەۋەتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇرەيش تەرەپكە كەتتى ۋە ئۇلارغا ئۆزىگە يۈكلەنگەن تاپشۇرۇقنى يەتكۈزدى، ئۇنىڭغا: [ئەگەر بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىشنى خالىساڭ، مەرھەمەت، دېگەندە: «تا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تاۋاپ قىلمىغىچە مەن تاۋاپ قىلمايمەن»، دېدى ۋە مۇزاكىرىگە كىرىشتى. قۇرەيش كۆنمىدى ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مۇزاكىرە سوزۇلۇپ كەتتى. ئاخىرى قۇرەيش رەت قىلىش ھالىتىدىن ئۆز تەلەپلىرىگە ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ تەلەپلىرىگە ماس كېلىدىغان باراۋەر پىلان ئىشلەپ چىقىش ھالىتىگە ئۆتتى ۋە ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆزلىرى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا ئالاقە پەيدا قىلىش بارىسىدا سۆھبەتلەشتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئۆزلىرىنى بۇ يامان ھالەتتىن ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن داۋام قىلىۋاتقان دۈشمەنلىشىشتىن خالاس قىلىدىغان بىر يول تېپىڭدۇ دەپ قارىدى. ئوسماننىڭ مەككىدە بولۇشى سوزۇلۇپ كېتىپ، ئۇ يەردە ئۇنىڭ بار ياكى يوقلىقىمۇ بىلىنمىگەچكە، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا قۇرەيش ئوسمانغا خىيانەت قىلىپ ئۇنى ئۆلتۈرىۋەتتى، دېگەن مىش-مىش گەپلەر تارقالدى. مۇسۇلمانلار قاتتىق ئىزتىراپقا چۈشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قەلبلىرىگىمۇ قۇرەيش ئوسماننى ئۆلتۈرگەن، دېگەن شۈبھە كىردى. مۇسۇلمانلار

ھاياجانغا كەلدى ۋە ھەممىسى قوللىرىنى قىلىچلىرىنىڭ دەستىسىغا قويۇپ، ئۇرۇش ۋە جەڭگە تەييار تۇردى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆزگەن پىلانى ـ تىنچلىق پىلانىنى قايتا كۆرۈپ چىقتى ۋە قۇرەيش ھارام ئايدا مۇزاكىرە ئەلچىسى ئوسمانغا خىيانەت قىلغاندىكى ئۇشبۇ پىلانىنى قايتا كۆرۈپ چىقىش-لازىملىقىغا ئىشەنچ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن «بۇ قەۋم بىلەن ئۇرۇش قىلماستىچە بۇ يەردىن كەتمەيمىز»، دېدى. كېيىن ئەسھابلارنى قېشىغا چاقىردى ۋە شۇ يەردىكى بىر دەرەخ ئاستىدا تۇرۇپ، ئەسھابلىرىدىن بەيئەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ھەممىسى رەسۇلۇللاھقا تا ئۆلگىچە قاچماسلىققا بەيئەت بەردى. مۇسۇلمانلار شۇ پەيتتە ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ شىجائەتلىك، قەتئىيلىك ۋە سادىق ئىمانلىق ھالەتتە ئىدى. بەيئەت تۈگەپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئوسمان ئۈچۈن بەيئەت دەپ، بىر قولىنى ئىككىنچىسىگە ئۇردى. مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ بەيئەتلىرى «بەيئەتۇررىزۋان» (رازىلىق بەيئىتى) ئىدى. بۇ بەيئەت توغرىسىدا اللە تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايەت كەرىمىسى نازىل بولدى.

لقد رضي الله عن المؤمنين اذ يبايعونك تحت الشجرة فعلم ما في قلوبهم فانزل السكينة عليهم واثبتهم فتحا قريبا

ـ «اللە مۆئمىنلەردىن ھەقىقەتەن رازى بولدى، (ئى مۇھەممەد!) ئۆز ۋاقتىدا ئۇلار (ھۇدەيبىيەدە) دەرەخ (سايىسى) ئاستىدا ساڭا بەيئەت قىلدى. اللە ئۇلارنىڭ دىلىدىكىنى (راستلىق بىلەن ۋاپانى) بىلدى، اللە ئۇلارغا (ئۇلار بەيئەت قىلىۋاتقاندا) تەمكىنلىك چۈشۈرۈپ بەردى ۋە ئۇلارنى يېقىن غەلىبە (يەنى خەيبەرنىڭ پەتھى قىلىنىشى) بىلەن ۋە ئۇلار ئالىدىغان نۇرغۇن غەنىمەتلەر بىلەن مۇكاپاتلىدى». (48:18)

بەيئەت ئاخىرلىشىپ، مۇسۇلمانلار جەڭگە ھازىرلىق



www.uyghurkitap.com

كۆرۈۋاتقان بىر پەيتتە ئۇلارغا ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تىرىك ئىكەنلىك خەۋىرى كېلىپ قالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆزى كەلدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام-غا قۇرەيشنىڭ گەپلىرىنى يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىق مۇزاكىرىلىرى قايتا باشلاندى. قۇرەيش سۇھەيل ئىبنى ئەمرىنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەج ۋە ئۆمرە مەسىلىسىدىن باشقا ئۆزلىرى بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدا تۈزۈلىدىغان سۈلھى مەسىلىسىدە مۇزاكىرە قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. سۈلھىنىڭ ئاساسى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بۇ يىل مەككىگە كىرمەستىن قايتىشى شەرت قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇ ئاساستىكى سۈلھىنى قوبۇل قىلدى. چۈنكى، بۇ نەرسە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشتىن كۆزلىگەن مەقسىتىنى مەيدانغا چىقىراتتى، بۇ يىل ياكى كېلەركى يىلى بەيتۇللاھنى زىيارەت قىلىشنىڭ ھېچبىر زەرىرى يوق. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى قۇرەيشتىن ئايرىۋېتىشنى ھەمدە ئىسلامىي دەۋەتنى يېيىشتا باشقا ئەرەپلەرنى قۇرەيشنىڭ توسماسلىقىنى خالايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بىلەن قۇرەيش ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى توختىتىدىغان سۈلھى تۈزۈشنى خالايتتى. ھەج ۋە ئۆمرە ماۋزۇسى بولسا، ئۇ بۈگۈن ياكى ئەرتىگە بولىشىنىڭ بۇ ئىشقا تەسىرى يوق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام سۇھەيل ئىبنى ئەمرى بىلەن مۇزاكىرىگە كىرىشتى. ئوتتۇرىدا سۈلھى ۋە ئۇنىڭ شەرتلىرى بارىسىدا ئۇزاق تالاش بولدى. مۇزاكىرە بىر نەچچە قېتىم بۇزۇلۇشقا ئاز قالدى. بىراق رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ

ھېكمەت بىلەن ئىش يۈرگۈزۈشى، تەجرىبىلىك ۋە ئوتتۇر سىياسەتلىرى مۇزاكىرىنىڭ بۇزۇلۇشىغا يول قويمىدى. مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھنىڭ يېنىدا بۇ سۆزلەرنى ئىشىتىپ تۇراتتى ۋە ئۆمرە توغرىسىدا سۆزلىشىش بولاۋاتىدۇ دەپ ھېساپلىشاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولسا ئۇرۇشنى توختىتىش بارىسىدىكى سۆزلىشىش بىلەن دەپ ھېساپلايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار بۇ سۆزلىشىشتىن خاپا بولدى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولسا خۇرسەن بولدى. ۋە ۋاقىتىنچىلىك تەپسىلاتلار، يەنى پايدىلاردىن قەتئىنەزەر بۇ سۆزلىشىشنى ئۆزلىرى ئىرادە قىلغان غايە ئاساسىدا ئېلىپ باردى. ئاخىر، ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا مۇئەييەن شەرتلەر ئاساسىدا سۈلھى تۈزۈلدى. بىراق بۇ شەرتلەر مۇسۇلمانلارنىڭ غەزىپىنى قوزغىۋەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى بۇ شەرتلەرنى رەت قىلىش ۋە ئۇرۇش قىلىشقا كۆندۈرۈشكە ھەرىكەت قىلدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا: «نېمە ئۈچۈن بىز يان بېسىشقا رازى بولىشىمىز كېرەك؟» دېدى بىرلىكتە رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا بۇ شەرتلەرگە ئۇنۇماسلىققا كۆندۈرۈش ئۈچۈن بېرىشنى سورىدى. لېكىن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كۆنگەن نەرسىگە رازى بولۇشقا ئۈندىدى. بىراق ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۆنمىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ، قاتتىق، ئاچچىقلانغان ھالدا ئۆز پىكرىنى بىلدۈردى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ئەيىبلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەبىرلىرىنىمۇ، مۇقەسسەتتىنمۇ ئۆزگەرتەلمىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام



ئۆمەرگە: «مەن اللەنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسىمەن. ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا ئەسلا خىلاپ ئىش قىلمايمەن. اللە تائالا مېنى ئەسلا خار قىلىپ، تاشلاپ قويمايدۇ»، دېدى ۋە كېيىن ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ چاقىرىپ، ئۇنىڭغا دېدى: «بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم، دەپ ياز»، سۇھەيل: «بىز بۇنى بىلمەيمىز. لېكىن بىسمىكەللاھۇممە» دەپ ياز»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېدى: «بىسمىكەللاھۇممە دەپ ياز». كېيىن دېدى: «ئۇشبۇ ھۆججەت اللەنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد سۇھەيل ئىبنى ئەمرى بىلەن تۈزگەن سۈلھىنىڭ مەتنىدۇر»، دەپ ياز». سۇھەيل دېدى: «ئەگەر مەن سىزنىڭ اللەنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىڭىزگە گۇۋاھلىق بەرگەن بولسام سىلەرگە قارشى ئۇرۇش قىلمايتتىم. ئۆز ئىسمىڭىز ۋە ئاتىڭىزنىڭ ئىسمىنى يېزىڭ». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «بۇ ھۆججەت مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ سۇھەيل ئىبنى ئەمرى بىلەن تۈزگەن سۈلھىنىڭ مەتنىدۇر» دەپ ياز». كېيىن تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈلھىنىڭ مەتنىسى يېزىلدى:

A) بۇ سۈلھى ئىككى تەرەپ ئۆز-ئارا كېلىشىلگەن ۋاقىتىنچىلىك سۈلھى ۋە يارىشىش توختامىدۇر.

B) قۇرەيشتىن كىم مۇسۇلمان بولۇپ، ۋەلىسىنىڭ ئىزنىسىز مۇھەممەدنىڭ ئالدىغا بارسا، مۇھەممەد ئۇنى قۇرەيشكە قايتۇرۇپ بېرىدۇ. مۇسۇلمانلاردىن كىم دىنىدىن قايتىپ، قۇرەيشكە كەلسە، ئۇنى مۇھەممەدكە قايتۇرمايدۇ.

C) ئەرەبلەردىن كىم مۇھەممەد بىلەن ئىتتىپاقچى بولۇشنى خالىسا، قارشىلىق قىلىنمايدۇ، كىم قۇرەيش بىلەن ئىتتىپاقچى بولۇشنى خالىسا، ئۇنىڭغىمۇ قارشىلىق قىلىنمايدۇ.

D) مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئەسھابلىرى بۇ يىلى مەككىگە كىرمەستىن قايتىدۇ. كېلەركى يىلى كېلىدۇ ۋە مەككىگە كىرىپ، ئۇ يەردە ئۈچ كۈن تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ بىلەن ھېچقانداق قورال ئېلىپ كەلمەيدۇ، پەقەت قىلىچىنى قېپىدا ئېلىۋالىدۇ.

E) سۇلھى مۇئەييەن ۋاقىتلىقچىلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ مۇددىتى ئىمزالانغان كۈندىن باشلاپ ئون يىل قىلىپ بەلگىلىنىدۇ.

سۇلھىگە رەسۇلۇللاھ ۋە سۇھەيل مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنى ۋە غەزەپى كۆتۈرۈلگەن بىر ۋاقىتتا ئىمزا قويۇلدى. سۇھەيل مەككىگە قايتىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ھالىتىدىن رەنجىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۇرۇشنى خالىشىدىن ئاچچىقى كەلدى. كېيىن ئايالى ئۇممۇ سەلەمە ئالدىغا كىردى. (ئۇنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەلگەن ئىدى). ئۇممۇ سەلىمە دېدى: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، مۇسۇلمانلار سىزگە خىلاپ ئىش قىلمايدۇ، ئۇلار ئۆز دىنىنى، ۋە الله تائالاغا بولغان ئىمانىنى ۋە سىزنىڭ پەيغەمبەرلىكىڭىزنى ئويلاپ ھاياجانغا چۈشمەكتە. سىز چېچىڭىزنى ئېلىپ، ئېھرامدىن چىقىڭ. شۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلارنىڭ سىزگە ئەگەشكەنلىكىنى كۆرىسىز. ئېيىن ئۇلارنى مەدىنىگە ئېلىپ كېتىڭ». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنىڭ ئالدىغا چىقتى ۋە ئۆمەرگە ئىزنى سۈپىتىدە چېچىنى ئالدى. قەلبلىرى رازىلىق بىلەن تولدى. مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇشاللىقتا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇردى ۋە قۇربانلىقلىرىنى سويۇپ، چاچلىرىنى ئالدى، قىرقىدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە مۇسۇلمانلار مەدىنىگە قايتتى. ئۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رەسۇلۇللاھقا «پەتھ» سۈرىسى نازىل بولغاندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى بېشىدىن ئاخىرىغىچە ئوقۇپ بەرگەن. شۇ ۋاقىتتا ئۇشبۇ سۇلھى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئوچۇق پەتھى (غەلىبە) بولغانلىقىغا ھەممىسى ئىشەنچ ھاسىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ مۇسۇلمانلار مەدىنىگە يېتىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەيبەرنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغا دەۋەتنى يېيىش، يېرىم ئارال ئىچىدە بولسا، دەۋەتنى مۇستەھكەملەش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. قۇرەيش بىلەن سۇلھى دەۋرىدە بەزى قارشى تەرەپلەرنى يوقىتىش ۋە تاشقىرى بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا ئىمكان تۇغۇلدى. ئۇشبۇ سۇلھىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن بۇ ئىشلار ئەمەلگە ئاشتى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەجگە مەقسەت قىلغاندا ئىشلەپ چىققان پىلانلىرىنى قىيىنچىلىق ۋە توسقۇلارغا قارىماستىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ھەمدە ئىرادە قىلغان سىياسى مەقسىتىگە يەتتى. شۇنداق قىلىپ، ھۇدەيبىيە شۈبھىسىز، ئوچۇق پەتھى بولدى ۋە ئۇ تۆۋەندىكى نەتىجىلەرنى مەيدانغا چىقاردى:

1. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇمۇمەن ئەرەپلەردە، خۇسۇسەن مەككىدە ۋە قۇرەيش ئارىسىدا ئىسلامى دەۋەتنى كۈچلەندۈرگۈچى ئىسلامىي پىكىر پەيدا قىلدى. بۇ نەرسە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەيۋىتىنى ئاشۇردى. قۇرەيشنىڭ ھەيۋىسىنى يەرگە ئۇردى.

2. مۇسۇلمانلارنىڭ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئىشەنچىلىك ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلدى ۋە ھەرقانداق خەتەرلەرگە تەييار، ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىقى ئىسپاتلاندى.

3. مۇسۇلمانلار سىياسىي ھەرىكەت ئىسلامىي دۆلەت

ۋاستىلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

4. مەككىدە مۇشرىكلار ئىچىدە قالغان مۇسۇلمانلار دۈشمەن قارارگاھى ئىچىدە مەركەز تەشكىل قىلدى.

5. سىياسەتنىكى تەرىقەتمۇ پىكرەتنىڭ ئۆزىدىن بولۇپ، ئۇ راستلىق ۋە ئەھدىگە ۋاپا قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ۋاستىگە كەلسەك، ئۇنىڭدا زىرەكلىك ۋە ئۇستىلىق، يەنى دۈشمەندىن ۋاستىلەرنى ۋە ھەقىقى مەقسەتلەرنى يوشۇرۇش گەۋدىلىنىپ تۇرۇشى لازىم.

## خەيبەر غازىتى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدىن قايتىپ كېلىپ، مەدىنىدە ئون بەش كۈن تۇرغاندىن كېيىن ئادەملەرگە خەيبەر غازىتىغا تەييارلىنىشقا بۇيرۇق بەردى ۋە پەقەت ھۇدەيبىيەدە بولغانلارغا غازاتقا چىقىشنى ئېيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ھۇدەيبىيەگە چىقماستىن ئالدىن خەيبەر يەھۇدىلىرى قۇرەيش بىلەن بىرگە مەدىنىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش بارىسىدا تىل بىرىكتۈرۈۋاتقانلىقىنىڭ خەۋىرى كەلگەن ئىدى. ئۇلار ئارىسىدا بۇ تىل بىرىكتۈرۈش يوشۇرۇن سۈرەتتە بولغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيش بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلىۋاتقان ئۇرۇشنى توختىتىشقا ئېرىشىش ئۈچۈن تىنچلىق پىلانى ئاساسىدا ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاشنى، ۋە كېيىن خەيبەر يەھۇدىلىرىنى يوقىتىشنى ئىرادە قىلدى. ھۇدەيبىيە تىنچلىق پىلانىنى مۇكەممەل ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدىن ۋە بۇنىڭ بىلەن قۇرەيشنى



خەيبەردىن ئاجرىتىپ قويغاندىن كېيىن خەيبەردىكى يەھۇدىلارنى يوقىتىش بىلەن ئۇشبۇ پىلاننىڭ قالغان قىسىملىرىنىمۇ ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا كىرىشتى. ھۇدەيبىيەدىن قايتىشى بىلەن قوشۇنغا تەييارلىنىشنى بۇيرىدى ۋە بىر مىڭ ئالتە يۈز مۇسۇلمان بىلەن يولغا چىقتى. ئۇلارنىڭ يۈزى ئاتلىق جەڭچىلەر ئىدى. ھەممىسى اللەنىڭ تائالا غەلىبە بېرىشىگە قاتتىق ئىشىنەتتى. خەيبەر بىلەن مەدىنە ئارىسىدىكى يولنى ئۈچ كۈندە بېسىپ ئۆتتى. بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە خەيبەر مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى. مۇسۇلمانلار يەھۇدىلارنىڭ قەلئەلىرى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. تاڭ ئاتتى. خەيبەرنىڭ دېھقانلىرى قەلئەدىن چىقىپ، ئىش قوراللىرىنى كۆتۈرۈپ داللارغا كېتىشكە باشلىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنىنى كۆرۈپ، ۋارقىرىشىپ-جارقىراپ ئارقىلىرىغا قاچتى: «مانا مۇھەممەد، ئۇ قوشۇن بىلەن كەلدى». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغاندا: «الله اكبر خەيبەر خاراپ بولدى. بىز بىر قەۋمنىڭ يېرىگە چۈشكىنىمىزدە ئاگاھلاندۇرغۇچىلارنىڭ يېرىمى يامان بولىدۇ»، دېدى. يەھۇدىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلارغا غازات قىلىشىنى كۈتكەن ئىدى. بۇنىڭغا سەۋەپ ئۇلارغا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ۋە قۇرەيش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن توختام تۈزگەنلىك خەۋىرى يېتىپ بارغاندا، بۇنى قۇرەيشنىڭ ئارقىغا قايتىشى دەپ ھېساپلىدى. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن ئۆزلىرىدىن ۋە ۋادى قۇرا ھەمدە تەيمە يەھۇدىلىرىدىن يەسرىب (مەدىنە) گە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن بىر گورۇھ تەشكىل قىلىشنى ۋە بۇ ھۇجۇمدا ئەرەپ قەبىلىلىرىگە - خۇسۇسەن قۇرەيش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تۈزگەندىن كېيىن - تايانماسلىقنى

مەسلىھەتلەشتى. ئۇلاردىن باشقىلار بولسا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشنى ماقۇل كۆرەتتى. ئۇمۇنكى بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە ئورنىشىپ قالغان ئاداۋەتنى ئۆچۈرۈپ تاشلىسا ئەجەپ ئەمەس. ئۇلار بۇ ھەقتە كېپ تالىشاتتى، خەتەر يېقىنلىشىۋاتقانلىقىنى ھىس قىلىشاتتى ھەمدە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش بىلەن تىل بىرىكتۈرگەنلىكىنى پاش قىلغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا قارشى غازات قىلىشنى بىلىشەتتى. لېكىن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ غازاتلىرى بۇنداق تېز بولىشىنى كۈتمىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قوشۇنلىرى بىلەن ئۇلارنى غەپلەتتە قالدۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران بولۇپ قالدى ۋە غەتىفاندىن ياردەم سورىدى. يەھۇدىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى تۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. قەلئەلىرىگە كىرىۋېلىپ، قوغدالدى. بىراق، مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ زەربىسى شىددەتلىك بولدى. يەھۇدىلارنىڭ قارشىلىقى پايدا بەرمىدى. ئۇلارنىڭ بارچە قەلئەلىرى ۋەيران قىلىندى. ئاخىرى ئۇلار ئۈمىدسىزلىككە چۈشتى ۋە قانلىرى تۆكۈلمەسلىك باراۋېرىگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن سۈلھى تەلەپ قىلدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلىۋىنى قوبۇل قىلدى. ۋە ئۇلارنى ئۆز يۇرتلىرىدا قالدۇرۇدى. ئۇلارنىڭ يەرلىرى ۋە تەكزارلىقى پەتىھى ھۆكمى بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئۆتتى ۋە ئۆزلىرىگە ۋە يېرىمى يەھۇدىلارغا تېگىشى باراۋېرىگە بۇ يەرلەردە ئىشلىشىگە رۇخسەت بەردى. خەيبەر يەھۇدىلىرى بۇ شەرتكە رازى بولدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتىپ كەلدى ۋە ئۇ يەردە تا ئۆمرىنىڭ قازاسىغا بارغىنىغا قەدەر



ئۇردى.

خەيبەر يەھۇدىلىرىنىڭ سىياسى سەلتەنىتىگە زەربە بېرىش ۋە ئۇلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ سەلتەنىتىگە بويسۇندۇرۇش بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شىمال تەرەپتە شامدىن تىنچ بولدى. بۇنىڭدىن ئالدىن ھۇدەيبىيە سۈلھى شاراپىتى بىلەن جەنۇب تەرەپتىن خاتىرجەم بولغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئىچىدىمۇ، تاشقىرىدىمۇ دەۋەتكە يول ئېچىلىلدى.

## خوشنا دۆلەتلەرگە ئەلچە ئەۋەتىش

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھىجازدا ئىسلامىي دەۋەتتىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن دەۋەتنى ھىجازدىن تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. چۈنكى ئىسلام بارچە ئادەملەرنىڭ دىنىدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالاممۇ پۈتۈن ئالەمگە ئەۋەتىلگەندۇر. اللە تائالا «ئەنبىيا» سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

وما ارسلناك الا رحمة للعلمين

-«(ئى مۇھەممەد!) ھەقىقەتەن، بىز سېنى بارچە ئادەملەرگە پەقەت رەھمەت قىلىپ ئەۋەتتۇك». (21:107)

اللە تائالا «سەبەء» سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

وما ارسلناك الا كافة للناس بشيرا ونذيرا *

-«سېنى بىز پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق. ۋە لېكىن ئىنسانلارنىڭ ئۇلۇسى (بۇنى) بىلمەيدۇ». (34:28)

اللە تائالا تەۋبە «سۈرىسىدە» مۇنداق دەيدۇ:

هو الذي ارسل رسوله بالهدي ودين الحق ليظهره علي الدين



www.uyghurkitap.com

كلهٖ ولو كره المشركون ».

— «الله ھەق دىن (ئىسلام)نى بارلىق دىنلاردىن ئۈستۈن قىلىش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ پەيغەمبىرىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) تولۇق ھىدايەت ۋە ھەق دىن بىلەن ئەۋەتتى، مۇشرىكلار ئۇنىڭ (ئۈستۈن بولۇشىنى) يامان كۆرگەن تەقدىردىمۇ» . (9:33)

شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىدا دۆلەت ۋە دەۋەتنى مۇستەھكەملىگەندىن كېيىن دەۋەتنى ئەلچىلەر ياردىمىدە يەتكۈزۈش ئارقىلىق تاشقى ئالاقىلارنى باشلاش تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا نىسبەتەن تاشقى ئالاقىلار دېگەندە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەلتەنىتى چېگراسىدىن تاشقىرىدىكى كاپىرلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىلار چۈشىنىلىدۇ. دېمەك رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ پەقەت مەدىنىدە بولغان پەيتتىكى مەدىنە ۋە ئۇنىڭ ھۇدۇدىدىن تاشقىرىدىكى قۇرەيش ۋە باشقىلار بىلەن بولغان ئاقىلارنى تاشقى ئالاقىلار دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەلتەنىتى پۈتۈن ھىجازنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەيتتىكى ھىجاز تاشقىرىسى بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى تاشقى ئالاقە دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سەلتەنىتى پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەيتتە يېرىم ئارالنىڭ تاشقىرىسىدىكى رۇم ۋە پارسلارغا ئوخشاشلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرى تاشقى ئالاقە دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. ھۇدەيبىيە سۈلھىسىدىن ۋە خەيبەر يوقىتىلغاندىن كېيىن تەقرىبەن پۈتۈن ھىجاز رەسۇلۇللاھنىڭ سەلتەنىتى ئاستىغا كىردى. چۈنكى بۇ پەيتكە كېلىپ قۇرەيشتە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى



تۇرالايدىغان كۈچ قالمىغان ئىدى. شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تاشقىرىغا ئۆز ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. ئەلچىلەرنى پەقەت ئىچكى سىياسەتنى مۇستەھكەملەپ، تاشقى سىياسەتكە تايانچ بولىدىغان يېتەرلىك كۈچ تەييارلىغاندىن كېيىنلا ئەۋەتىشنى باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خەيبەردىن قايتقاندىن كېيىن بىر كۈنى ئەسھابلىرى قېشىغا چىقىپ: «ئى ئادەملەر، ئەلۋەتتە الله تائالا مېنى رەھمەت ۋە بارچە ئادەملەرگە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتتى. شۇنداق ئىكەن، ئىيسا ئىبنى مەريەمنىڭ بۇيرىقىغا ھاۋارىيۇنلىرى (ياردەمچىلىرى) زىت ئىش قىلغىنىدەك سىلەر مېنىڭ بۇيرۇقلىرىمغا زىت ئىش قىلماڭلار»، دېدى. ساھابىلار: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، ئىيسانىڭ ياردەمچىلىرى قانداق زىت ئىش قىلغان؟» دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «ئى ئىيسامۇ مەن سىلەرنى دەۋەت قىلغان نەرسىگە دەۋەت قىلغان. ئىيسا كىمنى يېقىن جايغا ئەۋەتسە رازى بولۇپ بارغان. كىمنى ئۇزاق جايغا ئەۋەتسە، بېرىشنى يامان كۆرۈپ، سۇسلۇق قىلغان»، دەپ جاۋاپ بەردى ۋە ئۇلارغا ھىرەقل، كىسرا، مۇقەۋقىس، ھىرا پادىشاسى ھارىس غەسسانى، يەمەن پادىشاسى ھارىس ھۇمەيرى، نەجاشىي، ئۇماننىڭ ئىككى پادىشاسى، يەمامەنىڭ ئىككى پادىشاسى ۋە بەھرەيننىڭ پادىشاسىغا ئىسلامغا دەۋەت قىلىدىغان ئەلچى ئەۋەتىشنى مەلۇم قىلدى. ساھابىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىرادە قىلغان ئىشقا بېرىشقا رازى بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۈچۈن كۈمۈشتىن ئۈزۈك ياسىلىپ، ئۇنىڭغا «محمد رسول الله» دەپ نەقىش چۈشۈرۈلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇشبۇ پادىشاھلارغا مەكتۇپلارنى ئەلچىلەر ئارقىلىق

خەلىپە كەلگىچە،
ئەۋەتتى. ھىرەقلىنىڭ مەكتۇبىنى دىھيە ئىبنى خەلىفە كەلگىچە،
كىسرانىڭ مەكتۇبىنى ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇزاپە سەھمىگە،
نەجاشىنىڭ مەكتۇبىنى ئەمرى ئىبنى ئۇمەييە زۇمەيرىگە،
مۇقەۋقىسنىڭ مەكتۇبىنى ھاتىب ئىبنى ئەبۇلبەلتەئەگە،
ئۇممانىنىڭ ئىككى پادىشاسىنىڭ مەكتۇبىنى سۇلەيت ئىبنى
ئەمرىگە، بەھرەين پادىشاھىنىڭ مەكتۇبىنى ئەلا ئىبنى
ھەزرەمىگە، شام چېگرالىرى پادىشاھى ھارىس غەسسانىنىڭ
مەكتۇبىنى شىجا ئىبنى ۋەھبىل ئەسەدىگە ۋە يەمەن پادىشاسى
ھارىس ھىميەرىنىڭ مەكتۇبىنى مۇھاجىر ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييە
مەخزۇمىغا تاپشۇردى. ئەلچىلەرنىڭ ھەر بىرى رەسۇلۇللاھ
ئەلەيھىسسالام ئەۋەتكەن تەرەپكە قاراپ بىر ۋاقىتتا چىقىپ كەتتى
ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبىنى ئەۋەتىلگەن
ئىگىلىرىگە يەتكۈزدى. كېيىن ھەممىسى قايتىپ كەلدى.
مەكتۇپ ئەۋەتكەنلەرنىڭ كۆپچىلىكى ئۇنىڭغا ياخشى جاۋاپ
قايتۇرغان بولسا، بىرسى ئوسال جاۋاپ قايتۇردى. يەمەن ۋە
ئۇممان پادىشاھلىرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەكتۇبلىرىغا
يامان جاۋاپ قايتۇرغان بولسا، بەھرەين پادىشاسى ياخشى
چىرايلىق جاۋاپ قايتۇردى ۋە ئىسلامغا كىردى. يەمامە پادىشاھى
بولسا ئەگەر ھاكىم قىلىپ بەلگىلەنسە، ئىسلامغا كىرىشنى
ئىزھار قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى تەمە قىلغانلىقى
ئۈچۈن لەنەت قىلدى. پارس پادىشاھى كىسراغا رەسۇلۇللاھنىڭ
ئۇنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ يازغان مەكتۇبى ئوقۇپ بېرىلگەندە
غەزەپتىن ۋارقىراپ كەتتى ۋە مەكتۇبنى يىرتىۋەتتى. كېيىن
يەمەندىكى ھاكىمى بازانغا ماڭا ھىجازدىكى بۇ ئادەمنىڭ كاللىسىنى
ئەۋەت. دەپ مەكتۇپ يوللىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا



كىسرانىڭ كەپلىرى ۋە مەكتۇبىنى نېمە قىلغانلىق خەۋىرى
يەتكەندە: «اللە ئۇنىڭ تەختىنى پارچىلاپ تاشلىسۇن». دېدى.
كىسرانىڭ مەكتۇبى ئۇنىڭ يەمەندىكى ھاكىمى بازانغا يېتىپ
كەلگەندە، ئىسلام ھەققىدە سوراپ-سۈرۈشتۈردى ۋە [illegible]
ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. كېيىنچىلىك ھەم
رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يەمەندىكى ھاكىمى بولۇپ قالدى.
ئۇ يەمەن پادىشاھى ھارىس ھىميەرىدىن باشقا ئادەم. ئەمما
قىبتىنىڭ پادىشاسى مۇقەۋقىس مەكتۇبقا چىرايلىق جاۋاپ
قايتۇردى ۋە رەسۇلۇللاھقا ھەدىيە ئەۋەتتى. نەجاشىمۇ چىرايلىق
جاۋاپ قايتۇردى. ئېيتىشلارچە ئۇمۇ ئىسلامغا كىرگەن. ھىرەقل
بولسا بۇ دەۋەتچىگە ئېتىبارمۇ بەرمىدى، ئۇنىڭغا قارشى قوشۇن
ئەۋەتىش ھەققىدە ئويلاپمۇ قويمىدى، ئۇمۇمەن ھېچنەرسە
دېمىدى. ھارىس غەسسانى ئۇنىڭدىن پەيغەمبەرلىكنى دەۋا
قىلىۋاتقان بۇ كىشىنىڭ ئەدىۋىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن بىر
قوشۇنغا باش قىلىپ ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ تەلىۋىنى
قاندۇرمىدى. ھارىسنى ئۆز ئالدىغا - بەيتۇلمەقدەسكە
چاقىرىۋالدى.

بۇ مەكتۇبلارنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئەرەپلەر اللەنىڭ
دىنىغا توپ-توپ بولۇپ كىرىشكە باشلىدى. كېيىن ئىسلامغا
كىرگەنلىكلىرىنى ئېلان قىلىپ ئۇلارنىڭ ئەلچىلىرى رەسۇلۇللاھ
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كەينى-كەينىدىن كەلدى. رەسۇلۇللاھ
ئەلەيھىسسالام ئەرەپلەردىن باشقىلارغا جىھاد قىلىش ئۈچۈن
تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى.

## «قەزا» ئۆمرىسى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن قۇرەيش ئوتتۇرىسىدا ھۇدەيبىيە سۈلھىسى ئىمزالىنىپ بولۇشى بىلەن خۇزائە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن، بەنى بەكرى قەبىلىسى قۇرەيش بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى. قۇرەيش بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ياخشىلاندى. ئىككىلى تەرەپ بىر-بىرىدىن تىنىچ بولدى. قۇرەيش ئۆزى بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا داۋام قىلغان ئۇرۇش دەۋرىدە قولدىن كەتكەن نەرسىلىرىنى تىكلىۋېلىش ئۈچۈن تىجارەت ئىشلىرىنى كېڭەيتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز رىسالىتىنى بارچە ئادەملەرگە يەتكۈزۈشنى داۋام قىلدۇرۇشقا، ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا دۆلەتنى مۇستەھكەملەش ۋە بۇ دۆلەتتە بەرقارارلىق ئاساسلىرىنى تولۇق ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. دىمەك، خەيبەر ۋۇجۇدىنى يوقاتتى. تۆرلۈك دۆلەتلەرنىڭ پادىشاھلىرىغا ئەلچىلەرنى ئەۋەتتى. تاشقىرى بىلەن ئالاقە ئورناتتى. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ ھەممە يەرلىرىنى تولۇق قولغا ئېلىش ئۈچۈن دۆلەتنى مۇستەھكەملەشنى باشلىدى. ھۇدەيبىيەدىن بىر يىل ئۆتۈپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئادەملەرنى ئاۋۋال مەنئى قىلىنغان ئۆمرىنىڭ قازاسىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بىرىشقا تەييارلىنىشقا بۇيرىدى. مۇسۇلمانلاردىن ئىككى مىڭ كىشى يولغا چىقتى. ئۇلار ھۇدەيبىيە سۈلھى شەرتلىرىگە بىنائەن ئۆزلىرى بىلەن قىلىچتىن باشقا ھېچقانداق قورال ئالمىدى. لېكىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دائىم خىيانەت بولۇپ قېلىشىدىن قورقاتتى.



شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە باشچىلىقىدا يۈز ئاتلىقنى تەييارلاپ، مەككە تەرەپكە ئېھتىياتەن ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا مەككە چېگراسىغا كىرمەسلىكنى بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار مەككىگە بېرىپ، ئۆمرە قازاسىنى ئادا قىلدى ۋە كېيىن مەدىنىگە قايتتى. ئۇلار قايتىشى بىلەن مەككە ئەھلى ئىسلامغا كىرىشنى باشلىۋەتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىد، ئەمرى ئىبنى ئاس ۋە كەئبە ساقچىسى ئوسمان ئىبنى تەلھەلەر ئىسلامغا كىردى. ئۇلارنىڭ ئىسلامغا كىرىش شاراپىتى بىلەن مەككە ئەھلىدىن كۆپچىلىك ئىمان كەلتۈردى. بۇنىڭ بىلەن مەككىدە ئىسلامنىڭ شان-شەۋكىتى كۆچەيدى ۋە قۇرەيشنىڭ سەپلىرى زەئىپلىشىپ كەتتى.

## مۆئتە غازىتى

ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى تاشقىرىسىدىكى پادىشاھلارنىڭ جاۋاپلىرىنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، ئەلچىلەر دەۋەتنى يەتكۈزۈشتىن قايتىپ كېلىپلا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى تاشقىرىسىدا جىھاد قىلىش ئۈچۈن قوشۇن تەييارلىدى ۋە رۇم بىلەن پارسنىڭ خەۋەرىنى كۆزىتىشكە باشلىدى. رۇمنىڭ چېگرالىرى ئىسلام دۆلىتى چېگرالىرى بىلەن تۇتاش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خەۋەرلىرى ئۈزلۈكسىز كېلىپ تۇراتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامى دەۋەت ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى تاشقىرىسىغا چىققان ھامان تېز سۈرئەت بىلەن ناھايىتى كەڭ تارقىلىدۇ ۋە شام ئۆلكىلىرى بۇ دەۋەت ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىدە بولىدۇ، دەپ

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەرگەن بايراقنى كۆتۈرۈپ دۈشمەن ئوتتۇرىسىغا بېرىپ كىردى. ئۇ ئالدىدا ئۆلۈمنى كۆرۈپ تۇراتتى. لېكىن زەررىچە ئۆلۈمدىن قورقمىدى. چۈنكى، بۇ ئۆلۈم اللە تائالا يولىدا شەھىد بولۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان جۈرئەت بىلەن جەڭگە كىرىپ كەتتى ۋە دۈشمەن نەيزىلىرى ئەتىچە يارا قىلىۋەتكىچە ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماستىن جەڭ قىلدى. كېيىن بايراقنى جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب قولغا ئالدى. ئۇنىڭ يېشى ئوتتۇز ئۈچتە بولۇپ، چىرايلىق ۋە شىجائەتلىك يىگىت ئىدى. ئۇمۇ ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماستىن جەڭ قىلدى. دۈشمەن ئۇنى قورشىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئېتىدىن چۈشتىمۇ ئېتىنى ئۆلتۈرۈپ، دۈشمەننى قىلىچ بىلەن چاپقان ھالدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا رۇملاردىن بىر كىشى ھۇجۇم قىلىپ، قىلىچى بىلەن بىر زەربە ئۇرۇپ، ئۇنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى. جەئفەرمۇ شەھىد بولدى. كېيىن بايراقنى ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھە ئالدى. كېيىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئالدىغا ئۆتتى. بىر ئاز ئىككىلىنىپ تۇرۇپمۇ، جەڭگە كىرىپ كەتتى. ئا ئۆلتۈرۈلگۈچە جەڭ قىلدى. كېيىن بايراقنى سابىت ئىبنى ئەرقەم ئېلىپ: بىرىڭلارنى ئەمىر قىلىڭلار، دېدى. ئادەملەر خالىد ئىبنى ۋەلىدنى قوشۇنغا ئەمىر قىلدى. خالىد بايراقنى ئېلىپ، قوشۇننى ئېلىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ سەپلىرىنى بىرلەشتۈردى. قاراڭغۇ چۈشكىچە دۈشمەن بىلەن [illegible] ئۇرۇشۇش مۇمكىن بولىدىغان مەسافىدە تۇردى. قاراڭغۇ چۈشۈپ، قوشۇنلار بىر-بىرىدىن ئايرىلدى. كېچىسى خالىد [illegible] بىر پىلان تۈزۈپ چىقتى. دۈشمەننىڭ سانى كۆپلىكىنى، ئۆز قوشۇنىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرۈپ، ئۇرۇشنى [illegible]

چېكىنىپ كېتىشنى پىلانلىدى. بۇ پىلان ... ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئارقىسىغا ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارغا ... رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ياردەم ... تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىش ... شاۋقۇن-سۈرەن سېلىشنى بۇيرىدى. ئۇلار ئەتىسىگە ... قىلغاندا دۈشمەن قورقۇنچىغا چۈشتى ۋە مۇسۇلمانلارغا ھۇ... قىلىشتىن ئۆزىنى توختاتتى. ئۇلارغا خالىد ھۇجۇم قىلمىغانلىقىدىن خۇرسەن بولدى. كېيىن خالىد ئىشلەپ چىققان پىلان بىلەن مۇسۇلمانلار قوشۇنى مەيداندىن چېكىنىپ، مەدىنىگە قايتتى. شۇنداق قىلىپ غالىبمۇ، مەغلۇبمۇ بولماي قايتىپ كەلدى. لېكىن ئۇلار بۇ جەڭدە سىناقتىن ئۆتتى.

ھەقىقەتەن، بۇ جەڭنىڭ لەشكەر باشلىقى، باھادىر جەڭچىلىرى، ھەر بىرلىرى ئۆلۈمگە كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. بەلكى ئالدىدا ئۆلۈم ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتى. شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار جەڭگە كىردى ۋە شەھىد بولدى. چۈنكى ئىسلام مۇسۇلمانلارغا تا ئۆلگىچە ياكى دۈشمەننى ئۆلتۈرگۈچە اللە يولىدا جەڭ قىلىشنى بۇيرىدى. ئەلۋەتتە بۇ جەڭ اللە يولىدىكى جىھاد بولغانلىقى ئۈچۈن پايدا كەلتۈرىدىغان تىجارەتتۇر. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

ان الله اشترى من المؤمنين انفسهم واموالهم بان لهم الجنة يقاتلون في سبيل الله فيقتلون ويقتلون وعدا عليه حقا في التوراة والانجيل والقرآن ومن اوفى بعهده من الله فاستبشروا ببيعكم الذي بايعتم به وذلك هو الفوز العظيم

— «شۈبھىسىزكى، اللە مۆئمىنلەردىن ئۇلارنىڭ جانلىرىنى، ماللىرىنى ئۇلارغا جەننەتنى بېرىپ سېتىۋالدى. ئۇلار اللەنىڭ يولىدا ئۇرۇش قىلىپ (دۈشمەنلىرىنى) ئۆلتۈرىدۇ ۋە ئۆلتۈرۈلىدۇ (يەنى دۈشمەنلەر بىلەن جىھاد قىلىپ شېھىت

بولىدۇ)، (جىھاد قىلغۇچىلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلىش) تەۋراتتا، ئىنجىلدا ۋە قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان (اللەنىڭ) راست ۋەدىسىدۇر، ۋەدىسىگە اللەدىنمۇ بەك ۋاپا قىلغۇچى كىم بار؟ (يەنى اللەدىنمۇ ۋاپادار ئەھەدى يوق) قىلغان بۇ سوداڭلاردىن خۇشال بولۇڭلار، بۇ زور مۇۋەپپىقىيەتتۇر». (9:111)

شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمنى ئېنىق بىلىپ تۇرغان بولسىمۇ جەڭگە كىردى. چۈنكى مۇسۇلمان ئەگەر جەڭ قىلىش كېرەك بولسا، بۇ جەڭدە ئۆلۈشى ئېنىق ياكى ئېنىق ئەمەسلىكىگە قارىماستىن جەڭ قىلىدۇ. جەڭدە ۋە جىھادتا ئىشلار دۈشمەننىڭ ئاز - كۆپلىكى ۋە قورال-يارىقى بىلەن ئۆلچەنمەيدۇ. بەلكى قانچىلىك قۇربانلىق بېرىشىدىن ۋە كۈتۈلىۋاتقان مۇۋەپپىقىيەتتىن قەتئىينەزەر، ھاسىل بولىدىغان نەتىجىلەر بىلەن ئۆلچىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ مۇئتەدىكى رۇمغا قارشى ئۇرۇشى مۇسۇلمانلاردىن جەڭنى تەلەپ قىلغان ئىدى. لەشكەر باشلىرىدىن مەقسەت قىلىپ كەلگەن جەڭگە گەرچە ئۆلۈم تۇرغان بولسىمۇ، كىرىشى لازىم ئىدى. دېمەك، مۇسۇلمان ئۆلۈمدىن قورقمايدۇ. مۇسۇلمان الله يولىدا اللەنىڭ رازىلىقىدىن باشقا بىرەر نەرسىنى ھېساپقا ئالمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ قوشۇننى رۇم دۆلىتىگە ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتىش ناھايىتى خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. لېكىن مۇئمىنلەرنىڭ سانى ئاز بولسىمۇ، ئۆلۈمگە پەرۋا قىلماستىن جەڭ قىلغانلىقىنى كۆرگەن ۋاقىتتا رۇم قورقۇنچىغا چۈشۈپ قېلىشى ئۈچۈن بۇ خەتەرگە شۇڭغۇش كېرەك ئىدى. ئىسلامنى خۇشنا مەملىكەتلەرگە يېيىش ۋە تەدبىق قىلىش ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جىھاد يولىنى سىزىپ بېرىشى ئۈچۈن بۇ خەتەرگە كىرىش لازىم ئىدى.



بۇ خەتەر مۇۋەپپىقىيەتلىك يەكۈنلەندى. چۈنكى ئۇ تەبۇك غازىتىنىڭ داپچىسى بولدى. شۇنىڭدەك ئۇ رۇمغا قارشى شۇنداق بىر زەربە بولدىكى، تا شام پەتھى قىلىنغىچە رۇمنى مۇسۇلمانلارغا قارشى كېلىپ قېلىشىدىن قورقۇتۇپ قويدى.

## مەككىنىڭ پەتھى قىلىنىشى

مۇسۇلمانلار مۇئتىدىن ناھايىتى كۆپ جەڭچىلەردىن ئايرىلىپ قايتىپ كەلگەچكە، قۇرەيش ئەمدى تامام بولدى دەپ ئويلىدى ۋە ئىتتىپاقچىلىرى بەنى بەكرىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىتتىپاقچىسى خۇزائەگە قارشى قوزغاپ، قورال-ياراق بىلەن ياردەم بەردى. خۇزائە مەككىگە قاچتى. بەنى بەكرى خۇزائەگە ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئادەملىرىنى ئۆلتۈردى. خۇزائە مەككىگە قاچتى. ئەمرى ئىبنى سەلىم خۇزائى دەرھال مەدىنىگە بېرىپ، بولغان ھادىسىنى ئېيتىپ ياردەم سورىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «ئى ئەمرى ئىبنى سالىم، ياردەم ئالدىڭ» ، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ سۈلھىنى بۇزۇشىغا جاۋاپ پەقەت مەككىنى پەتھى قىلىش بولىدۇ، دېگەن پىكىرگە كەلدى. قۇرەيش بولسا ئۇلار ئەھدىنى بۇزغانلىقىدىن قورقۇپ، ئەبۇ سۇفيان مەدىنىگە ئەھدىنى مۇستەھكەملەش ۋە مۇددىتىنى ئۇزارتىپ كېلىش ئۈچۈن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلدى. ئەبۇ سۇفيان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئۇچراشماي قىزىنىڭكىگە - رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبەنىڭكىگە باردى. ئۇيگە كىرىپ رەس ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرپىسىگە ئولتۇرماقچى بولغاندا ئۇمم

كۆرپىنى ئېلىۋەتتى. ئەبۇ سۇفيان: «ئاتاڭنى كۆرپىدىن ئەۋزەل كۆردۈڭمۇ ياكى كۆرپىنى ئاتاڭدىن ئەۋزەل كۆردۈڭمۇ؟» ، دەپ سورىغاندا، قىزى: «بۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كۆرپىسى. سەن مۇشرىكسەن، دېمەككى، نىجىس ئادەمسەن. سەن ئۇنىڭدا ئولتۇرۇشۇڭنى خالىمايمەن» ، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «الله بىلەن قەسەمكى، سەن ناھايىتىمۇ يامان بولۇپ كېتىپسەن» ، دېدى ۋە غەزەپلىنىپ چىقىپ كەتتى. كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا سۆلھى ئەھدى ۋە ئۇنىڭ مۇددىتىنى ئۇزارتىش ھەققىدە گەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىرەر نەرسە دېمىدى. كېيىن ئەبۇ سۇفيان ئەبۇ بەكرىدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن گەپلىشىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىمىدى. كېيىن ئۇمەر ئىبنى خەتتابقا گەپ قىلغان ئىدى، ئۇ قوپال جاۋاپ قىلىپ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا گەپ قىلىشتا مەن سەنلەر ئۈچۈن ۋاستە بولىمەنمۇ؟! الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر قولۇمدا زەررىدەك نەرسە بولسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن سەنلەرگە قارشى كۆرەش قىلىمەن» ، دېدى. كېيىن ئەبۇ سۇفيان ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كىردى، ئۇنىڭ قېشىدا پاتىمە بار ئىدى. ئەلىگە نېمە مەقسەتتە كەلگەنلىكىنى ئېيتتى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا شۇلارنى يەتكۈزۈشتە ۋاستىچى بولۇشنى سورىدى. ئەلى ئۇنىڭغا يۇمشاقلىق بىلەن جاۋاپ بېرىپ ھېچكىم مۇھەممەدنى مەقسەت قىلغان ئىشىدىن قايتۇرالمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئەبۇ سۇفيان پاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئوغلى ھەسەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ھىمايىگە بېرىشنى سورىدى. ھەسەن تېخى كىچىك ئىدى: «الله بىلەن قەسەمكى، ئوغلۇم تېخى



www.uyghurkitap.com

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ھىمايە بېرىدىغان ياشقا يەتكىنى يوق. ھېچكىم رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھىمايىگە ئالمىغان ئادەمنى ھىمايىگە ئالالمايدۇ» ، دېدى. ئەبۇ سۇفيان قىيىن ئەھۋالدا قالدى ۋە مەككىگە قايتىپ بېرىپ، قەۋمىگە بولغان ئىشلارنى ئېيتىپ بەردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بولسا دەرھال ئادەملەرنى تەييارلىنىشقا بۇيرىدى ۋە ئۇلار بىلەن مەككىگە كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىگە ئۇقتۇرماستىن كىرىشنى، ئادەملەر غەپلەتتە قېلىپ، ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىشقا ئۈلگىرەلمەستىن قان تۆكمەي تەسلىم بولىشىنى خالايتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنى مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. قوشۇن مەككىدىن تۆت پەرسەخ يىراقلىقتىكى مەررۇززەھران دېگەن جايغا يەتتى. قوشۇننىڭ سانى ئون مىڭ بولۇپ، ئۇلار ھەققىدە قۇرەيشكە بىرەر خەۋەر يېتىپ بارمىغان ئىدى. قۇرەيشلىكلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا ھۇجۇم قىلىشنى ھېسابقا ئالغان، مۇھەممەد كەلسە نېمە قىلىش ھەققىدە تالاش قىلىشىۋاتقان ئىدى. ئەبۇ سۇفيان قۇرەيش ھېس قىلىۋاتقان خەتەرنىڭ قانچىلىكلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مەككىدىن چىقتى. ئۇنىڭغا يولدا مۇسۇلمان بولغان ئاباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خېچىرىنى مىنىپ قۇرەيشكە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن ئامانلىق سوراشنى ئېيتىش ئۈچۈن مەككىگە كېتىۋاتقان ئىدى. ئاباس ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئۇچرىشىپ قالغاندا ئۇنىڭغا: «مانا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، ئادەملەر ئىچىدە تۇرۇپتۇ. قۇرەيشنىڭ ئاقىۋىتى يامان بولدى. الله بىلەن قەسەمكى، ئەگەر ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئامانلىق

سوراشتىن ئالدىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىگە كۈچ بىلەن كىرسە، بۇ نەرسە قۇرەيشنىڭ ھالاكىتىدۇر»، دېدى. ئەبۇ سۇفيان: «ئاتا-ئانام ساڭا پىدا بولسۇن، ماڭا يول كۆرسەتكىن»، دېدى. ئابباس ئۇنى مىنگەشتۈرۈپ، مۇسۇلمانلار قارارگاھىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار ئۆمەرە ئىبنى خەتتاب تۇرغان جايدىن ئۆتمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئۆمەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خېچىرىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئەبۇ سۇفياننى تونۇپ، ئابباس ئۇنى ئۆز ھىمايىسىگە ئالماقچى بولغانلىقىنى بىلدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چېدىرىغا ئالدىراپ بېرىپ، ئەبۇ سۇفياننىڭ كاللىسىنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلاشقا رۇخسەت بېرىشنى سورىدى. ئابباس: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، مەن ئۇنى ئۆز ھىمايەمگە ئالدىم»، دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئابباس بىلەن ئۆمەر ئوتتۇرىسىدا قاتتىق تالاش بولدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ئى ئابباس، ئۇنى چېدىرىڭغا ئېلىپ كەت. ئەتىلەپ ئۇنى ئالدىمغا ئېلىپ كېلىسەن». ئەتىلەپ ئەبۇ سۇفياننى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كېلىندى ۋە ئۇ ئىسلامغا كىردى. ئابباس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا بېرىپ: «ئەبۇ سۇفيان پەخىرنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر نەرسە قىلىڭ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام: «كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا، ئامان، كىمكى ئىشىكىنى ئېتىپ ئولتۇرسا، ئامان قالىدۇ، كىمكى مەسجىدكە كىرىۋالسا، ئۇمۇ ئامان قالىدۇ»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ سۇفياننى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەسكەرلىرى ئۆتۈپ بولغىچە مەككىگە ئېلىپ بارىدىغان يولنىڭ ئىككى تەرىپى تاغ بولغان تار جايدا تۇتۇپ تۇرۇشنى بۇيرىدى.



تاكى مۇسۇلمانلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، قەۋمىگە كۆرگەنلىرىنى دەلىل قىلىپ ئېيتىپ بەرسۇن ئۈچۈن، شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ مەككىگە تېز بېرىشىدا ئۇلار مۇسۇلمانلارغا بىرەر قارشىلىق كۆرسىتىشىنىڭ خەۋپى بولمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىگە كىرىش ئۈچۈن پۈتۈن ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆردى. ئەبۇ سۇفياننىڭ ئالدىدىن قەبىلىلەر ئۆتۈپ بولغانلىقى ئۈچۈن، قەۋمى ئالدىغا بېرىپ، بار ئاۋازى بىلەن چاقىردى: «ئى قۇرەيش جامائەسى، مانا مۇھەممەد سىلەر توسالمايدىغان قوشۇنى بىلەن كەلدى، بەس، كىمكى ئەبۇ سۇفياننىڭ ئۆيىگە كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ، كىمكى ئىشىكىنى ئېتىپ ئولتۇرسا ئامان قالىدۇ، كىمكى مەسجىدكە كىرىۋالسا ئامان قالىدۇ». قۇرەيش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى چىقىش پىكرىدىن قايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كېلىپ، مەككىگە كىردى. ئېھتىيات چارىلىرىنى كۆرۈشتە داۋام قىلدى. قوشۇننى تۆتكە بۆلۈشنى ئۇرۇش قىلماسلىقنى، قان تۆكمەسلىكنى بۇيرىدى. پەقەت مەجبۇر قىلىنسىلا ۋە باشقا ئىلاج قالمىسىلا ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت بەردى. مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنى مەككىگە كىردى. ھېچقانداق قارشىلىققا دۇچ كەلمىدى. پەقەت خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ قوشۇنى كىچىك بىر قارشىلىققا دۇچ كېلىپ ئۇنى يېڭدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىنىڭ ئۈستۈن ئورنىغا چۈشتى. بۇ يەردە بىر ئاز تۇرۇپ، كەئبىگە باردى ۋە ئۇنى يەتتە قېتىم تاۋاپ قىلدى. كېيىن ئوسمان ئىبنى تەلھەنى چاقىردى. ئۇ كەئبە ئىشىكىنى ئاچتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كەئبە ئىشىكى ئالدىدا تۇردى. ئادەملەر كۆپەيدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇدى: «يالغۇز اللەتىن باشقا

www.uyghurkitap.com

ئىلاھ يوق، اللەنىڭ ھەم شېرىكى يوق. الله ۋەدىسىنى راست قىلدى ۋە ئۆز بەندىسىگە غەلىبە بەردى. يالغۇز ئۆزى گورۇھلارنى مەغلۇپ قىلدى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، بەيتۇللاھقا خىزمەت قىلىش ۋە ھاجىلارغا سۇ بېرىشتىن باشقا جاھىلىيەتتىكى ھەرقانداق پەخىر ھەمدە دەۋا قىلىنىدىغان قان ۋە مال ئاياقلىرىم ئاستىدادۇر. (يەنى بىكار قىلىنىدۇ). ئاگاھ بولۇڭلاركى، بىلمەستىن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەمنىڭ قېنى يۈز تۆگە بولۇپ، ئۇلاردىن 40 دانىسى قورسىقىدا بالا بار تۆگە بولىشى كېرەك. ئى قۇرەيش جامائەسى، ئەلۋەتتە الله سىلەردىن جاھىلىيەت كىبرى ۋە ئاتا-بوۋىلار بىلەن پەخىرلىنىشنى كەتكۈزدى. بارچە ئادەملەر ئادەم ئەلەيھىسسالامدىندۇر. ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا، تۇپراقتىن يارىتىلغاندۇر. كېيىن ئۇشبۇ ئايەتنى ئوقۇدى:

**ياايها الناس انا خلقنكم من ذكر وانثي وجعلناكم شعوبا وقبائل لتعارفوا ان اكرمكم عند الله اتقاكم ان الله عليم خبير**

*

-«ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق، ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغانلىرىڭلار، اللەنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ ئارتۇق بولىشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىڭلارنى بىلگۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر». (13: 49)

كېيىن مەككە ئەھلىدىن سورىدى: «مېنى سىلەرنى نېمە قىلىدۇ دەپ ئويلايسىلەر؟» ئۇلار: «بىزگە ياخشىلىق قىلىسىز، چۈنكى، سىز ساخاۋەتلىك بۇرادىرىمىزسىز، ساخاۋەتلىك بۇرادىرىمىزنىڭ ئوغلى سىز»، دېدى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «كېتىڭلار ھەممىڭلار ئازات سىلەر». شۇ كەلىمە بىلەن پۈتۈن قۇرەيش ۋە مەككە ئەھلى ئەپۇە قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام كەئبىگە كىردى. ئۇنىڭ تاملىرىغا مالائىكىلەر ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈرەتلىرى سىزىلغانلىقىنى كۆردى ۋە ئۇلارنى ئۆچۈرۈپ تاشلاشنى بۇيرىدى. ئۇ يەردە يەنە ياغاچتىن ياسالغان ھەيكەلنى كۆردى. ئۇنى ئۆز قولى بىلەن سىندۇرۇپ يەرگە تاشلىدى. كېيىن ئۇشبۇ:



**وقل جاء الحق وزهق الباطل ان الباطل كان زهوقا** *

-«ھەقىقەت (يەنى ئىسلام) كەلدى، باتىل (يەنى كۇفرى) يوقالدى. باتىل ھەقىقەتەن ئۆزگىي يوقىلىدۇ دېگىن». (17: 81)

ئايەتنى ئوقۇغان ھالدا قولىدىكى تاياق بىلەن ھەممە بۇتلارنى چۇقۇپ چىقتى. بۇتلار يەرگە يىقىلدى. بەيتۇل ھەرام بۇتلاردىن تازىلاندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئون بەش كۈن تۇردى. بۇ كۈنلەر ئىچىدە مەككىنىڭ ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالدى، مەككە ئەھلىگە دىننىي بىلىملەرنى بىلدۈردى.

مەككە پەتھى قىلىندى. ئۇنى پەتھى قىلىش بىلەن ئىسلامىي دەۋەتكە قارشىلىق ھەرىكىتىنىڭ ئاساسى يوقىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئوچۇق غەلىبە ئەمەلگە ئاشتى ۋە ئىچكى قارشىلىق پەقەت ھۇنەين ۋە تائىف دە قالدى. خالاس. ئۇلارغا زەربە بېرىش بولسا قىيىن ئەمەس ئىدى.

# هۆنەين غازىتى

ھاۋازىن قەبىلىسى مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىنى پەتھى قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھۇجۇم قىلىپ كېلىشىدىن ۋە دىيارلىرىغا باستۇرۇپ كېلىشىدىن قورقۇنچىغا چۈشتى. شۇ سەۋەپتىن مالىك ئىبنى ئەۋپ نەسرى ھەۋازىن ۋە سەقىب قەبىلىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى ۋادى ئەۋتاس دېگەن جايغا ئېلىپ باردى. مۇسۇلمانلارغا بۇ خەۋەر مەككىنى پەتھى قىلىپ ئون كۈن كېيىن يېتىپ كەلدى. ئۇلار ھاۋازىن ۋە سەقىب بىلەن ئۇچرىشىشقا تەييارلىق قىلىشقا باشلىدى. لېكىن مالىك ۋادىل ئەۋتاسدا تۇرمىدى، بەلكى ئادەملەرنى ۋادىنىڭ تار جايى ۋە ھۆنەين ئېدىرلىرىغا بېرىشقا بۇيرىدى. شۇ يەردە ئۇلارنى پۇختا تەرتىپكە سالدى ۋە مۇسۇلمانلار ۋادىغا چۈشكەن پەيتتە بىر تەن، بىر جان بولۇپ، ھۇجۇم قىلىشقا بۇيرىدى. شۇنداق قىلسا مۇسۇلمانلارنىڭ سەپلىرى بۇزۇلۇپ، بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىپ، ئۈزلىرىنى ـ ئۈزلىرى قىلىچ بىلەن چېپىشىدۇ، دېدى. مانا شۇ پىلاننى پۇختا قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنى كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەككە غازىتىغا كەلگەن ئون مىڭ ئەسكەرگە ۋە قۇرەيشتىن يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئىككى مىڭنى قوشۇپ يولغا چىقتى. جەڭگە ئاتلانغان بۇ قوشۇن كەچكى پەيتتە ھۆنەينگە يېتىپ باردى. شۇ يەردە تاڭ ئېتىشقا ئاز ۋاقىت قالغىچە تۇردى كېچىنىڭ مانا شۇ ئاخىرقى قىسمىدا قوشۇن ھەرىكەتكە كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام



ئاق خېچىرغا مىنىپ قوشۇن ئاخىرىدا ماڭدى. مۇسۇلمانلار ۋادىغا چۈشۈپ كېلىشكە باشلىدى. دۈشمەن قەبىلىلەر بىردىن ھۇجۇم قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئۇلار سەزمەي قالدى. بۇ شۇنداق بولغان ئىدى: مالىك ئىبنى ئەۋپ ئادەملىرىگە مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشنى بۇيرىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلارغا بىر تەن بولۇپ ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇۋەتتى. مۇسۇلمانلار تاڭ قاراڭغۇسىدا خاتىرجەم كېتىۋاتقان بىر پەيتتە ئۈستىگە ھەر تەرەپتىن ئوق ياغدى. كۈتۈلمىگەندە يۈز بەرگەن بۇ ئەھۋالدىن مۇسۇلمانلار دەھشەتكە كەلدى. قەلبلىرىنى قورقۇنچا ئىگىللىۋالغان بىر ھالەتتە ھېچنەرسىگە قارىماستىن ئارقىغا قاچتى. ئۇلار قوشۇن ئاخىرىدا كېلىۋاتقان رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدىمۇ توختىماستىن ۋە ئاستىلىماستىن ئۆتۈپ كېتىشىۋاتاتتى. مەيداندا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئابباس ۋە بىر نەچچە ساھابىلاردىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. ئەمما قالغان ئەسكەرلەر ھېچنەرسىگە قارىماستىن قاچتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى مۇھاجىرلار، ئەنسارلار ۋە ئۆز ئۆيلىرىدىن ئازچىلىق جامائەت ھىمايە قىلىپ ئورنىۋالغان ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەملەرنى چاقىرىشقا باشلىدى: «قاياققا، ئى ئادەملەر؟»، لېكىن ئادەملەر قورقۇنچى دەھشەتلىكى ۋە ئۆلۈم خەۋپىدىن بۇ چاقىرىقنى ئىشىتمىدىغان ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قايرىلىپ قارايدىغان ئەھۋالدا ئەمەس ئىدى. چۈنكى ھاۋازىن ۋە سەقىب ئەسكەرلىرى قېچىپ كېتىۋاتقان مۇسۇلمانلارنى قوغلاپ، يېتىۋالغانلىرىغا نەيزە سانچىپ، ئوق بىلەن ئېتىپ كېلىۋاتقان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقلىرىنى ئىشىتمىدى

www.uyghurkitap.com

ھەم، ئۇنىڭغا جاۋابمۇ بەرمىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مانا شۇنداق ھەل قىلغۇچ بىر ئەھۋال ئاستىدا ئىنساننىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان بۈيۈك بىر ھالەتتە تۇردى. بۇ دەھشەتلىك بىر ۋاقىت ۋە ئېغىر بىر سائەت ئىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ ھەممىسى-ئەسھابلىرىمۇ، يېڭى مۇسۇلمان بولغانلارمۇ قېچىپ كېتىشۋاتقان، ئۇلارنى چاقىرسا چاقىرىقلىرىنى ئىشىتمەيۋاتقان ئىدى. يېڭى مۇسۇلمان بولغانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مەغلۇبىيىتىدىن كۈلۈپ ھەر خىل گەپ-سۆز قىلىشىۋاتقان ئىدى. كەلدە ئىبنى ھەنبەل: «بۈگۈن سېھرى بىكار بولدى»، دېدى. ئوسمان ئىبنى ئەبۇ تەلھە: «بۈگۈن مۇھەممەدتىن ئۆچۈمنى ئالىمەن، بۈگۈن مۇھەممەدنى ئۆلتۈرىمەن»، دېدى. ئەبۇ سۇفيان بولسا: «بۇلار ئەمدى دېڭىزغىچە قېچىپ بېرىشىدۇ»، دېدى. بۇلار ۋە ئۇلارغا ئوخشىغان شۇنىڭغا ئوخشاش گەپلەرنى دېگەن كىشىلەر بولسا مۇسۇلمانلار قوشۇنى ئىچىدىكى مەككىدە يېڭى مۇسۇلمان بولغانلار ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە مۇشرىكلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن كەلگەنلەر ئىدى. بۇ مەغلۇبىيەت ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرۇنۇپ ياتقان تۇيغۇلىرىنى پاش قىلدى. نىيەتلىرى ئېچىلىپ قالغان بۇنداقلار ئىچىدە ساھابىلارمۇ بار ئىدى، شۇ سەۋەپتىن غەلىبىنى ھېچبىر ئۈمىد قىلىشمىغان بولاتتى. شۇ سەۋەپتىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ناھايىتى مۇشكىل ئەھۋالدا قالدى. بۇ ئەڭ ئېغىر ۋە مۇشكىل دەقىقىلەر ئىدى. مانا شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇرۇش مەيدانىدا قېلىشقا قارار قىلدى ۋە جەڭگە كىردى. ئاق خېچىرى بىلەن دۈشمەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. تاغىسى ئابباس



ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب ۋە ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ئىدى. ئەبۇ سۇفيان ئىبنى ھارىس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خېچىرىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ ئالدىغا ماڭدۇرماي تۇراتتى. تاغىسى ئابباس بولسا ئۆزىنىڭ ئۈستۈن ئاۋازى بىلەن جەننەتكە قايتىشقا چاقىردى: «ئى ئەنسارىلار جامائەسى، ئى سەمۇرىدە بولغانلار»، مۇھەممەد تېخى ھايات قايتىپ كېلىڭلار (يەنى ھۇدەيبىيەدە رىزۋان بەيئىتىگە قاتناشقانلار). ئابباس چاقىرىقنى يەنە تەكرارلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ۋادىنىڭ ھەممە جايىغا يەتتى ۋە مۇسۇلمانلار بۇ ئاۋازنى ئاڭلىدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ۋە جىھادقا چىقىقانلىقىنى ئەسلەشتى. دەرھال بۇ مەغلۇبىيەتلىرى مۇشرىكلارنىڭ يوقىتىلىشىغا سەۋەپ بولۇشىنى ئويلاشتى. بەس، مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپتىن ئابباسنىڭ چاقىرىقىغا لەببەي دەپ جاۋاپ بەردى ۋە جەڭ مەيدانىغا قايتىپ، نادىر بىر جاسارەت ۋە مىسلىسىز شىجائەت بىلەن جەڭگە كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ سانى بارغانسىرى ئېشىپ باراتتى. جەڭ قىزىپ كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام خاتىرجەم بولدى. بىر ئوۋۇچ تاشنى ئېلىپ دۈشمەن تەرەپكە: «يۈزلەر ئوسال بولسۇن»، دەپ ئاتتى. مۇسۇلمانلار جەڭدە الله يولىدا ئۆلۈشكە رازى بولۇپ كىردى. جەڭ كۈچەيدى شۇ ۋاقىتتا ھاۋازىن ۋە سەقىپ ئۆزلىرىنىڭ يوقۇلۇپ كېتىشىنىڭ ئېنىقلىقىنى كۆردى ۋە ئاياللىرىنى، بالا-چاقىلىرىنى ۋە مال-دۇنيالىرىنى مۇسۇلمانلارغا ئولجا قىلىپ قالدۇرۇپ، ھېچنەرسىگە قارىماستىن قاچتى. مۇسۇلمانلار ئۇلارنىڭ ئارقىدىن قوغلاپ، كۆپچىلىكىنى ئۆلتۈرۈپ، كۆپىنى ئەسىر ئالدى. ئۇلارنى قوغلاپ بېرىپ، ۋادى ئەۋتاسقا يەتتى ۋە

شۇ يەردە ئۇنىڭ كۆپچىلىكىنى ئۆلتۈردى. شۇنداق قىلىپ مۇشرىكلار شەرمەندىلەرچە مەغلۇب بولدى. ئۇلارنىڭ لەشكەر بېشى مالىك ئىبن ئەۋپ تائىپكە قېچىپ كەتتى ۋە ئۇ يەردە يوشۇرۇندى. اللە تائالا مۆئمىنلەرگە كاتتا غەلىبە بەردى. بۇ ھەقتە اللە تائالانىڭ مۇشۇ ئايىتى نازىل بولدى:

لقد نصر كم الله في مواطن كثيرة ويوم حنين اذ اعجبتكم كثرتكم فلم تغن عنكم شيئا وضاقت عليكم الارض بما رحبت ثم وليتم مدبرين * ثم انزل الله سكينته علي رسوله وعلي المؤمنين وانزل جنودا لم تروها وعذب الذين كفروا وذلك جزاء الكفرين *

ـ «اللە سىلەرگە نۇرغۇن جەڭ مەيدانلىرىدا ۋە ھۇنەين كۈنىدە (يەنى جېڭىدە) ھەقىقەتەن ياردەم بەردى. ئەينى ۋاقىتتا سانىڭلارنىڭ كۆپلىكىدىن خۇشاللىنىپ كەتتىڭلار (يەنى بۈگۈن بىزنىڭ سانىمىز كۆپ، مەغلۇپ بولمايمىز دېدىڭلار، بۇ چاغدا سىلەرنىڭ سانىڭلار 12مىڭ، دۈشمىنىڭلارنىڭ سانى 4000 مىڭ ئىدى)، سانىڭلارنىڭ كۆپلىكى سىلەرگە قىلچە ئەسقاتمىدى. (قاتتىق قورقىنىڭلاردىن) كەڭ زېمىن سىلەرگە تار تۇيۇلدى. ئاندىن (مەغلۇپ بولۇپ، رەسۇلۇللانى ئازغىنە مۆئمىنلەر بىلەن تاشلاپ) ئارقاڭلارغا قاراپ قاچتىڭلار. ئاندىن اللە پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە (مەرھەمەت قىلىپ) خاتىرجەملىك بېغىشلىدى؛ سىلەرگە قوشۇنلارنى (يەنى سىلەرگە ياردەمگە پەرىشتىلەرنى) چۈشۈردى، ئۇلارنى سىلەر كۆرمىدىڭلار (شۇنىڭ بىلەن سىلەر غەلىبە قىلدىڭلار)، اللە كاپىرلارنى (ئۆلتۈرۈلۈش ۋە ئەسىر ئېلىنىش بىلەن) ئازابلىدى، كاپىرلارنىڭ جازاسى ئەنە شۇ». (9:25ـ26)

مۇسۇلمانلار ناھايىتى كۆپ ئولجىلارنى قولغا كىرگۈزدى.



22 مىڭ تۆگە، 40 مىڭ قوي، 4 مىڭ ئۇقىيە كۈمۈش، ئولجا ئالدى. مۇشرىكلاردىن ناھايىتى كۆپ ئادەم ئۆلتۈرۈلدى. ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى ۋە ئاياللىرىدىن 6 مىڭ كىشى ئەسىر ئېلىندى. ئۇلارنى قوغداپ جىئرا ۋادىسىغا ئېلىپ بېرىلدى. مۇسۇلمانلاردىن شېھىد بولغانلارنىڭ سانى بولسا ھېساپلانمىدى. بىراق ئۇلارمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. سىرەت كىتابلىرىدا بۇ ئۇرۇشتا مۇسۇلمانلاردىن ئىككى قەبىلە پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام جىنازە نامىزى ئوقۇغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ئولجىلار ۋە ئەسىرلەرنى جىئرانىدا قالدۇرۇپ مالىك ئىبن ئەۋپ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن يوشۇرۇنىۋالغان تائىپنى قامال قىلدى تائىپ سەقىف قەبىلىسىگە قارشى شەھەر بولۇپ، قەلئەلىرىنىڭ مۇداپىئە ئىستىھكاملىرى ناھايىتى پۇختا ئىشلەنگەن ئىدى. تائىپلىكلەر قامال ئۇرۇشىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى ۋە زور بايلىقا ئىگە ئىدى. سەقىپ ئادەملىرى نەيزە ئېتىشقا ماھىر ئىدى. ئۇلار نەيزە ئېتىپ مۇسۇلمانلارنىڭ بىر قانچىسىنى ئۆلتۈردى. بۇ قەلئەلەرگە يېرىپ كىرىش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن قىيىن بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن دۈشمەن قەلئەلىرىدىن يىراقراق ئورۇنغا جايلاشتى ۋە اللە ئۇلارغا ۋە دۈشمەنلىرىگە نېمە كۆرسىتىشنى كۈتۈپ تۇردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەنى دەۋس قەبىلىسىدىن تائىپنى مەنجىنىقلىرىدا ئېتىش ئۈچۈن ياردەم سورىدى. ئۇلار قامالنىڭ تۆتىنچى كۈنى ياراقلىرى بىلەن كېلىشتى. كېيىن مۇسۇلمانلار تائىپكە ھۇجۇم قىلدى. مەنجىنىقلار بىلەن ئاتتى، دەببابىلار ئاستىغا بىر قانچە مۇسۇلمانلار كىرىپ، تائىپ تاملىرىنى يېرىش ئۈچۈن باردى.

لېكىن ئۇلارنىڭ ئۇستىگە قىزىتىلغان تومۇرلەرنى تاشلىدى،
ئۇنىڭدىن دەبابىلىرى كۆيۈپ ئۇنىڭ ئاستىدىكىلەر قېچىۋالدى.
سەقىپ بېزە ئېتىپ، ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ئۆلتۈردى.
مۇسۇلمانلار تائىپىگە كىرەلمىدى. كېيىن سەقىپ تەسلىم
بولمىشى ئۈچۈن شەھەر ئاتىرىسىدىكى تەكلىرىنى كېسىپ
ئۆيدۇرۇشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ تەسلىم بولمىدى. بۇ پەيتتە
ھارام ئاي - زۇلقەئدە باشلىنىپ قالغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن
رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تائىپتىن مەككىگە قايتتى ۋە
مۇسۇلمانلار ئولجىلىرى ۋە ئەسىرلىرىنى قالدۇرغان جىئرانىغا
يۈرۈشتى. مالىك ئىبنى ئەۋپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ
يېنىغا مۇسۇلمان بولسا ئېلىنى، ئائىلىسىنى ھەممە يۈز تۆگە
بېرىش ۋەدىلىرىگە بىنائەن كېلىپ، ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى
ئېلان قىلدى ۋە ۋەدە قىلىنغان نەرسىلىرىنى ئالدى. مۇسۇلمانلار
رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھاۋازىندىن كەلگەن ھەر بىر ئادەمگە
مانا شۇنداق بېرىپ ئەۋەتسە، بىزنىڭ ئۈلۈشىمىز كېمىيىپ
كېتىدۇ دەپ قورقتى ۋە ئولجىلار ئۆز ئارا تەقسىملىنىشىنى، ھەر
بىرى ئۆز ئۈلۈشىنى ئېلىشىنى تەلەپ قىلدى. ئۆز-ئارا غەنىمەتلەر
ھەققىدە پىچىرلىشىپ سۆزلىشىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئۇ
ئۆتكۈزلىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا يەتتى. رەسۇلۇللاھ
ئەلەيھىسسالام تۆگە يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ بىر دانە تۈكىنى ئالدى
ۋە ئىككى بارمىقى ئارىسىدا تۇتۇپ دېدى: «ئى ئادەملەر، الله
بىلەن قەسەمكى، سىلەرنىڭ ئولجىلىرىڭلاردىن ماڭا مانا بۇ
تۆگىنىڭ شۇ تۈكىمۇ تەگمەيدۇ. پەقەت خۇمسىنى (بەشتەن
بىرى)نى ئالىمەن. ئۇ ئۆزەڭلارغا قايتۇرۇلىدۇ. بىر دانە يىپنى،
يىڭنىنى ناھەق ئالغان بولساڭلار قايتۇرۇڭلار. چۈنكى



www.uyghurkitap.com

بىلدۈرمەستىن ئېلىۋالغان نەرسە قىيامەت كۈنى ئىگىسى ئۈچۈن
ئار، ئوت ۋە شەرمەندىلىك بولىدۇ». [illegible]
تەقسىملەنمەستىن تۇرۇپ ئۇنىڭدىن كىم نېمە ئالغان بولسا
قايتۇرۇشقا بۇيرىدى. كېيىن ئولجىنى بەشكە بۆلدى. [illegible]
قىسمىنى ئۆزى ئۈچۈن ئېلىپ قويدى ۋە قالغانلىرىنى ئەسھابلارغا
تەقسىملەپ بەردى. ئۇ كۆڭلىچە ئەتەددى دۈشمىنى بولغانلارغا
ئۆز ئۈلۈشىدىن ئۇلارنىڭ ئۈلۈشىگە قوشۇپ بەردى. ئەبۇ
سۇفيان، ئۇنىڭ ئوغلى مۇئاۋىيە، ھارىس ئىبنى ھارىس، ھارىس
ئىبنى ھىشام، سۇھەيل ئىبنى ئەمرى، ھۇۋەيتىب ئىبنى
ئابدۇلئۇززا، ھېكىم ئىبنى ھىزام، ئەلال ئىبنى جارىيە
سەقەپى، ئۇيەينە ئىبنى ھىسنى، ئەقرە ئىبنى ھابىس، مالىك
ئىبنى ئەۋپ نەسرى، سەپۋان ئىبنى ئۇمەييەلەرنىڭ ھەر بىرىگە
ئۈلۈشلىرىگە قوشۇمچە يۈز تۆگە بەردى. شەرەپتە ئۇلاردىن
پەستراق بولغانلارغا قوشۇمچە ئەللىكتىن تۆگە بېرىلدى.
رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مال تەقسىملەشتە ناھايىتى ساخاۋەتلىك
بولدى. لېكىن ئايرىم مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامـ
نىڭ بۇ ساخاۋەتلىكىدىكى ۋە ئولجىلارنى بۇنداق تەقسىملەشتىكى
ھېكمەتىنى ئىدراك قىلالمىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ
بۇ ئىشىنى كۆرۈپ ئەنسارىلار بىر-بىرىگە: «الله بىلەن
قەسەمكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۆز قەۋمىنى تېپىۋالدى»
، دېدى. بۇ ھال ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە تەسىر قىلدى. سەئدى
ئىبنى ئۇبادە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بۇ گەپلەرنى يەتكۈزدى.
رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇ ۋاقىتتا: «ئى سەئدى، سەن ئۆزەڭ
نېمە دەيسەن؟» دەپ سورىدى: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام،
قەۋمىم تەرىپىدىمەن» . دەپ جاۋاپ بەردى ۋە قەۋمىنىڭ گەپلىرىنى

قۇۋۋەتلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا دېدى: «ئى سەئدى، ئۇلارنى مانا شۇ قورغانغا توپلا». سەئدى ئۇلارنى توپلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دېدى: «ئى ئەنسارىلار جامائەسى، سىلەردىن ماڭا قانداق گەپلەر يېتىپ كەلدى؟ مەندىن خاپا بولدۇڭلارمۇ؟ سىلەرگە مەن بارغاندا زالالەتتە ئىدىڭلار، اللە سىلەرنى ھىدايەت قىلمىدىمۇ، بىر-بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، اللە سىلەرنىڭ قەلبلىرىڭلارنى ئۈلپەت قىلمىدىمۇ؟» ئۇلار: «ھەئە شۇنداق. اللە ۋە رەسۇلى پەزلى-مەرھەمەت ئىگىسىدۇر»، دېدى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ماڭا جاۋاپ بېرەمسىلەر؟» (يەنى مەن ھازىر ئېيتىدىغان ئىشلارغا رازى بولامسىلەر؟) ئۇلار: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، پەزلى مەرھەمەت اللەقا ۋە رەسۇلىغا خاستۇر»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «اللە بىلەن قەسەمكى، ئەگەر خالىساڭلار سىلەر بىزنىڭ ئالدىمىزغا بارغىنىڭدا گەپلىرىڭلارنى ھەممە يالغانغا چىقارغان ھالدا ئىدىڭىز، بىز بولساق تەستىقلىدۇق، ياردەمسىز ئىدىڭىز بىز ياردەم بەردۇق، قوغلاندى ئىدىڭىز بىز پاناھ بەردۇق، مۇھتاج ئىدىڭىز بىز باغرىمىزغا ئالدۇق دېيىشىڭلار مۇمكىن. شۇنداق دېسەڭلارمۇ راست ئېيتقان بولىسىلەر، باشقىلارمۇ سىلەرنى تەستىقلايدۇ. ئى ئەنسارىلار جامائەسى بىر قەۋمگە ئىسلامغا كىرىش ئۈچۈن ئەرزىمەس دۇنيا ماتاسىنى بەرگىنىمگە ۋە سىلەرنىڭ ئېتىقادىڭلارغا ئىشەنگىنىمگە خاپا بولدۇڭلارمۇ؟؟ ئى ئەنسارىلار جامائەسى، ئادەملەر تۆگە، ۋە قويلار بىلەن كەتسە، سىلەر ئۆيلىرىڭلارغا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن كەتسەڭلار رازى ئەمەسمۇسىلەر؟ ئەگەر ئادەملەر تاغ ئارىسىدىكى بىر يولدا



ماڭسا، ئەنسارىلار باشقىسىغا ماڭسا، مەن ئەلۋەتتە ئەنسارىلار بىلەن بىرگە ماڭغان بولاتتىم. ئى اللە ئەنسارىلارغا، ئەنسارىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە، ئەنسارىلارنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىگە رەھمەت قىلغىن!» رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام گەپلىرىنى تۈگەتمەستىن ئەنسارىلار قاتتىق يىغلىۋېتىشتى. ھەتتا ساقاللىرى كۆز ياشلىرىدىن ھۆل بولۇپ كەتتى. ئۇلار: «رەسۇلۇللاھ بىزنىڭ ئۈلۈشىمىز بولغانلىقىغا بىز رازىمىز»، دېدى. كېيىن مەنزىللىرىگە قايتتى. شۇنىڭدىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋە قوشۇنلىرى جىئىراندىن ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرام كىيىمىنى كىيىپ مەككىگە كەلدى. ئۆمرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن مەككىگە ئاتىپ ئىبنى ئۇسەيدنى ۋالى قىلدى. مۇئاز ئىبنى جەبەلنى مەككىدە ئادەملەرگە ئىسلامى ساقاپەت ۋە تەلىم بېرىشكە قالدۇردى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەنسارىلار ۋە مۇھاجىرلار بىلەن مەدىنىگە قايتىپ كەتتى.

## تەبۇك غازىتى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا رۇم ئۆلكىسىدىن خەۋەر كەلدى. ئۇنىڭدا رۇم ئەرەپلەرنىڭ شىمالى ئۆلكىلىرىگە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇئتەدە ماھىرلىك بىلەن جەڭدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۇنتۇتۇرۇپ قويىدىغان قاتتىق ھۇجۇمغا تەييارلىنىۋاتقانلىقىنى ئېيتقان ئىدى. بۇ خەۋەر ئاشۇرۇپ يەتكۈزۈلگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دۈشمەنگە قارشى ئۆزى بېرىشقا قارار قىلدى. بۇ قوشۇن باشلىقلىرى قەلبىدىن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئورۇشۇش خاھىشىنى ئۆچۈرۈپ تاشلايدىغان

بىر يىلان تۇردى بۇ يازنىڭ ئاخىرى. كۈزنىڭ باشلىرى ئىدى. كۈن ئىسسىق ۋە مەدىنىدىن شامغىچە بولغان مەسافە ئۇزاق، مۇشەققەتلىك بولۇپ، جىسمانى كۈچ، ئۇزۇق-تەمىنات، سۇ تەلەپ قىلاتتى. دېمەك، ئادەملەرنى بۇ ئىشتىن ئۇنى يوشۇرماي خەۋەردار قىلىش، ئۇلارغا رۇم بىلەن جەڭ قىلىشقا كېتىۋاتقانلىقىنى ئوچۇق ئېيتىش لازىم ئىدى. بۇ بولسا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىنقى غازاتلىرىدا قوللانغان پىلانلىرىغا زىت ئىدى. چۈنكى، ئۇلاردا پىلانلارنى مەخپى تۇتاتتى بارىدىغان جايلارنى يوشۇرۇپ، كۆپ ھاللاردا دۈشمەننى ئاداشتۇرۇش ئۈچۈن مۆرچەرلىگەن تەرەپلەردىن باشقا تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشەتتى. ئەمما بۇ سەپەر بىرىنچى كۈندىلا ئۆزلىرىنىڭ رۇمغا قارشى ئۇنىڭ يېرىدە جەڭ قىلىشىنى مۆلچەرلەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمكان بارچە كۆپراق ئەسكەر توپلاش مەقسىتىدە بارچە قەبىلىلەرنى بۇ ئۇرۇشقا تەييارلىنىشقا چاقىرىپ، ئەلچىلىرىنى ئەۋەتتى. سانى كۆپ، ھازىرلىقى كۈچلۈكىدەك قوشۇن تەييارلاش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ بايلىرىنى الله ئۆز پەزلى بىلەن ماللىرىدىن سەرپ قىلىشقا چاقىردى. مۇسۇلمانلارنى بۇ قوشۇنغا كىلىپ قوشۇلۇشقا تەرغىپ قىلىشقا باشلىدى. مۇسۇلمانلار بۇ چاقىرىققا ھەر خىل جاۋاپ بەردى. ئىسلامغا قەلبلىرى ھىدايەت ۋە نۇر بىلەن تولغان ھالدا كەلگەنلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ چاقىرىقلىرىغا لەببەي دەپ جاۋاپ بەردى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە مىنىدىغان ئۇلاغى يوق كەمبەغەللىرىمۇ، ماللىرىنى رازىلىق ۋە خاتىرجەملىك بىلەن الله يولىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا تەقدىم قىلغان، الله يولىدا زوق-ئىشتىياق بىلدۈرگەنلەرمۇ بار



ئىدى. ئەمما اللەنىڭ دىنىغا ئورۇش ئولجىلارغا قىزىقىپ ياكى مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىدىن قورقۇپ كىرگەنلەر بۇ ئۇرۇشقا بېرىشتىن باش تارتتى. ئۇزرە ئېيتىشقا باشلىدى. ئۇزرى پىچىر - پىچىر قىلىشىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ئۇزاقتىكى غازاتقا مۇشۇنداق ئىسسىق ھاۋادا چاقىرغانلىقىغا ئۈستىدىن كۈلۈشۈشكە باشلىدى. ئۇلار مۇناپىقلار ئىدى. ھەقىقەتەن، ئۇلار بىر-بىرىگە بۇ ئىسسىقتا ئۇرۇشقا بارماڭلار دېيىشتى. شۇ ۋاقىتتا الله تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتى نازىل بولدى:

**فرح المخلفون بمقعدهم خلاف رسول الله وكرهوا ان يجاهدوا باموالهم وانفسهم في سبيل الله وقالوا لاتنفروا في الحر قل نار جهنم اشد حرا كانوا يفقهون * فليضحكوا قليلا وليبكوا كثيرا جزاء بما كانوا يكسبون ***

- «رەسۇلۇللاھقا خىلاپلىق قىلىپ (تەبۇك غازىتىغا چىقماي) قېلىپ قالغانلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆيلىرىدە بىخىرامان ئولتۇرغانلىقى بىلەن خۇشال بولۇشتى، ئۇلار اللەنىڭ يولىدا ماللىرى بىلەن، جانلىرى بىلەن جىھاد قىلىشنى ياقتۇرمىدى، ئۇلار (بىر-بىرىگە): «ئىسسىقتا چىقماڭلار» دېيىشتى. ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «جەھەننەمنىڭ ئوتى تېخىمۇ قىزىقتۇر. ئەگەر ئۇلار چۈشىنىدىغان بولسا، (ئەلۋەتتە ئىسسىقتا رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرگە چىققان بولاتتى. ئۇلار قىلمىش (گۇناھ) لىرىنىڭ جازاسى ئۈچۈن، ئاز كۈلسۇن، كۆپ يىغلىسۇن» . (9:81-82)

ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەنى سەلەمە قەبىلىسى ئادەملىرىدىن بىرى بولغان جەد ئىبن قەيسكە: «بۇ يىل بەنى ئەسپەرلەرگە قارشى ئۇرۇشقا بارامسەن؟» ، دېگەن ئىدى ئۇ: «ئى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام، ماڭا بارماسلىققا رۇخسەت

بىرلىك، مېنى پىتنىگە سالماڭ، الله بىلەن قەسەمكى، قەۋمىم بىلىدۇكى، مەندىنمۇ بەكرەك ئاياللارغا ئامراق ئادەم يوق. مەن ئەگەر بەنى ئەسپەرلەرنىڭ ئاياللىرىنى كۆرسەم سەبرە قىلالمايمەن دەپ قورقىمەن»، دېگەن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن يۈزىنى ئۆرۈدى. بۇ ھادىسە ھەققىدە الله تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتى نازىل بولدى:

ومنهم من يقول ائذن لي ولاتفتني الا في الفتنة سقطوا وان جهنم لمحيطة بالكافرين *

- «ئۇلارنىڭ ئارىسىدا: «ماڭا (يەنى مېنىڭ قېلىشىمغا) رۇخسەت قىلغىن، مېنى بالاغا گىرىپتار قىلمىغىن (يەنى رۇمنىڭ ئاياللىرى بىلەن گۇناھ قىلىپ قويۇشۇمغا سەۋەبچى بولمىغىن)» دېگۈچىلەرمۇ بار. ئەمەلدە ئۇلار (مۇناپىقلىقتىن ئىبارەت چوڭ) بالاغا گىرىپتار بولدى. شۈبھىسىزكى، جەھەننەم كاپىرلارنى ئوراپ تۇرغۇچىدۇر» . (9:49)

مۇناپىقلار جەڭگە سۇسلۇق قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىشمىدى، بەلكى ئادەملەرنى جەڭگە بارماسلىققا تەرغىپ قىلىشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ ئۇلارنى قاتتىقراق جازالاشنى خىيال قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇلاردىن بىر قانچىسىنىڭ يەھۇدىي سۇۋەيلىمنىڭ ئۆيىدە ئادەملەرنىڭ رايىنى قايتۇرۇش، ئۇرۇشقا بارماسلىققا ئۈندەش مەقسىتىدە يىغىلىشقانلىقىنى خەۋەر قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئەدىبىنى بېرىپ قويۇش ئۈچۈن تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھنى بىر نەچچە ساھابىلار بىلەن ئەۋەتتى. ئۇلار بېرىپ مۇناپىقلار يىغىلىپ ئولتۇرغان سۇۋەيلىمنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتتى. ئۇلاردىن بىرى، ئۆينىڭ تېمى بىلەن قاچماقچى بولۇپ، پۇتىنى سۇندۇرۇۋالدى. قالغانلار ئۆزىنى ئوتقا ئۇرۇپ



قېچىۋېلىشتى. بۇ ۋاقىئە باشقىلار ئۈچۈن دەرس بولدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشقا ھېچكىم جۈرئەت قىلمىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قوللانغان ھوشيارلىق ۋە قاتتىق قوللۇقنىڭ قوشۇننى تەييارلاشتا تەسىرى بولدى ۋە ئوتتۇز مىڭ مۇسۇلماننى بىرلەشتۈرگەن لەشكەر جەملەندى. بۇ ئېغىر قوشۇن دەپ ئاتالدى. چۈنكى ئۇ كۆپ سانلىق دۈشمەن بىلەن ئېلىشىش ئۈچۈن يازنىڭ قاتتىق پىژغىرىم ئىسسىقتا مەدىنىدىن ئۇزاقتا جەڭ قىلىشقا چاقىرىلغان ھەمدە ئۇنى تەييارلاشقا كاتتا سەرپ-خىراجەت كەتكەن ئىدى. قوشۇن يىغىلىپ بولدى. ئەبۇ بەكرى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە يوق پەيتلىرىدە ئادەملەرگە نامازغا ئىماملىق قىلىش ئۈچۈن قالدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى باشلىق قىلىپ قالدۇردى. ئەلى ئىبنى ئەبۇتالىبنى ئائىلىسىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشقا بەلگىلىدى. زۆرۈر پەرمانلارنى بەردى. تەدبىر قىلىش كېرەك بولغان ئىشلارنىڭ چارىسىنى كۆردى. قوشۇنغا باش بولۇپ يولغا چۈشتى. چاڭ توزاڭ ئاسمانغا كۆتۈرۈلدى. قوشۇن پۈتۈن سۈلتى بىلەن مەدىنە ئاھالىسى ئالدىدا نامايەن بولدى. ئاياللار بۇ زور قوشۇن الله يولىدا ئىسسىقنى، ئۇسسۇلۇق ۋە ئاچلىقنى پىسەنت قىلماي شام تەرەپكە يول ئالغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن تاملارغا ئۈستىگە چىقتى. ئالدىدا كېتىۋاتقان ئون مىڭ ئاتلىق بۇ زور قوشۇننىڭ قۇدرىتىنى نامايەن قىلدى. جەڭگە بېرىشتىن ئۆزىنى تارتىۋاتقان بەزى ئادەملەر بۇ مەنزىرىدىن تەسىرلىنىپ قوشۇن ئارقىدىن ئەگەشكەنلىكىنى ئۆزلىرىمۇ بىلمەي قالدى. قوشۇن تەبۈكنى مۆلچەرلەپ يولغا چىقتى. رۇم قوشۇنلىرى ئۇ يەردە مۇسۇلمانلارنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇلارغا

مۇسۇلمانلارنىڭ قوشىنى كېلىۋاتقانلىقى، سانىنىڭ كۆپلىكى ۋە كۈچ قۇدرىتىنىڭ خەۋىرى كەلگەن پەيتتە مۇئتە، ھازىرقىدەك كۈچ ۋە سانغا ئىگە بولماي تۇرۇپ مۇسۇلمانلار كۆرسەتكەن جەڭنى، قەھرىمانلىقنى ئەسلەشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇن بېشىدا كېلىۋاتقانلىقى ئۇلارنىڭ قورقۇنچىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى ۋە ئۆز قوشۇنلىرىنى ئېلىپ شام ئۆلكىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە كىرىپ، ئۇ قەلئەلەردە قوغدىنىشنى ماقۇل كۆردى. تەبۇكنى ۋە سەھرا تەرەپتىن شامنىڭ بارلىق چېگرالىرىنى تاشلاپ، شامنىڭ ئىچكىرىسىگە كەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام رۇم قوشۇنلىرىنىڭ ئىچكىرىگە چېكىنگەنلىكىنى قاتتىق قورقۇنچى ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، تەبۇكقا يەتكىچە يولنى داۋام قىلدى ۋە ئۇ يەردە ئورۇنلاشتى ۋە ئاشۇ ۋاقىتتا رۇم قوشۇنىنى قىستاشنىڭ بېھۇدە ئەمەسلىكىنى بىلدى. تەبۇكتا بىر ئايغا يېقىن تۇردى. بۇ ۋاقىت مابەينىدە رۇمغا تابى قەبىلە ۋە شەھەرلەرنىڭ ئەمىرلىرىگە مەكتۇپلار ئەۋەتتى. ئەيلە ھاكىمى يەھنە ئىبنى روبىگە، جەربە ۋە ئەزرۇخ ئاھالىسىگە بويسۇنۇشقا چاقىرىپ، پاكى بولمىسا ھۇجۇم قىلىشنى مەلۇم قىلىپ مەكتۇپ يازدى. ئۇلار بويسۇنۇشقا رازى بولدى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تۈزۈپ، جىزيە بەردى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە قايتتى. كېلىپ ئۆزى يوقلىقىدىن پايدىلىنىپ مۇناپىقلار زەھەرلىرىنى ھەر تەرەپكە چېچىۋاتقانلىقىنى، مۇسۇلمانلارغا ناباۋۇز قىلىش ئۈچۈن كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ بىر جامائەسى زۇئەۋۋان دېگەن مەدىنىدىن بىر سائەتلىك يولدىكى جايدا مەسجىد قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدا



مۇناپىقلار جايلىشىۋېلىپ اللەنىڭ كالامىنى بۇزۇشقا ۋە بۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىنى بۇزۇپ تاشلاشنى خالىشاتتى. بۇ مەسجىدنى قۇرغانلار تەبۇك غازىتىدىن ئالدىن رەسۇلۇللاھتىن كېلىپ ناماز ئوقۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام غازاتتىن قايتقاندىن كېيىنگە قالدۇرغان ئىدى. غازاتتىن قايتقاندا مۇناپىقلارنىڭ قىلمىشلىرىدىن خەۋەردار بولدى ۋە مەسجىدنىڭ ئىشلىرى ۋە ئۇنى قۇرۇشتىن كۆزلەنگەن مەقسەتنىڭ ھەقىقىتى پاش قىلىنىپ، ۋەھيى نازىل بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى كۆيدۈرۈۋېتىشقا بۇيرىدى. مۇناپىقلارغا قارشى سىياسەتلەرنى كۈچەيتتى. بۇنىڭ بىلەن مۇناپىقلارنى قاتتىق قورقۇنچقا سېلىپ قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ بىرەر نەرسە قىلىشقا يۈرىكى توختىمىدى.

تەبۇك غازىتى سەۋەبىدىن پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا اللەنىڭ ھۆكمى تەنتەنە قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەرقانداق تاجاۋۇزدىن تىنچ بولدى. ئەرەبلەرنىڭ ئەلچىلىرى ئىتائەت قىلىشىنى، ئىسلامغا كىرگەنلىرىنى ئېلان قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىشكە باشلىدى.

## ئىسلامىي دۆلەتنىڭ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىقى

تەبۇك غازىتى بىلەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام تاشقى جەھەتنى ۋە بىر تەرەپتىن دۆلەت چېگرىلىرى خەۋپسىزلىكىنى تەمىنلەپ، ئىككىنچى تەرەپتىن دۈشمەنلىرى قەلبىگە قورقۇنچ سېلىپ قويۇپ مۇستەھكەملىدى. ئۇزىدىن كېيىن ئىسلامىي

دەۋەتنى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىن تاشقىرىغا پۈتۈن ئالەمگە ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا بىر پىلان تۈزۈپ بەردى. تەبۇك غازىتىدىن كېيىن يېرىم ئارالنىڭ جەنۇبىدىكى يەمەن، ھەزرىمەۋت ۋە ئۇممان ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى ۋە ئىسلامىي دۆلەتكە بويسۇندى. ھىجرىيەنىڭ 9- يىل كېلىشى بىلەن ئەلچىلەر ئۆزلىرى ۋە قەۋملىرى ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى ئېلان قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئىسلامىي دۆلەتنىڭ پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغا ھۆكۈمرانلىقى تولۇق ئەمەلگە ئاشتى ۋە رۇم تەرەپتىكى چېگرالارنىڭ خەۋپسىزلىكى تەمىنلەندى. يېرىم ئارالدا ھازىرمۇ شېرىكلىرىدە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان مۇشرىكلەر بار ئىدى. ئۇلار رەسۇلۇللاھنىڭ بارچە ئادەملەرگە بەيتۇللاھقا كېلىشتىن ھېچكىم توسالمايدۇ، ھارام ئايلاردا ھېچكىمگە خەۋپ سېلىنمايدۇ، دەپ بەرگەن ئەھدىسى سەۋەپتىن مۇشرىكلارمۇ بەيتۇللاھنى ھەج قىلىشقا كېلىپ، ئۇ يەردە بۇتلارغا ئىبادەت قىلىشاتتى. پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئىتائەت قىلىۋاتقان ۋە ئىسلامىي دۆلەت ھۆكۈملىرىگە بويسۇنىۋاتقان بولسا ئۇنىڭدا اللە دىن باشقىغا ئىتائەت قىلىدىغان مۇشرىكلار قالغان بولۇپ، ئۇلار ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويۇلامدۇ؟ بەيتۇللاھتا بۇت پەرەسلىك ۋە شېرىككە قارشى قوزغالغان مۇسۇلمانلار بىلەن بۇت پەرەسلىك ۋە شېرىكتە داۋام قىلىۋاتقان مۇشرىكلارنىڭ مانا شۇنداق بىر-بىرىگە زىت ھالدا يىغىلىشىغا بىپەرۋا قاراپ تۇرمايدۇ. بەيتۇللاھ ئەتراپىدا بىرى بۇتلارنى پارچىلىغان، ئىككىنچىسى مانا شۇ بۇتلارغا ئىبادەت قىلىدىغان بىر-بىرىگە زىت ئىبادەتنىڭ مەۋجۇت بولۇشى تاقەت قىلغىلى بولمايدىغان ھالەت ئىدى. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا



ئۇشبۇ شېرىككە زەربە بېرىش ۋە مۇشرىكلەرنى بەيتۇللاھقا يولاتماسلىق لازىم ئىدى. شۇ يىلى تەبۇك غازىتىدىن كېيىن ئەبۇ بەكرى ئادەملەرگە باش بولۇپ ھەجگە كېلىپ، «بارائەت» («تەۋبە») سۈررىسى نازىل بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ، ھەجدە خۇتبە ئوقۇپ ئۇلارغا تەۋبە سۈرىسىنى ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەلى مەككىگە كەتتى ۋە ئادەملەر مىنادا جەملەنگەندە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ياندىشىپ تۇردى ۋە ئادەملەرگە تەۋبە سۈرىسىنىڭ:

**براءة من الله ورسوله الي الذين عهدتم من المشركين**

-«(بۇ) اللە ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىڭ سىلەر بىلەن مۇئاھىدە تۈزۈشكەن مۇشرىكلارغا قاراتقان ئادا-جۇدا بولۇش (يەنى مۇئاھىدىنى بىكار قىلىش) ئېلانىدۇر». (9:1)

**واعلموا ان الله مع المتقين**

-«... بىلىڭلاركى، اللە تەقۋادارلار بىلەن بىللىدۇر (يەنى اللەنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈش، مەنئى قىلغان ئىشلىرىدىن چەكلىنىش بىلەن اللەدىن قورققۇچىلىرغا اللەنىڭ ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشەنچىدە بولۇڭلار)». (9:36)

ئايىتىگىچە ئوقۇپ بەردى. بۇ ئايەتلەرنى ئوقۇپ بولۇپ، بىر ئازا تۇردى ۋە كېيىن ئادەملەرگە ئۈستۈن ئاۋازى بىلەن دېدى: «ئى ئادەملەر، گەپ شۇكى، جەننەتكە كاپىر كىرمەيدۇ، شۇ يىلدىن ئېتىبارەن مۇشرىك ھەج قىلمايدۇ، بەيتۇللاھنى يالىڭاچ ئادەم تاۋاپ قىلمايدۇ. كىمنىڭ رەسۇلۇللاھدا ئەھدى بولسا، ئۇ مۇددەتىگىچە داۋام قىلىدۇ». ئەلى ئادەملەرگە ئۇشبۇ تۆت بۇيرۇقنى يەتكۈزدى. كېيىن ھەر بىر قەۋم مەنزىلىگە يېتىۋېلىشى

ئۇچۇن شۇ كۈندىن باشلاپ تۆت ئاي مۆھلەت بەردى. بۇنىڭ بىلەن ئىسلامدىن باشقا ھەرقانداق پىكىر ۋە دۆلەت يوق قىلىندى. دۆلەت بۇ دەۋىتنى پۈتۈن ئالەمگە ئېلىپ چىقىشقا تەييار بولدى. بۇ ئىشلار ئىسلامى دۆلەت شەكىللىنىپ بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

## ئىسلامى دۆلەت جىھازى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلگەن كۈندىن باشلاپ مۇسۇلمانلارنى باشقۇردى. ئىسلامىي جەمئىيەتنى پەيدا قىلدى. يەھۇدىلار بىلەن، كېيىن بەنى زەمرە ۋە بەنى مۇدلىج بىلەن، كېيىن قۇرەيش، ئەيلە، جەربا ۋە ئەزرەخ ئەھلى بىلەن ئەھدى تۈزدى. ئادەملەر بىلەن بىرەر ھاجى بەيتۇللاھتىن مەنئى قىلىنماسلىقى ۋە هارام ئايلاردا ھېچكىم خەۋپكە سېلىنماسلىقى ھەققىدە كېلىشىۋالدى.

ھەمزە ئىبنى ئابدۇل مۇتتەلىپ، ئۇبەيدە ئىبنى هارىس ۋە سەئدى ئىبنى ۋەققاسلارنى قۇرەيشكە قارشى ئۇرۇشۇش ئۇچۇن سەرىيە بىلەن ئەۋەتتى. زەيد ئىبنى هارىسە، جەئفەر ئىبنى ئەبۇ تالىب ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى رەۋاھىلەرنى رۇمغا ئۇرۇشۇشقا ئەۋەتتى. خالىد ئىبنى ۋەلىدنى دەۋمەتۇل جەندەلگە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب، كېيىن بەشىر ئىبنى سەئدنى پەدەككە ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇل ئەسەدنى نەجدنىڭ قەتنا دېگەن جايىغا، زەيد ئىبنى هارىسنى بەنى سەلىم، جۇززان ۋالىد قۇرادىكى بەنى پەزارە قەۋملىرىگە كېيىن مەدىيەنگە، ئەمرى ئىبنى ئاسنى بەنى ئۇزرە يېرىدىكى زاتۇسسەلاسىلگە، شۇنىڭدەك، باشقا لەشكەر باشلىرىنى



تۇرلۇك رايونلارغا ئۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئۆزى بىر قانچە غازاتقا باش بولۇپ، جەڭلەرگە كىردى.

ۋىلايەتلەرگە ۋالىلار شەھەرلەرگە ئامىللار بەلگىلىدى. ئەتتاپ ئىبنى ئۇسەيدنى پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن مەككىگە، بازان ئىبنى ساساب مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن يەمەنگە، مۇئاز ئىبنى جەبەل خەزرەجىنى جەنەدكە، خالىد ئىبنى سەئدى ئىبنى ئاسنى سەنئاغا، زىياد ئىبنى لەبىد ئىبنى سەلەبە ئەنسارىنى ھەزرەمەۋتكە، ئەبۇ مۇسا ئەشئەرىنى زەبىد ۋە ئەدەنگە، ئەمرى ئىبنى ئاسنى ئۇممانغا، ئىبنى ھاتەمنى تەي قەۋمىگە، ئەلا ئىبنى خەزرەمىنى بەھرەينگە ھاكىم قىلدى. ئەبۇ دۇجانە رەسۇلۇللاھنىڭ مەدىنىدىكى ئامىلى ئىدى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋالىلارنى بەلگىلەشتە تاپشۇرۇلغان ئىشنى ياخشى بىجىرىدىغان ۋە بارغان جايىدىكى ئادەملەرنىڭ قەلبلىرىنى ئىمان بىلەن سۇغۇرىدىغان شەخسلەرنى تاللايتتى. ئۇلاردىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتە قوللىنىدىغان تەرىقەتلىرى ھەققىدە سوئال قىلاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئاز ئىبنى جەبەل خەزرەجىگە يەمەنگە ئەۋەتىلگەن ۋاقىتلىرىدا دېدى: «نېمە بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزىسەن؟». ئۇ دېدى: «اللەنىڭ كىتابى بىلەن». «ئەگەر ئۇنىڭدىن ھۆكۈم تاپالمىساڭچۇ؟» «رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتى بىلەن» «ئەگەر ئۇنىڭدىنمۇ ھۆكۈم تاپالمىساڭچۇ؟» «ئۆز رەئيىم بىلەن ئىجتىھاد قىلىمەن». شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەلچىسىنى الله ۋە رەسۇلى ياخشى كۆرىدىغان يولغا مۇۋەپپەق قىلغان اللەقا ھەمدە بولسۇن». ئىببان ئىبنى سەئىدنى بەھرەينگە ئەۋەتىلۋاتقاندا ئۇنىڭغا دېدى: «ئەبۇ قەيس قەۋمىگە چىرايلىق مۇئامىلىدە بول، ئۇلۇغلارنى

ئىززەت ئىكرام قىلغىن».

ۋالىيلارنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ نەمۇنىلىك شەخسلەردىن بەلگىلەيتتى. ئۇلارغا ئىسلامغا كىرگەنلەرگە دىنىنى چۈشەندۈرۈشنى، ئۇلاردىن زاكات ئېلىشنى بۇيراتتى. كۆپۈنچە ۋالىغا مال يىغىشنىمۇ تاپشۇراتتى. ۋالىيلارغا ئادەملەرگە ياخشىلىقنى بىشارەت قىلىشنى، قۇرئاننى ئۆگۈتۈشنى، دىنىدا ئىلىملىك قىلىشنى ئەمرى قىلاتتى. ھەق بارىسىدا ئادەملەرگە مۇلايىم بولۇشنى، زۇلۇمدا بولسا قاتتىق قول بولۇشنى، ئەگەر ئۇلار ئوتتۇرىسىدا جېدەل بولسا، ئۇلارنى قەبىلە ۋە قېرىنداشلىرىغا (تەرەپۋازلىق مەقسىتىدە) چاقىرىشتىن قايتۇرۇشنى، ئۇلارنىڭ چاقىرىشى پەقەت اللە تائالاغا بولىشىنى، ماللىرىنىڭ بەشتەن بىرىنى ئېلىشنى، مۇسۇلمانلارغا پەرز قىلىنغان زاكاتلارنى يىغىشنى بەلگىلەيتتى. يەھۇدىي ياكى نەسرانىي ئۆز خاھىشى بىلەن ئىسلامغا خالىس كىرسە ۋە دىنىنى قوبۇل قىلسا، ئۇمۇ مۆئمىنلەردىن ھېساپلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مۆئمىنلەرگە خاس ھوقۇقلار بېرىلىدۇ ۋە زىممىسىگە مۆئمىنلەرگە تەئەللۇق ھوقۇقلار يۈكلىنىدۇ. كىم يەھۇدىيلىقىدا ياكى نەسرانىيلىقىدا قالسا، ئۇنى دىنىدىن چىقىشقا مەجبۇر قىلىنمايدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇئازنى يەمەنگە ئەۋەتكەندە دېدى: «سەن ئەھلى كىتاپ بولغان بىر قەۋم ئالدىغا بېرىۋاتىسەن ئۇلارنى ئەڭ ئاۋۋال اللە تائالاغا قۇللۇق قىلىشقا دەۋەت قىلغىن. اللە تائالانى تونۇسا، ئۇلارغا بايلىرىدىن ئېلىنىپ، كەمبەغەللىرىگە بېرىلىدىغان زاكاتنى پەرز قىلغانلىقى خەۋىرىنى بەرگىن. ئەگەر ئۇلار بۇنىڭغا ئىتائەت قىلسا، زاكات ئالغىن. ئۇلارنىڭ ماللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى ئېلىشتىن



ساقلانغىن. مەزلۇمنىڭ دۇئاسىدىن ئېھتىيات قىلغىن، چۈنكى، ئۇنىڭ بىلەن اللە تائالا ئوتتۇرىسىدا پەردە يوقتۇر». بەزى ۋاقىتلاردا بولسا ماللارنى يىغىش ئۈچۈن مەخسۇس كىشىلەرنى ئەۋەتەتتى. ھەر يىلى ئابدۇللاھ ئىبن رەۋاھەنى خەيبەرگە ئەۋەتەتتى. ئۇلار ھوسۇلنى تەخمىنەن ھېساپلاش ئۈچۈن ئەۋەتەتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ناھايىتى قاتتىق قوللىقىدىن شىكايەت قىلىشتى. ئابدۇللاھقا ئاياللارنىڭ زىننەتلىرىدىن پارا بېرمەكچى بولۇپ: «بۇ ساڭا، بىزگە يېنىكلىك ھېساپ قىلغىن، تەقسىمدە بىزگە كۆپ قالدۇرغىن»، دېگەندە، ئابدۇللاھ ئۇلارغا دېدى: «ئى يەھۇدىيلار جامائەسى، ئەلۋەتتە سەنلەر اللەنىڭ مەخلۇقلىرى ئىچىدە مەن ئەڭ يامان كۆرىدىغانلىرىم سەن، بىراق بۇ نەرسە مېنى سەنلەرگە زۇلۇم قىلىشقا ئۈندىمەيدۇ. ئەمما سەنلەر ماڭا تەكلىپ قىلىۋاتقان پارا ھارامدۇر، بىز ھارام يېمەيمىز». يەھۇدىيلار: «مانا شۇنىڭ بىلەن يەر ۋە ئاسمانلار قائىم بولغان»، دېدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋالى ۋە ئامىللارنىڭ ھالىدىن خەۋەردار بولۇپ تۇراتتى. ئۇلار ھەققىدە كېلىۋاتقان خەۋەرلەرنى ئىشتەتتى. بەھرەيندىكى ئامىللىرى ئەلا ئىبن ھەزرەمىنى ئەبۇ قەيس قەۋمى ئەلچىلىرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن شىكايەت قىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئىشتىن بوشاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئامىللاردىن ھېساپنى تولۇق ئالدى، ئۇلارنى كىرىم ۋە چىقىملار بويىنچە ھېساپ كىتاپ قىلاتتى. بىر كىشىنى زاكات يىغىشقا ئەۋەتتى ۋە قايتىپ كەلگەندە، ھېساپ-كىتاپ قىلدى. ئۇ دېدى: «بۇ سىلەرگە، بۇ بولسا ماڭا ھەدىيە قىلىندى». ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «بۇ كىشىگە نېمە

بولدى؟ بىز ئۇنى الله بىزگە تاپشۇرغان بىر ئىشقا ئەۋەتسەك، كېلىپ: «بۇ سىلەرگە، بۇ ماڭا ھەدىيە قىلىندى» دەيدۇ. ئۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرسۇنچۇ، كۆرىمىز ئۇنىڭغا ھەدىيە قىلىنامدىكىن ياكى قىلىنماسمىكى». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «بىز كىمنى بىر ئىشقا بەلگىلىسەك ۋە ھەققىنى ھەم بەرسەك، بۇنىڭدىن تاشقىرى ئالغان نەرسىسى خىيانەتتۇر».

ئەھلى يەمەن مۇئازنىڭ نامازنى ناھايىتى ئۇزۇن ئوقۇشىدىن شىكايەت قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا تەنبىھ بەردى: «كىم ئادەملەرگە ئىمام بولسا نامازنى يېنىكلىل قىلسۇن» دېدى.

ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىش ئۈچۈن قازىلار ئەۋەتەتتى. ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىبنى يەمەنگە، ئابدۇللاھ ئىبن نەۋپەلنى مەدىنىگە قازى قىلىپ بەلگىلىدى. مۇئاز ئىبن جەبەل ۋە ئەبۇ مۇسەلئەشئەرى ئىككىلىسىنى يەمەنگە قازى قىلىپ ئەۋەتىپ دېدى: «نېمە بىلەن ھۆكۈم قىلىسىلەر؟». ئۇلار ئېيتتى: «ئەگەر ھۆكۈمنى كىتاپتىمۇ، سۈننەتتىمۇ تاپالمىساق، ئىشلەرنى بىر-بىرىگە قىياس قىلىمىز. قىياسىمىز قايسى ھەققە يېقىن بولسا شۇنىڭغا ئەمەل قىلىمىز». رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇنى تەستىقلىدى. بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام قازىلارنى تاللايتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش يۈرگۈزۈش ئۇسۇلىنى ئېنىق سورىۋالاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پەقەت قازىلارنى بەلگىلەش بىلەن توختاپ قالمايتتى، بەلكى مەزالىم ئىشلىرىغا ھەم ئەھمىيەت بەردى. راشىد ئىبن ئابدۇللاھنى مەزالىم ۋە قازىلىق ئىشلىرىغا ئەمىر قىلىپ ئەۋەتتى ۋە ئۇنىڭغا مەزالىم مەسىلىلىرىنى كۆرۈش



ھوقۇقىنى بەردى.

ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى باشقۇراتتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن كاتىپلارنى تەيىنلەيتتى. ئۇلار ئىدارىلەرنىڭ مۇدىرلىرى مەقامىدا ئىدى. ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەھدىلەشكەندە ئەھدىلەرنى سۈلھىنى تۈزگەندە يازىدىغان كاتىپ ئىدى. ھارىس ئىبن ئەۋپ مۇررى رەسۇلۇللاھنىڭ ئۈزۈكىگە قارايتتى مۇئەيقىپ ئىبن پاتىمە ئولجا كاتىپى ئىدى. ھۇزەيپە ئىبن يەمانى ھىجاز مېۋىلىرى قانچىلىك ھوسۇل بېرىشنى تەخمىنلەپ ھېساپلايدىغان كاتىپ ئىدى. زۇبەير ئىبن ئەۋۋام زاكات ماللىرىنى يازاتتى. مۇغىرە ئىبن شۇئبە قەرز ئالدى ۋە بەردى مۇئامىلىلەرنى يازاتتى. شۇرەھبىل ئىبن ھەسەنى پادىشاھلارغا خەت يازاتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھەر بىر مەنپەئەتكە كاتىپ ياكى مۇدىر بەلگىلەيتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەسھابلىرى بىلەن كۆپ مەسلىھەتلىشەتتى. دائىم ئەقىل زاكاۋەتلىك، پەزىلەتلىك ۋە ئىمانى كۈچلۈك ساھابىلار بىلەن كېڭەش قىلاتتى. ئۇلار ئەنسارىلاردىن يەتتە ۋە مۇھاجىرلاردىن يەتتە بولۇپ: ھەمزە، ئەبۇ بەكرى، جەئفەر، ئۆمەر، ئەلى، ئىبن مەسئۇد، سۇلايمان، ئەممار، ھۇزەيفە، ئەبۇزەر، مىقداد ۋە بىلاللار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەسلىھەتلىشىدىغان ساھابىلاردىن ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام باشقىلار بىلەنمۇ مەسلىھەت قىلىشاتتى، لېكىن مەزكۇر ساھابىلار بىلەن كۆپراق مەسلىھەتلىشەتتى. شۇنىڭدەك، ئۇلار شۇرا مەجلىسى ئورنىدا ئىدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلار ۋە باشقىلار

ئۈستىگە، يەرلەرگە، مېۋە ۋە چارۋىلارغا ئادا قىلىنىشى مەجبۇر بولغان ماللارنى بەلگىلەپ قويدى. بۇ ماللار زاكات، ئۆشرە، فەيئى، خىراج، جىزيەلەردۇر. ئولجىلار ھەم بەيتۇلمال ماللىرىدىندۇر. زكات قۇرئاندا زىكرى قىلىنغان سەككىز تائىپىگە تەقسىم قىلىنىپ، بۇلاردىن باشقا ھېچكىمگە بېرىلمەيتتى. دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقىمۇ زاكات ماللىرىدىن ھېچنەرسە ئېلىنمايتتى. ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشقا فەيئى، خىراج، جىزيە ۋە ئولجىلاردىن سەرپ قىلىناتتى. بۇ ماللار دۆلەتنى باشقۇرۇش، قوشۇن تەييارلاشقا كۇپايە قىلاتتى. دۆلەت مالىغا مۇھتاجلىق سەزمەيتتى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئىسلامى دۆلەت جىھازىنى ئۆز قوللىرى بىلەن تىكلىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزى دۆلەت رەئىسى ئىدى. بۇ دۆلەتتە مۇئاۋىنلەر، ۋالىلار، قازىلار ۋە قوشۇن، ئىدارىلەرنىڭ مۇدىرلىرى ۋە شۇرا مەجلىسى بار ئىدى. بۇ جىھاز ئەگىشىش ۋاجىپ بولغان تەرىقەتتۇر. ئۇ مۇتەۋاتىر ھەدىسلەر بىلەن سابىتتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن باشلاپ، تا ۋاپات بولغىچە دۆلەت ۋەزىپىسىنى بېجىردى. ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇئاۋىنلىرى ئىدى. ساھابىلار رەسۇلۇللاھتىن ئۇ كىشىگە پەيغەمبەرلىكتىمۇ، ئەلچىلىكتىمۇ ئەمەس، پەقەت دۆلەتكە رەئىس بولىشىدا خەلىفە بولىدىغان دۆلەت رەئىسىنى تىكلەشكە ئىجمائ قىلغان. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئاخىرقى پەيغەمبەردۇر. شۇنداق قىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دۆلەت ئىشلىرىنى مۇكەممەل بەرپا قىلدى ۋە ئۆزىدىن كېيىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش شەكلىنى مەلۇم ۋە يېقىن



كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان سۈرەتتە قالدۇردى.

# ئىسلامى دۆلەت ۋە يەھۇدىلار

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا يەھۇدىلار ئېتىبارسىز ئىدى. قارشىلىق كۆرسىتىش ئېتىبارغا ئېلىنىدىغانلىرى ئەرەبلەر، ۋە خۇسۇسەن قۇرەيش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام يەھۇدىلار بىلەن ئۇلارنىڭ بويسۇنۇشى ھەمدە قارشى چىققانلارغا قوشۇلماسلىقى ھەققىدە توختام تۈزدى. بىراق ئۇلار ئىسلام دۆلىتى ئۆسۈپ بېرىۋاتقانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سەلتەنەتى كېڭىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تۈرلۈك ھەرخىل ئىغۋا ۋە بەھسى مۇنازىرە ئارقىلىق ھۇجۇم قىلىشقا باشلىدى. بەدر غازىتىدا مۇسۇلمانلار غالىب بولغانلىقتىن، يەھۇدىلار ئۆزىگە كېلىۋاتقان خەتەرنى ھېس قىلدى ۋە مۇسۇلمانلارغا تەنە باغدۇرۇپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا قارشى تىل بىرىكتۈردى. يەھۇدىلارنىڭ پىتنىلىرى ھەققىدىكى خەۋەرلەر رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ تۇراتتى. مۇسۇلمانلارمۇ، يەھۇدىلارمۇ بىر-بىرىگە زەرەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن پۇرسەت كۈتۈشكە باشلىدى. يەھۇدىلارنىڭ ئاداۋىتى كۈچىيىپ كەتتى. بەنى ئەمرى ئىبن ئەۋپ يەھۇدىلاردىن بىرى ئەبۇ ئىفكى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا مۇسۇلمانلارغا تەنە يېزىلغان شېئىرلەرنى ئەۋەتتى. ئەسما بىنتى مەرۋان دېگەن ئايال ئىسلامنى قارىلاپ، رەسۇلۇللاھقا قارشى يەھۇدىلارنى كۈشكۈرتەتتى. كەئبى ئىبن ئەشرەپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللىرىغا ئاتاپ شېئىرلەر يازاتتى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قارشى

يەھۇدىلارنى قوزغايتتى. مۇسۇلمانلار بۇنىڭغا ئارتۇق تاقەت قىلىپ
تۇرالمىدى ۋە بۇ ئىشلاردىن تېختىشى ئۈچۈن ئۇلارنى ئۆلتۈردى.
لېكىن يەھۇدىلار مۇسۇلمانلاردىن قورۇقسىمۇ ئازارلىرىنى
كۈچەيتتى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلاردىن
مۇسۇلمانلارغا ئازار يەتكۈزۈشنى توختىتىشنى ۋە توختامغا ئەمەل
قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئەكسى ھالدا قورشىنىڭ كۈنىنى
باشلىرىغا سېلىشىنى ئۇقتۇردى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ
ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشىغا مەنسىتمىدى ۋە: «ئى
مۇھەممەد، ئۇرۇش ئىلمىنى بىلەيدىغان بىر قەۋم بىلەن جەڭ
قىلىپ، غەلىبە قازانغىنىڭغا مەغرۇرلانما. اللە بىلەن قەسەمكى،
ئەگەر بىز ساڭا قارشى تۇرساق، كىملىكىمىزنى بىلىپ قالىسەن»
، دەپ جاۋاپ بېرىشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بىلەن جەڭ
قىلىشتىن باشقا ئىلاج قالمىدى ۋە مۇسۇلمانلار چىقىپ بەنۇ
قەينۇقا يەھۇدىلىرىنى ئۈزلۈكسىز ئون بەش كۈن قامال قىلدى.
بۇ ۋاقىتتا ئۇلاردىن ھېچكىم تاشقىرىغا چىقمىدى، ھېچكىم
ئۇلارغا ئوزۇق-تەمىنات ئېلىپ كىرمىدى. ئۇلارنىڭ مۇھەممەد
ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكمىگە تەسلىم بولۇشتىن باشقا چارىلىرى
قالمىدى. كېيىن مەدىنىدىن سۈرگۈن قىلىندى ۋە ئۇلار
مەدىنىدىن چىقىپ، ۋادى قۇرا دېگەن جايغا باردى. بۇ يەردە
بىر قانچە زامان تۇرۇپ، كېيىن شام چېگرالىرىدىكى ئەزرۇئات
دېگەن جايغا كۆچۈپ كەتتى. بەنى قەينۇقا سۈرگۈن قىلىنىشى
بىلەن يەھۇدىلارنىڭ كۈچى ئاجىزلاشتى ۋە مۇسۇلمانلارغا
بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. كېيىنچىلىك قولايلىق پۇرسەت
كېلىپ، ئۇلار ئىككىنچى قېتىم يەنە ھەرىكەتكە چۈشتى.
مۇسۇلمانلار ئۇھۇدتا مەغلۇپ بولغاچقا قەبىلىرىدىكى ئەلەملىرى



چىقىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش[illegible] تىل
بىرىكتۈردى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ نىيەتلىرىنى
سېزىپ قالدى ۋە سىناش ئۈچۈن ھىلە ئىشلەتمەكچى بولدى[illegible]
مەقسەتتە ئۇلۇغ ساھابىلاردىن ئون كىشى بىلەن ئۇلارنىڭ [illegible]
ئەبۇ بەكرى، ئۆمەر ۋە ئەلىلەر بار ئىدى. بەنى نەزىر قەبىلىسىگە
باردى. ئۇزىنى خۇرسەن كۆرسەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا
ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ياخشى مۇئامىلە قىلىشىمۇ، نىيەتلىرى
بۇزۇقلۇقنى سەزدى. يەھۇدىلارنىڭ بىرى بىر چەتكە كەتتى. يەنە
بىرى رەسۇلۇللاھ تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ئۆيگە كىرىپ
كەلدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ شۈبھىلىرىنى
كۈچەيتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ساھابىلارنى قالدۇرۇپ، گويا
زەرۆرەتكە چىققاندەك بولۇپ، چىقىپ كەتتى. يەھۇدىلار نىمە
قىلىشىنى بىلمەي قالدى. كېيىن مۇسۇلمانلارنىڭ كۆڭلىنى
ئېلىش ئۈچۈن ئورۇندى. لېكىن رەسۇلۇللاھنىڭ ئەسھابلىرى ئۇ
زات كەلمىگەچكە، ئىزدەشكە چۈشتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام
ئۇلارغا يەھۇدىلارنىڭ ئىشلىرى شۈبھىگە سېلىپ قويغانلىقىنى
ئېيتىپ بەردى ۋە مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمەنى بەنى نەزىرگە تۇرغان
جايلىرىدىن چىقىپ كېتىشلىرىنى بۇيرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى.
ئۇلارغا ئون كۈن مۆھلەت بېرىلدى. كېيىن ئۇلارنى قامال
قىلىپ، تۇرغان ئورۇنلىرىدىن چىقىرىۋېتىلدى. يەھۇدىلار
چىقىپ كەتتى، بەزىلەر خەيبەردە قالدى، بەزىلىرى شامنىڭ
ئەزرۇئاتىغا كەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەدىنىنىڭ يەھۇدىلار
پىتنىسىدىن تازىلاش ئىشلىرى ئاخىرلاشتى. بۇ يەردە
يەھۇدىلاردىن پەقەت بەنى قۇرەيزە قەبىلىسى قالدى. چۈنكى ئۇلار
ئەھدىلەرنى بۇزمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ



www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا قارشى ھېچنەرسە قىلمىدى. ئۇلار بەنى قەينۇقا ۋە بەنى نەزىر قەبىلىلىرى بېشىغا چۈشكەن ئىشلارنى كۆرگەچكە، دوستلۇقنى كۈچەيتتى. بىراق، بۇ نەرسە مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ قۇدرىتىنى كۆرگەندىكى ۋاقىتلىق ئىش ئىدى. ھەتتا ئۇلار ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەت پەيدا بولۇپ قالغاچقا ۋە گورۇھلارنىڭ مۇسۇلمانلارنى يوقىتىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى كۆرگەچكە، ھۇيەيي ئىبنى ئەختەبنىڭ كېلىشىگە ئەھدىنى بۇزدى ۋە مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىۋېتىشكە تەييارلىق قىلدى خىيانەت ۋە ئىپلاسلىقنى ھەددىدىن ئاشۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن گورۇھلار كەتكەندىن كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاۋۋال قىلغان ئىشلىرى ئۇلارنىڭ قەلئەلىرىگە مۇسۇلمانلار بىلەن بىرگە بېرىپ، يىگىرمە بەش كۈن قامال قىلىش بولدى. قامال دەۋرىدە يەھۇدىيلار تاشقىرىغا چىقىشا پېتىنالمىدى. قەلئەلەرنى ھىمايە قىلالماسلىقىنى بىلىپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۆز ئىشىدا مەسلىھەت سوراش ئۈچۈن ئەبۇ لۇبابىنى ئەۋەتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەبۇلۇبابە ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتىكى ئىتتىپاقچىسى ئەۋس قەبىلىسىدىن ئىدى. يەھۇدىيلار ئۇنى كۆرۈپ، يىغلىغۇدەك ئەھۋالدا سورىدى: «ئى ئەبۇ لۇبابە، مۇھەممەدنىڭ ھۆكمىگە رازى بولامدۇق؟». ئەبۇلۇبابە: «ھەئە» دېدى ۋە قولى بىلەن گېلىغا ئىشارەت قىلدى. (يەنى ھۆكۈم باشىڭنى تەندىن جۇدا قىلىنىش بولىدۇ، دېدى). ئەبۇ لۇبابە ئۇلار ئالدىدىن كەتكەندىن كېيىن كەئبە ئىبنى ئەسئەد ئۇلارغا بەزى بىر پىكىرلەرنى تەكلىپ قىلغان ئىدى، ئۇلار قوبۇل قىلمىدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇ مۇھەممەدنىڭ ھۆكمىگە رازى بولماسلىقتىن باشقا چارە قالمىدى»، دېدى. كېيىن ئۇلار مۇھەممەد



ئەلەيھىسسالامغا ئەزرۇئاتقا كېتىشىنى ۋە بار مال-مۈلۈكلىرىنى مۇسۇلمانلارغا قالدۇرۇشنى تەكلىپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپلىرىگە كۆنمىدى ۋە پەقەت ھۆكۈمگە رازى بولۇشتىن باشقا يول يوق دېدى. كېيىن ئۇلار ئەۋسنى ئوتتۇرىغا سالدى. ئەۋس كىشىلىرى يەھۇدىيلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىپ، رەسۇلۇللاھنىڭ ئالدىغا كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا دېدى: «ئى ئەۋس جامائەسى، ئۆزىڭلاردىن بىرىڭلار ھۆكۈم چىقىرىشقا رازى بولامسىلەر؟» ئۇلار: «ھەئە»، دېدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ئۇ سەئدى ئىبنى مۇئاز». كېيىن سەئدى ئىككى تەرەپتىن چىقىرىدىغان ھۆكۈمگە بويسۇنۇشىما رازىلىق ئالدى. ئۇلار رازىلىق بەرگەنلىكتىن، بەنى قۇرەيزىگە قەلئەلىرىدىن چۈشۈشنى ۋە قورالنى تاپشۇرۇشنى بۇيرىدى. ئۇلار شۇنداق قىلدى. كېيىن سەئدى ئۇلار ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقاردى: جەڭچىلەر ئۆلتۈرۈلىدۇ، ماللار تەقسىم قىلىنىدۇ، ئاياللار ۋە باللار ئەسىر ئېلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇ ھۆكۈمنى ئىشىتكەندە: «سەن ئۇلار ئۈستىدىن اللەنىڭ ھۆكمىنى چىقاردىڭ»، دېدى. كېيىن مەدىنە بازىرىغا چىقتى. ئۇ يەردە خەندەك قېزىشقا بۇيرىدى، كېيىن يەھۇدىيلار توپ-توپ ئېلىپ كېلىندى ۋە ئۇلارنىڭ باشلىرى تەنلىرىدىن جۇدا قىلىنىپ، شۇ خەندەككە دەپنە قىلىندى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەنى قۇرەيزىنىڭ مال-مۈلكىنى، ئاياللىرى، باللىرىنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەردى. بۇ تەقسىمات رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەشتىن بىرىنى ئالغاندىن كېيىن بولغان ئىدى. بۇ ئولجالاردىن بىر قىسمىنى قالدۇرۇپ، ئۇلارنى سەئدى ئىبنى زەيد ئەنسارى بىلەن

نەجدىنگە ئەۋەتتى. زەيد ئۇلارغا ئات ۋە قورال سېتىۋالدى. بۇلار مۇسۇلمانلار ھەربىي قۇدرىتىنى ئاشۇرۇشقا سەزىمەت قىلدى.

شۇنىڭ بىلەن بەنى قۇرەيزە يوقىتىلدى. لېكىن ھازىرمۇ باشقا يەھۇدىلار بار ئىدى. خەيبەردە يەھۇدىلارنىڭ ئالتە كۈچلۈك قەلئەلىرى ياشايتتى. ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن ئىتتىپاققا كىرمىگەن بولۇپ، ھۇدەيبىيە سۇلھىسىدىن ئاۋۋال قۇرەيش بىلەن كېلىشىپ رەسۇلۇللاھقا قارشى تىل بىرىكتۈرگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ، تۇرۇشىمۇ دۆلەتكە قارشى خەۋپ ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيە سۇلھىسىنى ئاخىرلاشتۇرۇشى بىلەن خەيبەرگە ئۇنى يوقىتىشقا تەييارلىق قىلدى. ئادەملەرگە خەيبەردە غازات قىلىشنى بۇيرىدى. مۇسۇلمانلار يولغا چىقتى. ئۇلار بىر مىڭ ئالتە يۈز كىشى بولۇپ، يۈزى ئاتلىق ئىدى. ھەممىسى اللەتائالانىڭ غەلىبە ئاتا قىلىشىغا ئىشەنچىسى كامىل ھالدا خەيبەرگە كەتتى. خەيبەر قەلئەلىرى ئالدىدا جەڭگە تەييار بولۇپ تۇردى. يەھۇدىلار ئۆز-ئارا مەسلىھەتلىشىپ، سالام ئىبنى مىشكەمنىڭ مەسلىھىتىگە بىنائەن مال-مۈلۈكلىرى ۋە ئائىلىرىنى ۋەتىھ ۋە سالالىم قەلئەلىرىگە، ئوزۇق-تەمىناتلىرىنى نىئىم قەلئەسىگە ئورۇنلاشتۇردى. جەڭچىلەر نىتات قەلئەسىگە كىردى. سالام ھەم بىرگە بولۇپ، ئۇلارنى ئۇرۇشقا قىزىقتۇرۇپ تۇردى. ئىككى قوشۇن جەڭچىلەر جايلاشقان نىتات قەلئەسى ئەتراپىدا تۇقۇنۇشتى ۋە قاتتىق جەڭ قىلدى. ھەتتا ئېيتىشلەرچە، مۇسۇلمانلاردىن جاراھەتلەنگەنلەر سانى ئەللىككە يەتتى. سالام ئۆلتۈرۈلدى. يەھۇدىلارغا باشچىلىقنى ھارىس ئىبنى ئەبۇ زەينەپ قولىغا ئالدى. ئۇ ئوزۇقلار جايلاشتۇرۇلغان نىئىم قەلئەسىدىن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىش



ئۇچۇن ئەسكەرلىرى بىلەن چىقتى. بەنى [illegible] ئۇلارغا قاخشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئۇلارنى ئارقىغا چېكىنىشكە مەجبۇر قىلدى. مۇسۇلمانلار خەيبەر قەلئەلىرىنى قاتتىق قامال [illegible] يەھۇدىلار مۇداپىئە قىلىشقا جانلىرىنى ئاياشمىدى.

ئۇتتى. كېيىن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەبۇ بەكرىنى نائىم قەلئەسىنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن ئەۋەتتى. ئەبۇ بەكرى بۇ يەرگە بېرىپ، جەڭ قىلىپ پەتھى قىلالماي قايتتى. ئەتىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنى ئەۋەتتى. ئۇمۇ پەتھى قىلالمىدى. شۇ ۋاقىتتا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «ئەتىگە بايراقنى الله ۋە رەسۇلىنى ياخشى كۆرىدىغان الله ۋە رەسۇلىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان كىشىگە بېرىمەن. الله ئۇنىڭ قولى بىلەن پەتھى قىلىدۇ. ئۇ جەڭدىن قاچىدىغان كىشى ئەمەس». ئەتىسىگە ئالدىغا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبنى چاقىردى، كېيىن ئۇنىڭغا دېدى: «بۇ بايراقنى ئېلىپ بارغىن. الله تائالا ساڭا پەتھى بەرگەي». ئەلى بايراقنى ئېلىپ قەلئەنى پەتھى قىلىش ئۈچۈن كەتتى. ئۇ قەلئەگە يېقىنلاشقاندا ئۇنىڭغا يەھۇدىلار قارشى چىقتى. ئەلى ئۇلار بىلەن جەڭگە كىردى. بىر يەھۇدى ئۇنىڭ قالقىنىغا ئۇرۇپ، قولىدىن چۈشۈرىۋەتتى. ئەلى قەلئە يېنىدا تۇرغان بىر ئىشىكنى قولىغا ئېلىپ ئۇنى ئۆزىگە قالقان قىلىۋالدى ۋە جەڭ قىلىپ، قەلئەنى پەتھى قىلغىچە قولىدىن چۈشۈرمىدى. كېيىن ئىشىكنى كۆرۈك قىلدى ۋە مۇسۇلمانلار ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ قەلئە ئىچكىرىسىگە كىردى. نائىم قەلئەسىدىن كېيىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرىنى باشقا قەلئەلەرنىمۇ پەتھى قىلىپ، ۋەتىھ ۋە سالالىم قەلئەلىرىگە يېتىپ باردى. بۇلار ئاخىرقى ۋە ئەڭ مۇستەھكەم قەلئەلەر ئىدى. شۇ يەردە يەھۇدىلار ئۆزىمىدىن ئىزلىككە

جۇشتى ۋە قائىلىرىنى تۆكمەسلىك باراۋېرىگە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن سۈلھى تەلەپ قىلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلارنى پەتھى ھۆكمى بىلەن رەسۇل ئاللاھقا ئۆتكەن شۇ يەرلەردە قالدۇردى. ئۇلارغا يەرلەردە ئىشلىگەنلىكى باراۋېرىگە چىققان ھوسۇلنىڭ يېرىمىنى بېرىشنى ھۆكۈم قىلدى. شۇنىڭ بىلەن خەيبەر بويسۇندى. كېيىن پەدەك يەھۇدىيلىرى خەيبەرگە نېمە بولغانلىقىنى ئىشىتىپ، قەلبلىرىگە قورقۇنچى كىردى ۋە جەڭسىز ئۆز ماللىرىنىڭ يېرىمىنى بېرىش باراۋېرىگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بىلەن سۈلھى تۈزدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە ۋادى-قۇرا بىلەن قايتىش ئۈچۈن تەييارلاندى. يولدا تەيمەن يەھۇدىيلىرى ئۇرۇشسىز ۋە جەڭسىز جىزيە تۆلەشكە رازى بولدى. شۇنىڭ بىلەن بارلىق يەھۇدىيلار نەبىنىڭ سەلتەنىتىگە بويسۇندى. ئۇلارنىڭ سەلتەنەتلىرىگە زەربە بېرىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا خاتىرجەم بولدى، سەلتەنەتلىرى مۇستەھكەملەندى.

## ئىسلامى دۆلەتنىڭ داۋام قىلىشى

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولدى. ساھابىلار دۆلەتكە رەئىسلىك قىلىشتا ئۇ زاتقا خەلىپە بولۇش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرىگە بەيئەت بېرىشكە ئىجما قىلىشتى. مۇسۇلمانلار تا 1342-ھىجرى 1924-مىلادى يىلىغىچە دۆلەتكە رەئىس تىكلەپ كەلدى. ئۇنى خەلىپە ياكى ئەمىرۇل مۆئمىنىن ياكى سۇلتان دەپ ئاتايتتى. بىرەر شەخس بەيئەتسىز خەلىپە بولالمايتتى. ئىسلامىي دۆلەت



ئاخىرقى خەلىپىگىچە، يەنى ئىسلامىي دۆلەتنىڭ تۈگۈتۈلگىنىچە مانا شۇ يولدىن ماڭدى. بىرەر شەخس بەيئەتسىز خەلىپە بولمىدى. بەيئەتنى تەدبىق قىلىش تۈرلۈك شەكىللەردە بولغان: يەنى خەلىپەگە بىۋاستە بەيئەت قىلىنغان: خەلىپە ئۆز قېرىنداشلىرىدىن بولمىغان شەخسكە ئەھدى بەرگەن: ئۆز ئوغلى ياكى قېرىنداشلىرىدىن بىرىگە ئەھدى بەرگەن: بىر نەچچە قېرىنداشلىرىغا ئەھدى بەرگەن. لېكىن بۇ ئەھدىنىڭ ئۆزى نامزاتنى خەلىپە قىلىپ قويمىغان، بەلكى ئۇ خەلىپىلىككە ئولتۇرغاندا بەيئەت ئالاتتى. دۆلەت رەئىسلىكىگە بەيئەتسىز سايلانغان بىرەرمۇ خەلىپە بولمىغان. بەيئەت ئېلىشمۇ ھەر خىل بولغان: ئەھلۇل ھەل ۋەلئەقدىدىن؛ ئادەملەردىن؛ شەيخۇل ئىسلامدىن ئېلىنغان. بەزەن بەيئەت ئېلىش سۈيى ئىستىمال قىلىنغان. لېكىن ئۇمۇ بەيئەت بولغان، خەلىپىلىككە ھەقدار قىلىپ قويىدىغان ۋەلى ئەھدىلىك بولمىغان. ھەر بىر خەلىپە ئۆزىگە مۇئاۋىنلار تەيىنلەيتتى. بەزى ئەسىرلەردە ئۇلارنى ۋەزىرلەر، يەنى مۇئاۋىنلار دەپمۇ ئاتالغان. خەلىپە ۋالىيلەر، باش قازى، قوشۇن قوماندانلىرى، دۆلەت ئىدارىلىرى باشلىقلىرىنى بەلگىلەيتتى. ھاكىمىيەت شەكلى بارلىق ئەسىرلەردە مانا شۇنداق داۋام قىلدى. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭ ۋەزىيىتىگە نىسبەتەن بىرەر نەرسە ئۆزگەرمىدى. دېمەك، ئىسلامىي دۆلەت تا مۇستەملىكىچى كاپىر ئوسمانى دۆلەتنى يوقىتىپ، ئۇنى كىچىك دۆلەتچىلەرگە بۆلۈپ تاشلىغىچە مەۋجۇت بولغان.

تۈرلۈك ئەسىرلەردە ئىسلامىي دۆلەتتە بىر نەچچە ئىچكى ھادىسىلەر يۈز بەردى. بۇلارنىڭ يۈز بېرىشى غەيرى ئىسلامىي تۈرتكىلەردىن كېلىپ چىقمىغان، بەلكى ئاشۇ ھادىسىلەر سادىر

بولغان بەيئەتتىكى مەۋجۇت ۋەزىيەتنى ئىسلامى ئاساستا چۈشۈنۈشتىن كېلىپ چىققان ئىدى. مەۋجۇت ۋەزىيەتنى بۇنداق چۈشەنگەنلەر ۋەزىيەتنى ئۆز چۈشەنچىسىگە يارىشا تۈزۈتۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىمۇ مۇجتەھىد بولۇپ، ۋەزىيەتنى مەۋجۇت ئەھۋالدىن باشقا ئۇسۇل بىلەن تۈزىتىشكە ئۇرۇنۇشقان. بۇ ئىككىلىسىمۇ ئىسلامىي چۈشەنچە ۋە ئىسلامىي رەئيىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىختىلاپ پەقەت خەلىپىلىك مەنسىپى ئۈستىدە ئەمەس، خەلىپىنىڭ شەخسى ئەتراپىدا بولغانلىقىنى، ھاكىمىيەت شەكلىدە ئەمەس، ھاكىمىيەت تۆپىسىدە كىم بولۇشى ئۈستىدە بولغانلىقىنى كۆرىمىز. ئىختىلاپ يۇرۇۋ ۋە تەپسىلاتلاردىن ئىبارەت ئىدى، ئاساسلاردا بولغان ئەمەس. مۇسۇلمانلاردىن ھېچكىم كىتاپ ۋە سۈننەت ئۈستىدە ئىختىلاپ قىلىشمىغان، بەلكى ئۇلارنى چۈشۈنۈشتە تۈرلۈك بولغان. خەلىپە تىكلەش بارىسىدا ئىختىلاپ قىلىشمىغان، بەلكى كىم خەلىپە بولۇشى ئۈستىدە تالاشقان. ئىسلامنى تەدبىق قىلىش ۋە پۈتۈن ئالەمگە ئېلىپ چىقىش ۋاجىپلىقىدا ئىختىلاپ قىلىشمىغان. بارلىق مۇسۇلمانلار مانا شۇ ئاساستا مېڭىپ، ئاللاھنىڭ ئەھكاملىرىنى تەدبىق قىلغان، ئادەملەرنى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلغان. توغرا، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ناتوغرا چۈشىنىش ئاقىۋىتىدە ئىسلامنىڭ بەزى ھۆكۈملىرىنى ناتوغرا تەدبىق قىلغان. ئايرىملىرى بولسا، قەستەن ناتوغرا قوللانغان. لېكىن ئۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت ئىسلامنى تەدبىق قىلغان ئىدى. ھەممىسى باشقا دۆلەتلەر، خەلقلەر ۋە مىللەتلەر بىلەن ئالاقىلارنى ئىسلام ئاساسىدا ۋە ئالەمگە ئىسلامى دەۋەتنى يېيىش ئاساسىدا ئېلىپ باراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىچكى ئىختىلاپ پەتھىلەرنىڭ



يولىنى توسىمىدى، ئىسلامنىڭ يېيىلىشىغا توسالغۇ بولمىدى. ئىسلامىي دۆلەت ھىجرىيەنىڭ 11-ئەسىرى (مىلادى 17-ئەسىرگىچە) ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈن مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلىشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. پارس، ھىند، كاۋكاز پەتھى قىلىندى. ئىسلامى دۆلەت چېگرالىرى جۇڭگو ۋە رۇسىيەگىچە، شەرقتىن كاسپى دېڭىز ئارقىغىچە ئۆتتى، شىمالدا شامنى، غەربدە مىسىر، شىمالى ئافرىقا، ئىسپانىيەلەرنى شۇنىڭدەك ئاناتولى، بالقان، جەنۇبى ۋە شەرقى ياۋروپانى قارا دېڭىزنىڭ شىمالى قىرىم ۋە جەنۇبى ئوكرائىنالارنى پەتھى قىلدى. ئىسلامى دۆلەت قوشۇنلىرى ۋېنا دەرۋازىلىرىغىچە يېتىپ باردى. ئىسلامى دۆلەتتە ئاجىزلىق ئالامەتلىرى كۆرۈنگەن ۋە ئىسلامنى ناتوغرا چۈشۈنۈش زاھىر بولغان پەيتلەرگىچە ئۇ پەتھىلەردىن ۋە ئىسلامى دەۋەتنى يېيىشتىن توختىمىدى. ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئىسلامنى چۈشۈنۈشىدىكى ئاجىزلىقى ئۇنىڭ ئىسلامنى تەدبىق قىلىشتا چەلكەشلىككە يول قويۇشتا، ئىسلامغا خىلاپ ئەمەس دېگەن ئېتىقادتا باشقا قانۇنلاردىن ياردەم ئېلىشتا سەۋەپ بولدى ۋە نەتىجىدە ئىسلامى دۆلەت تۈگىتىلدى.

ئىسلامى دۆلەتنىڭ يۈرۈشى ئۆزىنىڭ پىكرى كۈچى، ئۇنىڭدا ئىجاتكارلىق ۋە ئىجتىھاد قۇدرىتىنىڭ تولۇق بولۇشى بىلەن ھەمدەم بولىدۇ. بىرىنچى ئەسىردە ئىسلامى دۆلەتنىڭ پەتھىلىرى كۆپەيدى، ئىجتىھاد كېڭەيدى. پەتھى قىلىنغان مەملىكەتلەردە يېڭى مۇئامىلىلارغا دۇچ كېلىپ، ئۇلار ئۈچۈن يېڭىچە ئىستىنبات قىلدى. پارس، ئىراق، شام، مىسىر، ئىسپانىيە، ھىند، كاپكاز ۋە باشقا جايلاردا سادىر بولغان يېڭى مەسىلىلەرگە شەرئى ئەھكاملارنىڭ تەدبىق قىلىنىشى بۇ مەملىكەتلەردىكى بارلىق

ئاھالىسىنىڭ ئىسلام قورغانىغا كىرىشىگە ئېلىپ باردى. بۇ بولسا ئىستىنباتنىڭ توغرىلىقىدىن، ئىجادكارلىق ۋە ئىجتىھادنىڭ قۇدرىتىگە دالالەت قىلىدۇ. چۈنكى، ئىسلامنىڭ توغرىلىقى قەتئىيدۇر. ئۇنى توغرا چۈشۈنۈشكىلا ئۇ تەدبىق قىلىنىۋاتقان ۋە ئەھكاملىرى ئۆگۈتىلىۋاتقان ۋاقىتتا ئادەملەر ئۇنى نۇرلۇق سۈرەتتە كۆرۈشكە ئېلىپ باردى. بۇ ئىستىنبات، ئىجادكارلىق ۋە ئىجتىھاد ھىجرىيەنىڭ بەشىنچى ئەسىر مىلادىيەنىڭ ئونبىرىنچى ئەسىرىگىچە داۋام قىلدى. كېيىن ئىجاتكارلىق ئاجىزلىشىپ، ئىجتىھاد كەمەيدى. بۇ بولسا دۆلەت ۋۇجۇدىنىڭ ئاجىزلىشىشىغا سەۋەپ بولدى. كېيىن سەلىب ئۇرۇشى يۈز بەردى. مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن تۈگۈگىچە ئۇلار بۇ ئۇرۇشلار بىلەن مەشغۇل بولدى. كېيىن مەملۇكلار ھۆكۈمرانلىقى بولدى. ئۇلار ئىجتىھاد قىلىشقا قادىر بولماستىن، پىكىرلەرگە ئەھمىيەت بەرمەستىن ھۆكۈم يۈرگۈزدى. نەتىجىدە پىكرى ئاجىزلىق كۈچىيىپ، ئارقىدىن سىياسى پاراكەندىلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ ھال مۇغۇل تاتارلارنىڭ ھۆكمى ۋە ئىسلام كىتاپلىرىنى دىجلە دەرياسىغا تاشلىۋېتىشى زور پىكرى بايلىقنى يوقىتىشى دەرت ئۈستىگە چىقان بولدى. مانا شۇ پىكرى ئاجىزلىق ئىجتىھادنى توختىتىپ قويدى. يېڭى پەيدا بولغان مەسىلىلەر بەھسى پەتىۋالار چىقىرىش نۇسۇسلارنى تەئۋىل قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالدى. نەتىجىدە ئىسلامى دۆلەتتە پىكرى سەۋىيە چۈشۈپ كەتتى ۋە سىياسى سەۋىيەنىڭمۇ چۈشۈپ كېتىشىگە ئېلىپ باردى. كېيىن ئوسمانىلار دۆلىتىدە باشقۇرۇشنى قولغا ئېلىشتا ھەربى كۈچ ۋە پەتىھلەر بىلەن مەشغۇل بولدى. ئىستانبۇل ۋە بالقاننى پەتھى قىلدى. ياۋرۇپاغا كىردى، بۇ نەرسە



ئۇلارنى ئالەمدىكى بىرىنچى دۆلەت قىلىپ قويەدى. لېكىن پىكرى سەۋىيە كۆتۈرۈلمىدى. بۇ ھەربى قۇدرەت پىكرى ئاساسقا ئىگە بولمىغان بىر سەكرەشتىن باشقا نەرسە بولمىدى. ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەستىن ئۇنىڭ قۇدرىتى ئىسلامى ئۆلكىلىرىدىن ئاستا.ئاستا چېقىلىپ كېتىشكە باشلىدى ۋە ئاخىرى ئاخىرىغا يەتتى. لېكىن قانداق بولسىمۇ ئۇ ئىسلامى دەۋەتنى كۆتۈرۈپ چىققان، ئىسلامنى يايغان ئىدى. پەتھى قىلىنغان مەملىكەتلەرنىڭ مىليونلاپ ئاھالىسى ئىسلامغا كىردى. ئۇلار ھازىرقى كۈندىمۇ مۇسۇلماندۇر.

ئىسلامنىڭ چۈشۈنۈشتىكى كۆپ جەھەتلىك ۋە خەلىپە ئىقتىساد ۋە باشقىلاردا مۇئەييەن ئەھكاملارنى تەبەننى قىلغان بولسىمۇ، باشقۇرۇش نىزامىدا مۇئەييەن ئەھكاملارنى تەبەننى قىلمىغانلىقى. بۇ ھالدا بەزى ھاكىملار-خەلىپىلەر ۋە ۋالىلارغا ھاكىمىيەتنى دۆلەتنىڭ قۇدرىتى ۋە بىرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان يۈنىلىشكە بۇرۇۋېتىشقا يول ئېچىپ بەردى. ۋالىلارغا ئومۇمى ۋالىلىق قىلىش ھوقۇقى بىلەن بىرگە ئۇلارغا خەلىپىدىن نائىب سۈپىتىدە كەڭ سالاھىيەتلەرمۇ بېرىلىشى مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق قىلىش ھەسسىياتى ئويغىنىشىغا سەۋەپ بولدى. نەتىجىدە، ئۇلار ئۆز ۋىلايەتلىرىدە گويا مۇستەقىل دۆلەت بولىۋېلىشتى ۋە خەلىپىگە بەيئەت بېرىش، مۇنبەرلەردە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئالار قىلىش، ئۇنىڭ نامى بىلەن پۇل چىقىرىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەكلى ئىشلار بىلەن كۇپايە قىلىندى. باشقۇرۇش ئىشى بولسا ئۆز قوللىرىدا قېلىۋەردى. بۇ ھال ۋىلايەتلەرنى مۇستەقىل دۆلەتكە ئوخشىتىپ قويدى. ھەمەدانىلار، سالجۇقىلار ۋە باشقىلار بۇنىڭغا يارقىن دەلىلدۇر. بىراق،

ئۇمۇمى ۋالىلىق ئېتىبارى بىلەن «ئۇمۇمى ۋالىلىق» دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە تەسىر قىلمىدى. ئەمرى ئىبنى ئاسنىڭ مىسىردىكى ۋالىلىقى ۋە مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفياننىڭ شامدىكى ۋالىلىقى ئۇمۇمى ۋالىلىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ۋالى خەلىپىدىن بىرەر نەرسىدە ئالاھىدە بولمىغان. خەلىپىلەر قۇدرەتلىك بولغانلىقى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ بىرلىكى ساقلىنىپ تۇرغان. لېكىن خەلىپىلەر ئاجىزلاشقاندا، ۋىلايەت دۆلەتكە تابى ۋە ئۇنىڭ بىر قىسمى بولۇشىغا قارىماستىن ئۇنىڭدا مۇستەقىللىق بەلگىلىرى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. بۇ ئىشلارغا قارىماستىن دۆلەت بىرلا بولۇپ قېلىۋەردى، يەنى ۋالىنى بەلگىلەيدىغان ۋە ئىشتىن بوشىتىدىغان پەقەت خەلىپە ئىدى. ۋالىنىڭ قۇدرىتى قانچىلىك يۈكسەلمىسۇن خەلىپىنى ئېتىراپ قىلماسلىقتا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئىسلامى دۆلەت ھېچقاچان، ھەتتا ۋالىلارنىڭ مۇستەقىللىقى ئەڭ كۈچلۈك دەۋرلەردىمۇ ۋىلايەتلەر ئىتتىپاقى بولغان ئەمەس. بەلكى ئىسلامى دۆلەت بىرلا بولغان ۋە ئۇنىڭ خەلىپىسى بىرلا ئىدى. يالغۇز خەلىپىلا دۆلەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدە مەركەزدە، ۋىلايەتلەردە، شەھەر ۋە قىشلاقلاردا سالاھىيەت ساھىبى بولغان.

ئەمما ئىسپانىيەدە خەلىپىلىكنىڭ مەۋجۇت بولۇشى مىسىردە پاتىمىلەر دۆلىتىنىڭ پەيدا بولۇشىغا ئوخشاش ھادىسىلەرگە كەلسەك، بۇ ھال ۋالىلار ماۋزۇسىدىن پەرق قىلىدۇ. بۇنىڭغا سەۋەپ ئىسپانىيەنى ۋالىلار قولىغا ئېلىپ، ئۇنى مۇستەقىل قىلىۋالدى. ۋالىغا مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بەيئەت بېرىلمىگەن، بەلكى ئۇ پۈتۈن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت ئاشۇ ۋىلايەت ئاھالىسى ئۈچۈن خەلىپە دەپ ئاتالغان. مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بىرلىكىچە قالغان ۋە باشقۇرۇش



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ سالاھىيىتىدە بولغان. ئىسپانىيە ۋىلايىتىگە ـ ئوسمانلار دۆلىتى پەيتىدە ئىراندا بولغاندەك خەلىپە باشقۇرۇشىدىن تاشقىرىدىكى ۋىلايەت دەپ قارىلىدۇ، ئۇ يەردە ئىككىنچى بىر خەلىپە بولمىغان، بەلكى ئۇ خەلىپە باشقۇرۇشىغا كىرمىگەن ۋىلايەت بولغان. پاتىمىلەر دۆلىتىگە كەلسەك، ئۇنى ئىسمائىلىيلەر پىرقىسى تىكلىگەن. بۇ پىرقە كاپىر بولۇپ، ئۇلار قىلغان ئىشلار ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ دۆلىتى ئىسلامى دۆلەتمۇ، ئىسلامى خەلىپىلىكمۇ ھېساپلانمايدۇ. ئابباسىلار خەلىپىلىكى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ خەلىپە تىكلىشى خەلىپىلىكنىڭ كۆپىيىشى دەپ ئېتىبار قىلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ شەرئى خەلىپىلىك ئەمەس ئىدى. ئۇ مەزكۇر پاتىمىلەر پىرقىسى ئىسلامى دۆلەتنى ئۆزىنىڭ باتىل ئەھكاملىرى ئاساسىدا يۈرگۈزىدىغان دۆلەتكە ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرغان ئىنقىلابى ھەرىكەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا ئىسلامى دۆلەت باشقۇرۇشىدا بىرلا دۆلەت ۋە بىرلا بىرلىك بولۇپ، داۋام قىلدى. ئۇ بۆلۈنۈپ كەتمىدى. بەلكى باشقۇرۇش ئىشلاردا ئىسلامنى مۇئەييەن چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئىجرا قىلىش رىغبىتىدە ھاكىمىيەتكە يېتىش ئۈچۈن ئۇرۇنۇشلار بولدى، كېيىن بۇ ئىشلارمۇ تۈگەپ، ئىسلامىي دۆلەت بىرلا بىرلىك بولۇپ داۋام قىلدى. باشقۇرۇش ۋەزىيەتلەر ھەر خىل بولسىمۇ، ئىسلامى دۆلەتنىڭ بىرلىكىگە دالالەت قىلىدىغان ئىشلاردىن يەنە شۇكى: مۇسۇلمان كىشى ئىسلام ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان جايلاردا بىر يۇرتتىن باشقىسىغا يەرنىڭ غەربى ۋە شەرقىگە بىمالال بارالايتتى. ئۇنىڭ قايسى يۇرتتىن ئىكەنلىكى، ساياھەتكە رۇخسەتنامىسى بولمىغان ئىدى. چۈنكى ئىسلامى يۇرت بىرلا ئىدى.

ئىسلامى دۆلەت مۇسۇلمانلارنى بىرلەشتۈرۈپ تۇردى. بۇ دۆلەت ئۇنى كامال ئاتا تۈرۈك قولى بىلەن مۇستەملىكىچى كاپىر 1924-يىلى ئىسلامى خەلىپىلىكنى بىكار قىلغان پەيتكىچە ھۆكۈم سۈردى.

# ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياستى

ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئىچكى سىياستى شەرئى ھۆكۈملەرنى ھاياتقا تەدبىق قىلىشتۇر. ئىسلامى دۆلەت ئۆز سەلتەنەتى ئاستىدىكى يۇرتلاردا ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئىجرا قىلىپ، ئىسلام ئەھكاملىرى ئاساسىدا مۇئامىلىرىنى تەرتىپلەشتۈرەتتى، ھەدلەرنى بەرپا قىلاتتى، جازا-چارىلارنى ئىجرا قىلاتتى، ئەخلاقنى ساقلايتتى، ئىسلامى ئىبادەت ۋە ئەركانلارنىڭ ئادا قىلىنىشا كېپىل بولاتتى، خەلقنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى باشقۇراتتى. ھەقىقەتتە، ئىسلام ئۆز سەلتەنەتىگە بويسۇنىدىغان ئادەملەرگە - مۇسۇلمانلارغىمۇ ۋە ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلمايدىغانلارغىمۇ - ئەھكاملارنى ئىجرا قىلىش ئۇسۇللىرىنى بايان قىلىپ بەرگەن. شۇنىڭدەك، مۇئامىلارنىڭ مۇئالىجىلىرى شەرئى ھۆكۈم بولغىنىدەك، ئىجرا تەرىقىسىمۇ شەرئى ھۆكۈمدۇر. ئىسلامغا بارلىق ئادەملەر چاقىرىلغاندۇر. چۈنكى اللە تائالا پۈتۈن ئىنسانىيەتكە خىتاپ قىلىپ ئىسلامغا چاقىرغان. اللە تائالا ئېيتىدۇ:

يايها الناس اعبدوا بكم الذي خلقكم والذين من قبلكم لعلكم تتقون

-«ئى ئىنسانلار تەقۋادارلاردىن بولۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى



ۋە سىلەردىن بۇرۇنقىلارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلارغا ئىبادەت قىلىڭلار». (2:21)

يايها الانسان ماغرك بربك الكريم

-«ئى ئىنسان سېنى مەرھەمەتلىك پەرۋەردىگارىڭغا ئاسىلىق قىلىشقا نېمە ئالدىدى؟». (82:6)

ئۇسۇل ئىلمى ئالىملىرى «شەرئى ھۆكۈملەرگە خىتاپ قىلىنغانلار - مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولامدۇ - خىتاپنى چۈشىنىدىغان بارلىق ئەقىل ئىگىلىرىدۇر»، دەپ ئېتىبار قىلغان. ئىمام غۇززالى «ئەلمۇستەفا مىن ئىلمىل ئۇسۇل» كىتابىدا ئېيتىدۇ: «شەرئى ھۆكۈم قارىتىلغان شەخس مۇكەللەپدۇر. ئۇنىڭ شەرتى خىتاپنى چۈشىنىدىغان ئاقىل بولىشىدۇر... ئەمما ھۆكۈملەر زىممىدە سابىت بولىشى مەسىلىسىگە كەلسەك، بۇ ئىنسانلىقتىن ئېلىنىدۇ. چۈنكى، مانا شۇ سۈپەت بىلەن ئىنسان تەكلىپنى چۈشىنىشنىڭ ئاساسى بولغان ئەقلى قۇۋۋىتىنىڭ قوبۇل قىلىشقا تەييار بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلامغا چاقىرىلغانلار دەۋەت خىتابى ۋە تەكلىپ خىتابى بىلەن خىتاپ قىلىنغاندۇر. دەۋەت خىتابى - بۇنىڭدىن مەقسەت ئادەملەرنى ئىسلامنى قوبۇل قىلىشقا ئۈندەشدۇر. تەكلىپ خىتابى - بۇنىڭدىن مەقسەت ئادەملەرنى ئىسلام ئەھكاملىرىغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇر قىلىشتۇر. بۇ پۈتۈن ئادەملەرگە تەئەللۇقدۇر. ئەمما ئىسلامى دۆلەت ھۆكمى ئاستىدىكى ئادەملەرگە نىسبەتەن بولسا، تائىپىسى، جىنسىدىن قەتئىينەزەر، ئىنسانى بىرلىك دەپ قارىلىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت تابىلىكنى شەرت قىلىدۇ. (تابىلىك دۆلەتكە ۋە نىزامىغا ساداقەتتۇر). ئىسلامدا كىچىك مىللەتلەر، نەرسە بولمايدۇ، بەلكى بارلىق ئادەملەر، ئۇلارنىڭ پۇقەرالىقى

بولسىلا، ئىسلامى دۆلەتنىڭ پۇقرالىرى ھېساپلىنىدۇ. بۇنىڭدا پەقەت ئۇنىڭ ئىنسانىلىقى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. دېمەك، پۇقرالىقى بولغان ھەر بىر ئادەم - مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولامدۇ - شەرىئەت ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلەپ بەرگەن ھوقۇقلەردىن پايدىلىنىدۇ. كىمنىڭ پۇقرالىقى بولمىسا، گەرچە ئۇ مۇسۇلمان بولسىمۇ، بۇ ھوقۇقلاردىن مەھرۇمدۇر. مەسىلەن، بىر مۇسۇلماننىڭ ئانىسى نەسرانى بولۇپ، ئىسلامى پۇقرالىققا ئىگە. ئاتىسى بولسا مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئىسلامى پۇقرالىققا ئىگە ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئانىسى نەپىقە ئېلىشقا ھەقلىقدۇر. ئاتىسى بولسا ھەقسىزدۇر. ئەگەر ئانىسى ئۇنىڭدىن نەپىقە تەلەپ قىلسا ئانىسى پۇقرالىققا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن قازى ئۇنىڭغا نەپىقە بېرىشكە ھۆكۈم چىقىرىدۇ. ئەگەر ئاتىسى ئوغلىدىن نەپىقە تەلەپ قىلسا، ئۇ پۇقرالىققا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن قازى ئۇنىڭغا نەپىقە بېرىش ھۆكمىنى چىقارمايدۇ ۋە ئۇنىڭ داۋاسىنى رەت قىلىدۇ. دېمەك، قازى ئىسلام ھۆكمى ئاستىدا ياشاۋاتقان جامائەتنى ئىسلامى دۆلەتنىڭ پۇقراسى دەپ ئېتىبار قىلىپ، پۇقرالىقنى - ئۇلارنىڭ ئىشلىرى ئىسلام بىلەن باشقۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار دارۇل ئىسلامدا ياشايدىغان بولىدۇ.

بۇ ئۇلارغا ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ۋە ئىشلارنى باشقۇرۇش جەھەتتىن قاراشقا نىسبەتەندۇر. ئەمما ئىسلام ئەھكاملىرىنى تەدبىق قىلىش جەھەتتىن قاراشقا كەلسەك، ئۇ روھى جەھەتنى ئەمەس، قانۇنچىلىق جەھەتنى ئالىدۇ. بۇنىڭغا سەۋەپ، ئىسلام ئۇلارغا تەدبىق قىلىنىۋاتقان نىزامغا دىنى-روھى ئېتىباردا ئەمەس، بەلكى قانۇنچىلىق ئېتىباردا قارايدۇ. يەنى شەرئى



ئەھكاملار ئېتىبارى بىلەن قارايدۇ. دىندارلىق ئېتىبارى بىلەن ئەمەس. بۇنىڭغا سەۋەپ، شەرئى نۇسۇسلاردا قانۇنچىلىق جەھەتى مۇلاھىزە قىلىنغان. چۈنكى نۇسۇس مۇئامىلىنىڭ مۇئالىجىسى ئۈچۈن كەلگەن. شارىئمۇ ئىنسانلار نۇسۇسلاردا مەھكەم تۇرۇشنى ئەمەس، مەنىلىرىگە ئەگىشىشنى مەقسەت قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھۆكۈملەرنى جارى قىلىشتا ھۆكۈمدىن كۆزلەنگەن مەقسەتكە قارىلىدۇ، يەنى ھۆكۈم ئىستىنبات قىلىنىۋاتقاندا نۇسۇستىكى قانۇنچىلىق جەھەتى ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. بۇ شەرئى ھۆكۈمگە خەلىفە بۇيرىغان پەيتتە ئۇ بارلىق ھەممە ئادەمگە ئىجرا قىلىنىشى ۋاجىب بولغان قانۇنغا ئايلىنىدۇ. مانا شۇنىڭدىن ئىسلامى دۆلەتتە بارلىق ئادەملەرنىڭ شەرئى ھۆكۈملەرگە بويسۇنۇشى زۆرۈردۇر. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامغا ئېتىقاد قىلىشى ئۇلارنى ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىغا مەجبۇر قىلىدۇ. چۈنكى ئەقىدىگە رازىلىق - ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان بارچە ئەھكاملارغا تەسلىم بولۇشتۇر. دېمەك ئىسلام ئەقىدىسى مۇسۇلمانلارنى ئىسلام ئەقىدىسى ئېلىپ كەلگەن بارچە ھۆكۈملەرگە مەجبۇر قىلغۇچى ئامىل ئۇلارنىڭ ئۇشبۇ ئەقىدىگە بولغان ئېتىقادلىرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئىسلام بىر شەرىئەت بولۇپ، شەرئى ئەھكاملار ئۇنىڭدىن ئېلىنغاندۇر، يەنى ئىسلام بىر دىن بولۇپ، قانۇنى ئۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدۇ. ئۇلار ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىنى بېجىرىشكە مەجبۇردۇر. ئۆزىنىڭ اللە تائالاغا بولغان ئاقىلىرىغا تەئەللۇق ئەھكاملار - ئىبادەت ئەھكاملىرىمۇ ياكى ئۆزىگە تەئەللۇق ئەھكاملارمۇ - ئەخلاق ۋە يېيىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئەھكاملىرىمۇ ياكى باشقىلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىلارغا تەئەللۇق ئەھكاملار - مۇئامىلە ۋە



www.uyghurkitap.com

جازا-چارىلەرمۇ. بۇلارنىڭ بارچىسىنى بېجىرىشكە مەجبۇردۇر. بارلىق مۇسۇلمانلار ئىسلامىي ئەقىدە ئاساسىدا ھەممە قۇرئان ۋە سۈننەت شەرئىي دەلىللەر، شەرئىي قانۇنلار ۋە شەرئىي ئەھكاملارنىڭ مەنبەئى ئىكەنلىكى بارىسىدا بىر پىكىردەدۇر. بۇ ھەقتە ئۇلار ھېچ بىرى ئىختىلاپ قىلمايدۇ. لېكىن ئىجتىھاد ھۆكمىگە قارىغاندا ئۇلار كىتاپ ۋە سۈننەتنى چۈشۈنۈشتە ئىختىلاپ قىلغان. مانا شۇ ئىختىلاپ تۈپەيلىدىن مۇسۇلمانلار ئىچىدە تۈرلۈك مەزھەپ ۋە تائىپىلەر پەيدا بولدى. بۇنىڭغا سەۋەپ، ئىسلام مۇسۇلمانلارغا ئەھكاملارنى ئىستىنبات قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. ئىنسانلاردىكى چۈشۈنۈش قابىلىيىتى تەبىئى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەقىدىلەرنى چۈشۈنۈشتە، ئىستىنبات قىلىشنىڭ كەيپىيىتىدە، ئەھكاملاردا ھەمە ئىستىنبات قىلىنغان رەئيلەردە ئىختىلاپلار پەيدا بولدى. بۇ ھال تۈرلۈك تائىپىلەر ۋە مەزھەبلەرنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە ئېلىپ كەلدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلارنى ئىجتىھاد قىلىشقا ئۈندەپ، ئەگەر ھاكىم ئۆز ئىجتىھادىدا خاتا قىلسا بىر ساۋاپ، ئەگەر توغرا ئىجتىھاد قىلسا ئىككى ساۋاپ بولىشىنى بايان قىلدى. ئىسلام ئىجتىھاد ئىشىكىنى ئېچىپ قويغان. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەھلى سۈننە، شىئە، مۆئتەزىلە ۋە باشقا ئىسلامىي تائىپىلەر بارلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. شافىئىيە، ھەنەفىيە، مالىكىيە، جەئفەرىيە، زەيدىيە ۋە باشقا ئىسلامىي مەزھەپلەر بارلىقىمۇ ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. بارلىق ئىسلامىي تائىپىلەر ۋە مەزھەپلەر بىرلا - ئىسلامىي ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىدۇ. ھەممىسى اللەنىڭ بۇيرۇقلىرىغا ئەگىشىش ۋە نەھىيلىرىدىن يىراق بولۇشقا



چاقىرغاندۇر ھەمدە مۇئەييەن بىر مەزھەپكە ئەمەس، بەلكى شەرئىي ھۆكۈمگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغاندۇر. مەزھەپ شەرئىي ھۆكۈمنى مۇئەييەن تەرىقىدا چۈشۈنۈش بولۇپ، مۇجتەھىد بولمىغان شەخىس ئىجتىھاد قىلىشقا قادىر بولمىغاندا مەزھەپكە ئەگىشىدۇ. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمان مەزھەپكە ئەمەس، شەرئىي ھۆكۈمگە ئەگىشىشكە بۇيرۇلغاندۇر. ئەگە ئۇ قادىر بولسا شەرئىي ھۆكۈمنى ئىجتىھاد بىلەن ئۆزى ئالىدۇ. ئەگەر ئىجتىھادقا قادىر بولمىسا شەرئىي ھۆكۈمنى ئىتتىبا (بۇنىڭدا ئۇ مۇتتەبىئ بولىدۇ) ياكى تەقلىد قىلىش (بۇ ھالدا ئۇ مۇقەللىد بولىدۇ) بىلەن ئالىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئىسلامىي ئەقىدىگە ھەمدە كىتاپ ۋە سۈننەتكە ئېتىقاد قىلىدىغان، يالغۇز كىتاپ ۋە سۈننەتلا شەرئىي دەلىللەر، شەرئىي قائىدىلەر، شەرئىي ئەھكاملارنىڭ مەنبەئى، دەپ بىلىدىغان تائىپە ۋە مەزھەپلەرنىڭ بارچىسى ئىسلامىيدۇر. ئۇلارغا ئەگەشكەن بارلىق ئادەملەر مۇسۇلمان ھېساپلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا ئىسلام ئەھكاملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ. دۆلەت بۇ ئىسلامىي تائىپىلەرگە ۋە پىقھى مەزھەپلەرنىڭ تابىلىرىغا - ئىسلام ئەقىدىسىدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسىلا - قارشى ھېچنەرسە قىلمايدۇ. ئەمما ئۇلاردىن شەخىسلەر ياكى جامائەتلەر ئىسلام ئەقىدىسىدىن چىقسا، بۇ ھال ئىسلامدىن قايتىش (مۇرتەدلىك) ، دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا مۇرتەدلەرنىڭ ھۆكمى تەدبىق قىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىگە چاقىرىلغاندۇر. بىراق، بۇ ھۆكۈملەر ئىچىدە ئوغرىنىڭ قولىنى كېسىش، جازانىخورلۇقنىڭ ھاراملىقى، زاكاتنىڭ پەرزلىكىگە ئوخشاش پەقەت بىرلا رەئيىدىن باشقا رەئيى بولمىغان قەتئى ھۆكۈملەر بولۇپ، بۇنداق ھۆكۈملەر بارلىق مۇسۇلمانلارغا بىر

خىل چۈشۈنۈشتە ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى بۇلار قەتئى ھۆكۈملەردۇر.

بۇ يەردە باشقا ھۆكۈملەر، پىكىرلەر ۋە رەئيلەرمۇ بولۇپ، ئۇلارنى مۇسۇلمانلار تۈرلۈكچە چۈشەنگەن. بىر مۇجتەھىد ئىككىنچىسىدىن باشقىچە ئويلىغان. بۇنداق ھالنى مەسىلەن، خەلىپىنىڭ سۈپەتلىرى، خىراجى يەرلەردىن ئۆشرە ئېلىش، يەرنى ئىجارىگە بېرىشكە ئوخشاش مەسىلىلەردە كۆرۈشىمىز مۇمكىن. بۇنداق ئىختىلاپلىق پىكىرلەردە خەلىپە مۇئەييەن بىر رەئيىنى تەبەننى قىلىدۇ ۋە بارلىق ھەممەيلەن ئۇنىڭغا بويسۇنۇشى ۋاجىپ. بۇنداق پەيتتە ئىمام بۇيرىغان رەئيىدىن باشقا پىكىرگە قارىتا مۇسۇلمانلار ئۆز قاراشلىرىدىن ۋاز كېچىشى ۋە پەقەت ئىمامنىڭ رەئيىگە ئىتائەت قىلىشى شەرت. چۈنكى، ئىمامنىڭ بۇيرۇغى ئىختىلاپنى كۆتىرىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ھەقتە ئىمامغا ئىتائەت قىلىش ۋاجىپتۇر. بارچە مۇسۇلمانلار خەلىپە تەبەننى قىلغان ھۆكۈملەرگە ئۇنىڭ بۇيرىقىنى ئىجرا قىلىشى ۋاجىپ. چۈنكى ئۇنىڭ بۇيرۇغى زاھىرەنمۇ، باتىنەنمۇ (ئاشكارىدىمۇ، مەخپى ۋاقىتتىمۇ) نۇپۇزلۇقتۇر. ئىمام تەبەننى قىلىپ، ئۇنىڭغا بۇيرىغان شەرئى ھۆكۈمدىن باشقا ھۆكۈمگە ئەمەل قىلغان ھەر بىر مۇسۇلمان گۇناھكار بولىدۇ. چۈنكى خەلىپە بۇيرىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھۆكمى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن شەرئى ھۆكۈم بولۇپ قالىدۇ. بۇنىڭدىن باشقىسى شەرئى ھۆكۈم دەپ ئېتىبار قىلىنمايدۇ. چۈنكى بىرلا شەخسكە نىسبەتەن بىرلا مەسىلىدە شەرئى ھۆكۈم بىر نەچچە بولمايدۇ. لېكىن خەلىپە ئەقىدە مەسىلىلىرىدە بىرەر نەرسە تەبەننى قىلمايدۇ. چۈنكى بۇنداق تەبەننى مۇسۇلمانلارنى ئەقىدىلىرىدە تەڭلىك ئەھۋالغا سېلىپ



www.uyghurkitap.com

قويىدۇ. بىراق، بىدئەت ۋە ھاۋايى ئەھلىلىرى ساغلام ئەمەس ئەقىدىلەر بىلەن نامايەن بولسا، دۆلەت ئۇلارنى جازالايدۇ. ئەگەر بۇ ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلغانلار كۇفرى بولمىسا. ئەمما ئۇلارنى ئەقىدىلىرى كۇفرىغا ئېلىپ بارسا، ئۇلارغا نىسبەتەن مۇرتەدلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك خەلىپە ئىبادەتلەردىمۇ بىرەر نەرسە تەبەننى قىلمايدۇ. چۈنكى بۇنداق تەبەننى مۇسۇلمانلارغا ئىبادەتلىرىدە مەشەققەت پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپە ئەقىدىلەردە – ئۇلار ئىسلامى ئەقىدە بولسىلا – مۇئەييەن رەئيىگە مۇتلەق بۇيرىمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىبادەتلەردە، (زاكات، جىھاد ۋە ئەيد كۈنلىرىنى بەلگىلەشنىڭ تاشقىرى) ھەم – بۇ ئىبادەتلەر شەرئى ئەھكاملار بولسىلا – مۇئەييەن ھۆكۈمگە بۇيرىمايدۇ. بۇلاردىن باشقا مۇئامىلىلارنىڭ ھەممىسىدە (سودا-سېتىق، ئىجارە، ئۆيلىنىش، تالاق، نەپىقە، شىركەت ۋە باشقىلاردا) جازا-چارىلارنىڭ ھەممىسىدە (ھەدلەر ۋە تەئزىرلەر) يېمەك-ئىچمەكلەر، كىيىملەر ۋە ئەخلاق مەسىلىلىرىدە خەلىپە تەبەننى قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. مۇسۇلمانلار خەلىپە تەبەننى قىلغان نەرسىلەردە ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىش شەرت.

توغرا خەلىپە ئىبادەت ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلىپ، نامازنى تەرك قىلغۇچىنى، رامىزاندا روزا تۇتمىغاننى جازالايدۇ. شەرىئەتنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلغاندەك، ئىبادەتلەرنىڭ بارلىق ھۆكۈملىرىنىمۇ ئىجرا قىلىدۇ. بۇ ئىجرا دۆلەتنىڭ ۋەزىپىلىرىدۇر. چۈنكى نامازنىڭ ۋاجىپلىقى ئىجتىھاد دائىرىسىگە كىرمەيدۇ ۋە ئىبادەتلەردە تەبەننىمۇ دەپ ھېساپلانمايدۇ، بەلكى بۇ نەرسە بارچىنىڭ نەزىرىدە شەرئى ھۆكۈمنىڭ ئىجرا قىلىنىشىدۇر. خەلىپە ئىبادەتلەرگە

جازا-جارىلىرىنى قوللىنىش ئۈچۈن شەرئى رەئىيىنى جارى قىلىپ، ئادەملەرنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشقا مەجبۇرلاش، شۇنىڭدەك، باشقا ھەرقانداق ھۆكۈملەرگە مەجبۇرلاشقىمۇ جازا-جارىلىرىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن شەرئى رەئىيى تەبەنتى قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە. بۇ ئېيتىلغانلار مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەندۇر. ئەمما ئىسلامى ئەقىدىدىن باشقا ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلغۇچىلارغا كەلسەك، ئۇلار:

1. ئۆزلىرىنى مۇسۇلمان دەپ دەۋا قىلىدىغان ۋە ئىسلام ئەقىدىسىگە زىت ھايات كەچۈرىۋاتقانلار.

2. ئەھلى كىتابلار.

3. مۇشرىكلار، بۇلارغا بۇتپەرەسلەر، سابىئىلار، مەجۇسىلار، ھىندىلەر ۋە ئەھلى كىتاپ بولمىغانلار كىرىدۇ.

بۇلار ھەممىسى ئۆز ئېتىقادلىرى ۋە ئىبادەتلىرى بىلەن قالدۇرۇلىدۇ. ئۇلار نىكاھ ۋە تالاق ئىشلىرىدا ئۆز دىنلىرىنىڭ تەلەپلىرىگە بويسۇنىدۇ. دۆلەت ئۇلار ئۈچۈن ئۆزلىرىدىن قازى تەيىنلەيدۇ. بۇ قازى مەزكۇر ئىشلاردا مەيدانغا كەلگەن خۇسۇمەتلەرنى دۆلەت مەھكىمىلىرىدە كۆرۈپ چىقىدۇ. ئەمما يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەكلەر ھەققىدە ئۇلار ئۇمۇمى نىزام دائىرىسىدە (يەنى ئىسلام شەرىئىتى رۇخسەت بەرگەن دائىرىدە) ئۆز دىنلىرىنىڭ ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئەھلى كىتاپ بولمىغانلارغىمۇ ئەھلى كىتاپلاردەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەجۇسىلار ھەققىدە شۇنداق دېگەن: «ئۇلارغىمۇ ئەھلى كىتاپلاردەك مۇئامىلە قىلىڭلار».

ئەمما مۇئامىلىلەر ۋە جازا-جارىلىرى مۇسۇلمانلارغا قانداق



بولسا، غەيرى مۇسۇلمانلارغىمۇ شۇنداق قوللىنىلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق بولغان مۇئامىلىلىرى ئىجرا قىلىنىپ، مۇۋاپىق بولمىغانلىرى بىكار قىلىنغانغا ئوخشاش، غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ مۇئامىلىلىرى شەرىئەت ھۆكۈملىرىگە مۇۋاپىق رەۋىشتە باشقۇرۇلىدۇ. بۇ ھۆكۈملەر بىر شەخس ئىككىنچىسىدىن ئاجرىتىلماستىن بارلىق ھەممىسىگە باراۋەر ئىجرا قىلىنىدۇ. چۈنكى ئىسلامى دۆلەت پۇقراسى بولغان بارلىق ئادەملەر دىنلىرى، جىنسى ۋە مەزھەپلىرى تۈرلۈك بولسىمۇ، مۇئامىلىلەر ۋە جازا-جارىلىرى ھەققىدە ئىسلامى شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى بىجىرىشكە ھەمدە ئىسلام ئەھكاملىرىغا بويسۇنۇش ۋە ئەمەل قىلىشقا بۇيرۇلغاندۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارغا بۇيرۇلۇشلىرى دىنىي جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى قانۇنچىلىق جەھەتتىندۇر. شۇنىڭدەك، ئۇلار ئىسلامغا مەجبۇر قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئەھكاملار ئېتىقاد قىلىشقىمۇ زورلانمايدۇ. اللە تائالا مۇنداق دەيدۇ:

لاكراه فى الدين

— «دىندا مەجبۇرلاش يوق». (2:256)

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەھلى كىتاپلارنى دىنلىرىدىن چىقىرىشتىن مەنئى قىلدى. لېكىن ئۇلار ئىسلام ئەھكاملىرىنى «ئىجرا قىلىشى ۋاجىپ بولغان قانۇن»لىقى جەھەتتىن بويسۇنۇشقا مەجبۇر قىلىنىدۇ.

خۇلاسە شۇكى، ئىسلامى دۆلەت ئۆزىنىڭ ئىچكى سىياسىتىدە ئۆز پۇقراسى بولغان ھەممە خەلققە — ئۇلار مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر — ئىسلامى شەرىئەتنى ئىجرا قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشى تۆۋەندىچە

بولىدۇ:

1. مۇسۇلمانلارغا ئىسلامنىڭ بارلىق ئەھكاملىرى ئىجرا قىلىنىدۇ.

2. غەيرى مۇسۇلمانلار ئۆز ئېتىقادلىرى ۋە ئىبادەتلىرىدە قالدۇرۇلىدۇ.

3. غەيرى مۇسۇلمانلار يېمەك-ئىچمەك ۋە كىيىم-كېچەك مەسىلىلىرىدە ئۇمۇمى نىزام دائىرىسىدە ئۆز دىنلىرىغا مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

4. غەيرى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا نىكاھ ۋە تالاق ئىشلىرى ئۆزلىرىدىن تەيىنلەنگەن قازىلار تەرىپىدىن ئالاھىدە مەھكىمىلەردە ئەمەس، دۆلەت مەھكىمىلىرىدە ئاجرىم قىلىنىدۇ. بۇ ئىشلار ئۇلار ۋە مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بولسا، مۇسۇلمان قازىلار تەرىپىدىن ئىسلام ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق ئاجرىم قىلىنىدۇ.

5. دۆلەت ئىسلامى شەرىئەتنىڭ قالغان ئىشلىرىنى، يەنى مۇئامىلىلەر، جازا چارىلەر، باشقۇرۇش نىزامى، ئىقتىساد نىزامى ۋە باشقىلارنى بارلىق ھەممىگە تەدبىق قىلىدۇ. بۇلارنى مۇسۇلمانلارغا ۋە غەيرى مۇسۇلمانلارغا قوللىنىشى بىر خىلدا بولىدۇ.

6. ئىسلامى پۇقرالىقى بولغان بارلىق ئادەملەر ئىسلام دۆلىتىنىڭ خەلقلىرى دەپ ھېسابلىنىدۇ، شۇنىڭدەك مۇسۇلمانلار ۋە غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئوتتۇرىسىنى ئاجراتماستىن ھەممىنى باپ-باراۋەر ھىمايە قىلىشى ۋاجىپتۇر.



## ئىسلامى دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتى

تاشقى سىياسەت دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەت، خەلق ۋە ئۇممەتلەر بىلەن ئالاقىلىرىدۇر. بۇ ئالاقىلار ئۇممەتنىڭ تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتۇر. بۇ ئالاقىلار ئۆزگەرمەس سابىت پىكىرگە ئاساسلىنىدۇ. بۇ سابىت پىكىر پۈتۈن ئالەمگە، بارلىق خەلق ۋە ئۇممەتلەرگە ئىسلامنى يېيىشتىن ئىبارەتتۇر. مانا شۇ ئامىل ئىسلامىي دۆلەت تاشقى سىياسىتىنىڭ ئاساسىدۇر. بۇ ئاساس ھېچقاچان ئۆزگەرمەيدۇ ھەمدە ھاكىمىيەت ئۈستىدە تۇرغان شەخسلەر ئۆزگىرىشىگە قاراپ باشقىچە بولۇپمۇ قالمايدۇ. ھەقىقەتەن، بۇ ئاساس رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىنە مۇنەۋۋەرىگە كەلگەن كۈندىن تا ئىسلامى دۆلەت - ئوسمانىلار دۆلىتى يىقىلغىچە بارلىق ئەسىرلەردە مەۋجۇت ئىدى ۋە بۇ ئاساس مۇتلەق ئۆزگەرمىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە دۆلەت بەرپا قىلغان كۈندىن باشلاپ ئىسلامى دۆلەتنىڭ باشقىلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىلىرىنى ئىسلامنى يېيىش ئاساسىغا قۇردى: ھىجازدا دەۋەت ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا پارىغ بولۇش ئۈچۈن يەھۇدىلار بىلەن توختام تۈزدى. كېيىن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا دەۋەتنى يېيىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھۇدەيبىيە سۈلھىسىنى تۈزدى. كېيىن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىكى ۋە ئۇنىڭدىن تاشقىرىدىكى دۆلەتلەرگە ئۇلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشكە دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئۇلار بىلەن ئىسلام ئاساسىدا ئالاقىلار ئورنىتىش ئۈچۈن خەت ئەۋەتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خەلىپىلەرمۇ شۇنداق قىلدى ۋە بارلىق دۆلەتلەر بىلەن



www.uyghurkitap.com

ئالاقىلىرىنى ئىسلامنى يېيىش ئاساسىدا بەرپا قىلدى. پۈتۈن ئالەمگە ئىسلام دەۋىتىنى ئېلىپ چىقىشقا باشلىدى. ھاكىمىيەت ئۈستىگە ئورلىتۇرغان ھاكىملار ئىسلامنى يېيىشتا بىر-بىرىدىن پەرق قىلاتتى. مەسىلەن، ئۈمەۋىيلار ئابباسىلارغا قارىغاندا مەملىكەتلەرنى كۆپراق پەتھى قىلغان ۋە ئىسلامنى تاشقىرىغا كۆپراق يايغان. ئوسمانىلار مەملۇكلارغا قارىغاندا مەملىكەتلەرنى كۆپراق پەتھى قىلغان ۋە ئىسلامنى تاشقىرىغا كۆپراق يايغان. ئىسلامنى يېيىش ئىسلامى دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەت، خەلق ۋە ئۈممەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنىڭ ئاساسى بولۇپ قالدى ۋە بىرەر خەلىپىنىڭ خەلىپىلىكى دەۋرىدە بۇ ئاساس ئەسلا ئۆزگەرمىدى. دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولىشى ئىچكىرىدە ئىسلامنى تەدبىق قىلىش، تاشقىرىدا بولسا ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش ئۈچۈن ئىدى. شۇ سەۋەپتىن ئىسلامى دۆلەتنىڭ تاشقىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى ئىسلامى دەۋەتنى يېيىش ئىدى. ئىسلامنى يېيىشنى تاشقى سىياسەت ئۈچۈن ئاساس قىلىپ قويغۇچى ئامىل مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ رىسالىتى بارلىق ئادەملەر ئۈچۈن كەلگەنلىكىدۇر. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ياايها الرسول بلغ ماانزل اليك من ربك وان لم تفعل فما بلغت رسالته ***

-«ئى پەيغەمبەر! پەرۋەردىگارىڭ تەرىپىدىن ساڭا نازىل قىلىنغان ئەھكاملارنىڭ ھەممىسىنى يەتكۈزگىن، ئەگەر تولۇق يەتكۈزمىسەڭ، الله تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئادا قىلمىغان بولىسەن» . (5:67)

**واوحي الي هذا القرآن لانذركم به ومن بلغ ***

-«بۇ قۇرئان ماڭا سىلەرنى ۋە (قىيامەتكىچە) قۇرئان يەتكەن كىشىلەرنى ئاگاھلاندۇرۇش ئۈچۈن ۋەھيى قىلىندى» .



(6:19)

**ياايها الناس انى رسول الله اليكم جميعا ***

-«(ئى مۇھەممەد!) ئېيتقىنكى، ئى ئىنسانلار! مەن ھەقىقەتەن سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا الله تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ئەلچىمەن» . (7:158)

**ياايها الناس قد جاءتكم موعظة من ربكم ***

-«ئى ئىنسانلار سىلەرگە پەرۋەردىگارىڭلار تەرىپىدىن پەندى-نەسىھەت كەلدى» . (10:57)

**وما ارسلناك الا كافة للناس بشيرا ونذيرا ***

-«سېنى پەقەت پۈتۈن ئىنسانلار ئۈچۈن (مۆئمىنلەرگە جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگۈچى ۋە (كاپىرلارنى ئازاب بىلەن) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلىپ ئەۋەتتۇق» . (28:30)

ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام رىسالىتىنى ئادەملەرگە يەتكۈزدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن رىسالەتنى يەتكۈزۈلۈشتىن توختاپ قالمىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئىسلامىي دەۋەتنى ئالەمگە يېيىش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىشلىرىنىڭ داۋام قىلىنىشى بولدى. مۇسۇلمانلار شۇ يولدا ماڭدى ۋە ئىسلامى دەۋەتنى يېيىشتا داۋام قىلدى. ھەقىقەتەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋىدالىشىش ھەججىسىدە شۇنداق دېگەن ئىدى: «بۇ يەردە ھازىر بولغانلار يوقلارغا يەتكۈزسۇن، يەتكۈزۈلگەن قانچە - قانچە ئادەملەر باركى، ئىشتكۈچىگە قارىغاندا ياخشىراق چۈشەنگۈچى بولىدۇ. مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئىشتىپ، كېيىن يادىدا ساقلىۋېلىپ، كېيىن ئىشتمىگەن ئادەملەرگە يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى الله تائالا گۈزەل قىلسۇن» . دېمەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە،

ئۇ زاتتىن كېيىن خەلىپىلەرنىڭ دەۋرلىرىدە ئىسلامى دەۋەتنى يېيىش ۋە ئىسلامى دۆلەتنىڭ باشقا دۆلەت، خەلق ۋە ئۇممەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنىڭ ئاساسى ئىدى. شەرئى ھۆكۈمنى مانا شۇدۇر. ئۇ كىتاب، سۈننەت ۋە ساھابىلارنىڭ ئىجماسى بىلەن سابىتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئىسلامى دۆلەتنىڭ تاشقى سىياسىتى ئىسلامى دەۋەتنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىشتۇر.

بۇ سىياسەت ئۆزگەرمەس، سابىت تەرىقەت بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ تەرىقەت بولسا جىھادتۇر. ھاكىمىيەت تۇپىسىدىكى شەخسلەر قانچىلىك ئۆزگەرسىمۇ بۇ تەرىقەت ئۆزگەرمەيدۇ. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىدە دۆلەت بەرپا قىلغان كۈندىن باشلاپ قوشۇن تەييارلاپ، دەۋەت يولىدا توسقۇق بولۇپ تۇرغان توسقۇلارنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن جىھاد باشلىدى. قۇرەيش ئىسلامى دەۋەت يولىدا تۇرغان توسقۇق ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئۇنى ئېلىپ تاشلاشنى قارار قىلدى. دەۋەت يولىنى توساۋاتقان باشقا ۋۇجۇتلارنىمۇ يوق قىلدى. نەتىجىدە ئىسلام پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىغا يېيىلدى. كېيىن ئىسلامى دەۋەت باشقا ئۇممەتلەرگىمۇ ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈن ھەرىكەت باشلىدى. باشقا خەلقلەرنى ئىسلام بىلەن باشقۇرۇش ئارقىلىق ئىسلامغا دەۋەت قىلىش لازىم ئىدى. شۇنىڭغا ئۇلار ئىسلامنىڭ ئادالىتىنى، ئۇنىڭ بايرىقى ئاستىدا ياشاشتىكى پاراۋانلىقنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ، ھىس قىلدى. ئۇلار ئىسلامغا مەجبۇر قىلىنماستىن، چىرايلىق يوللار بىلەن دەۋەت قىلىندى. شۇنداق قىلىپ جىھاد ئىسلامنى يېيىشنىڭ تەرىقىتى سۈپىتىدە داۋام قىلدى. جىھاد بىلەن مەملىكەتلەر، ئۆلكىلەر پەتھى قىلىندى. جىھاد بىلەن پادىشاھلار ۋە دۆلەتلەر



يىقىتىلدى ۋە ئىسلام يەر يۈزىگە يېيىلدى ۋە بۇنى بىلىۋىلاپ ئادەملەر ھەق يولنى تاپتى. دېمەك، تاشقى سىياسەتتىن ئىجرا قىلىشتا تۇتۇلغان يول جىھاد ئىدى. بۇ ئۆزگەرمەيدىغان سابىت تەرىقەت ئىدى ۋە ئۇ كېيىنچىلىكمۇ شۇنداقلىغىچە قالدى. جىھاد ئىسلامغا دەۋەت قىلىش ۋە الله يولىدا بىۋاستە ئۆزى قاتنىشىپ ياكى مال يا پىكىر ۋە ساناقنى كۆپەيتىش بىلەن ياردەم بېرىشتۇر. جىھاد قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ نۇسۇسلىرى بىلەن پەرزدۇر. مۇسۇلمانلار دۈشمەننى ئاۋۋال ئىسلامغا، بولمىغا ئۇنىمسا جىزيە تۆلەشكە ئۈندەيتتى، ئۇنىڭغىمۇ كۆنمىسە جەڭ باشلايتتى. جىھاد ھەققىدىكى شەرئى ھۆكۈم شۇكى، كاپىر دۈشمەنلەرنى قورشىۋېلىنغاندا ئۇلار ئىسلامغا دەۋەت قىلىنىدۇ. ئەگەر ئىسلامغا كىرسە ئۇلارمۇ ئۇممەتنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇش ھارام بولىدۇ. ئەگەر كۆنمىسە ئۇلاردىن جىزيە تۆلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر جىزيە تۆلىسە، بۇنىڭ بىلەن قانلىرى ۋە ماللىرى ساقلاپ قېلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىمۇ ئىسلام بىلەن باشقۇرۇلىدىغان دارۇل ئىسلامغا ئايلىنىدۇ ۋە ئۇلارمۇ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بېرىلگەن ئادالەت، ئىنساپ، ھىمايىگە ئوخشاش ھۆكۈملەردىن پايدىلىنىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ئىشلىرى ۋە ھاياتلىرىدا لازىم بولىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى تەمىنلەپ بېرىش بىلەن قانداق باشقۇرۇلسا، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىمۇ شۇنداق باشقۇرىلىدۇ. دۆلەتكە ۋە تۈزۈمگە ساداقەت مۇسۇلمانلارغا ۋاجىپ بولغاندەك، ئۇلارغىمۇ ۋاجىپدۇر. ئەگەر دۈشمەن ئىسلامدىنمۇ، جىزيە تۆلەشتىنمۇ باش تارتسا، بۇ ۋاقىتتا ئۇلارغا قارشى ئۇرۇشۇش ھالال بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەت ئەھلىگە ئىسلامنى تەكلىپ قىلماستىن ئالدىن ئۇلارغا قارشى

ئۇرۇشۇش مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭغا بىنائەن، بىرەر مەملىكەتتە ئۇرۇش باشلاشتىن ئالدىن ئۇ يەردە خەلقدە ئۇمۇمىي تەسەۋۋۇر پەيدا قىلىش، ئۇلارغا ئىسلامى دەۋەت ھەققىدە توغرا پىكىر بېرىش ۋە ئىسلام ئەھكاملىرىنى ئادەملەرگە يەتكۈزۈشكە ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش لازىم. شۇچاغدا ئىسلام ئۇلارنى قۇتقۇزۇشنى ئىدراك قىلىدۇ. ئىسلامى دۆلەت بولسا دىن ھەققىدە ئۇچۇق مەلۇماتلار بېرىشكە، ئازات پىكىرلەرنى تارقىتىشقا، دەۋەت ۋە تەرغىبات ئىشلىرىنى بېجىرىشكە ھەمدە ئىسلامى دۆلەتنىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى، مۇسۇلمانلارنىڭ مۇستەھكەملىكى ۋە جۈرئىتىنى كۆرسىتىشكە تەئەللۇق بولغان سىياسى ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش لازىم. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بۇنداق ئىشلارنىڭ بىر نەچچىسىنى قىلغاندۇر. مەسىلەن، دەۋەتچى ساھابىلاردىن قىرىق كىشىنى نەجدى ئەھلىگە ئىسلامنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئەۋەتتى. تەبۇك غازىتىغا چىقىشتىن بۇرۇن مەدىنىدە مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇننى نامايىشقا چىقارغانلىقىدا بولغانىدەك. دۆلەتنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتقان ئىدى: «ماڭا بىر ئايلىق مەساپىدا دۈشمەننى قورقۇنچىغا سېلىپ قويۇش بىلەن ياردەم بېرىلدى».

ئىسلامى دۆلەتتىكى مۇسۇلمانلار قوشۇنى بارلىق ئەسىرلەردە دۈشمەننى قورقۇنچىغا سالىدىغان سۈپەتكە ئىگە بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپا ئىسلامى قوشۇن ھېچقاچان مەغلۇپ بولمايدۇ دېگەن پىكىردە ئىدى ۋە بۇ پىكىرنى بىر نەچچە ئەسىرلەر داۋامىدا ئېلىپ يۈردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال ئىسلامى پىكىرلەرنى تارقىتىش ھەمدە دۆلەتنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىشكە تەئەللۇق سىياسى ئىشلارنى ئېلىپ بېرىش ۋە شۇنىڭدىن كېيىنلا ئىۋاستە



ئۇرۇشقا كىرىشىش لازىم. جىھاد گەرچە ئىسلامنى يېيىشنىڭ ئۆزگەرمەس تەرىقىتى بولسىمۇ، سىياسى ئەمەللەر ۋە مەقسەتلىك ھەرىكەتلەر ئۇرۇش باشلىماستىن ئالدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى زۆرۈر. بۇ نەرسە ئىسلامى دۆلەت بىلەن باشقا دۆلەت، خەلقلەر ۋە ئۈممەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئالاقىلارنى مۇئەييەن يۆنىلىشتە مۇستەھكەملەشتە، يەنى ئىسلامنى يېيىشنى ئاسانلاشتۇرۇدىغان خوشنىچىلىق، ئىقتىسادى ئالاقىلار ۋە باشقا جەھەتتىن مۇستەھكەملەشتە ئاساسى ئامىلدۇر.

دېمەك، باشقا دۆلەت، خەلق ۋە ئۈممەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئىسلامنى يېيىش، ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئۇلار بىلەن بولىدىغان ئالاقىلىرى ئاساسلىنىدىغان سىياسى مەپكۇرىدۇر. بىراق، بۇ يەردە پىلان ۋە ئۇسلۇبلارمۇ بولۇپ، ئۇلارنى دۆلەت ئىشلەپ چىقىدۇ ۋە ئۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋاستىلىرىنى بەلگىلەيدۇ. مەسىلەن، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام مەدىنىگە كەلگەن بىرىنچى كۈندە قىلغىنىدەك، بەزى دۈشمەنلەر بىلەن مۇئەييەن مۇددەتكىچە ياخشى خوشنىچىلىق توختىمى تۈزىلىدۇ ۋە باشقىلارغا ئۇرۇش قىلىنىدۇ. ياكى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر پەيتنىڭ ئۆزىدە شام ۋە ئىراققا قوشۇن ئەۋەتكەندەك، بارلىق دۈشمەنلەرگە قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىنىدۇ. ياكى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ھۇدەيبىيەدە قىلغانىدەك، دەۋەت ھەققىدە ئۇمۇمىي رەئىيى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن مۇئەييەن مۇددەتكىچە سۇلھى تۈزىلىدۇ. گاھىدا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام بەدرى غازىتىدىن ئالدىن سەرىيە ئەۋەتكىنىدەك ۋە ئۇمەۋىلار خەلىپىلىكى دەۋرىدە رۇم چېگرالىرىغا يازلىق ۋە قىشلىق چارلىغۇچىلار ئەۋەتكىنىدەك، دۈشمەننى قورقۇنچىغا سېلىش ۋاستىسى سۈپىتىدە مەھەللى

ئورۇشلار ئېلىپ بېرىلىدۇ. گاھا دۆلەت دەۋەتنى يولغا سېلىش ئۈچۈن بەزى دۆلەتلەر بىلەن تىجارەت توختىمى تۈزىدۇ ۋە بەزىلىرى بىلەن تۈزمەيدۇ. دەۋەت ئۈچۈن بەلگىلەنگەن پىلانغا مۇۋاپىق بەزى دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە باغلىسا، بەزىلىرى بىلەن باغلىمايدۇ. بەزى دۆلەتلەرگە نىسبەتەن دەۋەت ۋە تەرغىبات ئۇسلۇبلىرىنى قوللانسا، باشقا دۆلەتلەرگە نىسبەتەن دۈشمەن پىلانىنى پاش قىلىش ۋە سوغۇق ئورۇش ئېلىپ بېرىش ئۇسلۇبىنى قوللىنىدۇ. شۇنداق قىلىپ دۆلەت پىلان تۈزىدۇ ۋە ئىشنىڭ تۈرلۈك بەلگىلەنگەنلىكىگە ۋە دەۋەت مەنپەئەتلىرى تەقەززا قىلغانغا قاراپ ئۇسلۇبلارنى ئىجرا قىلىدۇ. بۇ پىلان ۋە ئۇسلۇبلار جىھاد ۋە ئىسلامنى يېيىش ئىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن پىلان ۋە ئۇسلۇبلار تاشقى سىياسەتتە زۆرۈرى ئامىلدۇر. شۇنىڭدەك، پۈتۈن ئالەمدە ئىسلام ۋە ئىسلامىي دۆلەت ھەققىدە ئومۇمىي رەئىي پەيدا قىلىشمۇ زۆرۈردۇر. لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى الله يولىدا جىھاد قىلىش ئارقىلىق ئىسلامنى يېيىشتۇر.

# ئىسلامىي پەتھلەر ئىسلامنى يېيىش ئۈچۈندۇر

ئىسلامىي ئۈممەت بارلىق ئادەملەرگە ئىسلامىي دەۋەتنى ئېلىپ چىقىشقا مۇكەللەپ ئىكەنلىكى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلار پۈتۈن ئالەم بىلەن باغلىنىشى لازىمدۇر. ئىسلامىي دۆلەتمۇ بۇ باغلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دەۋەتنى پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرگە يەتكۈزۈشى، دەۋەتنى يېيىشتا بەلگىلەنگەن تەرىقىتىنى



قوللىنىشى كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي دۆلەت غەيرى مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلىشى ۋاجىپ. بۇ پەتھىلەر پەقەت مۇسۇلمانلار زىممىسىدىكى ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈندۇر. بۇ ۋەزىپە بولسا ئىسلامىي ھۆكۈملەرنى ئورنىتىش ئارقىلىق ھەق دىننى يەتكۈزۈشتىن ئىبارەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىي پەتھلەر خەلقلەرنى ئېكسپلاتسىيە ۋە مۇستەملىكە قىلىش، ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىدىكى بايلىقلىرىنى ئىگەللىۋېلىش ئۈچۈن بولمايدۇ، بەلكى بىرلا مەقسەتتە، يەنى ئۇلارنىڭ بەختسىز ھاياتلىرى ۋە بۇزۇق تۈزۈملىرىدىن خالاس قىلىنىش مەقسىتىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ نەرسە ئىسلامىي دۆلەتنىڭ پەيدا بولۇشى، ئىسلامىي پەتھلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە جىھادنىڭ پەرزلىكىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

ھەقىقەتەن، ئىسلامىي دۆلەت قۇدرەتلىك، مۇستەھكەم ۋە پەتھى قىلغۇچى بولۇپ مەيدانغا كەلدى. ئۇنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى ئاساس مەھەللى دۆلەت ئەمەس، بەلكى ئالەمىي دۆلەت ئىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئەقىدىسى ئومۇمىي ئىنسانى ئەقىدەدۇر، ئۇنىڭ نىزامىمۇ ئىنسانغا خىزمەت قىلغۇچى نىزام بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئالەمىي نىزامدۇر. شۇ جەھەتتىن ئۇ مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلىشى تەبىئىدۇر. چۈنكى ئىسلامىي دۆلەتنىڭ نىزامى ئۇنىڭ زىممىسىگە پەتھى قىلىشنى يۈكلەيدۇ. مانا، مۇسۇلمانلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەقەبەدىكى ئىككىنچى بەيئەتنى بەرگەندە، گەرچە پۈتۈن ماللارنى يوق قىلىش ۋە پۈتۈن ئۇلۇغلارنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەپ بولسىمۇ، قىزىل-قارا بارلىق ئادەملەرگە ئورۇش قىلىشقا، بەيئەت بەردى، ھازىرقى-كېيىنكى كۈنلىرىدىمۇ شادىخۇرام-قايغۇلۇق ۋاقىتلىرىدىمۇ قۇلاق سېلىپ، ئىتائەت

قىلىشقا، قايەردە بولمىسۇن الله يولىدا مالامەتچىنىڭ مالامىتىدىن قورقماستىن ھەقنى ئېيتىشقا، ئىسلامى دەۋەتنى ھىمايە قىلىش يولىدا جانلىرىنى تىكىشكە بەيئەت قىلغان ۋە بۇنىڭ باراۋىرىگە جەننەتتىن باشقا ھېچنەرسە بېرىلمەيدۇ. بۇلار ئىسلامنى ئالەمگە ئېلىپ چىققان قوشۇننىڭ ئىلىك بىخى ئىدى. مانا شۇنداق بەيئەت بەرگەن بۇ قوشۇن قانداق بولۇشى كېرەك؟ ئۇنىڭ بۇ بەيئەتتە ھازىر بولغان ھەربىي ۋەزىپىسى نېمىدىن ئىبارەت؟ بۇ ۋەزىپە ئىسلام دەۋىتىنى ئالەمگە يېيىش ئەمەسمىدى؟! ھەئە، ئۇلار پەقەت دەۋەت ئۈچۈن كەلدى ۋە دەۋەت ئۈچۈن بەيئەت بەردى ۋە دەۋەت يولىدا ئۆلۈمگىمۇ تەييار بولدى.

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇشتىن ئالدىن پەتھىلەر پىلانلىرىنى بەلگىلەپ بەرگەن ئىدى. چۈنكى، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولغاچقا، ھىجرەتنىڭ يەتتىنچى يىلىدا كىسرا، قەيسەر ۋە باشقا پادىشاھلار ۋە ئەمىرلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلىپ مەكتۇپ يوللىغان، مۇئتە ۋە تەبۇك غازاتلىرى، ئۇسامىنىڭ قوشۇنىنى جەڭگە ھازىرلاش بىلەن يېرىم ئارال ئاتقىرىسىغا ئىسلامى دەۋەتنى يېيىش پىلانىنى تۈزدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ خەلىپىلىرى ئۇ زاتى شەرىپ دەۋەت قىلغان مەملىكەتلەرنى پەتھى قىلغان پەيتتە مانا شۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. كېيىن مانا شۇ ئاساستا كەينى-كەينىدىن ئىسلامى پەتھىلەر بولۇشقا باشلىدى. ئىسلامى دۆلەت بۇ يۈرۈشتە باي بولغان مىسىر بىلەن چۆل-جەزىرە، يولى مەشەققەتلىك، بايلىقى يوق بولغان شىمالى ئافرىقا ئۆلكىلىرىنى ئاجراتمىدى. چۈنكى ئۇ پەتھى - ئىسلامنى يېيىش ۋە دەۋەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەتھى ئىدى. بۇ بولسا



ئىسلامى دۆلەتتىن باي ۋە كەمبەغەللىكىدىن قەتئىينەزەر ھەر بىر مەملىكەتكە كىرىشنى ۋە بويسۇندۇرۇشنى ياكى قارشى چىقىشتىن قەتئىينەزەر ھەر بىر خەلقنى دەۋەت قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى ئىسلامنى يېيىش ۋە دەۋەتنى يەتكۈزۈش پەتھى قىلىنىدىغان ئۆلكىنىڭ باي-كەمبەغەللىكىنى، ئاھالىسى قوبۇل قىلىش ياكى رەت قىلىشنى بىلمەيدۇ، بەلكى بىرلا ئىرسىنى - ئىسلامى دەۋەتنى ئۆزىدىن ھايات قانۇنلىرى كېلىپ چىقىدىغان پىكرى يېتەكچى سۈپىتىدە يەتكۈزۈشنى ھەمدە بۇ قانۇنلار ئالەمدىكى بارلىق ئادەملەرگە بىر خىل بولۇشنى بىلىدۇ خالاس.

ھەقىقەتتە، قۇرئان كەرىم مۇسۇلمانلارغا جىھاد پەقەت اللەنىڭ يولىدا! ۋە پۈتۈن ئالەمگە ئۇنىڭ رىسالىتىنى ئېلىپ چىقىش بولىدۇ، دەپ جىھادنىڭ پەرزلىكىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. قۇرئاندا مۇسۇلمانلارنى ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا بۇيرىغان ناھايىتى كۆپلەپ ئايەتلەر بار. الله تائالا «ئەنفال» سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

وقاتلوهم حتي لاتكون فتنة ويكون الدين كله لله

- «پىتنە تۈگىگەن، دىن پۈتۈنلەي الله ئۈچۈن بولغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار، ئەگەر ئۇلار كۇفرىدىن يانسا، الله ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرىنى كۆرىدۇ». (8:39)

الله تائالا «بەقەرە» سۈرىسىدە شۇنداق دەيدۇ:

وقاتلوهم حتي لاتكون فتنة ويكون الدين لله فان انتهوا فلا عدوان الا علي الظلمين

- «تاكى زىيانكەشلىك تۈگىگەن ۋە اللەنىڭ دىنى يولغا قويۇلغانغا قەدەر ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇڭلار. ئەگەر ئۇلار ئۇرۇشنى توختاتسا زۇلۇم قىلغۇچىلاردىن باشقىلارغا دۈشمەنلىك قىلىشقا بولمايدۇ». (2:193)

www.uyghurkitap.com

الله تائالا «تەۋبە» سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

وقاتلواالذين لايوٴمنون بالله ولا باليوم الاخر ولايحرمون ماحرم الله ورسوله ولايدينون دين الحق من الذين اوتو الكتب حتي يعطوا الجزية عن يد وهم صغرون

—«سىلەر ئەھلى كىتاپتىن اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنمەيدىغانلار (يەھۇدىلار ئۇزەيرنى اللەنىڭ ئوغلى، ناسارلار ئىسانى اللەنىڭ ئوغلى دەپ ئېتىقاد قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، ئۇلار اللەغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئېتىقاد قىلىمىز دېگەن بىلەنمۇ ئېتىقاد قىلمىغانلىق ئورنىدادۇر) بىلەن، الله (ئۆزىنىڭ كىتابىدا) ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى (سۈننىتىدە) هارام قىلغان نەرسىلەرنى هارام بىلمەيدىغانلار ۋە ھەق دىن (يەنى ئىسلام دىنى) غا ئېتىقاد قىلمايدىغانلار بىلەن، تاكى ئۇلار سىلەرگە بويسۇنۇپ خار هالدا جىزيە تۆلىگەنگە قەدەر، ئۇرۇش قىلىڭلار». (9:29)

بۇ ۋە بۇلاردىن باشقا ئايەتلەر جىهادقا بۇيرۇپ، مۇسۇلمانلارغا پەتھىلەردىن نېمە مەقسەت كۆزلەنگەنلىكىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ ۋە ئۇلارنى مانا شۇنداق پەتھىلەرگە ئۈندەيدۇ.

دېمەك، ئىسلامى دۆلەتنىڭ بەرپا بولىشىدىكى ئاساس ئىسلامى دەۋەتنى يەتكۈزۈش بولغان. ئىسلامى دەۋەتنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىسلامى قوشۇن تۈزۈلگەن، جىهاد پەرز قىلىنغان ۋە پەتھىلەر ئىسلامى دەۋەت ئۈچۈن ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان. پەقەت ئىسلامى دەۋەتنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىشلا مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دۆلىتىنى قۇرۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.



## ئىسلامى پەتھىلەرنى مۇستەھكەملەش

مۇسۇلمانلار ئالەمنىڭ تۇرلۇك ئۆلكىلىرىنى پەتھى قىلغان ۋە ئۇ يەرلەرنى ئىسلام ئەھكاملىرى بىلەن باشقۇردى. ھەقىقەتەن، ئىسلام مۇسۇلمانلارغا هۆكۈمرانلىق ۋە يېتەكچىلىكنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشنى پەرز قىلغان. ئۇلارنى غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشى، ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن هۆكۈمران بولىشى مۇتلەق جائىز ئەمەس. الله تائالا «نىسا» سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

الذين يتربصون بكم فان كان لكم فتح من الله قالوا الم نكن معكم وان كان للكفرين نصيب قالوا الم نستحوذ عليكم ونمنعكم من الموٴمنين فالله يحكم بينكم يوم القيمة ولن يجعل الله الكفرين علي الموٴمنين سبيلا

—«ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) سىلەرگە هادىسە كېلىشىنى كۈتىدۇ، ئەگەر سىلەر اللەنىڭ نۇسرىتىگە ئېرىشسەڭلار، ئۇلار: «بىز سىلەر بىلەن بىللە ئەمەسمىدۇق؟ (كاپىرلاردىن ئالغان غەنىمەتلەردىن بىزگىمۇ بېرىڭلار)» دەيدۇ. ئەگەر زەپەر تاپسا، ئۇلار (كاپىرلارغا): «بىز سىلەردىن غالىب بولۇپ تۇرۇپ (سىلەرنى ئۆلتۈرمىدۇق) ئەمەسمۇ؟ سىلەرنى مۆئمىنلەردىن ساقلىمىدۇقمۇ؟» دەيدۇ. الله قىيامەت كۈنى ئاراڭلاردا ھەققانى هۆكۈم چىقىرىدۇ، الله كاپىرلارغا قارشى ھەرگىز مۆئمىنلەرگە يول بەرمەيدۇ». (4:141)

كۈچ-قۇدرەتنى مۆئمىنلەرگە بەرگەن. الله تائالا «مۇناپىق» سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

يقولون لئن رجعنا الي المدينة ليخرجن الاعز منها الاذل ولله

العزة ولرسوله وللمؤمنين ولكن المنفقين لايعلمون

- «ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار): «مەدىنىگە قايتساق ئەڭ ئەزىز ئادەم (يەنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەي ۋە مۇناپىقلارنىڭ ئۆزلىرىنى دېمەكچى) ئەڭ خار ئادەمنى (يەنى رەسۇلۇللاھنى، مۆئمىنلەرنى دېمەكچى) مەدىنىدىن چىقىرىۋېتىدۇ» دېيىشىدۇ. غەلىبە اللەغا، اللەنىڭ پەيغەمبىرىگە ۋە مۆئمىنلەرگە مەنسۇپ، لېكىن مۇناپىقلار غەلىبىنىڭ اللەنىڭ دۈشمەنلىرىگە ئەمەس، دوستلىرىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ» (63:8)

بىراق، الله تائالا مۇسۇلمانلارغا ئۇلاردا ئىسلامى پىكىر ۋە ئىسلامى خاھىش-ئىرادە ئەمەلگە ئاشقان پەيتتىلا كۈچ-قۇدرەت بەردى، ئالەمگە ھۆكۈمران ۋە يېتەكچى قىلدى. يەنى ھۆكۈمرانلىقتىن مەقسەت ھاكىمىيەتكە ئىگىلىك قىلىپ، سەلتەنەتنى قولغا ئېلىش ئىستىكى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىن مەقسەت ئىسلامنى تەدبىق قىلىش ۋە دەۋەتنى يېيىش دەپ بىلىدىغان ئىسلامى خاھىش-ئىرادە ھەمدە ھۆكۈمرانلىقنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىدىغان ۋە اللەنىڭ ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنۈپ يېتىدىغان پىكىر ۋۇجۇتقا كەلگەندىلا الله تائالا ئۇلارنى ھۆكۈمران ۋە يېتەكچى قىلدى. ھەقىقەتتە، ئىسلام نۇرى ھاكىملارنىڭ سۆزلىرى ۋە ئىشلىرىدا نامايەن بولدى. شۇنىڭدەك، بۇ نۇر ئۇلار باشقۇرغان ئادەملەرگە ئىسلام ئەھكاملىرى تەدبىق قىلىنىشىدا ھەم نامايەن بولدى. ئىسلام ئەھكاملىرى ئادەملەرگە تەدبىق قىلىنىشى تۈپەيلىدىن ئۇلار اللەنىڭ دىنىغا توپ - توپ بولۇپ كىردى، ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلدى، ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ۋە يېتەكچىلىكنى قولغا ئالدى ۋە كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولدى. ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى دارۇل



ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمان شەھىرىگە ئايلاندى. شۇنداق قىلىپ ئىسلامى پەتھىلەر ئۇ يەردە ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزگەنلىكى ۋە يەرلىك خەلقنىڭ يېڭى دىنغا كىرگەنلىكى سەۋەبىدىن مۇستەھكەملەندى. ھەتتا مۇسۇلمانلار قايسى ئۆلكىلەرنى پەتھى قىلغان بولسا، بۇ پەتھى قىيامەتكۈنىگىچە ئۆزگەرمەس بولۇپ قالدى. بۇ ئۆلكىلەرنىڭ ۋە خەلقنىڭ ھاياتىنى پۈتۈنلەي ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۆزىنى كاپىرلاردىن مۇسۇلمانلارغا، يۇرتىنى دارۇل كۇفرىدىن دارۇل ئىسلامغا ئايلاندۇردى. لېكىن ئۇ ئۆلكىلەردىن ئىسلامنىڭ باشقۇرۇشى كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇ جايلار ئىسلام ئۆلكە، ئاھالىسى بولسا مۇسۇلمانلىقىچە قېلىۋەردى. ئىسلامى دۆلەت يوقىتىلغان بولسىمۇ، بۇ جايلار ھازىرغىچە ئىسلامى ئۆلكە، ئاھالىسى مۇسۇلمان ۋە ئىسلام باشقۇرۇشى قايتىپ كېلىشى ئۈچۈن مۇناسىپ جاي بولۇپ قالماقتا. بۇ ئۆلكىلەردە ئىسلامى پەتھىلەرنى دائىمى قىلىشنى مۇستەھكەملىگەن ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئىسلامنى سابىت قىلغان ئامىللارنىڭ بەزىلىرى تۆۋەندىكىچە: پەتھى قىلىنغان ئۆلكىلەرنى باشقۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرغان ئىسلام شەرىئىتى؛ ئاھالىسىنى ھەق دىنغا كىرىشكە تەييارلىغان باشقۇرۇش تەرىقىتى ۋە ھاكىملارنىڭ ئۇلارغا مۇناسىۋەتلىرى؛ مۇسۇلمان بولغانلارنىڭ قەلبلىرىگە ئىسلامنى ئەبەدى موھۇرلاپ قويغان نەرسە - ئەقىدە ۋە ئەھكاملارنى قوبۇل قىلغانلىرى ۋە ھەكازا. بۇ ئامىللارنى قىسقىچە شۇنداق بايان قىلىش مۇمكىن:

1. ئىسلام ئۆز ئەقىدىسىدە ئەقلى ھەمدە رەئيلىرى ۋە ئەھكاملىرىدا پىكرىدۇر. شۇنىڭدەك، ئىسلام ئۇنى قوبۇل قىلغۇچىغا ئىسلامغا ئەقلى يولى بىلەن ئىمان كەلتۈرۈشنى،

ئەھكاملارنى ئەقىل يارەمىدە چۈشۈنۈپ يېتىشنى پەرز قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئۆزى - ياراتقۇچى بارلىقىنى چۈشۈنۈپ يېتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ نەزەرىنى اللەنىڭ مەخلۇقاتلىرىغا قاراتقان ۋە ئۇنىڭدا ئىستىنبات ۋە مۇئامىلارنى مۇئالىجە قىلىش ئۈچۈن شەرئى ئەھكاملار ئۈستىدىن ئىزدىنىشكە پىكىر ئويغاتقان پەيتتە - ئۇنى پىكىر قىلغۇچى ئىنسانغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ قەلبىدە ئىسلامغا ئېتىقاد قىلغان ۋە ئەھكاملارنى چۈشۈنۈپ قوللانغان پەيتتە ئىسلام مۇستەھكەم ئورناشقان بولىدۇ.

2. ئىسلام مۇسۇلمانلاردىن ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇسۇلمان ئىسلامنى ئۆگىنىش ۋە چۈنۈش ئۈچۈن ئىككى شاھادەتنى تىلى بىلەن ئېيتىشنىڭ ئۆزى كۇپايە ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئاڭلىق رەۋىشتە ئۆگىنىشى، ساقايەتلىنىشى كېرەك. بۇنداق ئۆگىنىش ئۇنىڭ پىكرىنى كېڭەيتىدۇ، بىلىملىرىنى بېيىتىدۇ، ئەقلىنى ئۆستۈرىدۇ ۋە باشقىلارغا تەلىم بەرگۈچى كاتتا مۇئەللىم قىلىپ قويىدۇ.

3. ئىسلام مەبدەئىنىڭ ۋە شەرئى ئەھكاملارنىڭ تەبىئىتى ئۇلارنىڭ تەبىئىتى تەلىم ۋە ئۆگىنىش ئارقىلىق تەلىم ئالغۇچىغا ۋە ئۇ ياشايدىغان مۇھىتقا تەسىر كۆرسىتىدىغان بولىشىنى ۋاجىب قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىسلامنى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىدۇ. ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى ئەقلەن ئالىدۇ. بۇ بولسا ئۇلارنىڭ تۇيغۇلىرىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھاياتىكى بۇرۇچلىرىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. بۇنىڭ نەتىجىسىدە مۇسۇلمانلاردا چوڭقۇر پىكىر، چوڭقۇر بىلىم، ئىسلام ئۈچۈن پىداكارلىق سۈپەتلىرى پەيدا بولىدۇ.



www.uyghurkitap.com

چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبلىرىگە ئىسلامى ئەقىدە مۇستەھكەم ئورناشقان، ئىسلام رەئيىلىرى، پىكىرلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئىسلامنىڭ ئەمەلى جەھەتتى مۇكەممەلىشىپ بولغان ئىدى.

ئۇلار ئىسلامنى پەقەت ئىلىم ئۈچۈن ئۆگەنمىدى. بۇ ھالدا ئۇلار ئىسلام ھەققىدىكى مەلۇماتلار توپلىمىدىن ئىبارەت بولۇپ قالاتتى. ئۇلار ئىسلامنى قۇرۇق مەۋئىزە ۋە يولىيورۇقنامىلەر دەپ بىلمىدى. بۇ ھالدا ئۇلار ئىمانىنىڭ ئوتى يوق سولتەك ئادەملەر بولۇپ قالاتتى. ھەئە، مۇسۇلمانلار بۇ ئىككى خەتەرلىك جەھەت ئىسلامنى قۇرۇق ھەقىقەتلەر سۈپىتىدە ئۆگىنىش ھەمدە پەقەت مەۋئىزە ۋە يولىيورۇقنامىلەر دەپ بىلىشتىن يىراق بولدى. چۈشەنچىلەر ۋە ئەھكاملارنى ئېلىش تەرىقىتىنى ئىسلامدىن كېلىپ چىققان ھالەتتە تەدبىق قىلدى.

4. ئىسلام ئىنساننى يۈكسەلدۈرىدۇ، يەنى شەخسىنىڭ كامالەتكە يەتكۈزۈش ئۈچۈن قولىدىن تۇتىدۇ. ئىسلام مۇسۇلمانلارغا مۇئەييەن ئەمەللەرنى پەرز قىلىدۇ. بۇ ئەمەللەرنى بېجىرىش ئىنساننى روھى يۈكسەكلىك، قەلبىنى خاتىرجەملىك ۋە ھەقىقى سائادەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان كامالەت چوققىسىغا ئېلىپ چىقىدۇ. گەرچە كامالەت چوققىسىغا كۆتۈرۈلىشى مۇشكۈل بولسىمۇ، بۇ يۈكسەكلىكتە سابىت تۇرۇش ئۇنىڭدىنمۇ قىيىنراقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان مۇئتىبەرلىكى ۋە كامالىتى بەرقارار قىلىشى ئۈچۈن بۇ ئەمەللەر ۋاقتىنچىلىك ئەمەس دائىمى بولىدۇ.

ئۇشبۇ ئەمەللەر ئىبادەتلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى پەرز ۋە بەزىلىرى مەندۇپدۇر. بارلىق ئادەملەر تەرىپىدىن پەرزلەرنىڭ

بىجىرىلىشى ئۇلار كۆتۈرۈلىشى زۆرۈر بولغان يۈكسەكلىكنىڭ
ئۆلچىمى دەرىجىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مەندۇپ ئەمەللەرنى بىجىرىش
بولسا ئىنساننى كامالەت يولىدا جۇشقۇن ھەرىكەت قىلىشقا
ئۈندەيدۇ.

بۇ ئىبادەتلەرنى بىجىرىش مەشەققەتلىك، چارچىتىدىغان ۋە
مالال كېلىدىغان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭدا دۇنيا مەتالىرى ۋە
لەززەتلىرىدىن مەھرۇم بولۇشمۇ، ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرى ۋە
خۇرسەنچىلىكلىرىدىن يۈز ئۆرۈشمۇ، مايىللىقلارنى ئىسكەنجىگە
ئېلىش ۋە ئىنسان تەبىئىتىگە قارشى چىقىشمۇ يوق. بەلكى بۇ
ئىبادەتلەرنى بىجىرىش ۋە كۈچ ۋە ئىرادىلىرى قانچىلىك بولسىمۇ
ھەر بىر ئىنسان ئۈچۈن ئاسان ئىشتۇر. بۇ ئىبادەتلەر ئىنساننى
دۇنيا لەززەتلىرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك،
مۇسۇلمانلار مەندۇپ ئىبادەتلەرنى شەۋق بىلەن بىجىرىدۇ. الله
ازلىقىدىن بەھرىمەن بولالىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلغان
الدا پەرز ئىبادەتلەرگە قوشۇمچە ئىبادەتلەرنىمۇ بىجىرىشكە
ئىنتىلىدۇ.

5. مۇسۇلمانلار باشقا ئۆلكىلەرنى ئۇ يەرلەرگە ئىسلامى
دەۋەتنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن پەتھى قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن
ئۇلار ئۆزىنى رەھمەت ۋە ھىدايەت ئەلچىلىرى دەپ بىلىشەتتى،
ايىسى ئۆلكىگە كىرسە ئۇ يەرنى ئىسلام بىلەن باشقۇراتتى. پەتھى
قىلىنغان ئۆلكىلەرنىڭ ئاھالىسى ئىسلامى دۆلەتنىڭ ھىمايىسىگە
ئېرىشى بىلەن ئۇلارغا مۇسۇلمانلارغا تەئەللۇق ھوقۇقلار
بېرىلەتتى ۋە مۇسۇلمانلار زىممىسىدىكى بۇرۇچلار ئۇلارغىمۇ
يۈكلىنەتتى. ئۇشبۇ پەتھى قىلىنغان ئۆلكىمۇ ئىسلامى دۆلەت
مەركىزىدىكى باشقا ئۆلكە ئىگە بولغان ھوقۇق ۋە بۇرۇچلارغا ئىگە



بولاتتى ۋە دۆلەتنىڭ بىر بۆلىكىگە ئايلىناتتى. چۈنكى ئىسلامدا
باشقۇرۇش ئىزامى بىر پۈتۈن بىردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن پەتھى
قىلىنغان ئۆلكىلەرنىڭ ئاھالىسى ئۆزىنى مۇستەملىكە دەپ ھېس
قىلمىدى. ئادەملەر مۇسۇلمانلار باشقۇرىۋاتقان كەيپىيەتلەردە
ئىسلامنىڭ ھەقىقىتىنى ئەمەلدە كۆرگەندىن كېيىن ھەق دىنغا
ئىنتىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

6. ئىسلام مەبدىئى ۋە ئەھكاملىرى بارلىق ئادەملەر ئۈچۈن
ئومۇمىدۇر. ئۇلارنى ئۆگىنىش بارلىق ئادەملەر ئۈچۈن
مۇباھدۇر، بەلكى ئۇلارنىڭ ھەممىگە ئىسلامنىڭ لەززىتىنى
تېتىشى ۋە ھەقىقىتىنى چۈشىنىپ يېتىشى ئۈچۈن ئۆگىنىش
پەرزدۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ۋالىلار ۋە ھاكىملار ۋە
مۇئەللىملەرنى ئادەملەرگە ئىسلام بىلەن باشقۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ
ئەھكاملىرىنى ئۆگىتىدىغان قىلىپ ئەۋەتەتتى. رەسۇلۇللاھ
ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنمۇ مۇسۇلمانلار تۈرلۈك ئۆلكىلەرنى
پەتھى قىلدى، ئۇ يەرگە ھاكىملار ۋە مۇئەللىملەرنى ئەۋەتتى،
ئادەملەرگە ئىسلامنى ئۆگەتتى ۋە قۇرئان ئەھكاملىرىدىن تەلىم
بەردى. نەتىجىدە پەتھى قىلىنغان ئۆلكىلەرنىڭ ئاھالىسى، ھەتتا
ئىسلامنى قوبۇل قىلمىغانلىرىمۇ، ئىسلامى مەرىپەتنى ئۆگىنىشكە
كىردى.

7. ئىسلامى شەرىئەت كامىل ۋە ئالەمى شەرىئەتتۇر.
شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئۆلكىلەرنى پەتھى قىلغان ۋاقىتتا ئۇ
يەردىكى خەلقنىڭ قانۇنلىرىنى ئۆگىنىشكىمۇ، ھايات
مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلىش ئۈچۈن ئۆزى ئېلىپ كەلگەن
ئەھكاملار بىلەن بۇ ئۆلكىلەردىكى مەۋجۇت قانۇنلارنى
مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا زۆرۈرەت سەزمىدى. بەلكى پەتھى قىلغان

بىرىنچى كۈندىن باشلاپ ئىسلامنى تەدبىق قىلىۋەردى. ئۇلارنىڭ تەدبىق تەرىقىتى ئىنقىلابى بولاتتى. بۇنىڭدا تەدرىجىلىك ياكى ئىلگىرىكى تۈزۈمنىڭ نۇقسانلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش دېگەن نەرسە بولمايتتى. دۇچ كەلگەن ۋاقىتلىقكە رىئايە قىلمايتتى، ئۇنى ئۇمۇمەن ھېساپقا ئالمايتتى. چۈنكى مۇسۇلمانلار باشقا ئۆلكىلەرنى ئۇ يەرگە ئىسلامنى يەتكۈزۈش، ئۇ يەرلەردىكى بۇزۇق ۋاقىتلىق ۋە بىقارار ھاياتنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن پەتھى قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارغا بۇ ئۆلكىلەرنى بىرىنچى كۈندىن باشلاپ ئىسلام بىلەن باشقۇرۇش لازىم ئىدى ۋە بۇ ئۆلكىلەردە مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشى مۇستەھكەم ئورنىشىپ قالاتتى. ئۇلار بىرەر «قانۇنى تەشكىلىك» ۋە «ئۆتۈش ھالىتى» گە ئوخشاش قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلمىدى. چۈنكى ئۇلار دۆلەتلەرنى بۇ ئۆلكىلەرگە، يەنى بارلىق زامان ۋە بارلىق ماكاندا ھەممە ئادەملەرگە تەدبىق قىلىنىدىغان نىزاملار، قانۇنلار ۋە ئەھكاملار كېلىپ چىقىدىغان ئەقىدىنى ئېلىپ كېلەتتى.



## خەلقلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، بىرلا ئۈممەتكە ئايلاندۇرۇش

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام پۈتۈن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن شىرىكنى يوقاتتى. اللە تائالا ئىسلام نىمىتىنى تولۇق قىلىپ بەرگەندىن ۋە ئىسلامنى ئۇلار ئۈچۈن دىن بولۇشىغا رازى بولغاندىن كېيىن خوشنا ئۈممەت ۋە خەلقلەرنىڭ پادىشاھ ۋە ئەمىرلىرىگە مەكتۇپ يوللاش، مۇئتە ۋە تەبۇكتا رۇم چېگرىلىرىغا سەرىيەلەر ئەۋەتىش ۋە غازاتلار قىلىش ئارقىلىق ئىسلامغا دەۋەت قىلىشنى باشلىغاندىن كېيىن ۋاپات بولدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن خۇلەفائى راشىدىنلەر كەلدى ۋە پەتھىلەر يەنە داۋام قىلدى. ئىراق پەتھى قىلىنىدى. بۇ يەردە نەسرانى، مەزدەكى ۋە زەردۇشتى دىنىدىكى ئەرەپ ۋە پارىسلار ياشايتتى. پارىس پەتھى قىلىنىدى. بۇ يەردە ئەجەملەر ۋە يەھۇدى ۋە رۇملۇقلار ياشايتتى. ئۇلار پارىسلارنىڭ دىنىدا ئىدى. شام پەتھى قىلىنىدى. ئۇ رۇم ئىمپىرىيىسىگە قاراشلىق ئۆلكە بولۇپ، ئۇنىڭ ئاھالىسى رۇملۇقلار ساقاپىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن ۋە نەسرانى دىنىدا ئىدى. ئۇ يەردە سۈرىيەلىكلەر، ئەرمەنلەر، يەھۇدىلار، ئازراق رۇملۇقلار ۋە ئەرەپلەر ياشايتتى. مىسىر پەتھى قىلىنىدى. بۇ يەردە مىسىرلىقلەر ۋە ئازراق يەھۇدى ۋە رۇملۇقلار ياشايتتى. شىمالى ئافرىقا پەتھى قىلىنىدى. ئۇ رۇملۇقلار قولىدا بولۇپ، ئۇ يەردە بەربەرلەر ياشايتتى. خۇلەفائى راشىدىندىن كېيىن ئۈمەۋى خەلىفىلەر كەلدى. سىنت، خارزىم، سەمەرقەنتنى پەتھى قىلدى ۋە بۇ يەرلەرنى ئىسلامى دۆلەتنىڭ



www.uyghurkitap.com

يەرلىرىگە قوشتى. كېيىن ئەندەلۇس پەتھى قىلىنىندى ۋە ئۇ ئىسلامى دۆلەت ۋىلايەتلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. بۇ ئۆلكىلەر مىللەتلىرى، تىلى، دىنى، ئۆرپ-ئادەتلىرى، قانۇنلىرى ۋە ساقاپىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھەر خىل بولغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ خەلقلەرنىڭ پىكىر ۋە خاھىش-ئىرادىلىرى بىر-بىرىدىن پەرقلىق بولۇشى تەبىئى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى بىر-بىرىگە قوشۇۋېتىش ۋە دىنىنى، تىلى، ساقاپىتى ۋە قانۇنلىرى بىرخىل بولغان بىرلام ئۈممەت قىلىپ شەكىللەندۈرۈش ناھايىتى ئېغىر ۋە مۇشەققەتلىك ئىش ئىدى. بۇنىڭدىكى مۇۋەپپىقىيەت ئاددى ھادىسە ئەمەس دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. بۇنى ئىسلامدىن باشقىسى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغان ۋە پەقەت ئۇ ئىسلامى دۆلەت قولىدا مەيدانغا چىققان. چۈنكى بۇ خەلقلەرنىڭ ھەممىسى ئۇلار ئۈستىدە ئىسلامى دۆلەت بايرىقى نۇر چېچىشقا باشلىغاچقا، بىرلا ئىسلامى ئۈممەتكە ئايلاندى. بۇ ھال ئىسلام بىلەن باشقۇرۇلۇشى ۋە ئىسلام ئەقىدىسىنى قوبۇل قىلىشى تەسىرىدە ئەمەلگە ئاشتى. بۇ خەلقلەرنى بىر لەشتۈرۈشتە بىر نەچچە ئامىللار تەسىر كۆرسەتتى. ئۇلارنىڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. ئىسلام بۇيرۇقلىرى.

2. پەتھى قىلىنغان مۇسۇلمانلارنىڭ پەتھى قىلىنغان باشقا ئۈممەتلەر بىلەن ئۆي-جاي ۋە تىرىكچىلىك مەسىلىلىرىدە بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتىشى.

3. پەتھى قىلىنغان مەملىكەت ئاھالىسىنىڭ ھەممىسى ئىسلامغا كىرىشى.

4. مۇسۇلمان بولغانلاردا ھاسىل بولغان ئىنقىلابى



ئۆزگىرىش ۋە ئۇلارنى بىر ھالەتتىن باشقا بىر ھالەتكە ئۆتكۈزۈش

ئىسلام بۇيرۇقلىرىغا كەلسەك، ئۇلار ئادەملەرنى قايەردە قادىر بولسا، دىنغا دەۋەت قىلىشقا، ئىسلام دەۋىتىنى يېيىشقا ۋە ھىدايىتىنى تارقىتىشقا چاقىرىدۇ. بۇ بولسا ئادەملەر ئىسلامنى ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن جىھاد قىلىش ھەمدە پەتھى قىلىنغان ئۆلكىلەردە ئىختىيارىنى ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇشنى تەقەززا قىلىدۇ. خالىسا ئىسلامنى قوبۇل قىلسۇن، خالىسا ئۆز دىنىدا قالسۇن. ئادەملەرنىڭ مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلىدىغان ۋە ئىشلارنى تەرتىپ ئىنتىزامغا سالىدىغان قانۇنلار بىرلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرىدا ئۆز-ئارا ھەمدەملىك مەيدانغا كېلىشى ئۈچۈن ھەمدە غەيرى دىنلەر ھەم جەمئىيەت نىزامىنىڭ تەدبىقىدە شېرىك بولۇشتا، خاتىرجەملىكتىن بەھرىمەن بولۇشتا ۋە ئىسلامى دۆلەت بايرىقى ئاستىدا ياشاشتا ئۆزىنى تەڭ ھوقۇقلۇق ھېس قىلىشى ئۈچۈن مۇئامىلە ۋە جازا-چارىلەرگە دائىر ئىشلاردا ئۇلارنىمۇ ئىسلام ئەھكاملىرىغا بويسۇندۇرۇلدى.

ئىسلام بۇيرۇقلىرى ئىسلام ئەھكاملىرى بىلەن باشقۇرۇلىۋاتقان ئىنسانلارغا ئىرقى، تائىپى ياكى مەزھەبى نەزەر بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىنسانى نەزەر بىلەن قاراشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھكاملار بارچىغا باراۋەر تەدبىق قىلىنىدۇ مۇسۇلمان ۋە غەيرى دىن ئاجرىتىلمايدۇ.

اللە تائالا «مائىدە» سۈرىسىدە مۇنداق دەيدۇ:

يايها الذين امنوا كونوا قومين لله شهداء بالقسط ولايجرمنكم شنان قوم علي الاتعدلوا اعدلوا هو اقرب للتقوي واتقوا الله ان الله خبير بما تعلمون

–«ئى مۆئمىنلەر! اللەنىڭ (ھەقلىرىنى) ئادا قىلىشقا تىرىشىڭلار، ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىڭلار، بىرەر قەۋمگە بولغان ئۆچمەنلىكىڭلار (ئۇلارغا) ئادىل بولماسلىقىڭلارغا سەۋەب بولمىسۇن، (دۈشمىنىڭلارغا) ئادىل بولۇڭلار، بۇ يەنى ئۇلارغا ئۆچمەن تۇرۇپ ئادىل بولۇشۇڭلار) تەقۋادارلىققا ئەڭ يېقىندۇر، اللەدىن قورقۇڭلار، اللە ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر». (5:8)

باشقۇرۇش ۋە ھۆكۈم مەسىلىلىرىدە بارچە ئادەملەر تەڭدۇر. شۇنىڭدەك ھاكىم ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇۋاتقان پەيتتە كىملەرنى باشقۇرۇۋاتقانلىقىغا قارىمايدۇ. قازى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىۋاتقانلىقىدا كىملەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھۆكۈم چىقىرىۋاتقانلىقىغا قارىمايدۇ. ھاكىم ئادەملەرگە پەقەت ئىنساننىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇش دېگەن نەزەردە قارايدۇ. قازىمۇ ئىنساننىڭ خۇسۇمەتلىرىنى ئاجرىم قىلىش دېگەن نەزەردە قارايدۇ. ئىسلامدىكى باشقۇرۇش نىزامى دۆلەتنىڭ بارچە بۆلەكلىرى بىر پۈتۈن بولىشىنى، بارچە ۋىلايەتلەردىن يىغىلغان مال ئاز كۆپلىكىدىن ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش-قاندۇرماسلىقىدىن قەتئىنەزەر، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجلىرى بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىش ئارقىلىق قاندۇرۇلىشىنى ھەمدە بەيتۇلمالدىن بارلىق ۋىلايەتلەردىن مال يىغىش بىلەن مالىيەنىڭ بىرلا بولىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەتھى قىلىنغان بارلىق مەملىكەتلەر بىرلا دۆلەت ئىچىدىكى ۋىلايەتلەرگە ئايلىنىدۇ ۋە بۇ دۆلەت ئۇلارنى باشقۇرۇشتا بىر-بىرى بىلەن يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ.

ئەمما پەتھى قىلغۇچى مۇسۇلمانلارنىڭ باشقىلار بىلەن



ئارىلىشىپ كېتىشى مەھەللى خەلقىنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، مۇسۇلمانلار ئۇلكىلىرىنى پەتھى قىلىنغاندىن كېيىن ئۆيەرلەردە تۇرۇپ قالدى ۋە ئاھالىگە ئىسلامنى ئۆگىتىپ، ئىسلامى ساقايەت ئاساسىدا بىلىم بەردى. ھاياتنىڭ مۇسۇلمانلار ئۇلاربىلەن يانمۇ-يان ئۆيلەردە ياشىدى. ھاياتنىڭ بارچە ئىشلىرىدا شېرىك بولۇشتى ۋە ھەممىسى بىرلا ئەھكاملار تەدبىق قىلىنىدىغان ۋە بىرلا جايدا باشقۇچى ئادەملەرگە ئايلاندى. ئۇلار ئىككى گورۇھ-پاتىھ ۋە پەتھى قىلىنغان، غالىب ۋە مەغلۇب دېگەن گورۇھلارغا بۆلۈنمىدى. بەلكى ھەممىسى بىرلا دۆلەتنىڭ ھاياتى ئىشلىرىدا ئۆز-ئارا ھەمدەم بولۇپ، بىر-بىرىگە ياردەم بېرىپ ياشايدىغان پۇقرالىرى بولۇپ قالدى. پەتھى قىلىنغان يەرلەردىكى ئاھالى ھاكىملاردا ئىلگىرى ئۇچرىتىلمىغان ئۆزگىچە سۈپەتلەرنى كۆردى، ھاكىملار ئۇلارنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدىغان، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى-ئېھتىياجلىرىنى بىجىرىشتە ئەستايىدىل ئالدىراپ-يۈرگۈزىدىغان ئادەملەر ئىدى. بۇ ئالىي پەزىلەتلەر ئاشۇ ھاكىملارنى ۋە ئىسلامنى ئۇلار ئۈچۈن مەھبۇب قىلىپ قويدى. ھاكىملار ۋە باشقا مۇسۇلمانلار ئەھلى كىتاب ئاياللىرىغا ئۆيلىنەتتى، ئەھلى كىتاپلار سويغان گوشلەردىن ۋە ئۇلار پىشۇرغان تاماقلاردىن يەتتى. بۇنداق ئارىلىشىپ ياشاش ئۇلارنى ئىسلامغا كىرىشكە ئۈندىگۈچى ئامىل بولدى. چۈنكى ئۇلار ئىسلام نىزامىنىڭ تەدبىق قىلىنىشىدىكى ياخشىلىق نۇرىنى كۆردى. شۇ سەۋەپتىن بۇ خەلقلەر بىر-بىرى بىلەن بىرلىشىپ بىرلا يېگانە ئۈممەتكە ئايلاندى.

پەتھى قىلىنغان يۇرتلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشى ئاممىۋى شەكىلدە بولاتتى. ھەر بىر يەرنىڭ ئاھالىسى اللەنىڭ دىنىغا

گورۇھ-گورۇھ بولۇپ بەزىدە پەتھى قىلىنغان يۇرت ئاھالىسى بىر پۈتۈن ئىسلامغا كىرەتتى. ئادەملەر ئۈزلۈكسىز تۈردە جامائە-جامائە بولغان ھالدا ئىسلامغا كىرىپ ئۇمۇمى يۈزلۈك مۇسۇلمانلارغا ئايلاندى. ئىسلام پەتھى قىلغۇچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى دىيار ئاھالىلىرى مۇسۇلمان بولۇشى بىلەنلا پەتھى قىلغۇچىلار بىلەن بىر جان بىر تەن بولۇپ ھەممىسى بىر پۈتۈن گەۋدىگە يەنى ئىسلام ئۈممىتىگە ئايلاندى. ئىسلام - مۇسۇلمان بولغانلاردا پەيدا قىلغان ئۇمۇمى ئىنقىلاب (ئۆزگىرىش) شۇ نەرسىدە كۆرۈندۈكى، دىن ئۇلارنىڭ ئەقلى سەۋىيەسىنى كۆتۈرۈپ، ئۇلاردا ئىسلامى ئەقىدىنى پەيدا قىلدى. بۇ ئەقىدە بارچە پىكىرلەرگە ئاساس بولىدىغان ھەمدە پىكىرلەرنىڭ توغرىلىقى ياكى ناتوغرىلىقى ئۆلچىنىدىغان مىزانىغا ئايلاندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۇلارنى ۋىجدانى ئىماندىن ئەقلى ئىمانغا، بۇتلارغا، ئوتقا، ئۈچلۈككە، (خۇدانى ئۈچ دەپ بىلىشكە) ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن ۋە بۇنداق ئىبادەت تەقەززا قىلىدىغان نادانلىقتىن يالغۇز اللەقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرىدى. ئىسلام ئۇلارنى ئاخىرەت ھاياتىنى ئەستىقلايدىغان، ئاخىرەت ھاياتىنى ۋە ئۇنىڭدىكى ئازاپ ۋە نېمەتلەرنى كىتاپ ۋە سۈننەتتە بايان قىلىپ بەرگەن سۈرەتتە تەسەۋۋۇر قىلىدىغان شەخىسلەرگە ئايلاندۇردى. نەتىجىدە ئۇلار ئاخىرەتنى ھەقىقى ھايات دەپ بىلىدىغان بولدى. بۇ نىڭ بىلەن ئۇلاردا ھاياتنىڭ ئۆزىگە خاس مەنىسى ۋە قەدرى-قىممىتى پەيدا بولدى. چۈنكى، بۇ ھايات باشقا ئەدەبى ۋە بەختلىك ھاياتقا ئېلىپ بارىدىغان يولدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۇنيا ھاياتىغا يۈزلەندى، ئۇنى ئېتىبارسىز تاشلاپ قويمىدى، ھايات ئاساسلىرىنى مەھكەم



تۇتۇپ، الله تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈچۈن چىقارغان زىنىنەتلىرى ۋە ھالال رىزقلىرىدىن پايدىلاندى. ئىسلام ھاياتقا توغرا ئۆلچەملەرنى ۋە ھەقىقى تەسەۋۋۇرنى بەردى. ئاۋۋال ھاياتتىكى ئۆلچەم پەقەت مەنپەئەتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ مەنپەئەت ئەمەللەرگە ئۈندۈگۈچى ۋاستىلەردىن بولسا، ئەمدى ھاياتتىكى ئۆلچەم ھالال ۋە ھارام دىگەن چۈشەنچە، ئەمەللەرگە ئۈندۈگۈچى ئامىل اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرى بولۇپ قالدى. ئەمەللەرنى بۇ بۇيرۇق ۋە توسۇقلارغا مۇۋاپىق يۈرگۈزۈشتىن كۆزلەنگەن مەقسەت اللەنىڭ رازىلىقىغا ئايلاندى. شۇنىڭ بىلەن ئەمەل ئەگەر ناماز، جىھاد ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى روھى، ئەگەر ئەمەل سودا-سېتىق، ئىجارە ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بولسا ئۇنىڭ قىممىتى ماددى، ئەگەر ئامانەتدارلىق، رەھىمدىللىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بولسا، ئۇنىڭ قىممىتى ئەخلاقىدۇر. ئادەملەر ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئۈندۈگۈچى ئامىل بىلەن ئەمەلنىڭ قىممىتىنى ئاجرىتىشقا باشلىدى. بۇ نىڭ بىلەن ئىسلام ئۇلارغا ھاياتنى پۈتۈنلەي باشقىچە سۈرەتتە تەسۋىرلەپ بەردى ۋە بۇ تەسۋىرنى بەلگىلەپ بەرگەن اللەنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرى، يەنى ھالال ۋە ھارام ئۆلچىمى ئىدى. ئىسلام ئۇلارغا سائادەتنىڭ ھەقىقى مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئىلگىرى ئۇلار ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنى سائادەتتىن دەپ بىلگەن بولسا ئىسلامغا كىرگەندىن كېيىن سائادەت اللەنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىش بولۇپ قالدى. چۈنكى سائادەت ئىنساننىڭ دائىمى خاتىرجەملىكىدۇر. بۇ ھال لەززەتلەر بىلەن ئەمەس، شەھۋەتلەر بىلەنمۇ پەيدا بولمايدۇ، بەلكى پەقەت پۈتۈن ئالەمنىڭ پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى تېپىش بىلەن

ئەملگە ئاشىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئىسلام، ئىسلام دىنىغا كىرگەن خەلقلەرنىڭ ھاياتقا ۋە بۇ ھاياتتا قىلىدىغان ئەمەللەرگە بولغان قاراشلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى. نەرسىلەرنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ئۆزگەرتتى، بەزىلىرىنىڭ مەرتىۋىسىنى كۆتەرگەن بولسا باشقىلىرىنىڭكىنى چۈشۈردى. ئىلگىرى ھايات ئىنسانىنىڭ نەزىرىدە ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىدە، مەبدە ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغان بولسا، ئىسلام بۇ مەرتىۋىلەرنى ئۆزگەرتىپ، مەبدەئنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىگە كۆتەردى ۋە ھاياتنى بولسا ئۇنىڭدىن پەسكە قويدى. بۇ نىڭ بىلەن مۇسۇلمان ئۆز ھاياتىنى ئىسلام يولىغا تىكتى. چۈنكى، ئىسلام ھاياتتىن قارىغاندا باھاسى يۇقۇرى بولغان قىممەتتۇر. شۇنىڭدەك، ئىسلام يولىدا مەشەققەت ۋە قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈش ئەۋزەلراقتۇر. بۇنىڭ بىلەن ھاياتتىكى نەرسىلەر ھەممىسى ئۆز ئورنىغا قويۇلدى. نەتىجىدە ھايات ئۇلۇغۋار كۆرۈنۈش كەسىپ قىلدى. بۇ مۇسۇلمان بۇ ھاياتتا دائىمى خاتىرجەملىكنى ھېس قىلىشقا باشلىدى. ئىسلام پۈتۈن ئالەم ئۈچۈن ئۆزگەرمەس، يېگانە ئالىي مەقسەتنى بەلگىلەپ بەردى. بۇ ئالىي مەقسەت اللە تائالانىڭ رازىلىقىدۇر. ئىسلامغىچە خەلقلەرنىڭ ئالىي مەقسەتلىرى كۆپ ۋە تۈرلۈك ئىدى، ئەمدى ئۇلاردا بىرلا ۋە ئۆزگەرمەس ۋە ئالىي مەقسەت پەيدا بولدى. خەلقلەر ۋە ئۈممەتلەردىكى ئالىي مەقسەت ئۆزگىرىشى بىلەن ئۇلاردىكى نەرسىلەرنىڭ مەنالىرى ۋە پەزىلەت چۈشەنچىلىرىمۇ ئۆزگەردى. شەخسى شىجائەت ۋە قەھرىمانلىق، بىر-بىرىگە تەرەپكەشلىك ئاساسىدا ياردەم بېرىش، مال-دۇنيا، نەسلى-نەسەپ بىلەن پەخىرلىنىش، ئىسراپ دەرىجىسىدە ساخاۋەت كۆرسىتىش،



قەبىلە ياكى قەۋمگە خالىسلىق، ئۆچ ئېلىشتا ياغىرى تاشلىق ۋە ھاكازالار ئەسلى پەزىلەت سالىناتتى. ئىسلام كېلىپ، ئۇلارنى ئىسلاھ قىلدى. ئىسلام پايدىلىق ياكى ئابروي ئېتىبارىغا ئېرىشتۈرگىنى، ئۆرپ-ئادەت ۋە ئاتا-بوۋىلاردىن مىراس بولغان نەرسىلەر پەزىلەت ئەمەسلىكىنى، بەلكى اللە تائالانىڭ بۇيرىقىغا جاۋابەن ئىنسان سۈپەتلىنىدىغان سۈپەتلەر ئەسلى پەزىلەتلەر ئىكەنلىكىنى بايان قىلدى. ئىسلام اللەقا، ئۇنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرىغا بويسۇنۇشنى ۋاجىپ قىلدى.

شۇنداق قىلىپ ئىسلام ئۇنى قوبۇل قىلغان خەلقلەرنىڭ پىكرىنىمۇ، خاھىش-ئىستەكلىرىنىمۇ ئۆزگەرتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەخسىيەتلىرىدە، بارلىق، ئىنسان ۋە ھاياتقا قاراشلىرىدا ۋە ھاياتتىكى بارچە نەرسىلەرگە مۇناسىۋەتلىرىدە ئىسلامغا كىرمىگەن ۋاقىتتىكىدىن پۈتۈنلەي ئۆزگەردى. ھاياتنىڭ ئۆزىگە خاس ئۇلۇغۋارلىق ۋە كامالەت مەنىسى بارلىقىنى چۈشەندى. ئۇلار ئۈچۈن يېگانە ئالىي مەقسەت ـ اللەنىڭ رازىلىقى بولۇپ قالدى.

مەزكۇر تۆت ئامىل سەۋەپلىك ئىسلامى دۆلەتكە بويسۇنغان بارچە خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاۋۋالقى ھالەتلىرىدىن چىقىپ، دۇنيا قاراشلىرى ئۆزگەردى. مۇئامىلارنى مۇئالىجە قىلىش باشقىچە تۈس ئالدى. مەنپەئەتلىرى يېگانە ـ ئىسلام مەنپەئەتىگە ئايلاندى. غايىلىرى پەقەت اللەنىڭ كەلىمىسىنى ئالىي قىلىش بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ خەلقلەرنىڭ بارچىسى ئىسلام قازىنىدا قايناپ، بىرلا ئۈممەتكە ـ ئىسلام ئۈممىتىگە ئايلىنىشى مۇقەررەر ئىدى.

# ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىش سەۋەپلىرى

ئىسلامى دۆلەت ئىسلام مەبدىئىگە ئاساسلىنىدۇ. ئۇنىڭ قۇدرىتى مانا شۇ مەبدىئىدەدۇر. ئۇنىڭ باقىلىقى ۋە تەرەققىياتىمۇ پەقەت مانا شۇ مەبدەئ بىلەن بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلام مەبدەئى ئىسلامى دۆلەت مەۋجۇت بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ دۆلەت ئىسلامنىڭ قۇدرىتى بىلەن قۇدرەتلىك بولىدۇ. ئالاقە ۋاستىلىرى ئات ۋە تۆگە بولسىمۇ بىر ئەسىردىن ئاز مۇددەتتە ئالەمدىكى مەملىكەتلەرنىڭ كۆپىنچىسىنى پەتھى قىلدى. بۇ يەرلەردىكى خەلقلەر، بۇ ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئىسلامنى يېيىش قورالى تىل ۋە قەلەم بولۇشىغا قارىماستىن ئىسلامغا كىردى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مەيدانغا چىقارغان ئامىل دۆلەتكە مانا شۇنداق قۇدرەت ئاتا قىلغان نەرسە ئىسلام ئىدى. ئىسلام دۈشمەنلىرى بۇنى بىلەتتى. ئىسلام مۇسۇلمانلارنىڭ دىللىرىدا بولۇپ، ئۇنى چۈشىنىشىمۇ ۋە تەدبىق قىلىشىمۇ كۈچلۈك بولسىلا، ئىسلامى دۆلەتنى ئەسلا ئاجىزلاشتۇرالماسلىقىنى بىلەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ ئىسلامنى چۈشۈنۈشىنى ۋە تەدبىق قىلىشنى ئاجىزلاشتۇرىدىغان ۋاستىلەرنى تېپىشقا كىرىشتى.

ئىسلامنى ئاجىزلاشتۇرۇش ئۈچۈن قوللانغان ۋاستىلەر كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى ئىسلامنىڭ نۇسۇسلىرىغا، بەزىلىرى ئىسلام بايان قىلىنىدىغان تىلغا ۋە بەزىلىرى ھاياتى ۋاقىئەلەرگە ئالاقىدار ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتمىغان ھەدىسلەرنى توقۇپ، ئۇلارغا غەيرى ئىسلامى مەنالارنى



ۋە ئىسلامغا زىت چۈشەنچىلەرنى كىرگۈزۈپ، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىگە قوشۇۋېتىشقا ئۇرۇندى. ئۇلار مۇسۇلمانلار بۇ يالغان ھەدىسلەردىكى كۆرسەتمىلەرگە ئەمەل قىلىشىنى ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامدىن يىراقلىشىپ كېتىشىنى كۆزلىگەن ئىدى. ھەقىقەتەن، ئۇلار ناھايىتى كۆپ يالغان ھەدىسلەرنى توقىدى. بىراق مۇسۇلمانلار بۇ دىنسىزلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى سېزىپ قالدى ۋە ئۇلارنىڭ پىتنىلىرىگە زەربە بەردى. ئالىملار ۋە ھەدىس راۋىلىرى ھەدىسلەرنى جەملەپ، راۋىلارنىڭ تارىخلىرى ۋە سۈپەتلىرىنى يېزىش، سەھىھ، زەئىپ ۋە يالغان ھەدىسلەرنى بايان قىلىش ئۈچۈن بار كۈچىنى سەرپ قىلدى. نەتىجىدە ھەدىسلەر ساقلاپ قېلىندى ۋە ھەدىس رىۋايىتى پەقەت ساھابە، ئۇنىڭدىن تابىئىن، ئۇنىڭدىن تەبئۇتتابىئىنلارغا تەئەللۇق قىلىپ قويۇلدى. بۇلاردىن كېيىنكىلەرنىڭ رىۋايىتى قوبۇل قىلىنمايدىغان بولۇپ قالدى. راۋىلارنىڭ ھەر بىرى ئېنىق بولدى. ھەدىس كىتاپلىرىنىڭ تەبىقىلىرى بايان قىلىندى. نەتىجىدە مۇسۇلمان ئەگەر ھەدىس ئۈستىدە ئىزدەنسە، ئۇنىڭ سەنەدى ۋە مەتنىنى بىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ سەھىھ، زەئىپ ياكى يالغان ئىكەنلىكىنى بىلىشى مۇمكىن بولۇپ قالدى. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئىسلامى دۆلەت ئۇ دىنسىزلەرنىڭ يولىغا توسۇق قويدى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا يالغان ھەدىسلەر توقۇغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ پىتنىنىڭ ئىسلامغا ۋە ئىسلامى دۆلەتكە يېتەرلىك تەسىرى بولمىدى. دۈشمەنلەر ئەرەپ تىلىغا ئېتىبارلىرىنى قاراتتى. چۈنكى بۇ تىل ئىسلام بايان قىلىنىدىغان تىل ئىدى. ئۇلار بۇ تىلنى ئىسلامدىن ئاجرىتىۋېتىشكە ئۇرۇندى. ئاۋۋال

ئۇنىڭ مۇددىسىدىن چىقالمىدى. چۈنكى مۇسۇلمانلار پەتھى قىلىنغان يەرلەرگە كىتاپ، سۈننەت ۋە ئەرەپ تىلىنى ئېلىپ باراتتى. ئادەملەرگە قۇرئان ۋە ھەدىسنى ئۆگىتىش بىلەن بىرگە ئەرەپ تىلىدىنمۇ تەلىم بېرەتتى. ئادەملەر ئىسلامغا كىرىپ، ئەرەپ تىلىنى مۇكەممەل ئىگەللىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ئەبۇ ھەنىفىگە ئوخشاش مۇجتەھىد ئىماملار، بەششار ئىبنى بەرددەك ئۆتكۈر شائىرلار ۋە ئىبنى مۇقەپپادەك زەبەردەست كاتىپلار يېتىشىپ چىقتى. مۇسۇلمانلارنىڭ ئەرەپ تىلىنى ئۆگىنىشكە بولغان ئىنتىلىشى ناھايىتىمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئىمامى شافىئى قۇرئاننى تەرجىمە قىلىشقا ۋە نامازنى ئەرەپ تىلىدىن باشقا تىلدا ئوقۇشقا ئىجازەت بەرمىدى. ئەبۇ ھەنىفىگە ئوخشاش قۇرئاننى تەرجىمە قىلىشقا ئىجازەت بەرگەن ئۆلىمالار تەرجىمىنى قۇرئان دەپ ئاتىمايتتى. شۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، ئەرەپ تىلىغا بولغان ئېتىبار ناھايىتىمۇ كۈچلۈك ئىدى. چۈنكى ئەرەپ تىلى ئىسلامدىكى ئاساسى قىسىملەردىن ۋە ئىجتىھاد شەرتلىرىدىندۇر. ئىسلامنى ئۇنىڭ ئەسلى مەنبەلىرىدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلاردىن ئەھكاملار ئىستىنبات قىلىش پەقەت ئەرەپ تىلى ئارقىلىق بولىدۇ. لېكىن ھىجرىيە ئالتىنچى ئەسىردىن كېيىن ھاكىمىيەت تۈپىسىگە ئەرەپ تىلىنىڭ قىممىتىنى بىلمەيدىغانلار كېلىپ، بۇ ئېتىبار يوقالدى. نەتىجىدە ئۇنىڭ ئەھمىيىتىگە ئېتىبارسىزلىق بىلەن قارالدى. شۇنىڭ بىلەن ئىجتىھاد توختىدى ۋە بۇ تىلنى بىلمەيدىغانلار ئەھكاملارنى ئىستىنبات قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇنداق قىلىپ ئەرەپ تىلى ئىسلامدىن ئاجرىتىلدى، ئەھكاملارنى چۈشىنىشتە قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىش باشلاندى ۋە بۇنىڭ نەتىجىسىدە



www.uyghurkitap.com

ئەھكاملارنى تەدبىق قىلىشتىمۇ مۇشكىلاتلار كېلىپ چىقتى. بۇ ئەھۋال دۆلەتكە كاتتا تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنى كۈچسىزلاندۇرۇپ، مەيدانغا كېلىۋاتقان يېڭى ۋەزىيەتنى چۈشۈنۈشنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى. بۇ ھال دۆلەت ئالدىدا مۇئامىلە قىلىنمىغان مۇئامىلارنى كۆپەيتىۋەتتى ۋە ئاقىۋەتتە ئۇنىڭ كۈچسىزلىنىپ، يوقىلىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى.

بۇ ئېيتىلغانلار ئىسلام ئۇسۇسلىرى ۋە ئىسلامنى چۈشۈنۈشكە ياردەم بېرىدىغان تىل ھەققىدەدۇر. ئەمدى ئىسلامنىڭ ھايات ۋە ۋاقى-ھادىسىلەرگە ماس كېلىشىگە كەلسەك، بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپلا ھىند پەلسەپەسى ئوتتۇرىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇشقا ئۇرۇنۇشلار بولدى. دۇنيادىكى زاھىتلىق ۋە ئاخىرەت تەلىۋى ئۆزىنى دۇنيا تەلىۋىدىن مەھرۇم قىلىش ۋە جەسەدنى قىيناش دەپ چۈشەندۈرۈلدى. نەتىجىدە كۆپچىلىك ھايات گۈزەللىكلىرىدىن ۋە ھايات لەززەتلىرىگەشۇڭغۇشتىن ۋاز كەچتى. بۇ ھال ئۇلارنى ئىسلامى دۆلەت مەيدانىدا ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا بىرەر پايدىلىق ئىش قىلمايدىغان قىلىپ قويدى. ئاقىۋەتتە دۆلەت ئۇممەت پەرزەنتلىرىنىڭ جەسەدىنى ئازابلاش ھېسابىغا ئىسلامغا دەۋەت قىلىشى مۇمكىن بولغان زور كۈچتىن ئايرىلدى.

كېيىن غەربدىن مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتىغا دۇنيا قارىشى ئىسلامغا زىت ساقاپى ھۇجۇم باشلاندى. بۇ ساقاپەت مۇسۇلمانلارغا ئىسلام نىزامىغا زىت قانۇنلارنى كەلتۈرۈپ، بۇلار اللەنىڭ دىنىغا زىت ئەمەس دەپ ئۇقتۇرۇشقا باشلىدى. بۇ نەرسە مۇسۇلمانلارغا كاتتا تەسىر كۆرسەتتى ۋە ئۇلار ئۈستىدىن غەرب دۇنيا قارىشى ھۆكۈمران بولۇشقا ئېلىپ باردى. نەتىجىدە مۇسۇلمانلار ھايات

پەقەت مەنپەئەتتىن ئىبارەت دەپ بىلىدىغان بولۇپ قالدى، شۇنىڭدەك ئوسمانى دۆلەتتە غەربنىڭ بەزى قانۇنلىرىنى جارى قىلدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە جازىنىخولۇقنى تەۋىل قىلدى بانكىلارنى ئاچتى شەرئى ھەدلەرنى تەركى قىلىپ، شەرئى ھەدلەرنى تەرك قىلىپ غەربىي جازا-چارىلارنى قوللاندى. گەرچە دۆلەت بۇ ئىشلارنىڭ جائىزلىقىغا پەتىۋالار بىلەن يول تاپقان بولسىمۇ، بۇ ھال دۆلەتنى ئىسلام بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشتىن ئۇزاقلاشتۇرىۋاتقان كاتتا ئاپەت بولدى. بۇ ئۇزاقلىشىش ئۇنىڭدا ئىيمان ھارارىتىنى سۇسلاشتۇرۇپ، تالاش-تارتىش نەتىجىسىدە دۆلەت ھىدايەت يولىدىن چىقىپ كەتتى ۋە بۇ ھال ئۇنىڭ ئاجىزلىشىشى ۋە يىقىلىشىغا سەۋەب بولدى.

بۇنىڭدىن تاشقىرى ئىسلام تەدبىق جەھەتتىن يامان قوللىنىشقا ئېلىپ بارغان بىر ئەچچە ئامىللار مەيدانغا كەلدى. جۈملىدىن، پەقەت ئۆزلىرى ئىجرا قىلىنىشى كېرەك دەپ بىلگەن سىياسى ھىزبلار ئۆز پىكىرلىرىنى ئۆتكۈزۈشى ئۈچۈن ھەربىي كۈچنى ھاكىمىيەتكە يېتىشىش ۋاستىسىغا ئايلاندۇردى. ئۇممەتنى بۇنىڭ تەرىقىتى قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ ئابباسىلار پارس ۋە ئىراقنى قولغا ئالدى ۋە شۇ يەردىن ھەرىكەت قىلىپ، ھاكىمىيەت بەنى ھاشىمدا بولۇشى ئۈچۈن ھاكىمىيەتنى ئىگەللىدى. كېيىن پاتىمىلار مىسىرنى قولغا ئېلىپ، ئۇ يەردە ئۆز دۆلەتلىرىنى بەرپا قىلدى. بۇنىڭدىن مەقسەت دۆلەتتە ھاكىمىيەت شەرىئەتكە زىت ئىسمائىلىيە مەزھەبى پىكىرلىرى ئاساسىدا بولۇشى ئۈچۈن ئىسلامى دۆلەتنى قولغا كىرگۈزدى. سىياسى ھىزبلەر بىرىنچى قېتىم پەتىۋالەرنى توختىتىپ قويغان تەرتىپلىكسىزلىكنى پەيدا قىلدى ۋە دۆلەت ئىچكى ئىشلار بىلەن



مەشغۇل بولۇپ قالدى. ئىككىنچى قېتىم بولسا ئىككى دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇشۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ بولسا مۇسۇلمانلارنى ئىككى دۆلەتتە ياشايدىغان قىلىپ قويدى. ھالبۇكى مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلا دۆلىتى بولۇشى لازىم. نەتىجىدە بۇ ئىشلار دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇرۇشقا، ئۇنىڭ پەتىھى ۋە دەۋەتتىن توختاپ قېلىشىغا تەسىر كۆرسەتتى. بىراق سىياسى ھىزبلەرنى بۇ تەرىقەتنى قوللاشقا ئېلىپ بارغان ئامىل ئۇممەۋى خەلىپىلەر خەلىپە ئۈچۈن ئەھد، كېيىن ئۇنىڭغا بەيئەت ئېلىشقا تەرىقىتىگە ئەگەشكەنلىكىدىن بولدى. چۈنكى، بۇ ھال بەيئەتنى كۆتۈرۈپ، ھاكىمىيەتكە يېتىشتا ئۇنىڭغا تايىنىش ئۇمىدىنى پۈچەككە چىقاردى. مۇئاۋىيە ئىنىڭ ئوغلى يېزىدكە ئەھدى بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن بەيئەت ئالدى. كېيىن ھەر بىر خەلىپە ئۆزىدىن كېيىن قالىدىغان شەخس ئۈچۈن ئەھد بېرىدىغان، كېيىن ئادەملەر ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىدىغان بولدى. بۇ نەرسە مۇسۇلمانلارنى خەلىپىلىك ئەھدى بېرىلگەن شەخسكىلا بەيئەت بېرىشكە يۈزلەندۈردى. بەزى ھاللاردا مۇسۇلمانلار ئەھد بېرىلگەن شەخستىن باشقىسىغا بەيئەت قىلغان ئىدى. نەتىجىدە بۇ تەرىقەت سىياسى ھىزبلارنىڭ ھاكىمىيەتكە يېتىش تەرىقىتى سۈپىتىدە كۈچ ئىشلىتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئەھدى بېرىشمۇ خەلىپە تىكلەشنىڭ تەرىقىتى بولۇپ، ئۇنى ئەبۇ بەكرى ئۆمەرگە ئەھد بەرگەندە قوللانغان بولسىمۇ، بىراق ناتوغرا تەدبىق قىلىش ۋە يامان نەتىجىلەرگە ئېلىپ باردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھ ئەنھۇ ئۆزىدىن كېيىن كىم خەلىپە بولۇشى توغرىسىدا مۇسۇلمانلارنىڭ رەئيىنى ئالدى. مۇزاكىرىدىن كېيىن خەلىپىلىككە نامزاتلار ئۆمەر ۋە ئەلىلەر ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. كېيىن ئەھد ئۆمەر

ئۇچۇن بولدى ۋە ئۇ خەلىپىلىككە سايلاندى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا بەيئەت بېرىلدى. بۇ شەرتى ئىشتۇر. لېكىن ئۇزۇندىن كېيىنكىگە ئەھد بەرگەن خەلىپىلەر بۇ تەرىقەتنى ناتوغرا تەدبىق قىلدى. يەنى ئۇز ئوغۇللىرى، ئاكا-ئۇكىلىرى ياكى ئائىلىسىدىن بىرەر كىشىگە ئەھدى بەردى. بەزەن بىر نەچچە شەخسكە ئەھدى بەردى. بۇنداق ناتوغرا تەتبىق مۇسۇلمانلارنى ئۆزلىرى خالىغان كىشىگە بەيئەت بېرىشتىن مەھرۇم قىلىپ قويدى. نەتىجىدە بۇ ھال دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئېلىپ باردى.

دۆلەتتىكى ئىشلار پەقەت خەلىپىگە بەيئەت بېرىشنىڭ ئۆزى بىلەن چەكلىنىپ قالمىدى، بەلكى بۇ نەرسە ۋالىلارغىمۇ ئۆتتى. ئابباسى دۆلىتىنىڭ ئابدۇرراھمان داخىل (ئىبنى مۇئاۋىيە ئىبنى ھىشام 113-172ھ) ئەندىلۇستا ۋالىلىقنى قولغا ئېلىپ، دۆلەتتىن مۇستەقىل بولۇشتا ھېچنەرسە دېمىگەنلىكى، ئىسلامي دۆلەتنىڭ بىر قىسمىنى ئۇنىڭدىن ئاجرىتىپ قويدى ۋە ئۆزلىرىنى ئەمىرۇلمۇئمىنىن دەپ ئاتىغان ۋالىلار تەرىپىدىن ئالاھىدە باشقۇرۇلۇشقا ئېلىپ باردى. گەرچە ئەندىلۇس ئىسلامى دۆلەتنىڭ قىسمىدىن بۆلۈنۈپ كەتمىگەن، ئۇ يەردىكى مۇسۇلمانلار باشقا مۇسۇلمانلاردىن ئاجرىلىپ قالمىغان ۋە ئىسلامى ئۈممەتنىڭ بىر قىسمى بولسىمۇ، بىراق ئەندىلۇس (ئىسپانىيە) باشقۇرۇش ھەققىدە ئاجرالغان ئىدى. بۇ ھال ئاجىزلىققا يول ئاچتى ۋە ئۇنى كاپىرلارغا بېسىۋېلىشنى ئاسانلاشتۇردى. ھالبۇكى، بۇ پەيتتە ئىسلامى دۆلەت قۇدرەتلىك ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئېدىلىسنى كاپىرلارنىڭ تاجاۋۇزىدىن ھىمايە قىلالمىدى. بۇ مەغرىبتە بولغان ئىدى. ئەمما شەرقتە بولسا، دۆلەتنىڭ ۋالىلارغا ئۇمۇمى ۋالىلىق



قىلىشنى ۋە كەڭ سالاھىيەتنى بېرىپ ۋە ئۇنى ئۇلاردا ھۆكۈمرانلىق ھەيسىياتىنى قوزغاپ قويدى ۋە ھۆكۈمرانلىق تەمەسىنى ئۇرغۇتتى. نەتىجىدە ئۇلار ئىچكى باشقۇرۇشتا مۇستەقىل بولۇۋېلىشتى. خەلىپىمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرىغا رازىلىق بەردى. خەلىپە ئۇچۇن مۇنبەرلەردە دۇئا قىلىش، ئۇنىڭ نامى بىلەن پۇل چىقىرىش، ئۇنىڭغا خىراجلارنى ئەۋەتىپ تۇرۇش بىلەن چەكلىنىلدى. ۋىلايەتلەر ئۆزلىرىنىڭ بۇ ئىچكى مۇستەقىللىكىدە كىچىك دۆلەتلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. بۇ ھالنى سالجۇقىلار، ھەمەدانىلار ۋە باشقىلاردا كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئاجىزلىشىشىغا ئېلىپ بارىدىغان سەۋەبلەر بولدى. كېيىن ئوسمانىلار كېلىپ، خەلىپىلىكنى قولغا ئالدى، ئىسلامى يۇرتلارنىڭ ئەكسەر قىسمىنى سەلتەنىتىدە بىرلەشتۈردى ۋە دەۋەتنى ياۋروپاغا ئېلىپ چىقتى، پەتھىلەرنى يەنە باشلىۋەتتى. لېكىن بۇ ئىشلار ئىسلامنى توغرا چۈشۈنۈش ۋە تولۇق تەدبىق قىلىشقا ئاساسلانماي، بەلكى دەسلەپكى ئوسمانى خەلىپىلەرنىڭ ئىمان كۈچىگە ۋە قوشۇن قۇدرىتىگە ئاساسلانغان ئىدى. شۇنىڭ ئۇچۇن بۇ پەتھىلەر ئىسلامى دۆلەتنىڭ بىرىنچى پەتھىلىرى بەرگەن نەتىجىنى بەرمىدى. ئاقىۋەتتە ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەستىن بۇ دۆلەتمۇ ئاجىزلىشىپ، يىقىلدى ۋە ئىسلامى دۆلەت يوق بولدى. ئۇنىڭ يوقىتىلىشىغا ناھايىتى كۆپ ئامىللار ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرى ئىشلەتكەن ھىيلە-نەيرەڭلەر سەۋەپ بولدى. دۆلەتنىڭ يوقىتىلىشىغا تۆۋەندىكى ئىككى ئامىل سەۋەپ بولدى:

1. ئىسلامنى چۈشۈنۈشتىكى ئاجىزلىق.
2. ئۇنى ناتوغرا تەدبىق قىلىش.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام دۆلىتىنى يەنە قايتۇرىدىغان نەرسە ئىسلامنى توغرا چۈشەندۈرۈشتۇر. دۆلەتنىڭ قۇدرىتىنى ئاشۇرىدىغان ئامىل ئىسلامنى توغرا تەدبىق قىلىش ۋە دەۋەتنى ئاشقىرىغا ئېلىپ چىقىشتۇر.

## ئىسلامى دۆلەتنىڭ مۇنقەرىز بولىشى

ئىسلامى دۆلەتتە پىكرى ئاجىزلىق ھىجرىيە يەتتىنچى ئەسىردىن، بەزى ئالىملار ئىجتىھاد ئىشىكىنى يېپىشقا چاقىرغان ۋاقىتتىن باشلاندى. بۇ نەرسە دۆلەتنى ئاجىزلاشتۇرغۇچى بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن مۇجتەھىدلار چىققان بولسىمۇ، لېكىن پىكرى ئاجىزلىق كۈچىيىۋەردى ۋە دۆلەتنىڭ تەركىبىگە تەسىر كۆرسىتىپ، پارچىلىنىشا ئېلىپ باردى. سىلىب ئۇرۇشى باشلانغاندا دۆلەت ئۇلارغا قارشى تۇرالايدىغان ھالەتتە ئەمەس ئىدى. دۆلەت تەقرىبەن ئىككى ئەسىر داۋام [illegible] ئۇرۇش گىرداۋىدىن چىقالمىدى. بېشىدا سىلىبچىلارنىڭ قو[illegible] [illegible]لەن كەلدى. نەتىجىدە ئۇلار ئىسلام يۇرتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بېسىۋالدى. كېيىن ئىسلامى دۆلەت ئۇلارنىڭ قولىدىن بۇ يۇرتلارنى ئازات قىلدى. ھاكىمىيەت مالايلار قولىغا ئۆتتى. ئۇلار ئەرەپ تىلىنىڭ ئەھمىيىتىگە، پىكرى ۋە قانۇنچىلىق جەھەتلىرىگە ئېتىبارسىزلىق بىلەن قارىدى. نەتىجىدە ئىجتىھاد ئىشىكى ئېتىلدى ۋە ئىسلامنى چۈشۈنۈش ئاجىزلاشتى. ئالىملار تەقلىدنى ۋاجىب قىلدى. بۇ ئىشلار ئاقىۋىتىدە دۆلەتنىڭ ۋۇجۇدىدا ئاجىزلىق كۈچەيدى. كېيىن مۇڭغۇللار-تاتارلار ھۇجۇمى دەرت



ئۈستىگە چىققان بولدى ۋە دۆلەتنى تېخىمۇ ئاجىزلاشتۇردى. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا تەسىر كۆرسەتتى، تاشقى ئىشلىرىغا بولسا تەسىر قىلالمىدى. ئۇنىڭ خەلقارادىكى ئورنىنى ئاجىزلاشتۇرالمىدى. ئىسلامى دۆلەت قۇدرەتلىك ۋە باشقىلارنى قورقۇنچىغا سالىدىغان ھالدا قېلىۋەردى. ئالەمنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىسلامى دۆلەت ئىگەللەپ تۇردى. ئوسمانىيلار دۆلىتى ھىجرىيە 9-ئەسىر مىلادىيە 15-ئەسىرگە كېلىپ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ كۆپ قىسمىنى باشقۇرۇشقا باشلىدى ۋە ھىجرىيە 10-ئەسىر مىلادىيە 16-ئەسىردە ئەرەپ يۇرتلىرىنىمۇ ئۆز سەلتەنىتىگە بىرلەشتۈردى. ئۇنىڭ قۇدرىتى ئاشتى. سەلتەنەتنى قۇدرەتلىك قىلىش ۋە قوشۇننى تەرتىپكە سېلىشقا زور ئەھمىيەت بەردى. پەتھىلەر بىلەن مەشغۇل بولدى. ئوسمانىلارمۇ ئەرەپ تىلىنىڭ ئىسلامنى چۈشۈنۈش ئۈچۈن زۆرۈر ئامىل ئىكەنلىكىگە ھەمدە ئىجتىھادنىڭ ئاساسى بولىشىغا قارىماستىن، ئۇنىڭغا ئەھمىيەت بەرمىدى. ئىسلامغا پىكىر ۋە قانۇنچىلىق جەھەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىلمىدى. بىراق بۇ ئاجىزلىقنى ئىسلامى دۆلەت ئاشۇ ۋاقىتتا چۈشەنمىدى. چۈنكى بۇ ۋاقىتتا ئۇ شان-شۆھرەت ۋە بۈيۈكلۈق ئۈستىدە، ھەربىي جەھەتتىن ئەڭ قۇدرەتلىك ھالەتتە ئىدى ھەمدە ئۇ ئۆزىدىكى مەۋجۇد پىكىر، قانۇن ۋە دۇنيا قاراشلىرىنى ياۋروپانىڭ پىكىر، قانۇن ۋە دۇنيا قاراشلىرى بىلەن سېلىشتۇراتتى، ئۆزىنى پىكىر، قانۇن ۋە دۇنيا قاراش جەھەتتىن ياۋروپادىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى كۆرەتتى ۋە بۇنىڭدىن مەغرۇرلۇنۇپ، ئۆزىدىكى ئاجىزلىقتا رازى ئىدى. چۈنكى ياۋروپا بۇ ۋاقىتتا جاھالەت ۋە باش-باشتاقلىق زۇلمەتلىرى

ۋە بىقارارلىق ئىسكەنجىسىدە قالغان، ئويغىنىش ئۈچۈن قىلغان بارلىق ئىشىدا مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمانى دۆلەت ئۆز ھالىتىنى ياۋروپاغا سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قارىغاندا ياخشى ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى، نىزامى توغرىلىقىنى ۋە يۈكسەك دۇنيا قاراشقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلاتتى. ئىچكى ئەھۋالى ۋە ئىچكى ئاجىزلىقىنى، پىكرى ۋە قانۇنچىلىقىنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى، ئۇممەتنىڭ پارچىلىنىپ كېتىشىنى ھېس قىلمايتتى. بۇ ھالنى كۆرۈشتىن ئۇنىڭ ياۋروپا ئۈستىدىن غەلىبىلىرى، بالقاننى ۋە ياۋروپانىڭ جەنۇبى شەرقى قىسمىنى بېسىۋالغانلىقى كۆزىنى توسۇپ قويغان ئىدى. ھەقىقەتەن، بۇ غەلىبىلەر ياۋروپادىكى بارچە دۆلەتلەرنى ئوسمانى خەلىپىلىكتىن قورقۇنچىغا سالدى. پۈتۈن ئالەم ئىسلامى قوشۇن مەغلۇپ بولمايدۇ ۋە ھېچكىم مۇسۇلمانلارغا قارشى تۇرالمايدۇ دېگەن پىكىرگە كەلگەن ئىدى.

كېيىن «شەرقى مەسىلە» پەيدا بولۇپ قالدى. ئاشۇ پەيتتە بۇنىڭ مەنىسى ـ 9.ئەسىر (مىلادى 15.ئىسر)دە مۇھەممەد پاتىھ ۋە ئۇنىڭ كەينىدىن كەلگەن سۇلتانلار يېتەكچىلىكىدىكى ئوسمانلارنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشنى چۈشەندۈرەتتى. بۇ ھۇجۇم ھىجرىيە 9. ئەسىر ئاخىرلىرىغىچە سۇلايمان قانۇنى يېتەكچىلىكىدە داۋام قىلدى ۋە تا 11. ئەسىر 17. ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىسىغىچە ھۆكۈم سۈردى. ئىسلامى دۆلەتتىكى داۋاملىق كۈچى مانا شۇ مۇددەتتە ئۇنىڭغا ئاشۇ قۇدرەتنى بېرىپ تۇرغان كۈچلۈك ئامىل بولدى. ھەقىقەتەن، مۇسۇلمانلاردىكى ئەقىدە كۈچى، ئۇلارنىڭ زېھنىلىرىدە تېنىق بولمىسىمۇ، ھايات ھەقىقىدىكى مۇئەييەن چۈشەنچىلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە يامان



تەدبىق قىلىنىشىمۇ، ھاياتتا ئىسلام نىزامىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى دۆلەتنى تۇتۇپ تۇردى ۋە ئۇنىڭغا كۈچ ئاتا قىلدى. [illegible] ئۇنىڭغا ياۋروپادىكى پىكرى ۋە قانۇنى جەھەتتىن بىقارار [illegible] ياردەم بەردى. دۆلەت ئىسلامنى توغرا چۈشۈنۈشكە ھەرىكەت قىلىشى، ئەرەپ تىلىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئىجتىھادنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىشى ھەمدە پىكرى ۋە قانۇنچىلىق جەھەتلىرىگە ئېتىبارنى كۈچەيتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. شۇنداق قىلغاندا بۇ دۆلەت مۇستەھكەملىنەتتى. يەر يۈزىگە ھۆكمىنى ئۆتكۈزەتتى، ئىسلام ياردىمىدە ئالەمنىڭ باشقا جايلىرىنى پەتھى قىلاتتى. بۇنىڭ بىلەن ھەم ئۆزىنى مۇستەھكەملىگەن، ھەم ئالەم تەبىئىتىنى ئىسلامى دۇنيا قاراشقا ئۆزگەرتكەن، ھەم ئىنسانىيەتنى بۇزۇقلۇق ۋە يامانلىقلاردىن خالاس قىلغان بولاتتى. لېكىن بۇلارنىڭ بىرەرسىمۇ يۈز بەرمىدى. ئەرەپ تىلىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەش پەقەت ئەرەپلەرگە بەزى تەلىمى ۋە ئىلمى مەنسەپلەر بېرىشتە نامايەن بولدى. بۇ نەرسە بولسا ئەرەپ تىلىنى كۈچەيتىشكىمۇ، پىكىرنى ئويغىتىشقىمۇ تەسىر قىلمىدى. چۈنكى بۇ نەرسە ئەرەپ تىلىنى دۆلەت قىلىشقا خىزمەت قىلمىدى. ئەسلىدە ئىسلامى دۆلەتتە ئەرەپ تىلى دۆلەت تىلى بولۇش زۆرۈر ئىدى. شۇنىڭدەك، پىكرى ۋە پىقھى جەھەتلەرگە نىسبەتەنمۇ بىرەر نەرسە قىلىنمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئاجىز ۋە خاتا ھەرىكەتنىڭ تەسىر كۈچى تۈگۈتۈلمىدى. ئەھۋال ئۆزىنىڭ ئەگرى يولىدا يۈرۈشتە داۋام قىلىۋەردى. ھىجرىيە 12.ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى (مىلادىيە 10. ئەسىر)گە كېلىپ ھالەت ئۆزگەردى ۋە ئىچكى ئاجىزلىق كۆرۈنۈپ قالدى. چۈنكى دۆلەت يامان تەدبىق قىلىنىۋاتقان ئىسلامى نىزامنىڭ قالدۇقلىرى ئۈستىگە، بەزىلىرى

ئىسلامى ۋە بەزىلىرى باشقا پىكىرلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىدى. ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۇمۇمەن ئالغان ئىسلام نىزامىدىن يىراق ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبى ئىسلامى پىكىرلەرنى خاتا چۈشىنىش ئىجتىھاد ۋە مۇجتەھىدلەر يوقلىقى ئۇچۇن ئىسلام نىزامىنىڭ يامان تەدبىقى ئىدى.

ھىجرىيە 13. ئەسىر مىلادىيە 19. ئەسىر كەلدى. ئىسلامى دۆلەت بىلەن غەيرى ئىسلامى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مىزان ئۆزگەردى. ئىسلامى ئالەم پەللىسى يەڭگىللىشىپ، ياۋروپا دۆلەتلىرى پەللىسى ئېغىرلىشىشقا باشلىدى. ياۋروپادا ئويغىنىش باشلاندى. مۇسۇلمانلار ئۈستىدە بولسا پىكرى قەتئىي قالغانلىقىنىڭ ھەمدە ئىسلامنى ناتوغرا تەدبىق قىلىشىنىڭ ئاقىۋەتلىرى نامايەن بولدى. 19. ئەسىر پەيلاسوپلىرى، يازغۇچى ۋە مۇپەككۇرلار سەرپ قىلغان زور ئەمگەكلىرى سەۋەبىدىن ياۋروپا پىكرىدە پەيدا بولغان بۈيۈك ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرگەنلىكىنىڭ شاھىدى بولدى. ھاياتى قاراشلاردا رەئىيلەرنى پەيدا قىلىشتا ئۆز تەسىرىگە ئىگە تۈرلۈك ھەرىكەتلەر مەيدانغا كەلدى. ھاياتتا بارچە قانۇنلارنى ئۆزگەرتىش ئەمەلگە ئاشقان ئىشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى بولدى. ياۋروپادا مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ كۆلەڭگۈسى ئاستا-ئاستا يوقالدى. ئۇنىڭ ئورنىنى پارلامېنت باشقۇرۇش ۋە خەلق ھۆكۈمرانلىقىغا ئاساسلانغان يېڭى باشقۇرۇش قانۇنلىرى ئىگەللىدى. بۇ ھالەتنىڭ ھەمدە شۇ ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ياۋروپادا ئويغىنىشنى تىزلەشتۈرۈشتە ناھايىتى چوڭ تەسىرى بولدى. تۈرلۈك كەشپىياتلار يۈز بەردى. بۇ ئىشلارنىڭ بارچىسى ئۇمۇمەن ئالغاندا ياۋروپانىڭ قۇدرەتلىك بولىشىدا ۋە پىكرى ۋە ماددى



راۋاجلىنىشىدا زور تەسىر كۆرسەتتى. ئۇشبۇ ماددى قۇدرەت ۋە ئىلمى تەرەققىيات نەتىجىسىدە، خەلقئارا مەيداندا ياۋروپا ئالەمى ئىسلام ئالەمىدىن كۆپ ئۈستۈن تۇرۇپ قالدى ۋە «شەرقى مەسىلە» چۈشەنچىسى ئۆزگىرىپ، ئۇ ياۋروپانىڭ ئىسلامى خەتەرلەردىن ھىمايىلىنىش مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ئىسلامى دۆلەتنى پارچىلاش مەسىلىسى بولۇپ قالدى. شەرقى مەسىلە چۈشەنچىسىدىكى ئۇشبۇ ئۆزگىرىش، ياۋروپانىڭ پىكرى يۈكسىلىشى، ئىلمى تەرەققىياتى ۋە سانائەت ئىنقىلابى ھەمدە، ئوسمانلىلار دۆلىتىنىڭ ئاجىز ۋە تارقاقلىقى - بۇلارنىڭ بارچىسى ئىسلامى دۆلەت بىلەن كۇفرى دۆلەتلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۇشبۇ سىياسى ئىنقىلابىنىڭ پەيدا بولىشىغا ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، ياۋروپالىقلارنىڭ پەللىسى ئېغىرلاشتى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ پەللىسى يېنىكلا بولۇپ قالدى.

ياۋروپانىڭ ھالىتىدە بۇ سىياسى ئىنقىلابنىڭ ئاساسى سەۋەبى ئۇ يەردىكى مۇپەككۇرلارنىڭ ھايات ئۇچۇن بىر نىزام تېپىشقا بولغان ھەرىكەتلىرى ئىدى. ھەقىقەتەن، ياۋروپالىقلارنىڭ ھايات ھەققىدىكى مۇئەييەن نۇقتىئىنەزەرنى قوبۇل قىلىشى، مۇئەييەن ئەقىدىگە ئېتىقاد قىلىشى ۋە ھايات نىزامىنى شۇ ئەقىدە ئاساسىغا قۇرۇشى ئۇلاردا نەرسىلەر ھەققىدىكى چۈشەنچىلەرنى ۋە قىممەتلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىۋەتتى. بۇ نەرسە ھاياتتا ئۇمۇمى ئۆزگىرىشكە ئېلىپ باردى ھەمدە بۈيۈك سانائەت ئىنقىلابىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشىگە ياردەم بەردى. ئىسلام ئالەمىدە ياكى ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلىۋاتقان ئوسمانلىلار دۆلىتىدە ھالەت بۇنىڭ ئەكسىچە ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. بۇ دۆلەت ئۆزىنىڭ ئەھۋالىغا توغرا باھا

بېرىش، ئۆز مەبدىئى ھەققىدە چوڭقۇر ئويلاپ كۆرۈش، پىكىرلەرنى قوزغىتىش، ئىجتىھادنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە ئورۇنۇش، ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىققان ھۆكۈملەر ئاساسىدا مۇئامىلارنى مۇئالىجە قىلىش ھەمدە ئالەمگە ۋە سانائەتكە يۈزلىنىش ئورنىغا ياۋرۇپادىكى ئۆزگىرىشلەردىن ھەيران ۋە ئىزتىراپقا چۈشۈپ، ئاجىز بولۇپ قالدى. نەتىجىدە ئوسمانىلار دۆلىتى ئىلمى ۋە سانائى جەھەتلەردىن ئارقىدا قېلىپ قالدى. بۇ ھال ئۇنىڭ ماددى تەرەققىيات بارىسىدا قالاقلىشىشىغا سەۋەپ بولدى. بۇنىڭ سىرى شۇنىڭدا ئىدىكى، ئوسمانى دۆلەت ئىسلامى دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ ھۆكمى ئاستىدىكى خەلقلەر مۇسۇلمانلاردۇر. دۆلەتنىڭ ئەقىدىسى ۋە نىزامى ئىسلام، ئىسلام پىكىرلىرى دۆلەتنىڭمۇ پىكىرلىرى، ئىسلامنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئۇقتىشىنەزەرى دۆلەتنىڭمۇ ئۇقتىشىنەزەرىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامى دۆلەت ياۋرۇپادا پەيدا بولغان يېڭى پىكىرلەرگە ئېتىبارنى قارىتىپ، ئۇلارنى ئۆزىدىكى مەۋجۇت پىكرى ئاساسقا ئۆلچەپ، يېڭى مۇئامىلارغا توغرا ئىجتىھاد بىلەن ئىسلامى ئۇقتىشىنەزەرگە ئۆز باھاسىنى بېرىشى ۋە ئۇلار ھەققىدە توغرا ياكى ناتوغرا، دەپ ئۈزۈل-كېسىل قەتئى ھۆكۈم چىقىرىش كېرەك ئىدى. لېكىن ئىسلامى دۆلەت بۇنداق قىلمىدى. چۈنكى ئوسمانىلار دۆلىتىدە ئىسلامى پىكىرلەر ئوچۇق-ئايدىڭ ئەمەس، شۇنىڭدەك ئۇلاردا ئېنىق چۈشەنچە يوق ئىدى. ئىسلامى ئەقىدە بارلىق پىكىرلەر قۇرۇلىدىغان پىكرى ئۇل ئەمەس، بەلكى تەقلىدى ئەقىدە بولۇپ قالغان ئىدى. شۇنىڭغا قارىغاندا دۆلەت بەرپا بولىدىغان ئاساس، يەنى ئەقىدە ۋە پىكىرلەر ئوسمانى دۆلىتىدە ئوچۇق-ئايدىڭ ئەمەس، ئىجتىھاد يوقلىقى سەۋەبىدىن



نىزام قېتىپ قالغان. ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر مەجمۇئەسى بولغان دۇنيا قاراش ئېنىق ئەمەس ۋە دۆلەتنىڭ ئىشلىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانمىغان ئىدى. بۇ نەرسە پىكرى قالاقلىقنى ۋە ئويغىنىش مەيدانىغا كەلمەسلىككە سەۋەپ بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ياۋرۇپادىكى پىكرى ۋە سانائى ئىنقىلاب ئالدىدا ئاجىز قالدى. ئۇنى ئېلىش ياكى ئالماسلىق ھەققىدە قەتئى قارارغا كېلىشەلمىدى. ئۇلار ئىلىم، سانائەت ۋە ئىختىرالارغا ئوخشاش ئېلىنىشى جائىز بولغان نەرسىلەر بىلەن ھاياتنىڭ ئۇقتىشىنەزەرىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان پەلسەپە ۋە ھايات ھەققىدىكى دۇنيا قاراشقا ئوخشاش ئېلىنىشى مۇتلەق كېرەكسىز نەرسىلەر پەرقىنى ئاجرىتالمىدى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلار بىر جايدا قېتىپ قالدى. بۇ پائالىيەتسىزلىك ياۋرۇپا كارۋىنى يۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر پەيتتە مۇسۇلمانلارنىڭ كارۋىنى توختاپ قېلىشقا سەۋەپ بولدى.

ھەئە، ھەقىقەتەن، ئىسلام ئوسمانىلارغا ئېنىق ئەمەس بولۇپ، ئۇنى توغرا چۈشىنەلمىدى. دەل ئاشۇ ئېنىق ئەمەسلىك ئۇممەتنىمۇ، دۆلەتنىمۇ - ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى مۇئەييەن بىر نىزامنى مەھكەم تۇتۇپ، شۇ ئاساستا ياشاۋاتقان بىر پەيتتە - ئۆزىدىكى نىزامغا ئېتىبار بەرمەستىن، توغرا كەلگىنىچە ياشايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ياۋرۇپا مۇئەييەن مەبدەئ (بۇ مەبدەئنىڭ ئەقىدىسى ۋە پەلسەپىسى قانداق بولۇشىدىن قەتئىنەزەر) ئىگىسى بولۇپ قالدى. ئىسلامى ئۇممەت بولسا توغرا مەبدەئگە ئىگە بولاپ تۇرۇپ، خىيالىغا ئەگىشىپ ياشايتتى. چۈنكى ئىسلامى ئۇممەت بۇ مەبدەئ ناتوغرا تەدبىق قىلىنىۋاتقان بىر ۋەزىيەتتە ياشايتتى. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام «مەن سىلەرگە اللەنىڭ كىتابى ۋە مېنىڭ سۈننىتىمنى ئالدۇردۇم، ئەگەر



www.uyghurkitap.com

ئۇلارنى مەھكەم تۇتساڭلار ئەسلا ئاداشمايسىلەر» ، دىگەنلىكىگە ،
دۆلەتمۇ، ئۈممەتمۇ ئىسلامى ئىكەنلىكىگە ھەممە پىكرى ۋە پىقھى
بايلىقلار قولىدا بولسىمۇ، دۆلەت «ئىسلام - ئەقىدە ۋە نىزام»
، دىگەن ئاساستا ئىسلامنىڭ ئەسلىگە قايتىش ئۈچۈن مەزكۇر
ھەدىسنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدى. ھېچبىر ئۈممەتتە بولمىغان
ئۇشبۇ بايلىقتىن پايدىلانمىدى.

ھەئە، ئىسلامى ئۈممەت بۇنىڭدىن پايدىلانمىدى. چۈنكى
ئىجتىھاد ۋە پىكرى پائالىيەت توختاپ قېلىپ، مۇسۇلمانلاردا
ئىسلامى چۈشەنچىلەر ئاجىزلاشتى، ئىسلامى بىلىملەر تەرەققى
قىلمىدى. كىتابلار ۋە ئىلمى بايلىقلار خەزىنىلەردە،
كىتابخانىلاردا چاڭ بېسىپ يېتىۋەردى. مۇپەككۇر ئالىملارمۇ
ناھايىتى ئاز ئىدى. ھەقىقەت ئۇستىدە ئىزدىنىشكە بولغان
قىزىقىش سۇسلاشتى. بىلىملەر دۆلەتتە ۋە ھايات مەيدانىدا ئۇلارغا
ئەمەل قىلىش ئۈچۈن ئېلىنماستىن (چۈنكى دۆلەت بۇنى
قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەيتتى) ، بەلكى ئالىملار ئىلىم ۋە ساقاپەتنى
ئەقلى مۇنازىرە، ئۈچۈن پايدىلاندى. بۇنى ئۇلار ئىلىم ئۈچۈن ئىلىم
ئېلىش دەپ ئاتىشاتتى. شۇنىڭدەك، ئىلىمنى دۇنيا تېپىش
ئۈچۈنمۇ ئالىدىغان بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە دۆلەت ۋە ئۈممەتكە
نەپ يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئىلىم ئالىدىغانلار بولسا ناھايىتى ئاز
ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئىلمى ۋە ساقاپى پاكىتى تەشرىئى
(قانۇنچىلىق ھەققىدە) بىرەر ھەرىكەت مەيدانغا كەلمىدى. بۇنىڭ
ئاقىۋىتىدە ئىسلامنى چۈشىنىش ئىزىدىن چىقتى. مۇسۇلمانلار
ئىسلامنى پىكرى، سىياسىي ۋە تەشرىئى دىن دەپ چۈشىنىشتىن
كۆپراق روھى دىن دەپ چۈشىنىدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى
ئۇلارغا ئىسلامنىڭ ئەسلى پىكرىتى ۋە بۇ پىكرەتنى ئىجرا قىلىش



تەرەققىي ئېنىق ئەمەس ئىدى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئۇلار كىتاب
ۋە سۈننەتنى ئېنىق ئەمەس چۈشۈنۈشكە باشلىدى. ئىسلامغا
ئەقىدە ھەممە ھاياتنىڭ بارچە ئىشلىرىغا نىزام دەپ قاراش ئورنىغا
ئۇنى باشقا دىنلارغا سېلىشتۇرۇپ، مانا شۇ ئاساستا ئىسلامدىكى
ئۇستۇنلۇكلەرنى كۆرسىتىدىغان بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوسمانى
دۆلەت رەھبەرلىكى ياۋروپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىقتىسادى
تەرەققىياتتىن، تۈرلۈك كەشپىياتلاردىن، سانائەت
راۋاجلىنىشىدىن تەسىرلەنمەستىن قالاق ھالەتتە قېلىپ
كەتكەنلىكىگە ئەجەبلەنمىسىمۇ بولاتتى. تەسىرلىنىش ناھايىتى
جۈزئى بولدى. ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمىدى ۋە ئىسلامى
دۆلەت ئۈچۈن ماددى راۋاجلىنىش يوللىرىنى ئاچمىدى. ھەتتا
ئۇنى چۈشكۈنلۈك ۋە ئاجىزلىق پاتقىقىغا تارتىپ كېتىۋاتقان
قالاقلىق ئارىسىنى توختىتىپ قېلىشقىمۇ ياردەم بەرمىدى. بۇنىڭ
ئەسلى سەۋەبى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىلىم ۋە ساقاپەت بىلەن ھازارەت
ۋە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىنى ئاجرىتالمىغانلىقىدۇر. شۇنىڭ
ئۈچۈن بۇلاردىن قايسى بىرىنى تاللىشنى بىلەلمەي گاڭگىراپ
قالدى. كۆپچىلىك مۇسۇلمانلار، بۇ نەرسىلەرنىڭ بارچىسى
ئىسلامغا زىت دېيىشتى ۋە شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنى ھارامغا
چىقاردى. ھەتتا باسماخانىلار پەيدا بولۇپ، قۇرئان كەرىمنى
بېسىپ چىقىرىشقا قارار قىلغاندا پۇقەھالار بۇ ئىشنىڭ
ھاراملىقىغا بىر لىككە كەلدى. پۇقەھالارھەم ھەرقانداق يېڭىلىق
ھارام دەپ پەتىۋا چىقاردى. تەبىئى ئىلىملەرنى ئۆگەنگۈچىلەرنى
بولسا كاپىر دىدى ھەممە بارچە مۇپەككۇرلارنى خۇداسىز دەپ
ئېيىپلاشتى. پەقەت ئازچىلىق بىر جامائەت بار ئىدىكى، ئۇلار
غەربتىن ھەممە نەرسىنى - ئىلىم، ھازارەت ۋە مەدەنىيەتنىمۇ

ئېلىشنى زۆرۈر دەپ بىلەتتى. بۇلار ياۋرۇپادا ياكى ئىسلامى يۇرتلارغا كىرىپ كەلگەن مىسسىئونېرلىق مەكتەپلىرىدە تەلىم ئالغان ئىدى. ئاۋۋال ئۇلارنىڭ ھېچبىر تەسىرى بولمىدى. ئامما ئىسلام بىلەن غەربتىكى ئىلىم، ساقاپەت، ھەزارەت ۋە مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرۇش پىكرىدە ئىدى. ھەقىقەتەن، ئوسمانى دۆلەتنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە «غەرب ئۆز ھەزارىتىنى ئىسلامدىن ئالغان» ھەمدە «ئىسلام ئۆزىگە مۇۋاپىق بولغان نەرسىنى ئېلىشتىن ۋە ئۆزىگە زىت بولمىغان نەرسىگە ئەمەل قىلىشتىن توسمىدى»، دېگەن مەزمۇندىكى پىكىر ھۆكۈمران ئىدى. غەرب بۇ پىكىرنى تارقىتىشتا چوڭ نەتىجىگە ئېرىشتى. ھەتتا بۇ پىكىر ھۆكۈمران پىكىرگە ئايلاندى ۋە ئۇنى ئامما، خۇسۇسەن ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر ۋە يۇقىرى ئالىملار كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇلارنى زامانىمىز ئالىملىرى ۋە ئىسلاھاتچىلار دەپ ئاتىشاتتى. غەرب ھەزارىتى بىلەن ئىسلام ھازارىتى ئوتتۇرىسىدا ھەقىقى زىددىيەت بارلىقى ئۈچۈن ھەمدە غەرب ساقاپىتى ۋە ئۇنىڭ ھايات ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزىرىگە تەئەللۇق مەنالار بىلەن ئىسلام ساقاپىتى ۋە ئۇنىڭ تەرىقىتىگە تەئەللۇق مەنالار ئوتتۇرىسىدا ئوچۇق قارمۇ-قارشىلىق بارلىقى ئۈچۈن ئىسلام بىلەن غەرب پىكرى ئوتتۇرىسىنى مۇۋاپىقلاشتۇرغىلى بولمىدى. بۇ ھال ئۇلارنى ئىسلامدىن يىراقلىشىشقا ھەمدە بىلە-بىلمەستىن غەرب پىكىرلىرىگە يېقىنلىشىشقا ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ئۇلار بىر تەرەپكە غەرب پىكىرلىرىنى چۈشۈنۈشتىن ئاجىز قالسا، ئىككىنچى تەرەپتىن ئىسلامدىنمۇ يىراقلىشىپ كەتتى. بۇنىڭ ئىلىم، سانائەت ۋە كەشپىياتلارغا ئەھمىيەت بەرمەسلىكتە ھەمدە ئىسلامنى ناتوغرا چۈشۈنۈشتە چوڭ تەسىرى بولدى ۋە ئۈممەتنىڭ



پىكىرلىرىنى پەلەپىتىش مەجمۇئەگە ئايلاندۇردى. ... دۆلەتنى بولسا مۇئەييەن بىر پىكىردە قەتئى توختامىغا كېلەلمەيدىغان ھالدىكە سېلىپ قويدى. شۇنىڭدەك، ئۈممەتنى ئىلىم، سانائەت ۋە ئىختىرالاردا نامايەن بولغان ماددى تەرەققىيات سەۋەبلىرىنى ... ئۆتۈشتىن يۈز ئۆرۈشكە ئېلىپ باردى. نەتىجىدە ئىسلامى دۆلەت ئاجىزلىشىپ، ئۆزىنى ھىمايە قىلىشتىن ئاجىز بولۇپ قالدى. بۇ ئاجىزلىق ئوپېيلىدىن دۈشمەنلەر ئىسلامى دۆلەتنى بىر ياقىدىن تەقسىملەپ ئېلىشقا باشلىدى. ئىسلامى دۆلەت بولسا بۇنىڭغا قارشى ھېچنەرسە قىلالماستىن ئاجىز بولۇپ قېلىۋەردى. مىسسىئونېرلىق ھۇجۇمى ئىلىم نامى بىلەن ئۈممەت سەپلىرىنى بۇزۇپ، ئىسلامى ئۆلكىلەردە پىتنە ئوتىنى يېقىپ، ئۈممەتنىڭ ئىچىگە سىڭىشكە باشلىدى. ئىسلامى دۆلەتنىڭ ۋۇجۇدىنى ۋەيران قىلغان ھەرىكەتلەر مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئىسلامى دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىدە ـ بالقان، تۈركىيە، ئەرەپ مەملىكەتلىرى، ئەرمەنىستان، كوردىستان ۋە باشقا جايلاردا مىللەتچىلىك مەپكۇرىسى پەيدا بولدى. 1914- يىلى كىرىپ كەلگەندە دۆلەت يار ياقىسىغا كېلىپ قالغان ئىدى. شۇ ئەھۋالدا ئۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا كىردى ۋە ئۇنىڭدا مەغلۇپ بولۇپ چىقتى. كېيىن ئۇ پۈتۈنلەي يوقىتىلدى شۇنىڭ بىلەن ئىسلامنىڭ دۆلىتى يوق بولۇپ كەتتى ۋە غەربنىڭ ئۇزاق ئەسىرلەر داۋامىدا چۈشلىرىگە كىرىپ كەلگەن ئارزۇ ـ ئىسلامى دۆلەتنى يوقىتىش نىيىتى مەيدانغا چىقتى. ئىسلامى دۆلەت يوقىتىلىشى بىلەن پۈتۈن ئىسلامى يۇرتلاردىكى ھاكىمىيەت غەيرى ئىسلامى بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار غەيرى ئىسلامى بايراق ئاستىدا ياشاشقا باشلىدى. ئىشلىرى ئىزدىن چىقتى، ئەھۋاللىرى ئېغىرلاشتى ۋە كۇفرى



www.uyghurkitap.com

نىزامى ئاستىدا ياشايدىغان ھەمدە كۇفرى ھۆكۈملىرى بىلەن
باشقۇرۇلىدىغان بولۇپ قالدى.

## مىسسىئونېرلىق ھۇجۇمى

ياۋرۇپا ئىسلامى ئالەمگە ئىلىم نامى بىلەن مىسسىئونېرلىق ھۇجۇمىنى باشلىدى ۋە بۇ ئىش ئۈچۈن زور مەبلەغ ئاجراتتى. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا ياۋرۇپا ئىلىم ۋە ئىنسانلىقنى پەردە قىلىپ، مىسسىئونېرلىق يولى بىلەن مۇستەملىكىچىلىك ھۇجۇمىغا كىرىشتى. بۇنىڭدىن غەرب مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولۇشى ئۈچۈن ئىسلامى ئۆلكىلەردە سىياسى جاسۇسلۇق ۋە ساقايى مۇستەملىكىچىلىك مەركىزىنى قۇرۇش كۆزدە تۇتۇلدى. شۇ سەۋەبتىن بۇ مۇستەملىكىچىلىك ئۈچۈن مەيدان كېڭەيدى، ئىسلامى ئالەم ئىشىكى كاتتا ئېچىلدى ۋە ئىسلامى ئۆلكىلەرگە مىسسىئونېرلىق جەمئىيەتلىرى تارقالدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ كاتتىسى ئېنگىلىز، پارانسۇز ۋە ئامېرىكا جەمئىيەتلىرى ئىدى. ۋاقىت ئۆتىشى بىلەن بۇ جەمئىيەتلەر مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئوتقۇچى بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلاردىن تەلىم ئالغۇچىلار سېپىنى كۆپەيتتى. ئەرەب ۋە تۈرۈك مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنى ئىككى مەقسەتتە باشقۇردى:
بىرىنچىسى، ئىسلام دۆلىتىنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن ئەرەب ئۆلكىلىرىنى ئىسلامى ئوسمانى دۆلىتىدىن ئاجرىتىش. ئۇلار بۇ دۆلەتنىڭ مىللەتچىلىك كەيپىياتىنى قوزغىتىش مەقسىتىدە «تۈركىيە» نامى بىلەن ئاتىدى. ئىككىنچىسى، مۇسۇلمانلارنى ھەقىقى رابىتىلىرىدىن، يەنى ئىسلام رابىتىسىدىن



پىراقلاشتۇرۇش. مۇسۇلمانلار ئۆز ئوتتۇرلىرىنى باغلاپ تۇرىدىغان بۇنىڭدىن باشقا رابىتىنى بىلمەيتتى. غەرب بىرىنچى مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئىككىنچىسىگە تېخى قول ئۇرۇلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن تۈرك، ئەرەب، پارس ۋە باشقىلاردىكى مىللەتچىلىككە بولغان يۈزلەندۈرۈش مۇسۇلمانلارنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇپ تاشلايدىغان ۋە مەبدەئىلەردىن چالغىتىدىغان قورال بولۇپ قېلىۋەردى. بۇ مىسسىئونېرلىق جەمئىيەتلىرى ئىسلامى ئالەمگە كاتتا تەسىر كۆرسەتكەن بىر نەچچە دەۋرنى بېسىپ ئۆتتى. ھازىرقى كۈندە بېشىمىزدىن كۆچۈرىۋاتقان ئاجىزلىق ۋە قالاقلىق ئەنە شۇ تەسىرنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. چۈنكى مۇستەملىكىچىلىك بىزنى ئويغىنىشتىن ۋە مەبدىئىمىز ئىسلامدىن توسۇش ئۈچۈن تىكلىگەن تامغا قويغان بىرىنچى خىش مىسسىئونېرلىق جەمئىيەتلىرى ئىدى. ياۋرۇپالىقلارنى ئىسلامى ئالەمدە مىسسىئونېرلىق جەمئىيەتلىرىنى تەشكىل قىلىشقا مەجبۇر قىلغان نەرسە سېلىب يۈرۈشىدە مۇسۇلمانلارنىڭ سۇلتىنى ۋە جىھاد قىلىشقا سەبرى تاقەتلىرى ئۇلارغا يەتكۈزگەن مۇسىبەتلەر ئىدى. يەنى غەربلىكلەر جەڭ مەيدانىدا مۇسۇلمان بىلەن توقۇنۇشقاندا ئۆز رەئىيلىرى بىلەن ئىككى ئىشقا تايانغان. ئىسلامنى ۋە مۇسۇلمانلارنى پۈتۈنلەي يوقىتىش ئۈچۈن بۇ ئىككى ئىشقا كاتتا ئەھمىيەت بەرگەن ئىدى. ئۇلار تۆۋەندىكىلەر:

بىرىنچىسى. ئۇلار ئىسلام يۇرتلىرىدا ياشىغۇچى نەسرانىلارغا تاياندى. چۈنكى ئىسلامى ئۆلكىلەردە، خۇسۇسەن شامدا نەسرانىلار كۆپ بولۇپ، ئۆز دىنلىرىنى مەھكەم تۇتاتتى. غەربلىكلەر ئۇلارنى دىنداش بۇرادەرلىرى ھېساپلىشاتتى ۋە بۇ ئۇرۇشلارنى دىنى ئۇرۇش قىلىپ، قوزغىغانلىقى سەۋەبىدىن ئۇ

نەسرانىلار مۇسۇلمانلارغا قارشى چىقىدۇ ۋە بىزگە ياردەم بېرىدۇ دەپ ئويلىشاتتى.

ئىككىنچىسى، ئۇزلىرىنىڭ سانلىرى كۆپ، كۈچى كۆپلىكىگە تاياندى. بۇ ۋاقىتتا مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىك يوق، ۋۇجۇدىدا يىمىرىلىش جەريانى باشلانغان ئىدى. سېلىبچىلەر ئەگەر مۇسۇلمانلارنى بىرىنچى زەربىدە مەغلۇپ قىلالىساق، ئۇزىمىزگە تا ئەبەت بويسۇندۇرالىمىز ۋە ئۇلارنىمۇ، دىنلىرىنىمۇ يوقىتىشىمىز ئاسان بولىدۇ دەپ ئويلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ بۇ پاللىرى ئەكسىچە ۋە تەخمىنلىرى ناتوغرا بولۇپ چىقتى. ئۇرۇشتا نەسرانى ئەرەپلەر مۇسۇلمانلار بىلەن يانمۇ-يان تۇرۇپ جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە كۆپ ھەسرەتكە چۈشكەنلىكىنى ئېيتمىساقمۇ بولىدۇ. ئىسلامى ئۆلكىلەردە ياشىغۇچى نەسرانىلارغا سېلىبچىلارنىڭ چاقىرىقلىرى تەسىر قىلمىدى. ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن يانمۇ-يان جەڭ قىلاتتى. چۈنكى ئۇلار دارۇلئىسلامدا ياشايتتى ۋە ئۇلارغىمۇ ئىسلام نىزامى تەدبىق قىلىناتتى. مۇسۇلمانلار ئۆچۈن بېرىلگەن ھوقۇقلار ئۇلارغىمۇ بېرىلگەن، مۇسۇلمانلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان نەرسىلەر ئۇلاردىنمۇ تەلەپ قىلىناتتى. مۇسۇلمانلار نەسرانىلار ئائامىدىن يەتتى، مۇسۇلمان كىشى نەسرانى ئايالغا ئۆيلىنەتتى ۋە ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى بىلەن قۇدىچىلىق قىلاتتى. مۇسۇلمانلار بىلەن نەسرانىلار ھايات مەيدانىدا ھەمدەملىكتە ياشايتتى. چۈنكى، ئىسلام ئۇلار ئۈچۈنمۇ بارلىق ھوقۇقلىرىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىدى. خەلىفىلەر، ھاكىملار شۇنىڭغا ئەمرى قىلاتتى. ئىبن ھەمزە ئېيتىدۇ: «دۈشمەنلەر يۇرتىمىزغا باستۇرۇپ كېلىپ ھىمايىمىزدا تۇرغان زىممىلەرگە ھۇجۇم



قىلغان ۋاقىتتا، ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ [illegible] بېرىشىمىز، ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى زىممىلىك مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. بۇ ئورنىدا سۇسلۇق قىلىشنىڭ ھەرقانداق كۆرۈنۈشى زىيانلىق ھەقلىرىگە ئېتىبارسىز قاراش بولىدۇ». كەرابى ئېيتىدۇ: «زىممىلەرنىڭ ئاجىزلىرىغا مېھرى مۇھەببەت كۆرسىتىش، پەقىرلىرىنىڭ ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش، ئاچلىرىنى تويغۇزۇش، يالىڭاچلىرىنى كىيىم كىيگۈزۈش ۋە ئۇلارغا سىلىق سۆزلەرنى ئېيتىش قورقۇپ ياكى ئۇلۇغلاپ ئەمەس، مېھرىبانلىق قىلىپ زىممى خوشنىنىڭ ئازارلىرىغا ـ قايتۇرۇشقا قۇربى يەتسىمۇ ـ بىر نەرسە دېمەسلىك، ئۇلارنىڭ ھەممە ئىشلىرىغا خالىس خەيرى خاھلىق قىلىش، ئۇلارغا ئازار بەرمەكچى بولغانلارنى قايتۇرۇش، ئۇلارنىڭ ماللىرى، ئائىلىسى، ئابرۇيى، بارچە ھوقۇق ۋە مەنپەئەتلىرىنى ساقلاش، ئۇلار بىلەن مۇئامىلىدە گۈزەل ئاخلاقتا بولۇش مۇسۇلماننىڭ زىممىلەر ئالدىدىكى بۇرچىدۇر. بۇلارنىڭ بارچىسى نەسرانىلارنى تەبىئىي رەۋىشتە مۇسۇلمانلار بىلەن مۇداپىئەدە شېرىك قىلدى».

سېلىبچىلەر ئىككىنچى ئويلىغان ئىشنىڭ مەيدانغا چىقمىغانلىقىنى كۆرگەچكە ھەسرەتكە چۈشتى. بۇ شۇنداق بولدى: سېلىبچىلار شامنى قولغا كىرگۈزدى، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ بولدى. سېلىبچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ يەرلىرىنى بېسىۋېلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى سۈرگۈن قىلىش ۋەھشىلىكىنى بىرىنچى بولۇپ تەدبىق قىلدى. (ئۇلار ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ شۇ يولنى قوللانماقتا. بۇنى پەلەستىننى مىسال قىلىپ كۆرسەتسەك مۇمكىن). شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ئىش ئېنىق بىزنىڭ پايدىمىزغا ھەل بولدى. ئەمدى مۇسۇلمانلار ھېچقاچان ئورنىدىن

تۇرالمايدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. لېكىن مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىدىن قوغلاپ چىقىرىش مەقسىتىدىن كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ۋاقىت ۋاز كەچمىدى. سىلىبچىلار مۇسۇلمانلارنىڭ يېرىدە ئىككى ئەسىرگە يېقىن تۇرۇپ، ئەمىرلىكلەر بەرپا قىلىنغانلىقىغا قارىماستىن، مۇسۇلمانلار ئۇلارنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىتىپ قوغلاپ چىقاردى.

غەربلىكلەر بۇنىڭ سىرى نېمە ئىكەنلىكىنى ئىزدەشتى ۋە سىر ئىسلامدا دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. چۈنكى ئىسلام ئەقىدىسى مۇسۇلمانلاردىكى بۇ زور قۇۋۋەتنىڭ مەنبەئى ئىدى. ئىسلام ھۆكۈملىرى غەيرى دىنلارنىڭمۇ ھوقۇقلىرىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلغان ئىدى. مانا شۇنىڭدىن خەلق ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا ھەمدەملىك پەيدا بولغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇستەملىكىچى كاپىر ئىسلامى ئالەمگە ھۇجۇم قىلىشنىڭ يولىنى ئويلاپ، ئاخىرى نەسرانىلارنى ئۆز تەرەپلىرىگە ئاغدۇرۇش، مۇسۇلمانلاردا ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن شۈبھە تۇغدۇرۇش ۋە ئەقىدىلىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇشنىڭ ئەڭ مەقبۇل يولى مىسسىئونېرلىق ئارقىلىق ساقايى ھۇجۇم ئىكەنلىكىنى كەشىپ قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار مۇسۇلمانلار بىلەن ئىسلامى دۆلەتنىڭ باشقا پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىنى بۇزۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچىنى ئاجىزلاشتۇراتتى.

سىلىبچىلەر بۇ پىلانلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، مىلادى 16- ئەسىر ئاخىرلىرىدا مالتادا مىسسىئونېرلىق ئۈچۈن چوڭ مەركەز تەشكىل قىلدى. ئۇنى ئىسلامى ئالەمگە مىسسىئونېرلىق ھۇجۇمى ئۈچۈن بازا قىلدى. چۈنكى مانا شۇ يەردىن مىسسىئونېرلىق كۈچى ئەۋەتىلەتتى. ئۇلار بۇ يەردە ئورنىشىۋېلىپ، بىر قانچە



ۋاقىت شۇ يەردە تۇرۇپ، پائالىيەتلەرنى كېڭەيتىش زۆرۈرلىكىنى ھېس قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1625- يىلى شامغا كۆچۈپ ئۆتتى ۋە مىسسىئونېرلىق ھەرىكەتلىرىنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشكە كىرىشتى. بىراق، ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى ناھايىتىمۇ چەكلەنگەن بولۇپ، كىچىك مەكتەپلەر تەشكىل قىلىش ۋە بەزى بىر دىنى كىتاپلار چىقىرىشتىن نېرىغا ئۆتمىدى. قوغلاش، يۇز ئۆرۈش، بارچە تەرەپتىن قارشىلىققا ئۇچراشقا ئوخشاش مەشەققەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئۇلار 1773- يىلىغىچە مەھكەم تۇردى. چۈنكى شۇ يىلى يەسۇئىتلارنىڭ مىسسىئونېرلىق جەمئىيەتلىرى بىكار قىلىندى ۋە بارلىق مىسسىئونېرلىق مۇئەسسەلىرى تاقالدى. پەقەت ئازارى مىسسىئونېرلار جەمئىيىتى ئاجىز جەمئىيەتلەرلا قالدى. بۇلار مەۋجۇت بولسىمۇ، مالتادىن باشقا جايلاردا تا 1820- يىلىغىچە مىسسىئونېرلار ۋە مىسسىئونېرلىقنىڭ بىرەر ئىزى قالمىدى. شۇ يىلى بەيرۇتتا مىسسىئونېرلىقنىڭ بىرىنچى مەركىزى قۇرۇلدى ۋە شۇ يەردە مىسسىئونېرلار ئۆز پائالىيىتىنى باشلىدى. ئۇلار چوڭ قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلدى. بۇ قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ ئۆز پائالىيەتلىرىنى توختاتمىدى. ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئېتىبارلىرىنى دىنى مىسسىئونېرلىققا ۋە دىنى ساقايەتكە قاراتتى. تەلىمگە بولسا ئۇنچە ئېتىبار بەرمىدى. 1834-يىلى شامنىڭ بارلىق ئۆلكىلىرىدە مىسسىئونېرلىق تەشرىپلىرىنى كەڭ ئۇلاچ يايدى. لىۋاننىڭ ئەنتۇرە كەنتىدە ئۇنىۋېرسىتېت ئېچىلدى. ئامېرىكا مىسسىئونېرلىق مەركىزى كىتاب بېسىپ تارقىتىش ئۈچۈن باسماخانىسىنى مالتادىن بەيرۇتقا كۆچەردى. ئامېرىكىلىك مەشھۇر مىسسىئونېر ئەيلى سىمىت ئوچۇق پائالىيەت

كۆرسىتىشكە باشلىدى. بۇ مىسسىئونېر مالتادا كۆڭۈل بۆلۈپ، مىسسىئونېرلىق بىلەن شۇغۇللىناتتى ۋە باسمىخانىغا باشچىلىق قىلاتتى. 1827- يىلى بېيرۇتقا كەلدى. لېكىن بىر يىلمۇ ئۆتمەستىن ئۇ مۇسۇلمانلاردىن چۆچۈشقا باشلىدى ۋە ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىكىدىن زېرىكىپ، يەنە مالتاغا قايتىپ كەتتى. كېيىن 1834- يىلى يەنە بېيرۇتقا كەلدى ۋە ئايالى بىلەن ئاياللار ئۈچۈن مەكتەپ ئاچتى. ئۇنىڭ ئالدىدا مەيدان كېڭەيدى. ئۇ ئۆز ھاياتىنى خۇسۇسەن بېيرۇتتا، ئومۇمەن بولسا پۈتۈن شام ئۆلكىسىدە ئىشلەشكە ئاتىدى. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەمگەكلەرنىڭ بارچىسى مىسسىئونېرلىق ھەرىكەتلىرىنى يۈرگۈزۈشكە ياردەم بەردى. ئىبراھىم پاشانىڭ مىسىردىكى (فىرانسىيەدە قوللىنىدىغان باشلانغۇچ تەلىم پروگراممىلىرىدىن ئېلىنغان) تەلىم پروگراممىسىدىن كۆچۈرۈلگەن باشلانغۇچ تەلىم پروگراممىسىنى سۈرىيەدە تەدبىق قىلىشى مىسسىئونېرلار ئۈچۈن قولايلىق پۇرسەت بولدى. ئۇلار بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، تەلىم ھەرىكىتىگە مىسسىئونېرلىق ئۇقتىسىنەزەرىدىن ئۆز ھەسسىلىرىنى قوشتى. كېيىن مەتبەچىلىك ھەرىكىتى يېيىلدى. بۇنىڭ بىلەن مىسسىئونېرلىق ھەرىكىتى كۈچەيدى ۋە تەلىم ھەرىكىتىدە ئوچۇق ئىشتىراك قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار ئۆز پائالىيەتلىرى ئارقىلىق دىنى ئەركىنلىك نامى بىلەن ئىسلامى دۆلەت پۇقرالىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆز-ئارا ئاداۋەت قوزغىتالدى. مۇسۇلمانلار، ناسرانىلار ۋە دۇرۇزلار ئوتتۇرىسىدا ئەقىدىگە باغلىنىپ كېتىدىغان دىنى پائالىيەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈردى.

ئىبراھىم پاشا شامدىن كېتىپ، ئۇيەردە تىنچسىزلىق، قانۇنغا بويسۇنماسلىق ۋە تەرتىپسىزلىكلەر كەڭ تارقالدى.



ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش كۈچەيدى. [illegible] ئەلچىلىرى، خۇسۇسەن مىسسىئونېرلىق جەمئىيەت ئەزالىرى ئوسمانى دۆلەتنىڭ شامدا ئوپۇزى ئاجىزلىشىپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، خەلق ئارىسىدا پىتنە ئوتىنى يېقىشقا باشلىدى. نەتىجىدە 1841- يىلى لىۋان تاغلىرىدا ناسرانىلار ۋە دۇرۇزلار ئوتتۇرىسىدا قانلىق توقۇنۇشلار يۈز بەردى ۋە چوڭ كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ھەتتا ئوسمانى دۆلەت - ئەجنەبىي دۆلەتلەر تەسىرىدە - لىۋان ئۈچۈن يېڭى نىزام ئىشلەپ چىقىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ نىزام بىلەن ئۇ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىپ، بىرىدە ناسرانىلار، ئىككىنچىسىدە دۇرۇزلار ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى. ھەر ئىككى قىسىم ئۈچۈن ھەم ھاكىم بەلگىلەندى. بۇنىڭ بىلەن دۆلەت بۇ ئىككى تائىپە ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشلارنى تىنچلاندۇرۇشنى خالىغان ئىدى. لېكىن بۇ نىزام تەبەنتىسى بولمىغانلىقى ئۈچۈن نەپ بەرمىدى. ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە بۇ ئىختىلاپلارغا ئارىلاشتى. ھاكىملار قاچان بۇ پىتنىنى تىنچلاندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلسا، ئەنگلىيە ۋە فىرانسىيە يەنە كۈچلەندۈرەتتى. ئېنگلىزلار ۋە فرانسۇزلار تائىپىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ تىنچسىزلىقلارنى لىۋان ئىشلىرىغا ئارىلىشىشى ئۈچۈن باھانە قىلدى. فرانسۇزلار مارونىلار تەرىپىگە، ئېنگلىزلار بولسا دۇرۇزلار تەرىپىگە ئۆتتى. بۇ نەرسە 1845- يىلى تىنچلىق تېخىمۇ دەھشەتلىك تۈس ئېلىشقا سەۋەپ بولدى. چىركاۋ ۋە ئىبادەتخانىلارغىمۇ تاجاۋۇز قىلىندى. تالان-تاراج، دارغا ئېسىش، ئۆلتۈرۈشلەرگە ئوخشاش ياۋۇزلۇقلار ئەۋج ئالدى. بۇ ھال ئوسمانى دۆلەتنى تاشقى ئىشلار نازىرىنى لىۋانغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۇنىڭغا پىتنىنى



www.uyghurkitap.com

تىنچلاندۇرۇش ئۈچۈن چوڭ ھوقۇق بېرىلدى. لېكىن ھالىنى بىر ئاز يۇمشاتقان بولسىمۇ، ئەتىۋارلىق بىرەر ئىش قىلالمىدى. بىراق، مىسسىئونېرلارنىڭ پائالىيىتى كۈچىيىپ كەتتى. 1857. يىلى مارۇنىلار تائىپىسىدە قوزغالغان ۋە قوراللىق توقۇنۇشلار ئۇيۇشتۇرۇش پىكرى پەيدا بولدى. مارۇنىلارنىڭ دىنى رەھبەرلىرى نەسرانى دېھقانلاردىن دۇرۇزلاردىن ئىبارەت يەر ئىگىلىرىگە قارشى كۈرەش قىلدى. ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئۆز جامائەلىرىنى - ئىنگلىزلار دۇرۇزلارنى، فرانسۇزلار بولسا نەسرانىلارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. شۇ سەۋەبتىن پىتنە كېڭىيىپ، پۈتۈن لىۋاننى پۈتۈنلەي ئۆز ئىچىگە ئالدى. دۇرۇزلار بارلىق نەسرانىلارنى قاتىرىغا ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. بۇ ۋەھشىلىكلەر ئاقىۋىتىدە مىڭلاپ نەسرانىلار ئۆلتۈرۈلدى. كېيىن تىنچسىزلىق شامنىڭ باشقا ئۆلكىلىرىگىمۇ ئۆتتى. دەمەشقتە مۇسۇلمانلار ۋە نەسرانىلار ئوتتۇرىسىدا ئاداۋەت توقۇنۇشلىرى قوزغالدى ۋە 1860. يىلى ئىيول ئېيىدا مۇسۇلمانلارنىڭ نەسرانىلار مەھەللىلىرىگە باستۇرۇپ كىرىپ، مۇدھىش رەزىللىك قىلمىشلىرىغا ئېلىپ باردى. رەزىللىكلەر قىلمىشى بىلەن بىرگە ئۆي-جايلىرى ۋەيران قىلىندى. نەتىجىدە دۆلەت پىتنىنى كۈچ بىلەن باستۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. قالايمىقانچىلىق توختاپ، ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، غەرب دۆلەتلىرى بۇ ھالەتنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شام ئۆلكىلىرىنىڭ ئىچكى ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا يول ئېچىپ بېرىدىغان قولايلىق پۇرسەت دەپ بىلدى ۋە ھەربىي كېمىلىرىنى ئۇنىڭ ساھىللىرىغا ئەۋەتتى. شۇ يىلىنىڭ ئاۋغۇست ئېيىدا فرانسىيە پىيادە ئەسكەرلەردىن تەشكىل تاپقان قوشۇن ئەۋەتتى. قوشۇن بەيرۇتقا كىرىپ قوزغىلاڭنى باستۇرۇشقا



كىردى. شۇنداق قىلىپ غەرب دۆلەتلىرى سۈرىيەدە ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا باھانە بولىدىغان پىتنىلەر يۈز بەردى. نەتىجىدە ئۇلار ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتى ۋە ئىسلامى ئۆلكە - سۈرىيەنى ئىككى ۋىلايەتكە بۆلىدىغان ئۆزگىچە خاس نىزام ئىشلەپ چىقىشىغا كۆنۈشكە ھەمدە لىۋانغا ئىمتىياز بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ لىۋان شام ئۆلكىلىرىنىڭ باشقا قىسمىدىن ئاجرىتىلىپ، ئۇنىڭغا تاللاش ئورنىنى بەردى. لىۋاندا باشقۇرۇشنىڭ مەھەللى نىزامىدىن پايدىلىنىدىغان ۋە ئۇنى ئاھالى ۋەكىللىرىدىن تەشكىل تاپقان ئىدارى مەجلىس ياردىمىدە مەسىھى ھاكىم باشقۇرىدىغان بولدى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ چەت دۆلەتلەر لىۋاننىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشتى. ئۇنى ئۆزلىرى ئۈچۈن مەركەز قىلىۋالدى. شۇنداق قىلىپ لىۋان ئەجنەبىلەر ئوسمانى دۆلىتىنىڭ ۋە ئىسلامى يۇرتلارنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېلىشى ئۈچۈن كۆۋرۈك بولۇپ قالدى.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مىسسىئونېرلىق ئىشلىرى مىسلى كۆرۈلمىگەن كۆلەمنى ئۆزىنىڭ قىلىۋالدى. مىسسىئونېرلار مەكتەپلەر ھەرىكىتى، مىسسىئونېرلىق ئىشلىرى، باسماخانىلار ۋە شىپاخانىلارنىڭ ئۆزى بىلەن توختاپ قالماستىن، جەمئىيەتلەر تەشكىل قىلىشقا ئۆتتى. 1842. يىلى ئامېرىكا ۋاكالەتخانىسى باشچىلىقىدا ئۇنىڭ پروگراممىسى ئاساسىدا ئىلمى جەمئىيەت تەشكىل قىلىش ئۈچۈن بىر كومىتېت تۈزۈلدى. بۇ كومىتېت بەش يىل پائالىيەت كۆرسەتتى ۋە 1847. يىلىغا كېلىپ «ئىلىم-پەنلەر جەمئىيىتى» ناملىق جەمئىيەت تەشكىل قىلىشقا ئېرىشتى. ئۇنىڭ ئەزالىرى ناسىف يېزىجى ۋە بوتروس

بوستانى. بۇلار لىۋان ئەسرانىلىرىدىن بولۇپ، جەمئىيەت ئۇلارنى ئەرەپ ئەسرانىلىرىدىن دېگەن ئېتىباردا ئالغان ئىدى. ئامېرىكىدىن ئېلى سمىت كارنېلۇس ۋەن دىك، ئېنگلىزلاردىن بولسا كالابىل چېرچىللار ئىدى. بۇ جەمئىيەتنىڭ مەقسىتى ئېنىق ئەمەس ئىدى. لېكىن چوڭلار ۋە ياشلار ئوتتۇرىسىدا ئىلىم تارقىتىش كۆرۈنۈشىدە ئىش ئېلىپ باراتتى. چوڭلارمۇ، ياشلارمۇ مىسسىئونېرلىق پىلانىغا مۇۋاپىق كۆرسەتمىلەر ئاساسىدا غەرب ساقايىتى بىلەن ساقايەت بېرىلەتتى. بۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ سەئىيى ھەرىكەتلىرىگە ۋە ناھايىتى زور كۈچ سەرپىلىگەن بولسىمۇ ئىككى يىل داۋامىدا بۇ جەمئىيەتكە پۈتۈن شام ئۆلكىلىرىدىن پەقەت ئەللىك ئەزا قوشۇلدى، خالاس. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەسرانىلار بولۇپ، كۆپچىلىكى بەيرۇت ئاھالىسىدىن ئىدى. جەمئىيەتكە مۇسۇلمانلار ياكى دۇرۇزلاردىن بىرەر ئەزا قوشۇلمىدى. بۇ جەمئىيەتنى كېڭەيتىش ۋە پائالىيەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور ئەمگەك سەرپلەندى، لېكىن بۇ ئەمگەكلەر نەتىجە بەرمىدى. بەش يىل پائالىيەت كۆرسەتكەندىن كېيىن بۇ جەمئىيەت مىسسىئونېرلاردا جەمئىيەت تەشكىل قىلىشتا دىزىغىشتىن باشقا بىرەر ئىز قالدۇرماستىن ئاخىرلاشتى. شۇنىڭ ئۈچۈن 1850- يىلى «شەرقى جەمئىيەت» ناملىق باشقا جەمئىيەت تەشكىل قىلدى. ئۇنى يەسۇئىلار يەسۇئى پاپا فرانسۇز كېنېرى دابرونېر باشچىلىقىدا تەشكىل قىلدى ئۇنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەسرانىلاردىن ئىدى. ئۇمۇ «ئىلىم ۋە پەنلەر جەمئىيىتى» بولىدىن يۇردى. لېكىن ئۇمۇ ئۇزاق ياشىمىدى ۋە بىرىنچى جەمئىيەتنىڭ ئارقىدىن ئۇمۇ يېپىلدى. كېيىن بىر نەچچە جەمئىيەتلەر تەشكىل قىلىندى، بىراق ئۇلارنىڭ ھەممىسى



ھەم تولۇق مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. ئاخىرى 1857- يىلىدا يېڭىچە ئۇسلۇبدا بىر جەمئىيەت تەشكىل قىلىندى. ئۇنىڭغا ئەجنەبىيلەردىن ھېچكىمنى كىرگۈزمەسلىككە ئېتىبار قارىتىلدى. چۈنكى، ئۇنىڭ بارچە ئەزالىرى ئەرەبلەردىن ئىدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇشبۇ جەمئىيەت ئۆز ئەزالىرى سەپىگە بەزى دۇرۇزلار ۋە ئەرەبلەرنىمۇ ئەرەپ دېگەن ئېتىباردا قوشۇشتا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ جەمئىيەت «سۈرىيە ئىلمى جەمئىيىتى» نامى بىلەن تەشكىل تاپتى. ئۇنىڭ سەئىيى ھەرىكەتلىرى ئەرەبى كۆرۈنۈشتە كۆرۈنگىنى ۋە غەربلىكلەردىن بىرەرمۇ ئەزاسى يوقلىقى سەۋەبىدىن ئادەملەرگە تەسىر كۆرسەتەلىدى. نەتىجىدە كۆپچىلىك ئۇنىڭغا قوشۇلدى ۋە ئەزالىرى سانى 150 كىشىگە يەتتى. بۇ جەمئىيەتنىڭ باشقۇرۇش ھەيئىتى ئەزالىرى ئىچىدە ئەرەبلەردىن كۆزگە كۆرۈنگەن شەخسلەر بار ئىدى. دۇرۇزلاردىن مۇھەممەد ئارسالان ۋە مۇسۇلمانلاردىن ھۈسەين بەيھەم ئەنە شۇلار جۈملىسىگە كىرىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۇنىڭغا تۇرلۇك تائىپىلەردىن ئەسرانى ئەرەبلەر قوشۇلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئىبراھىم يەزىجى ۋە بۇتۇس بۇستانىنىڭ ئوغلىغا ئوخشاش مەشھۇر شەخسلەر بار ئىدى. بۇ جەمئىيەت باشقا جەمئىيەتلەرگە قارىغاندا كۆپراق ياشىدى. ئۇنىڭ دەستۇرىدا تۇرلۇك تائىپىلەر ئوتتۇرىسىنى ياراشتۇرۇش ۋە دىللاردا ئەرەپ مىللەتچىكى تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىشمۇ بار ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ مەخپىي مەقسىتى ئىلمى نامى بىلەن مىسسىئونېرلىق مۇستەملىكىچىلىكى بولۇپ، بۇ نەرسە غەرب ساقايىتى ۋە ھازارىتىنى تارقىتىشتا نامايەن بولۇپ قالاتتى. كېيىن 1875- يىلى بەيرۇتتا يوشۇرۇن بىر جەمئىيەت تەشكىل تاپتى. ئۇ ئۆز پائالىيىتىنى سىياسى مەيكۈرە ئۇستىگە قۇردى.



www.uyghurkitap.com

شۇنىڭدەك ئەرەب مىللەتچىلىكى مەپكۇرىسىنى يېيىشقا باشلىدى. ئۇنى تەشكىل قىلغانلار بېيرۇتتىكى پاراتېستېنت ئۇنىۋېرسىتېتىدا تەلىم ئالغان بەش نەپەر ياش ئىدى. ئۇلار مىسسىئونېرلىق تەشكىلاتلىرى تەسىر قىلالىغان نەسرانىيلاردىن ئىدى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ ئۇلار ئۆز جەمئىيەتلىرىگە بىر نەچچە ئادەمنى قوشالىدى، خالاس. بۇ جەمئىيەت ئەرەب مىللەتچىلىكىگە، ئەرەبلەرنىڭ – خۇسۇسەن سۈرىيە ۋەلىۋاندا – سىياسى مۇستەقىللىقىغا چاقىرىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدا، دەستۇرىدا ۋە ئۇ ھەققىدىكى خەۋەرلەردە دىللارغا ئېنىق ئەمەس ئىنتىلىشلار ۋە مۇبھەم ئارزۇ-ئۈمىدلەرنى سىڭدۈرۋاتقانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ جەمئىيەت ئەرەبلەشتۈرۈش ۋە مىللەتچىلىككە چاقىراتتى، ئوسمانى دۆلەتكە قارشى دۈشمەنلىكنى قوزغايتتى ۋە ئۇنى «تۈركىيە» دەپ ئاتايتتى. دىنىنى دۆلەتتىن ئاجرىتىش ۋە ئەرەب مىللەتچىلىكىنى ئاساس قىلىش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ باراتتى. بۇ جەمئىيەت ئەرەب مىللەتچىلىك تونىنى كىيىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىرى چىقىۋاتقان ۋەرەقىلەرگە كۆپىنچە «تۈركىيە»گە تۆھمەتلەرنى، يەنى – ئۇلارنىڭ تەبىرىچە – «تۈركىيە» ئەرەبلەردىن خەلىپىلىكنى زورلۇق بىلەن تارتىۋالغان، ئىسلامنىڭ پاكىزە شەرىئىتىگە تاجاۋۇز قىلغان ۋە دىندا سۇسلۇق قىلغان دېگەن تۆھمەتلەرنى قوشۇۋالاتتى. بۇ نەرسىلەر ئۇنىڭ تەشكىل تېپىشىدىكى ئەسلى مەقسىتى ئىسلامى دۆلەتكە قارشى قوزغىلاڭ قوزغاش، ئىسلام دىنىغا نىسبەتەن مۇسۇلمانلاردا شۈبھە پەيدا قىلىش ۋە غەيرى ئىسلامى ئاساستا سىياسى ھەرىكەتلەر تەشكىل قىلىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇنى ئۇشبۇ ھەرىكەتلەرنى



غەربلىكلەر تەشكىل قىلغانلىقىنى، ئۇلارنى كۆزىتىپ ۋە باشقۇرۇپ تۇرغانلىقىنى، ئۇلارغا جىددى ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى، ئۇلار ھەققىدە ئۆز خۇلاسىلىرىنى يېزىپ تۇرىدىغانلىقىنىمۇ تەستىقلايدۇ. مەسىلەن، ئەنگلىيەنىڭ بېيرۇتتىكى كونسۇلى ئۆز ھۆكۈمىتىگە 28- ئىيول 1880- يىلىدا ئەۋەتكەن تېلېگراممىسىدا ئۇلارنى يازدى: «قوزغىلاڭغا چاقىرىدىغان ۋەرەقىلەر پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇلارنى مىدھەت چىقارغانغا ئوخشايدۇ. ھازىرچە ۋەزىيەت تىنچ. تەپسىلاتلىرى پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلىدۇ». بۇ تېلېگراممىغا مەزكۇر جەمئىيەتنىڭ كوچىلاردا ئۆز ۋەرەقىلىرىنى تارقىتىۋاتقانلىقىنى ۋە بېيرۇتتا تاملارغا چاپلىغانلىقى تۈرتكە بولغان ئىدى. بۇ تېلېگراممىا ئارقىدىن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتىگە ئۇنىڭ بېيرۇت ۋە دەمەشقتىكى كونسۇللىرىدىن يەنە بىر نەچچە خەتلەر كەلدى. بۇ خەتلەرگە جەمئىيەت تارقىتىۋاتقان ۋەرەقىلەردىن نۇسخا قوشۇپ ئەۋەتىلگەن ئىدى. بۇ خەتلەر پاراتېستېنت ئۇنىۋېرسىتېتىدا ۋۇجۇتقا كېلىپ، شام ئۆلكىلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇشبۇ ھەرىكەت ھەققىدىكى خۇلاسىلەر ئورنىدا ئىدى. ئوسمانى دۆلەتتىن مۇستەقىل بولۇش ھەرىكەتلىرى باشقا ئەرەب ئۆلكىلىرىدە بولسىمۇ، شامدا ئوچۇق ئېلىپ بېرىلغان ئىدى. بۇنىڭغا جىددىدىكى ئەنگلىيە ۋەكىلى 1882- يىلى ئۆز ھۆكۈمىتىگە ئەرەبلەرنىڭ ھەرىكەتلىرى ھەققىدە يازغان مەكتۇپىدا كەلگەن ئۇشبۇ سۆزلەر دالالەت قىلىدۇ: «ماڭا يېتىپ كەلگەن مەلۇماتلارغا قارىغاندا، بەزى بىر قەبىلىلەر، ھەتتا مەككىنىڭ ئۆزىدىمۇ، ھۆررىيەت پىكرى بىلەن ھەرىكەتكە كېلىپ قالغان. بەزى ئىشارىلارنى ئىشىتىپ شۇنداق پىكىرگە كەلدىم: ئىككى

دەريا ئارىلىقىدىكى ئۆلكىلەرنى، يەنى ئىراق جەنۇبىنى نەجدى ئۆلكىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا مەنسۇر پاشانى ئەمىر قىلىش ۋە ئەمىر ۋىلايىتىنى يەمەن بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا ئەلى ئىبىن ئابىدنى ئەمىر قىلىش ھەققىدە پىلان تۈزۈلگەن». بۇ ھەرىكەتلەرگە پەقەت ئېنگىلىزلار ئەمەس، بەلكى فرانسۇزلارمۇ زور ئەھمىيەت بەردى. 1882- يىلى بەيرۇتتىكى فرانسۇزلاردىن بىرى يازغان مەكتۇپ فرانسىيەنىڭ قايسى دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ: «ئىستىقلال روھى ھەممە ياقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. بەيرۇتتا تۇرغان ۋاقتىمدا ياشلارنىڭ مەكتەپ ۋە شىپاخانىلار قۇرۇش، مەملىكەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان جەمئىيەتلەر تەشكىل قىلىشقا قىزىقىشىنىڭ نەقەدەر كاتتالىقىنى كۆردۈم. بۇ ھەرىكەت ئالىيجانابلىقنىڭ ھەرقانداق تەسىرىدىن يىراقلىقى - ئۇنىڭ ئېتىبار قارىتىش لازىم بولغان جەھەتلىرىدۇر. چۈنكى، بۇ ھەرىكەت ئۆز ئەزالىرى سىيىمگە نەسرانىلارنىمۇ قوبۇل قىلىشنى ۋە مىللى ئازاتلىق ئىشلىرىدا ئۇلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىشنى مەقسەت قىلغان». باشقا بىر فرانسۇز باغداتتىن تۆۋەندىكىلەرنى يازغان: «ھەممە جايدا «تۈرۈكلەرنى يامان كۆرۈش» تۇيغۇسىغا دۇچ كېلىش مۇمكىن. ئەمما بۇ زۇلۇمنى يىمىرىپ تاشلاش ئۈچۈن مۇشتەرەك ھەرىكەت قىلىش پىكرى ھازىرمۇ شەكىللىنىش دەۋرىدە تۇرۇۋېتىۇ، يېقىندا پەيدا بولغان ئەرەپ مۇستەقىللىكى ھەرىكەت شە[پىلىرى ئۇزاق ئۆيۈقتا كۆرۈنمەكتە شۇ كۈنگىچە مۇستەقىل بولمىغان بۇ خەلق تېز كۈنلەردە ئىسلام ئالىمىدىكى ئۆزىنىڭ تەبىئى ئورنىنى ھەمدە بۇ ئالەمنىڭ كېلەچىكىنى بەلگىلەشتە قاتنىشىشنى تەلەپ قىلىپ چىقىدۇ». دىن ۋە ئىلىم نامى بىلەن مىسسىئونېرلىق



ھۇجۇملىرىغا پەقەت ئېنگىلىزلار، فرانسۇزلار ۋە ئامېرىكىلار ئەمەس، بەلكى باشقا غەيرى ئىسلامى دۆلەتلەرمۇ قاتتىق ئەھمىيەت بەردى. رۇسىيە ئىمپېراتورلۇقىمۇ مىسسىئونېرلارنى ئەۋەتىپ، شام ئۆلكىلىرىگە رۇسىيەنىڭ «گېرمانىيە»لىك راھىبلاردىن تەركىب تاپقان مىسسىئونېرلار كەلدى. تۈرلۈك دۆلەتلەردىن كەلگەن بارچە مىسسىئونېرلار ھەمدەمدەم بولۇپ ئىش ئېلىپ باردى. مىسسىئونېرلىق تەشرىپلىرى بىلەن غەربلىكلەرنىڭ دىپلوماتىيەلىرى ئوتتۇرىسىدا دۆلەتلەرئارا مەنپەئەتلەر ئېتىبارىدىن سىياسى دەستۇرلارغا نىسبەتەن قاراشلىرىدا قارمۇ-قارشىلىق بولسىمۇ، بىراق ئومۇمى مەقسەتتە ھەمدەمدە ئىدى. مەقسەت بولسا، خىرىستىئان دىنىغا دەۋەت قىلىش، شەرقتە غەربلىكلەر ساقاپىتىنى يېيىش، مۇسۇلمانلاردا دىنلىرىغا نىسبەتەن شۇبھە تۇغدۇرۇشتىن، ئۇلارنى ئۆز دىنلىرىدىن نەپرەتلەندۈرىدىغان، ئۆز تارىخلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىدىغان ھەمدە غەربنى ۋە ئۇنىڭ ھازارىتىنى ئۇلۇغلايدىغان قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇ ئىشلار بىلەن بىرگە مىسسىئونېرلار ۋە بارلىق ياۋرۇپالىقلار ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا قاتتىق ئاداۋەت ۋە نەپرەت بىلەن قارايتتى. مۇسۇلمانلارنى «قالاق بەربەر»لەر دەپ ھېساپلىشاتتى. شۇنداق قىلىپ غەربلىكلەرنىڭ ئىسلامى ئالەمدە ئېلىپ بارغان پائالىيەتلىرى نەتىجىسىدە كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك كۇفرى ۋە مۇستەبىتچىلىكنى يۇرتلىرىمىزدا ئورنىتىشقا ئېرىشتى.

# سىلىبچىلار ئاداۋىتى

فرانسۇز ئالىملىرىدىن بىرى ئەلكەۋنت دىكاستىرى 1892- يىلىدا يازغان «ئىسلام» ناملىق كىتابىدا ئېيتىدۇ: «بىلمىدىم، ئەگەر مۇسۇلمانلار ئوتتۇر ئەسىرلەردە يېزىلغان قىسسەلەردىن خەۋەردار بولسا، خرىستىئانلارنىڭ قوشاقلىرىدىكى مەنىلەرنى چۈشۈنۈپ قالسا، نېمە دېيىشەركى؟ چۈنكى بىزنىڭ بارلىق قوشاقلىرىمىز، ھەتتا 12- ئەسىردە پەيدا بولغانلىرىمۇ سىلىپ ئۇرۇشلىرىغا سەۋەپ بولغان بىرلا پىكىردىن كېلىپ چىققان. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھەم مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىدىن تامامەن مەنىدە خەۋەرسىزلىك ئاقىۋىتىدە مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ئاداۋەت بىلەن تولىدۇ. بۇنداق قوشاقلار ئاقىۋىتىدە ئەقىللەرگە ئىسلام دىنىغا قارشى ئەنە شۇنداق قىسسەلەر، زېھنىلەردە خاتا چۈشەنچىلەر مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ھازىرغىچە ئەقىللەردە ئورۇنلىشىپ تۇرىدۇ. بۇ قوشاقلارنى ئوقۇغانلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلارنى مۇشرىك، مۇئمىن ئەمەس، بۇتلارغا ئىبادەت قىلغۇچىلار ۋە دىندىن چىقىپ كەتكەنلەر دەپ ھېساپلىشاتتى». ئوتتۇرا ئەسىردە ياۋرۇپادا خرىستىئان دىنى رەھبەرلىرى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلار ۋە ئۇلارنىڭ دىنى ئەنە شۇنداق سۈپەتلىنەتتى. بۇ سۈپەتلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئاداۋەت تۇغدۇرىدۇ. نەسرانى ئالەمنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلدى ۋە نەتىجىدە سىلىب ئۇرۇشى بولدى. ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن بىر نەچچە ئەسىر ئۆتۈپ، مۇسۇلمانلار 15- ئەسىردە غەربكە ھۇجۇم قىلدى. بۇ دەۋرىدە ئىسلامى دۆلەت قوستۇنتۇنىيەنى پەتھى



قىلدى. كېيىن 16- ئەسىردە ياۋرۇپانىڭ جەنۇبى ۋە شەرقىنى پەتھى قىلىپ، ئۇ يەرلەرگە ئىسلامنى ئېلىپ كىردى. بۇ پەتھىلەر نەتىجىسىدە ئالبانىيە، يۇگوسلاۋىيە، بۇلغارىيە ۋە باشقا جايلار ئاھالىسىدىن مىليونلاپ ئادەملەر اللەنىڭ دىنىغا كىردى. بۇ ھال سىلىبچىلارنىڭ ئاداۋىتى يېڭىلىنىشىغا سەۋەپ بولدى ۋە «شەرقى مەسىلە» مەيدانغا كەلدى. «شەرقى مەسىلە» ئىسلامى قوشۇنلارنى قايتۇرۇش، ئىسلامى پەتھىنى توختىتىش ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ خەتەرىنى دەپئى قىلىش ئۈچۈن ياۋرۇپانىڭ ياردەم بېرىشىنى بىلدۈرەتتى. ئىسلامغا ۋە مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن ياۋرۇپالىقلارنىڭ ئىدىيىسىدە چوڭقۇر ئورناشقان ئەنە شۇ ئاداۋەت ياۋرۇپادىكى بارلىق نەسرانىلارنى مەكتەپلەر، شىپاخانىلار، جەمئىيەتلەر نامى بىلەن ئىسلام ئالەمىگە مىسسىئونېرلىق ھەرىكەتلىرىنى قوللاشقا ئۈندىدى. شۇنىڭدەك، بۇنىڭغا ھېساپسىز مەبلەغ ۋە كۈچ سەرپ قىلىشقا، مەنپەئەتلىرى ۋە سىياسەتلىرى بىر-بىرىگە زىت بولسىمۇ بۇ ھەقتە ھەمكارلىق قىلىشقا، بۇ ئىش ئۈچۈن دۆلەتلىرى ۋە خەلقلىرىنى بىرلەشتۈرۈشكە، بۇ ئىشنى كۈنسۇللىرى ۋە ئەلچىخانىلىرىنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسىگە ئايلاندۇرۇشقا ئۈندىدى.

غەربلىكلەرنىڭ، خۇسۇسەن ئېنگىلىزلارنىڭ قەلبلىرىدا مانا شۇ يوشۇرۇن سىلىبچىلىك ئاداۋىتى ۋە يىرگىنىشلىك گىنە-ئاداۋەتلەر مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇشبۇ جەھەننەمى پىلانلارنى پەيدا قىلدى، ئۆز يۇرتىمىزدا مانا شۇنداق خارلىنىشىمىزغا سەۋەپ بولدى. لورد ئەللەنبى 1917- يىلى ئېنگىلىزلار قۇددۇس شەھىرىنى بېسىۋېلىپ، شەھەرگە كىرىۋېتىپ: «ئاخىر بۈگۈن سىلىب ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى»، دەپ ئېيتقانلىقى ئۇنىڭ

قەلبىدىكى كەيپىلىرىنىڭ ھەممە گىنە. ئاداۋىتى قانچىلىك قاتمىقلىقىنىڭ ئېنىق ئىپادىسىدۇر. شۇنىڭدەك بۇ ئىپادە مۇسۇلمانلارغا قارشى ساقايى ياكى ھەربىي ئۇرۇشقا كىرىشۋاتقان ھەر بىر ياۋروپالىق قەلبىدىكى مەرەزدۇر.

الله تائالا ئېيتىدۇ:

**ياايها الذين آمنوا لاتتخذوا بطانة من دونكم لايالونكم خبالا ودوا ماعنتم قد بدت البغضاء من افواههم وما تخفي صدورهم اكبر**

–«ئى مۇئمىنلەر! ئۆزەڭلاردىن بولمىغانلارنى (يەنى مۇناپىقلارنى) سىرداش قىلىۋالماڭلار، ئۇلار سىلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتا بوشاڭلىق قىلىپ قالمايدۇ. ئۇلار سىلەرنىڭ مۇشەققەتتە قېلىشىڭلارنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىكى ئېغىزلىرىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ دىللىرىدا يوشۇرغان دۈشمەنلىكى تېخىمۇ چوڭدۇر». (3 : 118)

لورد ئەللەنبىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان گەپلەر مۇسۇلمانلارنى ھەقىقى يامان كۆرۈشنى ئىپادىلەيدۇ. ئۇنىڭ دۆلىتى ئەنگلىيە سىر تۇتتۇۋاتقان نەرسىلەر بولسا، شەكسىز، ئۇنىڭدىن قارىغاندا چوڭراقتۇر. ھەر بىر ياۋروپالىقنىڭ قەلبىدىكى نەرسىمۇ شۇنداق. بۇ ئاداۋەت سىلىبچىلار دەۋرىدىن ھەتتا شۇ كۈنگىچە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بىز دۇچ كېلىۋاتقان قوغلىنىشلار ۋە خارلىقلار، مۇستەملىكىچىلىك ئىسكەنجىسى ۋە بايلىقىمىزنىڭ تالان-تاراج قىلىنىشى ھەممە بۇلاردىكى سىياسى جەھەتلەر بىز مۇسۇلمانلاردىن ئېلىنىۋاتقان ئىنتىقامدۇر. پاراپېسور لەيبولىد پايىس «ئىسلام يولىنىڭ ئايرىلىش جايىدا» دېگەن كىتابىدا مۇنداق دەپ يازدى: «ئىسلامى، خۇسۇسەن ئەرەبىي مەنبەلەردىن ناھايىتى كەڭ كۆلەمدە مەدەت ئېلىپ ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان



ياۋروپادىكى ئويغىنىش ياكى ئىلىم ۋە پەننى تىرىلدۈرۈشتىكى سەۋەبى ئاساسەن شەرق ۋە غەرب ئوتتۇرىسىدىكى يادىكى ئالاقىلارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. لېكىن ياۋروپا بۇ ياخشىلىقنى بىلمىدى. بىلگەن بولسا ئىسلامغا بولغان ئاداۋىتىدىن ۋاز كېچەتتى. بىراق ئىش ئەكسىچە بولدى، يەنى بۇ ئاداۋەت زامانلار ئۆتۈشى بىلەن ئۆسۈپ ئۇلغايدى، كېيىن ئادەۋەتكە ئايلاندى. ھەقىقەتەن، قاچان مۇسۇلمان سۆزى زىكرى قىلىنسا، مىللى تۇيغۇلارنى بۇ ئاداۋەت ئۆز ئىچىگە ئالاتتى. بۇ ئاداۋەت ئۇلارنىڭ ماقاللىرىدىمۇ ئىشلىتىلىدىغان بولدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، ئەر بولامدۇ ياكى ئايال بولامدۇ ھەر بىر ياۋروپالىقنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. بۇنىڭدىنمۇ ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ ئاداۋەت ساقاپى تەرەققىياتنىڭ بارچە دەۋرلىرىدىن كېيىنمۇ يوقالمىدى. كېيىن ياۋروپا تۆرلۈك پىرقىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن ۋە ھەر بىر پىرقە باشقا ھەرقانداق پىرقىلەرگە قارشى قىلىچ يالىڭاچلىغان بىر پەيتتە دىنى ئىسلاھ قىلىش دەۋرى كەلدى. بىراق، ئىسلامغا ئاداۋەت پۈتۈن ياۋروپادا ئامىۋى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن دىنى تۇيغۇلار يوقالغان دەۋرى باشلاندى. لېكىن شۇچاغدىمۇ ئىسلامغا ئاداۋەتتى يوقالمىدى. بۇنىڭغا يارقىن مىسال قىلىپ18. ئەسىردە ياشىغان فرانسۇز پەيلاسوپى ۋە شائىرى ۋالتىيرنى كەلتۈرۈش مۇمكىن. ئۇ نەسرانى دىنى ۋە چىركاۋلىرىنىڭ ئەشەددى دۈشمەنلىرىدىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىسلامنى ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىنىمۇ ناھايىتى يامان كۆرەتتى. بىر نەچچە ئەسىرلەر ئۆتۈپ، غەرب ئالەمى ئەجنەبى ساقاپەتلەرنى ئۆگىنىپ، ئۇلارغا خەيرى خاھلىق بىلەن قارايدىغان زامان كەلدى. ئەمما ئىسلامغا ئالاقىدار مەسىلىلەردە بولسا، ئالدىنقىلارغا تەقلىد قىلىپ ھاقارەت نەزەرى بىلەن قاراش

ئۇلارنىڭ ئىلمى ئىزدىنىشىگىمۇ سىڭىپ كەتتى. ياۋروپا بىلەن ئىسلام ئالەمى ئوتتۇرىسىدا تارىخ قازغان ئارال ئۈستىگە كۆرۈك قۇرۇلماي قېلىۋەردى. كېيىن ئىسلامغا ھاقارەت بىلەن قاراش ياۋروپالىقلار تەپەككۇرىنىڭ ئاساسى ۋە ئاجرالماس بىر قىسمىغا ئايلاندى». يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگەن مىسسىئونېرلىق جەمئىيەتلىرى مانا شۇ ئاساستا بەرپا بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ جەمئىيەتلەر مۇسۇلمانلارنى نەسرانىلارنىڭ دىنىغا تەرغىب قىلىشنى، ئۇلاردا ئىسلامغا نىسبەتەن شۈبھىلەر تۇغدۇرۇشنى، ئۇلارنى دىنىدىن نەپرەتلەندۈرۈشنى، ئاجىزلىقىنىڭ ئاساسى سەۋەبى قىلىپ كۆرسىتىشنى ھەمدە سىياسىي مەقسىتىنىمۇ كۆزلىگەن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ھەم سىياسىي، ھەم شۈبھىلەندۈرۈش جەھەتتىن دەھشەتلىك نەتىجە بەردى. مىسسىئونېرلىق ھەرىكەتلىرى ئادەملەرنى اللەنىڭ يولىدىن توسۇش ۋە مۇسۇلمانلارنى دىنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە ئىسلامنى ئېيىپلاش ھەمدە ئۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈملىرى ئەتراپىدا مۇئامما ۋە شۈبھىلەر تۇغدۇرۇش ئارقىلىق ئىسلامنى يوقىتىش ئاساسىدا تەشكىل قىلىنغان ئىدى. بۇ مىسسىئونېرلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ ئارقىدىن دەل مانا شۇ مەقسەتنى كۆزلىگەن ۋە شۇ ئۇسلۇبنى قوللانغان شەرقنى ئۆگىنىش شەرق شۇناسلىق ھەرىكىتى مەيدانغا كەلدى. ياۋروپادىكى بارلىق كۈچ سېلىپ ئۇرۇنۇشىدا بىرلەشتۈرۈلدى. بۇ ئۇرۇنۇشنى ياۋروپا ئاۋۋال ساقايى جەھەتتىن ئىسلام ھۆكۈملىرىنى ۋە ئالىي غايىلىرىنى بۇزۇپ كۆرسىتىش، پىكىرلەرنى چالغىتىش ھەمدە ئەجنەبىلار ئىلمى ئىزدىنىش ۋە ئىلمى ھەقىقەت نامى بىلەن مۇسۇلمانلارغا ئۇلارنىڭ تارىخى ۋە ئىسلام ھەققىدىكى ئېيتىۋاتقان گەپلىرى ئارقىلىق



ئۇلارنىڭ ئەقىللىرىنى زەھەرلەشكە باشلىدى. بۇ ساقايى زەھەر بولۇپ، سەلبىي ئۇرۇنۇشلىرىغا قارىغاندا خەتەرلىكراق ئىدى. مىسسىئونېرلار بۇ زەھەرلەشنى ئىلىم ۋە ئىنسان پەرۋەرلىك نامى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغان بولسا، شەرق شۇناسلار شەرقنى ئۆگىنىش نامى بىلەن ئەمەلگە ئاشۇردى. فرافقسور لېئوپالد ۋېيس ئېيتىدۇ: «ھەقىقەت شۇكى، يېقىنقى ئەسىردىكى ھەقىقىي شەرقشۇناسلار ئىسلامى ئۆلكىلەردە ھەرىكەت قىلىۋاتقان مىسسىئونېرلار بولغان. ئۇلار ئىسلام تەلىماتلىرى ۋە تارىخىنى بۇزۇپ كۆرسەتكەن سۈرەت ياۋروپالىقلارنىڭ «بۇتپەرەسلەر»، يەنى مۇسۇلمانلارغا بولىدىغان مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەپ بېرىشنى كاپالەتلەندۈرگەن ئاساستا ئىشلەپ چىقارغان ئىدى. شەرقشۇناسلىق ئىلىملىرى مىسسىئونېرلىق نۇپۇزىدىن ئازات بولغان ئىدى. بۇ ئىلىملەر ئۈچۈن ناتوغرا يۈزلەندۈرۈۋېتىدىغان ئىلىمسىزلەرچە دىنىي ساقلاش دېگەن ئۆزرى قالمىغان بولسىمۇ، بۇنداق ئەقلى ئېغىشلار داۋام قىلماقتا. ئەمما شەرقشۇناسلارنىڭ ئىسلامغا ھۇجۇم قىلىشىغا كەلسەك، بۇ ئاۋۋالقىلاردىن مىراس بولۇپ قالغان بىخەستەلىك ۋە سەلبىي ئۇرۇنۇشلىرى پەيدا قىلغان ئاسارەتلەرگە ئاساسلانغان تەبىئىي خۇسۇسىيەتلەردۇر». مىراس بولۇپ قالغان بۇ ئاداۋەت مۇسۇلمانلارغا قارشى غەربلىكلەرنىڭ قەلبلىرىدە ھازىرغىچە كىنە-ئاداۋەت ئوتىنى ياقماقتا ۋە ئىسلامنى ھەتتا مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە ۋە باشقىلارغا ئىنسانىيەتنى قورقۇنچىغا سالغۇچى نەرسە ياكى ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا زەربە بېرىدىغان دەھشەتلىك ئالۋاستى قىلىپ تەسۋىرلىمەكتە. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىسلامدىن ھەقىقەتتە قورقۇۋاتقانلىقىنى يوشۇرماقتا. چۈنكى، ئىسلام

قەلبلەردە نۇر ئاتسا. مۇسۇلمان ئالەمدىن مۇستەملىكىچى كاپىرلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقى يوقىلىدۇ ۋە ئىسلامىي دۆلەت پۈتۈن ئالەمنى ھەق يولغا دەۋەت قىلىشنى يەنە يولغا قويىدۇ. ئىنشائەللاھ، بۇنەرسە ئەلۋەتتە بولغۇسى! بۇ نەرسە پۈتۈن ئىنسانىيەت ئۈچۈنمۇ، غەرب ئۈچۈنمۇ پايدىدۇر. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ پۈتۈن ھەرىكەتلىرى ئۇلارنىڭ قەلبلىرىدىكى ھەسرەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ. الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

ان الذين كفروا ينفقون اموالهم ليصدوا عن سبيل الله فسينفقونها ثم تكون عليهم حسرة ثم يغلبون *

– «شۈبھىسىزكى، كاپىرلار مال-مۈلۈكلىرىنى (باشقىلارنى) اللەنىڭ يولىدىن توسۇش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ، سەرپ قىلىنغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مال-مۈلۈكلىرى ئۇلارغا ھەسرەت ئېلىپ كېلىدۇ، ئاخىر ئۇلار يېڭىلىدۇ». (8:36)

مىراس بولۇپ قالغان بۇ ئاداۋەت دائىم ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلارغا قارشى ھەرقانداق ھەرىكەتنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەمەكتە. غەربلىك ئالىم مەجۇسىلىق، ھىندىلىك ياكى كوممۇنىستىك ئېقىملار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارسا، ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرىدە دۈشمەنلىك، بىرەر تەئەسسۇپ ۋە ياكى ئاداۋەتنى كۆرمەيسىز. ئەگەر ئىسلام ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بارسا، مۇسۇلمانلار مەغلۇپ، مۇستەملىكىچى كاپىر غەربلىككە قارىماستىن، ئۇنىڭ ئىزدىنىشىدە دۈشمەنلىك، ئاداۋەت ۋە نەپرەت ئالامەتلىرى ئېنىق كۆزگە تاشلىنىدۇ. غەربلىك چېركاۋ كىشىلىرى – ئۇلار ئارقىسىدىن مۇستەملىكىچىلەر – ھازىرمۇ ئىسلامغا قارشى تۈرلۈك ھەرىكەتلەرنى نامايەن قىلىپ كەلمەكتە، جارچىماي ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار ئۈستىگە تەنە ياغدۇرماقتا.



مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلارغا بۆھتان قىلماقتا، ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلار تارىخىغا ئېيىپلارنى چاپلىماقتا، بۇلارنىڭ ھەممىسى مۇسۇلمانلاردىن ئۆچ ئېلىش ۋە مۇستەملىكىچىلىك ۋە مۇستەملىكىچىلىكنىڭ قەدەملىرىنى مۇستەھكەملەش ... بولماقتا.

www.uyghurkitap.com

## مىسسىئونېرلىق ھۇجۇمىنىڭ ئاسارەتلىرى

بۇ مىسسىئونېرلىق ھۇجۇملىرى ياۋرۇپا مۇستەملىكىچىلە-كى ئىسلام ئالەمنى ساقاپىي جەھەتتىن بېسىۋېلىپ، ئۇنى سىياسىي جەھەتتىنمۇ بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن تەييارلىغان «ئالدىنقى بۆلۈنمىلەر» ئىدى. مۇسۇلمانلار ئىستانبۇل ۋە بالقاننى پەتھى قىلغان ۋە ياۋرۇپاغا ئىسلامنى ئېلىپ چىققان ۋاقىتتا پىكرى يېتەكچىلىكنى يايغۇچىلار بولغاندىن كېيىن ئىسلامىي ئۆلكىلەر غەرب ئۆز پىكرى يېتەكچىلىكىنى ئېلىپ كېلىدىغان پىكرى نىشانغا ھەممە ھازارىتى ۋە ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى ئىلىم، ئىنسان پەرۋەرلىك ۋە دىنىي مىسسىئونېرلىق نامى ئاستىدا تۈرلۈك ۋاسىتىلەر بىلەن تارقىتىدىغان مەيدانغا ئايلىنىپ قالدى. غەرب ھازارىتى ۋە چۈشەنچىلىرىنى يېيىشنىڭ ئۆزى بىلەن توختاپ قالمىدى، ئۇ مۇسۇلمانلارغا قارشى جەڭ قىلىۋاتقاندا ئىسلام ھازارىتى ۋە ئۇنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىنى قارىلايتتى. بۇ نەرسە نە پەقەت زىيالىلارغا ۋە سىياسەتچىلەرگە، تەسىر كۆرسىتىپ قالماستىن، بەلكى ئىسلامىي ساقاپەتنى يايغۇچىلارغا ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا يامان تەسىر قىلدى.

زىياللارغا مۇستەملىكىچىلىك ئىسلامىي ئالەمنى بېسىۋالماستىن ئالدىن ئۆزىنىڭ مىسسىئونېرلىق مەكتەپلىرىدە، بېسىۋالغاندىن كېيىن بولسا، بارلىق مەكتەپلەردە ئۆز پەلسەپىسى، ھازارىتى ۋە ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا ئۆزى تەلىم ۋە ساقاپەت دەستۇرلىرىنى ئىشلەپ چىقىپ، جارى قىلدى. كېيىن غەرب ئۆز شەخسىنى بىزگە بېرىۋاتقان ساقاپىتى ئېلىنىدىغان ئاساس قىلدى. شۇنىڭدەك، ئۆز تارىخى ئويغىنىشى ۋە مۇھىتىنى ئەقىللىرىمىزنى تولدۇرۇش ئۈچۈن مەلۇماتلار ئالىدىغان مەنبەگە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەنمۇ توختىمىدى. بەلكى دەستۇرلارنىڭ بىرەر جۈزئى تەرىپىمۇ ئۇ بەلگىلىگەن ئاساستىن، يەنى غەرب پەلسەپىسى ۋە ھازارىتىدىن چىقىپ تاشقىرى چىقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بارلىق تەپسىلاتلىرىغىچە ئارىلاشتى. بۇ ئارىلىشىش ئۇمۇمىي ئىدى، ھەتتا ئىسلام دىنى، ئىسلام تارىخى دەرسلىرىگىمۇ ئارىلاشتى. بۇ دەرسلەرنىڭ دەستۇرلىرى غەرب تەقدىم قىلغان ئاساسقا ھەمدە غەرب چۈشەنچىلىرىگە مۇۋاپىق تۈزۈلگەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنى ئىسلامىي مەكتەپلەردە غەربنىڭ دىنى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە ماسلاشتۇرۇپ، روھى ئەخلاقى ماددا سۈپىتىدە ھاياتتىن ۋە ئىسلامنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ھەقىقىتىدىن ناھايىتىمۇ يىراق قىلىپ ئۆگۈتۈلەتتى. پەرزەنتلىرىمىزگە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتلىرى پەيغەمبەرلىك ۋە رىسالەتكە ئالاقىسى يوق قىلىنىپ، خۇددى ناپالېئون ياكى بىسماركنىڭ ھاياتىنى ئۆگەنگەنگە ئوخشاش ئۆگۈتۈلدى. قەلبلەردە بىرەر پىكىر ياكى بىرەر تۇيغۇ ئويغاتمايدىغان قىلىپ ئۆگەتتى. ئىبادەت ۋە ئەخلاق ماددىلىرى



— دىنى دەستۇرلىرى شۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىدى — مەنپەئەت نۇقتىئىنەزەرىدىن تەلىم بېرىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىدىن تەلىم بېرىشمۇ غەرب دەستۇرىغا مۇۋاپىق ئېلىپ بېرىلىدىغان بولدى. ئىسلام تارىخىدىن بولسا، «بۇزۇق نىيەت ۋە خاتا چۈشەنچىلەر» توقۇپ چىقارغان ئوقسانلار ئوقۇتۇلدى، تارىخى ھەقىقەت ۋە ئىلمى بەھسى نامى بىلەن قارا داغ قىلىپ كۆرسىتىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ زىيالىيلىرى ئارىسىدىن مىسسىئونېرلىق ئۇسلۇبى ۋە دەستۇرى ئاساسىدا تارىختىن تەلىم بېرىدىغان ياشلارنىڭ يېتىشىپ چىقىشى دەرت ئۈستىگە چىققان چىبقان بولدى. شۇنداق قىلىپ بارلىق دەستۇرلار غەرب دەستۇرى ئاساسىدا ۋە غەرب دەستۇرىغا مۇۋاپىق ئىشلەپ چىقىلدى. بۇنىڭ بىلەن زىيالىلارنىڭ كۆپچىلىكى غەرب ساقاپىتىنىڭ باللىرىغا ۋە شاگىرتلىرىغا ئايلىنىپ قالدى. بۇ ساقاپەتنى ياقتۇرۇپ، ياخشى كۆرۈپ، ھاياتتا ئۇنىڭ چۈشەنچىلىرىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ھەتتا ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى غەرب ساقاپىتىگە زىت كېلىپ قالسا، ئىسلام ساقاپىتىنى ئىنكار قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار غەرب نۇقتىئىنەزەرى تەسىرىگە بېرىلىپ، غەرب ساقاپىتى بىلەن تەربىيىلەنگەن زىيالىلارغا ئايلاندى. غەرب ساقاپىتىگە تامامەن ئىخلاس قىلدى، بۇ ئىخلاس ئۇلارنى ئەجنەبىنى ئۇلۇغلاشقا ۋە ھازارىتىنى ئېلىشقا ئۈندىدى. كۆپچىلىك زىيالىلارنىڭ تەبىئىتى غەربنىڭ تەبىئىتىگە ئوخشاش بولۇپ قالدى. غەربلىك يامان كۆرگەندە ئىسلامدىن ۋە ئۇنىڭ ساقاپىتىدىن نەپرەتلەنگەندەك، غەربلىك ئاداۋەت ساقلىغىنىدەك، ئىسلامغا ۋە ئىسلامىي ساقاپەتكە ئاداۋىتى بولىدىغان غەربلىك ئۇلارغا ئۆگەتكەندەك ئىسلام ۋە ئىسلامىي ساقاپەت مۇسۇلمانلار

قالاقلىقىنىڭ سەۋەبى دەپ ئىشىنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ سەۋەبتىن مەسىئونېرلىق ھەرىكەتلىرى ئۆز سەپلىرىگە زىيالى قاتلامنى قوشۇۋېلىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا ۋە ئىسلامى ساقاپەتكە قارشى قىلىپ قويغان ۋاقىتتا مىسلىسىز مۇۋەپپىقىيەتكە ئېرىشتى.

بۇ ھالەت ياۋرۇپا ۋە ئەجنەبى مەكتەپلەردىكى زىيالىلاردىن ئۆتۈپ، ئىسلامى ساقاپەت ئىگىلىرىگىمۇ يېتىپ باردى. ئۇلار غەرب مۇستەملىكىچىلىكى ئۇلارنىڭ دىنلىرىنى ئېيىبلەپ، ھۇجۇم قىلىش ئالدىدا دەھشەت قورقۇشقا چۈشتى ۋە بۇ ئېيىبلەشلەرنى بار ئىمكانىيىتى بىلەن رەت قىلىشقا باشلىدى. بۇ رەددىيەلەر توغرىلىقى ياكى ناتوغرىلىقىغا ئېتىبار ھەم بەرمىدى. ئەجنەبى ئۇلارنىڭ دىنىغا قىلىۋاتقان ئېيىبلەر ئىسلامنىڭ ئەسلى ئۇلۇغلىقىمۇ ياكى ئىسلامغا چاپلاۋاتقان، ئۇنىڭدا بولمىغان نەرسىلەرنى ـ بۇ ھەقتە ئويلاپ ھەم ئولتۇرمىدى. ئۇلار بۇ رەددىيەلىرىدە ئىسلام ئېيىبدار قىلىنىشىغا رازى بولدى. كېيىن ئىسلام ئۇسۇلىرىنى غەرب چۈشەنچىلىرىگە ماس كېلىدىغان ھالدا تەئۋىل قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئۇلار ياۋرۇپانىڭ بۇ ھۇجۇملىرىغا رەددىيەلەر بەردىكى، بۇ نەرسە رەت بولىشىدىن باشقا كۆپراق مەسىئونېرلىق ھۇجۇمىغا ئايلاندى. ئىسلام ھازارىتىگە زىت بولغان غەرب ھازارىتى ـ ئۇنى دەل ئىسلامدىن دېگەن ئويدۇرمىلار بىلەن قوبۇل قىلغان ـ ئۇشبۇ زىيالىلارنىڭ چۈشەنچىلىرىگە ئايلىنىپ قالغانلىقى غايەت ئېچىنارلىق ئىدى. ئۇلارنىڭ تولىسى غەرب ئۆز ھازارىتىنى ئىسلام ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئالغان دەيدىغان بولدى ۋە ئىسلام بىلەن غەرب ھازارىتى ئوتتۇرىسىدا مۇتلەق زىددىيەت بولىسىمۇ، ئىسلام



ئەھكاملىرىنى شۇ ھازارەتكە ماسلاشتۇرۇپ تەئۋىل قىلىدىغان بولدى. بۇ ئۇلار غەرب ھازارىتىنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلدى ۋە ئۆز ئەقىدىلىرى ۋە ئۆز ھازارىتىنى غەرب ھازارىتى بىلەن مۇۋاپىق كېلىدۇ دەپ ئۇچۇق ئېتىقادىدا بولسا، ئۇنىڭدىن بىرى بولدى. بۇ نەرسە ئۇلار غەرب ھازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىسلامى ھازارەتلىرىدىن چىققانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇ بولسا، مەسىئونېرلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىك ھۇجۇملىرىغا قارار قىلغان مۇستەملىكىچىلىكنىڭ ـ غەربنىڭ كۆزلىگەن مەقسىتىدۇر. ئەجنەبى ساقاپەت بىلەن تەربىيلەنگەن زىيالىلارنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە زىيالىلارنىڭ ئىسلامى ساقاپەتنى ناتوغرا چۈشىنىشى سەۋەبىدىن مۇسۇلمانلاردا غەربنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى پەيدا بولدى ۋە يۇرتلىرىدا غەربنىڭ ماددى ھازارىتى مۇستەھكەم ئورناشتى ھەمدە جەمئىيەتتىكى ھايات غەربنىڭ ھازارىتى ۋە چۈشەنچىلىرىگە بويسۇنىدىغان بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار باشقۇرۇشىدىكى دېموكراتىك نىزام ۋە ئىقتىسادتىكى كاپىتالىستىك نىزاملار كۇفرى نىزاملىرى ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. ئۇلار قىلىۋاتقان ئىشلار الله نازىل قىلمىغان ھۆكۈملەر بىلەن ئاجرىم قىلىنىشىمۇ تەسىرلەنمەيدىغان بولۇپ قالدى. ھالبۇكى ئۇلار الله تائالانىڭ ئۇشبۇ ئايىتىنى بىلەتتى:

ومن لم يحكم بما انزل الله فاولئك هم الكفرون *

ـ «كىمكى الله نازىل قىلغان دىن بىلەن ھۆكۈم قىلمايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇلار كاپىرلاردۇر» . (5:44)

بۇنىڭ ئاساسى سەۋەبى دىننى دۆلەتتىن ئاجرىتىش ئاساسىغا قۇرۇلغان غەرب ھازارىتى ۋە ماددى چۈشەنچىلىرى ئۇلارنىڭ

جەمئىيەتلىرىگە ھۆكۈمران بولىۋالغاندۇر. ئۇلار ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش نامازلارنى ئوقۇپ قويۇشنىڭ ئۆزى بىلەن دىنىي بۇرۇچلىرىمىزنى ئادا قىلدۇق، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، گەرچە دۇنياۋى ئىشلىرىنى ئۆزلىرى خالىغاندەك ئېلىپ بارالىسىمۇ. چۈنكى ئۇلار «پادىشاھقا پادىشاھلىقىنى، ئاللاھقا ئاللاھلىقىنى بەر، دېگەن غەرب چۈشەنچىسىدىن تەسىرلەندى. پادىشاھمۇ، پادىشاھ ئۈچۈن بولغان ھەممە نەرسەلەرنى ھەم ئاللاھ ئۈچۈن قىلىدىغان ھەمدە ناماز، سودا-سېتىق، ئىجارە، ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ۋە تەلىم-تەربىيە ئىشلىرىنى ئاللاھنىڭ بۇيرۇق ۋە توسۇقلىرىغا مۇۋاپىق يۈرگۈزىدىغان قىلىدىغان ئىسلامىي چۈشەنچىلەردىن تەسىرلەنمىدى. گەرچە ئۇلار، ئاللاھ تائالانىڭ تۆۋەندىكى ئايىتىنى ئوقۇغان بولسىمۇ، بۇ چۈشەنچىلەردىن تەسىرلەنمىدى:

وان احكم بينهم بما انزل الله

-«(ئى مۇھەممەد!) ئاللاھ نازىل قىلغان نەرسە بىلەن ھۆكۈم قىلغىن» . (5:49)

ياايها الذين ءامنوا اذا تداينتم بدين الي اجل مسمي فاكتبوه

-«ئى ئىمان كەلتۈرگەن كىشىلەر بىر-بىرىڭلار بىلەن قەرز مۇئامىلە قىلىشساڭلار، يېزىپ قويۇڭلار» . (2:282)

ومن يشاقق الرسول من بعد ماتبين له الهدي ويتبع غير سبيل المؤمنين نوله ماتولي ونصله جهنم وساءت مصيرا *

-«كىمكى ئۆزىگە (مۆجىزىلەر ئارقىلىق) توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەرگە يەنى ئۇنىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىدىكەن، مۇئمىنلەرنىڭ يولىدىن غەيرىگە ئەگىشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى (ئاخىرەتتە جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمە دېگەن يامان



جاي!» . (4:115)

وما كان المؤمنون لينفروا كافة فلولا نفر من كل فرقة منهم طائفة ليتفقهوا في الدين ولينذروا قومهم اذا رجعوا اليهم لعلهم يحذرون *

-«مۇئمىنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىھادقا چىقىشى لايىق ئەمەس. ئۇلاردىكى ھەر بىر گورۇھتىن بىر تائىپە جىھادقا چىقىپ، قالغانلار دىنىي ئۆگىنىپ، جىھادقا كەتكەنلەر قايتقاندا ئۆزلىرى ئۆگەنگەن نەرسىلەرنى ئۇلارغىمۇ ئۆگەتسە بولمامدۇ؟ ئۇمىدكى ئۇلارمۇ ئاللاھدىن قورقاتتى» . (9:122)

ھەئە، ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىدىن تەسىرلەنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار قۇرئان ئايەتلىرىنى مۇسۇلمان ھاياتقا تەدبىق قىلىشى ئۈچۈن لازىم بولغانلىقى ئۈچۈن ئوقۇمايدۇ. بەلكى ئۇلارنى غەرب چۈشەنچىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغان ھالەتتە ئوقۇسىمۇ بۇ ئايەتلەرنىڭ پەقەت روھانىي جەھەتلىرىدىن تەسىرلىنىدۇ ۋە ئۇلاردىكى چۈشەنچە ۋە مەزمۇن بىلەن ئەقىللىرى ئوتتۇرىسىغا توسۇق قويىدۇ. بۇلارنىڭ بارچىسىغا سەۋەپ، غەرب ھازارىتى ۋە چۈشەنچىلىرى ئۇلارغا ھۆكۈمران بولىۋالغانلىقىدۇر. بۇ ئېيتىلغانلار خەلق ئاممىسىغا ۋە ئىسلامى ھەمدە ئەجنەبىي ساقاپەت بىلەن تەربىيەلەنگەن زىيالىلارغا تەئەللۇقتۇر.

سىياسەت كىشىلىرىگە كەلگەن ئۇمۇمى بالا ۋە مۇسىبەت چوڭراقتۇر. چۈنكى، ئۇشبۇ سىياسەتچىلەر مۇستەملىكىچىلىك ئۇلارنى جەملەپ ئوسمانى دۆلەتكە قارش تۇرۇشقا ئۈندىگەن، ئۆزلىرىگە مايىل قىلىپ تۇرلۈك ۋەدە بەرگەن. - ئۇلارغا شەيتاننىڭ بەرگەن ۋەدىلىرى ئەلۋەتتە يالغاندۇر - پەيتتىن باشلاپ ئۇلار ئەنە شۇ ئەجنەبى بىلەن بىرگە ۋە ئۇ سىزىپ بەرگەن سىزىقتا يۈرمەكتە. ئۇلار ئوسمانى دۆلەت بار ۋاقتىدىلا ئەجنەبىلار تەرەپكە

ئۇتۇپ، ئۇلارغا ئۆز دۆلىتىنىڭ قارشى ياردەم بەردى. ھالبۇكى بۇ ئىسلام ئەسلا رۇخسەت بەرمەيدىغان ئىش ئىدى. لېكىن ئۇلار شۇ ئىشنى قىلدى ۋە بۇ ئىشلارنى دائىم ئەسلەپ تۇرىدىغان پەخىر، ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىدىغان بايرامغا ئايلاندۇردى. ئۇلار ئاشۇ ۋاقىتتا دۆلەتنى ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمران گورۇھقا قارشى ئورۇنۇش ئورنىغا دۆلەتنىڭ كاپىر دۈشمەنلىرى بىلەن بىرلىكتە پۈتۈن ئىسلام دۆلەتلىرىگە قارشى تۇردى. ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرىنى مۇستەملىكىچى كاپىرلار ئىگەللىۋالدى. كېيىن بۇ مۇستەملىكىچى كاپىرلارغا قارشى خەلقتىن يارده ئېلىش ئورنىغا خەلققە قارشى ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلدى. ھەقىقەتتە، ئۇلار مۇستەملىكىچى كاپىرلاردىن ئىسلامى شەخسىيەتلىرىنى يوقىتىدىغان دەرىجىدە تەسىرلەندى. مۇستەملىكىچى كاپىر ئۇلارنىڭ پىكىرلىرىنى ئۆزىنىڭ سىياسى ۋە پەلسەپى رەئىيلىرى بىلەن زەھەرلىدى. بۇ بولسا ئۇلارنىڭ ھايات ھەققىدىكى، جىھاد ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن ئىسلامى مۇھىتلارنىڭ بۇزۇلىشىغا، ھاياتنىڭ تۈرلۈك جەۋھەرلىرىدە پىكىرلەرنىڭ ئېلىشىپ كېتىشىگە سەۋەپ بولدى.

ئۇلار جىھادنى بەھسى مۇنازىرىگە ئالماشتۇردى. ئىسلامى يۇرتلاردا مۇستەملىكىچىلىك ئۈچۈن ھساپسىز قوشۇنلاردىنمۇ پايدىسى ئۆلچەمسىز كۆپ ھېساپلانغان «تال ۋە تەلەپ قىلغىن» قائىدىسىگە ئىمان كەلتۈردى. مۇستەملىكىچى كاپىرلاردىن ھەر قانداق ياردەم سوراش گۇناھى كەبىرە ۋە سىياسى جەھەتتىن ئۆز-ئۆزىنى بۇغۇزلاش ئىكەنلىكىنى ئاڭلىمىغان ھالدا ئۇلاردىن ياردەم تەلەپ قىلىش ۋە ئۇلارغا تايىنىشنى كۈن تەرتىپىگە



كىرگۈزدى. تار مەھەللىچىلىك ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا ۋە ئۇنى سىياسى پائالىيەتلەرنىڭ مەيدانىغا ئايلاندۇرۇشقا رازى بولدى. ئىقلىم مەملىكەتلىرى كەڭ بولسىمۇ، ساغلام ھايات تەلەپ قىلىدىغان سىياسى ۋە غەيرى سىياسى يۈكلەرنى كۆتۈرۈش مەھەللىچىلىكتە مۇمكىن بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ھالەتنىڭ سىياسى ھەرىكەتلەرنى نەتىجىسىز قىلىپ قويۇشنى چۈشىنىپ يەتمىدى.

ئۇلار بۇ ئىشلار بىلەن توختاپ قالمىدى. بەلكى شەخسى مەنپەئەتلىرىنى ئاگاھلىقىنىڭ، ئەجنەبى دۆلەتلىرىنى بولسا ئۇمۇمى ھۇشيارلىقلىرىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندۇردى. بۇنىڭ بىلەن ھۇشيارلىقنىڭ تەبىئى مەركىزى، يەنى مەبدەئلىرىنى يوقاتتى. بۇ يوقىتىش سەۋەبىدىن - ھەرىكەتلىرىدە مۇۋەپپىقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم بولدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بارچە سىياسى ھەرىكەتلەر نەتىجىسىز ھەرىكەتلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇممەتتىكى ھەر بىر ئويغىنىش بۇغۇزلانغان جانۋارنىڭ تىنچىپ قېلىشى، ئۈمىدسىزلىك ۋە تامامەن تەسلىم بولۇش بىلەن تۈگەيدىغان ھەرىكەتكە ئوخشاپ كېتىدىغان ئېنىق ئەمەس ۋە زىددىيەتلەرگە تولغان ھەرىكەتلەرگە ئوخشاپ كېتەتتى. بۇنىڭغا سەۋەپ، سىياسى ھەرىكەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى ھۇشيارلىقلىرىنىڭ تەبىئى مەركىزىنى يوقاتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇممەت ھۇشيارلىقلىرىنىڭ بۇ مەركىزىنى يوقىتىشى تەبىئى ئىدى. سىياسەتچىلەرنىڭ پىكىرلىرى ئەجنەبى مەبدەئ بىلەن مانا شۇنداق زەھەرلەنگەندەك، خاتا رەئىيلەر بىلەنمۇ زەھەرلەندى، يەنى ئىسلامى ئۆلكىلەردە مىللىيلىق ۋە سوتسىيالىزم، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە كوممۇنىزم روھى، دىنى ۋە ئەخلاق تەلىم ۋە

ئىرشاد (توغرا يول كۆرسىتىش) نامى بىلەن تۈرلۈك ھەرىكەتلەر مەيدانغا كەلدى. بۇ ھەرىكەتلەر دەرت ئۈستىگە ھەققان چىپقان (ئاغرىپ تۇرغان يەرگە چىپقان دېگەن جاراھەت چىققان) ۋە جەمئىيەتنى ئىزىپ تۇرغان مۇئاممالارغا قوشۇمچە مۇئامما بولدى. ئۇلارنىڭ نەتىجىسىمۇ مۇۋەپپەقىيەتسىزلىك ۋە ئۆز ئەترابلىرىدا ئورۇنلىشىپ قېلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. بۇ ھەرىكەتلەر مىسسىئونېرلىق ھۇجۇمىدىن تەسىرلەنگەن ھالدا غەرب ھازارىتى ۋە چۈشەنچىلىرىگە مۇۋاپىق پالىيەت كۆرسەتتى ھەمدە ئۇممەتنىڭ جۇشقۇن تۇيغۇلىرىنى پايدىسىز ۋە ياخشىلىق بىلەن قايتمايدىغان ئىشلار بىلەن بەنت قىلغانلىرى يەتمىگەندەك، ئۇنى غەربنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى تەرەپكە يۈزلەندۈرۈۋەتتى ۋە مۇستەملىكىچىلىك ئىسلامى ئۆلكىلەردە يىلتىز تارتىپ، مۇستەھكەم ئورۇنلىشىۋېلىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. شۇنداق قىلىپ مىسسىئونېرلىق ھۇجۇملىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى مۆلچەرلىگۈسىز بولدى.

## ئىسلامى ئالەمگە سىياسى ھۇجۇم

ئەندەلس (ئىسپانىيە)گە بولغان ھۇجۇمنىڭ ھەقىقى سەۋەبى سىلىب ئۇرۇشى تۈپەيلىدىن غەربلىكلەرنىڭ ئىدىيىسىدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىنتىقامغا بېرىپ تاقىلىدۇ. چۈنكى غەرب سىلىب ئۇرۇشىدا ناھايىتى تېز مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچراپ، ئىسلام ئالەمىدىن شەرمەندىلەرچە قوغلاندى كېيىن بۇ مەغلۇبىيەت نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئىدىيىسىدە مۇسۇلمانلارنى يامان كۆرۈش، ئۇلارغا نىسبەتەن ئاداۋەت ۋە نەپرەت يالقۇنى پەيدا بولدى. غەرب



شەرققە ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇش قىلىشقا پېتىنالمىدى. چۈنكى شەرق خەلقى ھەر-تۈرلۈك بولسىمۇ، غەربنىڭ يولىنى توسۇشقا ۋە ئۇرۇشلىرىنى پەچەككە چىقىرىشقا كۈچى يېتەرلىك ئىدى. غەرب بۇ ئىنتىقامنى ئەندەلۇستا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مۇمكىن ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممىسىنى ئۇنىڭغا قاراتتى. ئوتخانىلار، باش كىسىدىدىغان ئەسلەھەلەر، تېپىتىش مەھكىمىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، ۋەھشى ھايۋانلاردىنمۇ ئارتۇق ياۋۇزلۇق بىلەن ئەندەلۇسنى مەغلۇپ قىلدى. ئەسلىدە بۇنداق ۋەھشىلىك غەرب ئۈچۈن ئار ھېساپلىناتتى. مۇسۇلمانلار ھەربىي قۇدرىتى كۈچلۈك ۋە ئەندەلۇسقا ياردەم بېرىش ئىمكانىيەتلىرى بولاپ تۇرۇپ، تاماشىبىن بولۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرگەن غەرب، ئىنتىقام ئېلىشنى ئۇزاققا سوزدى. مۇسۇلمانلار بولسا سۇسلۇق قىلدى ۋە ئەندەلۇسنى مانا شۇنداق قىيىن ھالەتتە ئاسان يۇتقىلى بولىدىغان لوقمادەك ئۆز ھالىغا تاشلاپ قويدى ۋە بۇنىڭ بىلەن غەربنىڭ مۇسۇلمانلاردىن ئۆچ ئېلىشى ئۈچۈن يەنە بىر ئىمكان يارىتىپ بەردى. ئەگەر مۇسۇلمانلارنىڭ خۇسۇسەن، ئوسمانى دۆلەتنىڭ قۇدرىتى بولمىغان بولسا، غەربلىكلەر ئىسلام يۇرتلىرىغا كەينى-كەينىدىن ئۇرۇش قىلغان بولاتتى. لېكىن مۇسۇلمانلارنىڭ قۇدرىتى ۋە ئوسمانىلارنىڭ ياۋروپاغا ئۇرۇش قىلىپ، ئۇنى پەتھى قىلىشى ئۇنى قورقۇنچىغا سېلىپ قويدى. ھەتتا ئىككىنچى سىلىب ئۇرۇشىدا يېڭىلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا كۆپ ئىنتىلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام يۇرتلىرىغا غەربنىڭ ھۇجۇمى 18. ئەسىرنىڭ يېرىمىدا توختاپ قالدى. چۈنكى ئەنە ئاشۇ ۋاقىتلاردا بارلىق ئىسلامى ئالەمگە تۇرغۇنلۇق يېيىلىشقا باشلىغان ئىدى. دۆلەت ئىسلامى

دەۋەت بىلەن مۇتلەق شۇغۇللانماي قويدى. نەتىجىدە ئىدىيىدە ئىسلام ھارارىتى سۇسلىشىپ، دۈشمەنلەر مۇسۇلمانلاردىن ھېيىقماي قويدى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئىسلام ئالەمگە ساقايپى ۋە مۇستەئمىرلىق ھۇجۇملىرى باشلاندى ۋە ئىسلامى يۇرتلارنى كىچىك بۆلەكچىلەرگە بۆلۈپ تاشلاش ۋە ئۇنى يىلتىزى يوق قىلىش ئۈچۈن بۇ ھەرىكەتلەر يېنىغا سىياسىي ھۇجۇمنى قوشۇلدى. غەربلىكلەرنىڭ بۇ مەقسەتلىرى ئەمەلگە ئاشتى ۋە ئۇلار كاتتا غەلىبەنى قولغا كىرگۈزدى.

مىلادىي 1762-1769- يىللىرى رۇسىيە كاتىرىنادەۋرىدە ئوسمانلىلارغا قارشى ئۇرۇش قىلىپ، غەلىبە قازاندى ۋە ئۇلاردىن بەزى يەرلەرنى، ئازاۋ شەھىرىنى ۋە قىرىم يېرىم ئارىلىنى تارتىۋالدى. قارا دېڭىزنىڭ شىمالى كۆللىرىنىمۇ قولغا كىرگۈزدى. ئاداسسادا قارا دېڭىزدا تىجارەت ئۈچۈن پورت قۇردى. قىرىم يېرىم ئارىلىدا سېۋاستاپال شەھىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇنىڭغا مەركەز قىلىۋالدى. شۇنداق ھالدا رۇسىيە ئوسمانلى دۆلىتىنىڭ تاشقى سىياسىتىدە خەۋپلىك دۈشمەنگە ئايلاندى. رۇسىيە رۇم ئىمپىرلىكىدە يېتەكچى بولۇپ قالدى ۋە ئۆزىنى ئوسمانلى دۆلىتىدە مەۋجۇت بولغان مەسىھىيلىكنىڭ ھىمايىچىسى دەپ ئېتىبار قىلدى. كېيىن 1884- يىلى تۈركىيەدىن تۈركىستاننى ئاجرىتىۋالدى. كېيىن پۈتۈن كاۋكازنى بېسىۋالدى.

ئىش پەقەت رۇسىيە بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىدى. بەلكى باشقا غەرب دۆلەتلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالدى. 1798- يىلى ئىيۇلنىڭ باشلىرىدا ناپالىئون مىسىرغا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ئىگەللىۋالدى. 1799- يىلى پۈرالدا شام ئۆلكىلىرىنىڭ جەنۇبى



www.uyghurkitap.com

ئۆلكىلىرىگە ھۇجۇم قىلدى ۋە غەززە، يەففا ۋە رىيىلانى قولغا كىرگۈزۈپ، ئەككە قەلئەلىرىگىچە باردى. لېكىن ئۇنىڭغا ئاجاۋۇز قىلىشقا مۇۋەپپەق بولمىدى. كېيىن ناپالىئون مىسىرغا، ئۇنىڭدىن فرانسىيەگە قايتىپ كەتتى. 1801- يىلىدىكى ھۇجۇمى بولسا، مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئوسمانلى دۆلىتىگە تەسىر قىلدى ۋە ئۇنى قاتتىق سىلكىۋەتتى. ئىسلامى ئالەمگە باشقا دۆلەتلەرمۇ كەينى-كەينىدىن ھۇجۇم قىلىپ، يەرلىرىنى ئىگەللىۋېلىشقا باشلىدى. فرانسۇزلار 1830- يىلى ئالجىرىيەنى بېسىۋالدى. كېيىن تۇنۇسقا يۈرۈش باشلاپ، 1881- يىلى ئۇنى قولغا كىرگۈزدى. 1912- يىلى ماراكەشنى ئىشغال قىلدى. ئىتالىيە 1911- يىلى ترىپولى شەھىرىنى ئىگەللىۋالدى. شۇنداق قىلىپ شىمالى ئافرىقىنى بېسىۋالدى. ئۇنى ئىسلام باشقۇرۇشىدىن چىقىرىپ، كۇفرى باشقۇرۇشىغا بويسۇندۇرۇش ۋە مۇستەملىكە قىلىش چېكىگە يەتتى. غەربلىكلەر بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى قالغان يەرلەرنىمۇ ئىگەللىۋېلىشقا باشلىدى. ئەنگلىيە 1839- يىلى ئەدەننى قولغا كىرگۈزدى جەنۇبى يەمەن چېگرالىرىدىن تا ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىگىچە سوزۇلغان لەھج ۋە مەھمىياتنا يەرلىرىنى ئۆز تەسەررۇپىغا كىرگۈزدى. ئىنگلىزلار ھىندىستاننى ئىگەللەپ، ئۇنى مۇستەملىكە قىلىش بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ باشقۇرۇشىدىن چىقىرىۋالغان ۋە ئۇلارغا ئۆز تەسىرىنى ئۆتكۈزىۋاتقان ئىدى. چۈنكى ھىندىستاندا سەلتەنەت ئىگىلىرى مۇسۇلمانلار ئىدى، ئىنگلىزلار ئۇنى تارتىۋېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىنى ھەر تەرەپلىمە ئاجىزلاشتۇرۇشقا ھەرىكەت قىلدى. 1882- يىلى ئەنگلىيە مىسىرنى قولغا

كىرگۈزدى. 1898- يىلى بولسا، گوللاندىيە ھىندىستان شەرقىدىكى ئارالنى، ئەنگلىيە سۇداننى بېسىۋالدى. ئىران ۋە ئافغانىستان ئىنگلىزلار بىلەن رۇسلار ئارىسىدا قالدى. شۇنداق قىلىپ، غەربلىكلەرنىڭ ئىسلام ئالەمىگە ھۇجۇمى ھەممە جايدا كۈچىيىپ كەتتى. نەتىجىدە پۈتۈن ئىسلام ئالەمى غەرب ئىستىبدادى ئاستىدا يېقىلىشقا يېقىن كېلىپ قالغانلىقىنى ھەمدە غەرب كەينى-كەينىدىن غەلىبىلەرنى قولغا كىرگۈزۈپ، سېلىپ ئۇرۇشنى يەنە باشلىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئىسلام ئالەمى غەربنىڭ بۇ باسقۇنچىلىقىنى توختىتىش ياكى ئۇنىڭ بېسىمىنى يېڭىللىتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا چۈشۈپ قالدى. كۆپ جايلاردا غەربكە قارشى ھەرىكەتلەر سادىر بولدى. ئالجىرىيەدە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ھىندىستاندا مۇسۇلمانلار باش كۆتەردى. سۇداندا «مەھدىيچىلەر» ھەرىكىتى ئورنىدىن تۇردى. سىنۇسىيدا قوزغىلاڭلار ئەۋج ئالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىسلام ئالەمى قالاق ۋە ئاجىزلىقىغا قارىماستىن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ھېلىمۇ يۇشۇرۇن قىدىتى كۈچ بارلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. بىراق بۇ ھەرىكەتنىڭ ھەممىسى تامامەن مۇۋەپپەقىيەتسىزلىككە ئۇچرىدى. ئىسلام ئالەمىنى غەرب چاڭگىلىدىن قۇتقۇزالمىدى.

ئۇنىڭ ھۇجۇمىنى توختىتىپ قالالمىدى. غەربمۇ سىياسىي، ھەم ساقايى ھۇجۇملىرىنى داۋاملاشتۇردى. غەرب ئىسلام ئالەمىنى كىچىك بۆلەكچىلەرگە بارچىلاش بىلەن توختاپ قالماي، ئوسمانى دۆلەتنى مۇسۇلمانلارنى گەۋدىلەندۇرۇپ تۇرغان ئىسلامى دۆلەت دېگەن ئېتىباردا پۈتۈنلەي يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. شۇ مەقسەتتە ئۇنىڭ ئىچىدە مىللى ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى ئەۋج ئالدۇردى. 1804- يىلىدىن



باشلاپ، ئەجنەبى دۆلەتلەر بالقان يېرىم خەلقىنى قوزغىلاڭ قىلىشقا كۈشكۈرتۈپ، ئۇلارغا ياردەم بېرىپ تۇردى. ئالاش-تارتىش نەتىجىسىدە قوزغىلاڭ 1878- يىلى ئىستىقلالغا ئېرىشىش بىلەن يەكۈنلەندى. 1821- يىلىدىن باشلاپ يۇنانلارنى قوزغىلاڭ قىلىشقا قىزىقتۇردى ۋە 1830- يىلى ئەجنەبى دۆلەتلەرنىڭ ئارىلىشىشى بىلەن بۇ قوزغىلاڭ يۇنانلار تۈركىيەدىن ئاجرىلىپ، مۇستەقىل بولۇشى بىلەن ئاخىرلاشتى. بالقاندىكى باشقا ئۆلكىلەرمۇ بۇ قوزغىلاڭغا بىرىنىڭ كەينىدىن- بىرى كىردى. ئىسلامى دۆلەت سۈپىتىدە ئوسمانى دۆلەتنىڭ سايىسى بالقاندىن، كرىتتىن، كىپىردىن ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ كۆپلەپ ئاراللىرىدىن كۆتۈرۈلدى. غەربلىكلەر بالقان ۋە ئوتتۇرا دېڭىزى ئاراللىرىدىكى مۇسۇلمانلارغا قارشى تۈرلۈك ۋەھشىلىكلەرنى قوللاندى ۋە ئۇلاردىن كۆپلىرىنى ياشاۋاتقان جايلىرىدىن چىقىرىۋەتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپلىرى كاپىرلارنىڭ ۋەھشىلىكىدىن ئۆز دىنلىرىنى قۇتقۇزۇشقا ۋە ئىسلامى يۇرتلار ۋە ئىسلامى دۆلەتنىڭ بىر بۆلىكى دېگەن ئېتىباردا ئەرەپ يۇرتلىرىغا كۆچۈپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. بۇ يەرلەردىكى چەركەس، بوشناق، چېچەن ۋە باشقا خەلقلەر كۇفرى باشقۇرۇشىغا رازى بولمىغان قەھرىمانلىرىدۇر. ئۇلار ئۆز دىنلىرىنى ئىسلام دىيارىغا ئېلىپ قاچتى.

غەربلىكلەر بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمىدى، بەلكى مەخپىي ۋاستىلىرى بىلەن ئىسلامى دۆلەت ۋۇجۇدى ئىچىدە تۈرك ۋە ئەرەبلەر ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنۈش ھەرىكەتلىرىنى كۈچەيتىشكە كىرىشتى، ئەرەبى ۋە تۈركى سىياسى پارتىيەلەر ۋۇجۇتقا كېلىشكە ياردەم بەردى. «ياش تۈركىيە پارتىيەسى»، «بىرلىك ۋە

تەرەققىيات پارتىيەسى»، ئەرەب مۇستەقىللىكى»، «ئەھد پارتىيەلىرى شۇلار جۈملىسىدىندۇر. بۇ ھال ئىسلامى دۆلەت ئىچىدە قالايمىقانچىلىقنى پەيدا قىلدى. بۇ ئىچكى ۋەقەلەر ۋە تاشقى ھۇجۇملار ئاستىدا دۆلەتنىڭ ۋۇجۇدى تەمتىرەپ قالدى. بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى باشلانغان ۋاقىت غەرب سۈرىتىدە گەۋدىلىنىپ تۇرغان كۇفرى، ئىسلام ئالەمىگە تاجاۋۇز قىلىش ۋە يەرلىرىنى بىسىۋېلىپ، ئۇزىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ تاشلاش ئۈچۈن پۇرسەت كەلگەنلىكىنى چۈشەندى. ئوسمانى دۆلەت ـ ئىتتىپاقچىلارنىڭ غەلبىسى ۋە ئوسمانى دۆلەتنىڭ مەغلۇبىيىتى ئاخىرىغا يەتتى ـ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا كىردى. ئەلھال ئاقىۋەتتە غەربلىكلەر ئىسلامى ئالەمنى ئولجا سۈپىتىدە تەقسىم قىلىۋېلىشتى. ئۇنىڭدىن پەقەت «تۈركىيە» دەپ نام بېرىلگەن تۇرۇك ئۆلكىسىلا قالدى. تۈركىيە 1918 يىلى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن باشلاپ تا ئىتتىپاقچىلارغا ئىسلامى دۆلەتنى يوق قىلىشنى ئەمىنلەپ بېرىپ، 1921- يىلى مۇستەقىل بولغىنىغا قەدەر ئىتتىپاقچىلار قولىدا قالدى.

## ئىسلامى دۆلەتنى يىقىتىش

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. ئىتتىپاقچىلار مىسلى كۆرۈلمىگەن غەلىبىنى قولغا كىرگۈزدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش ئىتتىپاقچىلىرى ئوتتۇرىسىدا تىنچلىق ئىلان قىلىندى. ئوسمانى دۆلەت يىمىرىلىپ، كىچىك بۆلەكچىلەرگە بۆلۈنۈپ كەتتى. ئەرەپ يۇرتلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئىتتىپاقچىلار ئىگەللىۋالدى. مىسىر، سۈرىيە، پەلەستىن، ئىئوردانىيەنىڭ



شەرقى ۋە ئىراقنى ئىسلامى دۆلەتتىن ئايرىۋالدى. ئوسمانلار قولىدا پەقەت تۈركلەر ئۆلكىسى (تۈركىيە) قالدى. ھەتتا ئۇنىڭغىمۇ ئىتتىپاقچىلار كىرگەن قىسمىنى، دەردەنەل قەلئەلىرىنى ۋە پۈتۈن تۈركىيەدىكى مۇھىم ھەربىي نۇقتىلارنى ئىگەللىۋالدى. فرانسىيەنىڭ سەنەگال قوشۇنلىرىغا كوچىلار تولۇپ كەتتى. ئىتالىيە بىرا شەھىرىنى ۋە تۆمۈر يول ئارماقلىرىنى ئىگەللىۋالدى. ئىتتىپاقچىلارنىڭ ساقچىلىرى بولىسىيە ئىشلىرىنى، ۋەتەننى ھىمايە قىلىش ئىشلىرىنى ۋە يۇرتلارنى نازارەت قىلاتتى. قەلئەلەرنى قورال-ياراقلاردىن خالى قىلدى. تۈرك قوشۇنلىرىدىن بىر قىسىم ئەسكەرلەرنى بوشۇتىشقا باشلىدى. «بىرلىك ۋە تەرەققىيات» پارتىيەسى تارقاپ كەتتى. جامال پاشا بىلەن ئەنۋەر پاشا چەتئەلگە قاچتى. پارتىيەلەرنىڭ باشقا ئەزالىرى يوشۇرۇندى. باشقۇنچى دۆشمەنلەرنىڭ بۇيرۇقلىرىنى بىجىرىپ تۇرۇش ئۈچۈن تەۋپىق پاشا باشچىلىقىدا كىچىك بىر ھۆكۈمەت تۈزۈلدى. بۇ ۋاقىتتا خەلىپە ۋاھىدەددىن ئىدى. ئۇ ئىش قەلبىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە ئەمدى چىرايلىق ئۇسۇللار بىلەن ۋەزىيەتنى قۇتقۇزۇش ۋاجىپلىقى ھەققىدە باش قاتۇردى ۋە پارلامېنتنى تارقىتىۋەتتى. ۋەزىرلىكنى باشقۇرۇشنى سادىق دوستى پەردكە تاپشۇردى. ۋاھىدەددىن پەرىدنىڭ ـ خۇسۇسەن ئۇرۇش ئاخىرلىشىپ ئەمدى بۇ يىڭى مەملىكەت ۋەيران بولماسلىقى ئۈچۈن ئىتتىپاقچىلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش لازىم، ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلماسلىق كېرەك دېگەن پىكرىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى ۋە بۇ پىلاننى ئىجرا قىلدى. ئەھۋال شۇنداق داۋام قىلدى. يەنى ئىتتىپاقچىلار ھۆكۈمران بولۇپ قالدى. تۈركىيە 1919- يىلىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرلىرىغىچە شۇ ھالەتتە داۋام قىلدى، كېيىن ئەھۋال ئۆزگەردى. ئىتتىپاقچىلار ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت پەيدا بولدى. فرانسىيە، ئەنگلىيە ۋە ئىتالىيە خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدا ئىچكى سەپلىرى ئاجراپ كېتىشى بىلەن خەۋپ سانىلىدىغان دەرىجىدە جىددى ئىچكى مۇئامىلالار ۋۇجۇتقا كەلدى. ھەتتا ئىتتىپاقچىلارنىڭ ئۆزلىرى ئارىسىغىمۇ ئىختىلاپ كىردى. تۈركىيەدىكى ئىتتىپاقچىلار ئولجىنى بۆلۈشتە رىقابەتلىشىپ، ئوتتۇرىدا جىدەل چىقتى. ئىستانبۇلدىكى ۋەكىللىرى ئارىسىدا جىدەل ئوچۇق شەكىلدە نامايەن بولدى. ئىتتىپاقچىلارنىڭ ھەر بىرى ھەربىي مەركەزلەردە ئىقتىسادى ئىمتىيازلاردا كاتتا ئۈلۈشنى قولغا كىرگۈزۈشنى خالايتتى. ئىتتىپاقچىلارنىڭ ئاجىزلىقى ۋە ئىختىلاپى ئۇلاردىن ھەر بىر دۆلەت باشقا دۆلەتلەرگە قارشى تۈركىيەنى قوزغاپ، ئۇنىڭغا ياردەم بېرىپ تۇرۇش دەرىجىسىگە يەتكەن ۋاقىتتا تۈركىيە ئۈچۈن بار كۈچىنى ئىشقا سېلىپ بۇ ۋەزىيەتتىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىنى پەيدا قىلدى. ئۇ ۋاقىتتا تېخى سۈلھى ئەھدى تۈزۈلمىگەن ۋە سۈلھى شەرتلىرى ئىشلەپ چىقىلمىغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەردە ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى كۆرۈنۈپ، جىددى قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكەتلىرىنى تۈزۈش مۇمكىنلىكىگە ئىشەنچ پەيدا بولۇپ قالدى. ئىنگىلىزلار مۇستەپا كامالدىن ئۆز سىياسىتىگە مۇۋاپىق ھەرىكەت قىلىش پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ۋە خەلىفىلىك دۆلىتىنى يوقىتىشتەك ئارزۇلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن بىر «ياخشىلىق» قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. ئىستانبۇلدا ئۇنىڭدىن ئارتۇق يوشۇرۇن جەمئىيەتلەر تەشكىل قىلىنغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئاساسى ئىشى دۈشمەن نازارىتىدىكى ئامبارلاردىن



قورال-ئەسلىھەلەرنى ئوغۇرلاپ مەملىكەت ئىچكىرىسىدىكى يوشۇرۇن تەشكىلاتلارغا ئەۋەتىش ئىدى. بەزى رەسمى كىشىلەر بۇ ئىشلاردا ئۇلارغا ھەمدەملىشەتتى. ھەربىي ۋەزىرلىك ۋەكىلى ئىسمەن، ھەربىي شتابلار باشلىقى پەۋزى، ئىچكى ئىشلار ۋەزىرى پەتھى ۋە ھەربىي پالاتا ۋەزىرى رەئۇپ بۇ ھەرىكەتلەرگە ياردەم بېرىپ تۇردى. شۇنىڭ ئۈچۈن ۋەزىيىتى دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىش بولغان كۆپ پارتىيەلەر تەشكىل قىلىندى. «بىرلىك ۋە تەرەققىيات» پارتىيەسى يەنە ھەرىكەتكە چۈشتى ۋە بۇ پارتىيەلەرگە مۇنتەزىم قوشۇنىنىڭ ئايرىم ئەسكەرلىرىمۇ قوشۇلدى. بۇ ھەرىكەتلەر مۇستەپا كامال يېتەكچىلىكىدىكى يىگانە ھەرىكەتكە بىرلەشتى ۋە ئۇ ئىتتىپاقچىلارغا قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە ئۇلارنى مەملىكەتلەردىن قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ۋە ئەگەر خەلىفە قوشۇنى قارشىلىق قىلسا ئۇنىڭغىمۇ قارشى چىقىش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ باردى. مۇستەپە كامال بۇ ئىشتا كاتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. كېيىن ئىستانبۇلدىكى مەركىزى ھۆكۈمەت سەلتەنەت ئىتتىپاقچىلىرى ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى ۋە ئانازۇلدا مىللى ھۆكۈمەت بەرپا بولۇشى لازىملىقى ھەققىدە پىكىر قىلدى.

مانا شۇ ئاساستا مۇستەپا كامال مىللىلىق تونىغا ئورۇنغان ۋە خەلىفىلىكنى تۈگىتىش، تۈركىيەنى ئوسمانى دۆلىتىنىڭ باشقا بۆلەكلىرىدىن ئاجرىتىۋېتىش بىلەن ئاخىرىغا يەتكەن ئىنقىلابىنى باشلىدى. مۇستەپا كامالنىڭ ئىنقىلابى ھەرىكەتلىرىدە سادىر بولغان ۋەقە-ھادىسىلەردىن ئېنگىلىزلار بۇ ئىنقىلابنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بارلىق نەرسىنى ئالدىدىن تەييارلىغانلىقى ۋە مۇستەپا كامالنى ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتكەنلىكى

ئوچۇق-ئايدىڭ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

مۇستەپا كامال سىۋەستە «مىللىي كېڭەش»نى ئۆتكۈزدى. بۇنىڭدا تۈركىيەنىڭ مۇستەقىللىقىنى ساقلاپ قېلىشقان ئۇسلۇب ۋە ۋاسىتىلەر كۆرۈپ چىقىلىپ، تېگىشلىك قارارلار قوبۇل قىلىندى ۋە ئىجرائىي ھۆكۈمەت سايلاندى. مۇستەپا كامال ئۇنىڭ رەئىسى قىلىپ بەلگىلەندى. بۇ كېڭەش سۇلتاندىن باش ۋەزىر بەرىدنى ئىشتىن قالدۇرۇشنى ۋە پارلامېنتقا يېڭى ئەركىن سايلام ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. سۇلتان بېسىم ئاستىدا قېلىپ، كېڭەش تەلەپلىرىگە بويسۇنۇشقا مەجبۇر بولدى. باش ۋەزىرنى ئىشتىن قالدۇرۇپ، ئورنىغا ئەلى رىزانى بەلگىلىدى ۋە يېڭى سايلام ئۆتكۈزۈشنى بۇيرىدى. ئۇنىڭدا مەملىكەتنى قوغدۇزۇشنى ئىرادە قىلغان گورۇھ سۈپىتىدە «مىللىي كېڭەش» ئەزالىرى پائال قاتنىشىپ، پارلامېنتتا كۆپچىلىك ئورۇنغا ئىگە بولۇش بىلەن ئۇتۇپ چىقتى.

بۇ ئۇتۇقتىن كېيىنلا كېڭەش ۋە ئۇنىڭ ئەزالىرى ئەنقەرە شەھرىگە كۆچۈپ ئۆتتى. شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئەنقەرە ئۇلارنىڭ پائالىيەت مەركىزىگە ئايلاندى. كېڭەش ئەزالىرى ئەنقەردە يىغىلىش ئۆتكۈزۈپ، ئۇنىڭدا ئىستانبۇلدا پارلامېنت چاقىرىلىشنى ۋە كېڭەش ئەزالىرى پارلامېنتتا رەسمىي ئەزا بولغاندىن كېيىن تارقىتىلىشنى تەكلىپ قىلدى. بىراق مۇستەپا كامال بۇ ئىككى پىكىرگە قارشى چىقتى ۋە: «پارلامېنت ئادالەتنى قانداق دەرىجىدە ئۆتەيالىشىنى ۋە ئۇنىڭ سىياسىتى ئېنىق بولغىچە كېڭەش داۋام قىلىپ تۇرۇشى زۆرۈر. ئەمما پايتەختكە كۆچۈش بۇ ئەتتەكلىك ۋە ئەخمىقلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئەگەر پايتەختكە كۆچسەڭلار ئۇ ھالدا سىلەر ئەجنەبىي



دۈشمەنلەرگە قارام بولۇپ قالىسىلەر. ئېنگلىزلار ھېلىمۇ دۆلەتتە ھۆكۈمران بولۇپ تۇرىۋاتىدۇ. ئۇلار [illegible] ھال ئىشلىرىڭلارغا ئارىلىشىدۇ، كېيىن سىلەرنى قولغا چۈشۈرۈپ، قاماققا ئالىدۇ. شۇ سەۋەبتىن پارلامېنت مۇستەقىل ۋە ھۆر بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن ئۇ شۇ يەردە، «ئەنقەرەدە تۇرۇشى كېرەك» دەپ ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇرىۋالدى. لېكىن ئۇ كېڭەش ئەزالىرىنى پارلامېنت ئۆز مەجلىسلىرىنى ئەنقەرەدە ئۆتكۈزۈشكە كۆندۈرەلمىدى. ۋەكىللەر پايتەختكە بېرىپ، خەلىپىگە ساداقەتلىرىنى ئىزھار قىلدى. كېيىن ئىشلىرىغا كىرىشىپ كەتتى. بۇ 1920-يىلى يانۋار ئېيىدا بولغان ئىدى.

سۇلتان ئۆز خاھىش-ئىستەكلىرىنى ۋەكىللەرگە ئۆتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلدى. ۋەكىللەر بۇنىڭغا كۆنمىدى ۋە مەملىكەت ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىنىشىنى ئىزھار قىلدى. ئۇلار قاتتىق سىقىلىش ئاستىدا قېلىپ، سىۋەس كېڭىشىدە ئىتتىپاق قىلىنىشقان «مىللىي» نىزامنى ئەيىبكارە ئاممىغا تارقاتتى. بۇ نىزام ئىتتىجلىق كېلىشىمنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى مۇئەييەن چېگرالار ئىچىدە تۈركىيەنىڭ ئازات ۋە مۇستەقىل بولۇشى ئىدى. بۇنىڭدىن ئىتتىپاقچىلار، خۇسۇسەن ئەنگلىيە ناھايىتى خورسەن بولدى. چۈنكى ئىتتىپاقچىلارنىڭ ئۆزلىرى بۇ قارارغا ھەمدە بۇ يۇرت ئىگىلىرىدىن بولغان ئۈزۈكلەردىن چىقىشقا ھەرىكەت قىلغان ئىدى. ئىسلامىي دۆلەت سۈپىتىدە ئوسمانىي دۆلەت باشقۇرىۋاتقان بارلىق ئۆلكىلەر ئۆزلىرى ئۈچۈن بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرىدا ئىتتىپاقچىلار ئىسلامىي يۇرتلارنى بۆلۈپ ئاشلاشنى ئىرادە قىلغان ئۆلكىلەرنىڭ مۇستەقىللىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي ئەھد

ئىشلەپ چىقتى. مەسىلەن، ئىراق ئۆزى ئىراق مۇستەقىللىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللى ئەھدە ئىشلەپ چىقتى. كېيىن، پەلەستىن، مىسىر ۋە باشقا ئىسلامى يۇرتلارمۇ مۇستەقىل بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللى ئەھدىلەرنى ئىشلەپ چىققان ئىدى. ئىتتىپاقچىلار خۇسۇسەن ئىنگىلىزلار تۈرۈك مىللى ئەھدىدىن خۇرسەن ئىدى. مۇسۇلمانلارنىڭ دۆلىتى يوقىتىلىشى ۋە يەنە قۇدرەتلىك بىر پۈتۈن دۆلەت بولۇپ قايتا ئۆزىنى تىكلىيەلمەسلىكى ئۈچۈن ئوسمانى دۆلىتىنى كىچىك دۆلەتچىلەرگە بۆلۈپ تاشلاش دەل ئىتتىپاقچىلارنىڭ مۇددىئاسى ئىدى. ئەگەر ئىتتىپاقچىلار ھەممە جايدا پەيدا قىلالىغان ئۇشبۇ مىللى ئەھدى بولمىغان بولسا، ئىش باشقىچە تۈس ئالاتتى. چۈنكى ئوسمانى دۆلەت ھەممە ۋىلايەتلىرى ئۇنىڭ بىر بۆلىكى دەپ ئېتىبار قىلىنىدىغان بىرلا دۆلەت ئىدى. بۇ دۆلەت ئىتتىپاق نىزامىغا ئەمەس، بىر پۈتۈنلۈك نىزامىغا ئاساسلىناتتى. ئۇلار ئىچىدە، ھىجاز بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدا ياكى قۇددۇس ۋىلايىتى بىلەن ئىسكەندىرىيە ۋىلايىتى ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق ئىدى. تۈركىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن گېرمانىيەنىڭ مەغلۇبىيىتى پەرقلىق ئىدى. چۈنكى ئىككىلىسى ئۇرۇشتا ئىتتىپاقچى ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرگە توغرا كەلگەن سۈلھى شەرتلىرى ئىككىنچىسىگىمۇ توغرا كېلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر گېرمانىيە ئاھالىسى ئۆز يۇرتلىرىنىڭ بىر غەربچىسىمۇ ئېتىبارسىزلىق بىلەن قارىمىغان ۋە گېرمانىيە بولۇپ ئەۋەتىلمىگەن بولسا، دېمەك ئوسمانى دۆلىتىمۇ بۆلۈۋېتىلمەسلىكى لازىم ئىدى. ئىتتىپاقچىلار بۇنى ياخشى بىلەتتى ۋە بۇ ياردا باشلىرى قېتىۋاتقان ئىدى. ئەمما ئوسمانىلاردىڭ ئۆزلىرى - ئەرەبلەرمۇ، تۈرۈكلەرمۇ - ئۆز دۆلەتلىرىنىڭ بۆلۈنۈشىنى تەلەپ



قىلغاندا ئىتتىپاقچىلار دەرھال بۇ تەلەپنى قوبۇل قىلىپ قوللاپ-قۇۋۋەتلەشتى. خۇسۇسەن، بۇنى ئىسلامى دۆلەتتە ھاكىمىيەتنىڭ تولىسىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تۈركىيە تەلەپ قىلماقتا ئىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىتتىپاقچىلار تۈرۈك مىللى ئەھدىنى ئۆزلىرىنىڭ مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ئۈزۈل-كېسىل غەلىبە دەپ ھېسابلاشتى. شۇندىن كېيىن ئىتتىپاقچىلار باسقۇنچىلارغا قارشى ئۇرۇش ئېختىيارىنى تۈرۈكلەرنىڭ ئۆزلىرىگە تاشلاپ، بارلىق جايلاردىن چىقىپ كېتىشكە باشلىدى. فرانسىيە ۋە ئەنگىلىيە كۈچلىرى مەملىكەت ئىچىدىن چىقىپ كەتتى. تۈركىيەنىڭ قەستى تېخىمۇ كۈچەيدى. مەملىكەتتە دۈشمەنگە قارشىلىق كۆرسىتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ، كېيىن سۇلتانغا قارشى ئىنقىلابقا ئايلىنىپ كەتتى. نەتىجىدە، سۇلتان قوشۇن تەييارلاپ، ئۇ ھەرىكەتلەرگە قارشى ھۇجۇم قىلىپ، ئۇلارنى يوقاتتى. ئىنقىلاب مەركىزى ئەنقەرەدىن باشقا جايلاردىكى ئادەملەر سۇلتان تەرىپىدە بولدى. ھەتتا ئەنقەرەنىڭ ئۆزىمۇ يىقىلىش ھارپىسىدا ئىدى. ئەنقەرەنى ئوراپ تۇرغان كەنتلەر بىرنىڭ كەينىدىن-بىرى سۇلتان بايرىقى ئاستىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قوشۇنىغا قوشۇلدى. مۇستەپا كامال ۋە ئەنقەرەدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلار قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن مۇستەپا كامال قارشىلىق كۆرسىتىشكە قەتئى قارار قىلدى ۋە مىللى كېڭەش ئەزالىرىغا يەنە شىجائەت ئوتىنى ياقتى. ئۇلارنىڭ قەستى يەنە كۈچەيدى. تۈركىيەنىڭ شەھەر ۋە يېزىلىرىدا ئىنگلىزلار پايتەختكە يېقىن كىرىپ، مىللى كېڭەش ئەزالىرىنى قاماققا ئېلىۋاتقانلىقى، پارلامېنتنى كۈچ بىلەن قامال قىلىپ قويغانلىقى، سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمىتى ئىنگلىزلارغا

ياردەم بېرىۋاتقانلىقى ھەققىدە مىش-مىش گەپلەر تارقالدى.
ۋەزىيەت ئۆزگەردى، ئادەملەر سۇلتاندىن يۈز ئۆرۈدى. ئابكارى
ئامما ئەنقەرەدىكى مىللى كېڭەش تەرەپكە مايىللىقلىرىنى
بىلدۈرۈشتى. تۈركىيەنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن ئەر-ئايال كۆڭۈل
بۆلۈپ ئەنقەرەگە كېلىشكە باشلىدى. خەلىپە قوشۇنىدىن
كۆپچىلىك قاچتى ۋە تۈركىيەنىڭ دىققەت-ئېتىبارى ۋە
ئارزۇ-ئۈمىدلىرى قارىتىلغان مۇستەپا كامال قوشۇنىغا
قوشۇلدى. مۇستەپا كامال تەرىپى كۈچەيدى ۋە مەملىكەتنىڭ
ئۈلۈشى ئۇنىڭ قول ئاستىغا ئۆتتى. ئۇ مەركىزى ئەنقەرەدە بولغان
مىللى جەمئىيەتكە سايلام ئۆتكۈزۈشكە چاقىرىپ ۋەرەقە چىقاردى.
سايلام ئۆتكۈزۈلدى. كېيىن يېڭى ۋەكىللەر يىغىلىپ ئۆزلىرىگە
«چوڭ مىللى جەمئىيەت» دەپ نام قويدى ۋە ئۆزلىرىنى قانۇنى
ھۆكۈمەت دەپ ئاتىدى. كېيىن بۇ جەمئىيەت مۇستەپا كامالنى
رەئىس قىلىپ سايلىدى. شۇنداق قىلىپ، ئەنقەرە مىللى
ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزىگە ئايلاندى ۋە ئۇنىڭغا بارلىق تۈرۈكلەر
قوشۇلدى. مۇستەپا كامال خەلىپىنىڭ قالغان قوشۇنلىرىنىمۇ
تارمار قىلدى ۋە يۇقرالار ئۇرۇشنى ئاخىرلاشتۇردى. كېيىن
يۇنانلارغا قارشى ئۇرۇشقا پۇرسەت تېپىلدى ۋە ئۇلار بىلەن قانلىق
توقۇنۇشلار بولدى. بېشىدا يۇنانلار غەلىبە قىلغان بولسا، كېيىن
مۇستەپا كامال تەرىپىنىڭ قولى ئۈستۈن كەلدى. 1921-
يىلى ئاۋغۇست ئېيىدا مۇستەپا كامال شىددەتلىك ھۇجۇمغا ئۆتتى
ۋە ئىزمىرنى، تۈركىيەنىڭ بەزى ساھىللىرىنى بېسىۋالغان
يۇنانلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش بىلەن ئۇرۇشنى
ئاخىرلاشتۇردى. 1921-يىلى سېنتەبىر ئېيىدا خارىتونىنى
كۈتۈۋېلىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن تەپسىلاتلارنى كېلىشىش ئۈچۈن



ئىسمەت پاشاغا ئەلچى ئەۋەتتى. شۇ چاغدا ئىتتىپاقچىلار
يۇنانلارنى تونۇستىن قوغلاپ چىقىرىش ۋە ئۇلارنىمۇ
ئىستانبۇلدىن ۋە تۈركىيەنىڭ بارلىق جايلىرىدىن چېكىنىپ
كېتىشكە رازى بولدى. مۇستەپا كامالنىڭ ھەرىكەتلىرىنى
كۆزۈتۈلسە، ئىتتىپاقچىلارنىڭ بۇ رازى بولۇشى ئىسلامى
باشقۇرۇشنى يوقىتىش باراۋېرىگە بولغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن مىللى جەمئىيەت تۈركىيەنىڭ غەلىبىگە
ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئىشلىرى ھەققىدە مۇستەپا كامال بىلەن
مۇنازىرە قىلغاندا ئۇ: «مەن «ئىسلامى دۆلەتلەر ئىتتىپاقى»
غىمۇ، «ئوسمانى خەلقلەر ئىتتىپاقىغى»مۇ، ئىشەنمەيمەن. ھەر
بىرىمىز ئۆز پىكرىمىزگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. ھۆكۈمەت
بولسا، يىگانە مەقسەتنى كۆزلىگەن سابىت سىياسەتنى تۇتۇشى
كېرەك. بۇ مەقسەت بولسا، تۈركىيە ئۆزىنىڭ تەبىئى چېگرالىرى
ئىچىدە مۇستەقىل بولۇشى ۋە ۋەتەننى ھىمايە قىلىشتۇر. تۇيغۇ
ۋە خىياللارمۇ بىزنىڭ سىياسىتىمىزگە تەسىر قىلماسلىقى لازىم.
چۈنكى، بۇ نەرسىلەر ئۆتمۈشتە بېشىمىزغا كۆپ كۈلپەتلەرنى
سالدى».

شۇنداق قىلىپ مۇستەپا كامال ئىسلامى ئۈممەت ئەمەس،
بەلكى تۈركىيە خەلقى دېگەن سۈپەت بىلەن تۈركىيەنىڭ
مۇستەقىل بولۇشىنى ئىرادە قىلىۋاتقانلىقىنى ئاشكارا قىلدى.
ۋەكىللەر ۋە بەزى سىياسى كىشىلەر يېڭى تۈركىيەدىكى ھۆكۈمەت
قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدە مۇستەپا كامالدىن پىكرىنى
ئوچۇق ئېيتىشنى تەلەپ قىلدى. چۈنكى، ئاشۇ ۋاقىتتا بولغاندەك
تۈركىيەدە ئىككى ھۆكۈمەت بولۇشى، يەنى بىرى ئەنقەرەدە
جايلاشقان ۋە سەلتەنەت ئىگىسى بولغان مۇۋەققەت ھۆكۈمەت،



www.uyghurkitap.com

ئىككىنچىسى پايتەختتىكى سۇلتان ۋە ئۇنىڭ ۋەزىرلىرى باشچىلىقىدىكى رەسمى (نامىغا) ھۆكۈمەت مەۋجۇت بولۇشنى قوبۇل قىلمىغانىدى. سىياسەتچىلەر مۇستەپا كامالدىن بۇنداق ۋەزىيەتتە ئۆز پىكرىنى ئوچۇق بايان قىلىپ بېرىشنى ، قاتتىق تەلەپ قىلدى. ئۇ ئۆز نىيىتىنى يوشۇرۇپ، ئۇلارغا جاۋاپ بەرمىدى. خەلىپە ۋاھىدىدىنغا قارشى «خەلىپە ئېنگلىز ۋە يۇنانلارنىڭ مالىيى» ، دېگەن مىش-مىش تارقىتىلدى ۋە خەلىپىگە قارشى بولغان شۇنداق بىر جۇشقۇن مۇھىتتا ئۇ سۇلتان ۋە ھۆكۈمەت ھەققىدىكى ئۆز پىلانىنى بايان قىلىش ئۈچۈن «مىللى جەمئىيەت»نى توپلىدى. ئۇ ۋاھىدىدىنى ئىشتىن ئېلىپ تاشلاشقا ۋە سەلتەنەتنى بىكار قىلىشقا ۋەكىللىرىنى كۆندۈرۈشكە ئىشىنەتتىيۇ. لېكىن پۈتۈن خەلقنىڭ ئىسلامى تۇيغۇلىرىغا زەربە بېرىش مۇمكىن ئەمەسلىكى سەۋەبىدىن خەلىپىلىككە ھۇجۇم قىلىشقا پېتىنالمايتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ خەلىپىلىككە قارشى چىقمىدى ۋە ئۇنى بىكارمۇ قىلمىدى. بەلكى خەلىپىلىك سەلتەنەتتىن ئايرىتىلىشىنى، سەلتەنەت بىكار قىلىنىشى ۋە ۋاھىدىدىن ئىشتىن ئېلىپ تاشلىنىشىنى تەكلىپ قىلدى. ۋەكىللەر بۇ تەكلىپنى ئىشىتىپ، جىم بولۇپ قالدى ۋە مۇستەپا كامال ئۇلاردىن تەستىقلاپ بېرىشلىرىنى تەلەپ قىلىۋاتقان بۇ تەكلىپنىڭ خەتىرىنى چۈشەندى ھەمدە ئۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىش لازىملىقىنى ئېيتتى. مۇستەپا كامال ئۇنىڭدىن چۈچۈدى ۋە تەكلىپىگە مۇناسىۋەت بىلدۈرۈشنى تەلەپ قىلدى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭ سەككەن نەپەر تەرەپدارى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى بىراق، مەجلىس بۇ ئىشنى ئۆتكۈزۈپ چىقىش ئۈچۈن قانۇن كومىسسارىغا تاپشۇردى. ئەتىسى كومىسسىيە



ئىشنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن توپلانغان ۋاقىتتا مۇستەپا كامالمۇ كەلدى ۋە كومىسسىيەنىڭ ئىشىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇردى. كومىسسىيە بۇ تەكلىپنى بىر نەچچە سائەت مۇنازىرە قىلدى. كومىسسىيە ئەزالىرى ئالىملار، ھىمايىچىلەردىن تەشكىل تاپقان ئىدى. ئۇلار بۇ تەكلىپلەرنى شەرئى نۇسۇسلارغا سېلىشتۇرۇپ، شەرىئەتكە زىدلىقىنى كۆردى. چۈنكى ئىسلامدا دىننى ۋە دۇنياۋى سەلتەنەت بولمايدۇ. سەلتەنەت ۋە خەلىپىلىك بىرلا نەرسە بولۇپ، دۆلەت بۇ نىزامنىڭ بىر قىسمى ھېساپلىنىدۇ ۋە بۇ نىزامنى ئىجرا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كومىسسىيە سەلتەنەتنى خەلىپىلىكتىن ئايرىتىشنى ئاقلايدىغان بىرەر نەرسە تاپالمىدى. چۈنكى، بۇ ھەقتە ئىسلامدا نۇسۇسلار ئوچۇق، ئېنىق كەلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن كومىسسىيە بۇ تەكلىپنى رەت قىلىشقا قەتئى قارار قىلدى. لېكىن مۇستەپا كامال خەلىپىلىكنى بىكار قىلىشنى ۋە خەلىپىلىك دۆلىتىنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەنگلىيە ئۇنىڭغا ئاجراتقان ۋەزىپىنى بېجىرىش يولىدا سەلتەنەتنى خەلىپىلىكتىن ئايرىتىش ئارقىلىق دىننى دۆلەتتىن ئايرىتىشنى خالاۋاتقان ئىدى. مۇستەپا كامال تەكلىپ قىلىۋاتقان بۇ ئىش ئىسلامى دۆلەتنىڭ ئۆز ئەھلىنىڭ قولى بىلەن يوقىتىلىشىنى ئىرادە قىلغان ئىنتىپاقچىلارنىڭ تەلىۋىگە جاۋاپ بېرىش ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن كومىسسىيە تەكلىپنى رەت قىلىشنى بىلگەچكە، ئۆزىنى تۇتۇپ تۇرالمىدى ۋە ئۇنىڭدىن غەزەپ بىلەن سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى. كېيىن كۆرسىي ئۈستىگە چىقىپ، تەكشۈرۈش ئۈچۈن يىغىلغان كومىسسىيە مۇنازىرىسىنى تۆۋەندىكى گەپلىرى بىلەن توختىتىپ قويدى: «جانابلار، ئوسمانى سەلتەنەت ھۆكۈمرانلىقىنى خەلقتىن كۈچ بىلەن تارتىۋالغان ئىدى. خەلقمۇ ئۇنى كۈچ بىلەن

www.uyghurkitap.com

ئارتۇۋېلىشقا قارار قىلدى. سەلتەنەت خەلىپىلىكتىن ئاجرىتىلىشى ۋە خەلىپىلىك بىكار قىلىنىشى كېرەك. سىلەر بۇنىڭغا رازى بولساڭلارمۇ، بولمىساڭلارمۇ، بەرىبىر، تېز ئارىدا شۇنداق بولىدۇ. بۇ ۋاقىتتا بەزىلىرىڭلارنىڭ باشلىرى تەنلىرىدىن جۇدا بولۇشى مۇمكىن» . ئۇ گەپلىرىنى دىكتاتورچىلارغا خاس ئاۋازدا قىلدى. كومىسسىيە تارقالدى. كېيىن مىللى جەمئىيەت بۇ تەكلىپنى ئۇتكۇرلۇك بىلەن كۆرۈپ چىقىشى ئۈچۈن چاقىرىلدى. تەكشۈرۈش جەريانىدا كۆپچىلىك بۇ تەكلىپنى رەت قىلىشقا مايىل ئىكەنلىكى مۇستەپا كامالغا مەلۇم بولۇپ قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئەتراپىغا تەرەپدارلىرىنى جەملەپ، بۇ تەكلىپكە بىر قېتىم قول كۆتۈرۈش ئارقىلىق پىكىر ئېلىشنى تەلەپ قىلدى. بەزى ۋەكىللەر بۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرۈپ، ئىسمىنى ئاتاپ پىكىر ئېلىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇستەپا كامال ئۇنىڭغا ئۇنىمىدى ۋە تەھدىت بىلەن چاقىرىپ، «مەن بۇ تەكلىپنى مەجلىس تېزدىن بىر ئاۋازدىن قىزۇ قىلىدۇ دەپ ئىشىنىمەن. ئاۋاز بېرىش ئۈچۈن قوللىرىنى كۆتۈرۈش كۇپايىدۇر» ، دېدى. تەكلىپ ئاۋازغا قويۇلدى، بىراق ئازچىلىق قول كۆتۈردى. لېكىن مەجلىس رەئىسى تەكلىپ بىر ئاۋاز بىلەن قوبۇل قىلىندى دەپ نەتىجىنى ئېلان قىلدى. ۋەكىللەر ھەيران بولۇپ قالدى. بەزىلىرى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ: «بۇ توغرا ئەمەس، بىز بۇنىڭغان رازى بولمىغانمىز» دەپ ۋاقىرىۋەتتى. كېيىن مۇستەپاكامالنىڭ يارەمچىلىرى: «بەسلىنىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى. كېيىن رەئىس تۈركىيەنىڭ «چوڭ مىللى جەمئىيىتى» بىر ئاۋاز بىلەن سەلتەنەتنى بىكار قىلىشقا قارار قىلدى، دەپ يەنە بىر قېتىم نەتىجىنى ئېلان قىلدى. مەجلىس ئاخىرلاشتى. مۇستەپا كامال



تەرەپدارلىرى قۇرشاۋىدا مەجلىسنى تەرك قىلدى. خەلىپە ۋاھىددىن بۇ خەۋەرنى ئىشىتىپ، قېچىپ كەتتى. خەلىپىنىڭ قاچقانلىقى ئېلان قىلىنىشى بىلەنلا، ئاكىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇل مېجىد مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى دەپ ئېلان قىلىندى. لېكىن ئۇنىڭدا ھېچقانداق ھوقۇق يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ مەملىكەت شەرقى ھاكىمىيەتسىز قالدى.

ئەگەر سەلتەنەت خەلىپىلىكتىن ئاجرىتىلسا مەملىكەتنى كىم باشقۇرىدۇ؟ مۇستەپا كامال سەلتەنەتنى خەلىپىلىكتىن ئاجرىتىشقا قاتتىق ئىنتىلگەن ئىدى. بۇ سەۋەبتىن كېلەچەكتە تۈركىيىدە بولىدىغان باشقۇرۇش شەكلىنى بەلگىلەشتىن ئالدىن سەلتەنەتنى خەلىپىلىكتىن ئاجرىتىشقا ئۇرۇندى. شۇنىڭ ئۈچۈن سەلتەنەتنى بىكار قىلغاندىن كېيىن بولىدىغان يېڭى ھۆكۈمەتنىڭ تەركىۋىنى ئىشلەپ چىقىشقا كىرىشتى. ئەگەر ۋەزىرلىك تەشكىل قىلىنسا، ئۇ دەستۇرى ھۆكۈمەتكە رەئىس بولىدۇ. خەلىپە ھاكىمىيەت ئىگىسى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ ۋە ئۇنى بىكار قىلىش ھەققىدىكى قارار نەپتى بەرمەيدۇ. مۇستەپا كامال ۋەزىرلىك تەشكىل قىلىشقا ئۇنىمىدى. ئۆز مەقسىتىنى يوشۇردى. قولىدىكى كۈچ ۋە سەلتەنەت ياردىمىدە «خەلق پارتىيەسى» ناملىق پارتىيە تۈزدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەپكارى ئاممىنى ئۆز تەرىپىگە بۇراشنى كۆزلىدى. سەلتەنەتنى خەلىپىلىكتىن ئاجرىتىشنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن جەمئىيەتتىكى كۆپچىلىك ئۇنىڭغا قارشى ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى خالىغان ھۆكۈمەت شەكلىنى، يەنى تۈركىيەنى جۇمھۇرىيەت، ئۆزىنى بولسا شۇ جۇمھۇرىيەت رەئىسى دەپ ئېلان قىلىش ئۈستىدە ئويلاشقا باشلىدى. مۇستەپا كامال «مىللى جەمئىيەت»نى قېيىن ئەھۋالغا سېلىپ قويۇش

ئۈچۈن ئىش ئېلىپ باردى. نەتىجىدە، ھۆكۈمەتنى باشقۇرۇۋاتقان ۋەزىرلىك ئىستىپا سوراشقا چىقتى، ۋە ئىستىپاسىنى «مىللىي جەمئىيەت»گە بەردى. جەمئىيەت ۋەزىرلىككە باشچىلىق قىلىدىغان ئادەم تاپالمىدى. شۇنداق مۇشكۈل ئەھۋالدىن كېيىن مۇستەپا كامال ۋەزىرلىككە باش بولۇشى تەكلىپى كىرگۈزۈلدى. جەمئىيەت قىيىن شارائىتنى ھېساپقا ئېلىپ بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلدى ۋە مۇستەپا كامالدىن ۋەزىرلىككە باشچىلىق قىلىپ، بۇ مۇشكۈل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇستەپا كامال ئاۋۋال ئۆزىنى رازى بولمايۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسەتتى. كېيىن تەكلىپنى قوبۇل قىلدى ۋە مۇنبەرگە كۆتۈرۈلۈپ ۋەكىللەرگە قارىتا مۇنداق دېدى: «ۋەزىيەتنى مۇشكۈل ئەھۋالدىن چىقىرىشىم ئۈچۈن سىلەر مېنى چاقىردىڭلار. لېكىن سىلەر ئېلىپ بارغان ئىشلار سەۋەبىدىن بىز شۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدۇق. بۇ تەڭلىك ھالەت ئۆتكۈنچە نەرسە ئەمەس، بەلكى، ھۆكۈمىتىمىز تۈزۈمىدىكى ئاساسى خاتالىق نەتىجىسىدۇر. چۈنكى «مىللىي جەمئىيەت» بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە، ھەم قانۇن چىقىرىش، ھەم ئىجرا قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. سىلەردىن ھەر بىر ۋەكىل ۋەزىرلىكتە قارارلار چىقىرىشتا شېرىك بولۇشنى، ھۆكۈمەتنىڭ ئىدارى ئىشلىرىغا ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قارارلىرىغا ئارىلىشىشنى خالايدۇ. جاناپلار، بۇنداق شارائىتتا بىرەر ۋەزىر مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ بۇ مەنسەپنى قوبۇل قىلالمايدۇ. چۈشىنىشىڭلار، بۇنداق ئاساستا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتنىڭ ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈلۈش ئىمرى ماھالدۇر. ئەگەر بولسىمۇ، ھۆكۈمەت ئەمەس تەرتىپسىز بىر نەرسە بولىدۇ. بىز بۇ ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتىشىمىز لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن قارار



قىلىمەنكى، تۈركىيە سايلام يولى بىلەن تاللاپ ئېلىنىدىغان پىرزىنت باشقۇرۇشىدىكى جۇمھۇرىيەتكە ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك». بۇ سۆزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، تۈركىيەنىڭ جۇمھۇرىيەت قىلىنىشى ۋە مۇستەپا كامالنىڭ تۈركىيەنىڭ بىرىنچى پىرزىتى قىلىپ سايلىنىشى ھەققىدىكى ئاۋۋالدىن تەييارلاپ قويۇلغان پەرمان ئېلان قىلىندى. شۇنداق قىلىپ ئۇ مەملىكەتنىڭ قانۇنى ھاكىمى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولدى. لېكىن ئىش مۇستەپا كامال ئويلىغاندەك بولمىدى. تۈركىيە خەلقى مۇسۇلمان ئىدى. مۇستەپا كامالنىڭ قىلغان ئىشى بولسا، ئىسلامغا زىت ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەتتە ـ مۇستەپا كامال ئىسلامنى يوق قىلىشنى خالىماقتا دېگەن گەپ تارقالدى. مۇستەپا كامالنىڭ شەخسى ھاياتىدا شەرئى ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىگە قارشى چىقىپ، ئىسلامنى يامان كۆرۈشى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مۇقەددەس ئەنئەنىلىرىنى مەسخىرە قىلىشى بۇ خەۋەر توغرا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى. بارلىق ئادەملەر ئەتىراپىدىكى بارلىق ھاكىملار كاپىرلا ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلدى ۋە خەلىپە ئابدۇلمەجىد ئەتراپىغا جەملىنىشكە باشلىدى. بۇ مۇرتەدلەرنى يوقىتىش ئۈچۈن سەلتەنەتنى خەلىپىگە قايتۇرۇشقا، خەلىپىنى يەنە ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى قىلىشقا ھەرىكەت باشلىدى. مۇستەپا كامال خەلق ئۇنى يامان كۆرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنى دىنسىز، كاپىر دەپ ھاقارەتلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، چوڭ خەتەر گەۋدىلىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە بۇ ئىش ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ، خەلىپىگە ۋە خەلىپىلىككە قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەيتتى. كېيىن «مىللىي جەمئىيەت»نى ئىشقا سالدى ۋە جۇمھۇرىيەتكە ھەرقانداق قارشىلىق ۋە خەلىپىگە ھەر قانداق تەرەپدارلىق خىيانەت دەپ

ھېساپلىنىپ، جازاسى ئۆلۈمدۇر، دېگەن قانۇنىنى ئەستىقلىۋالدى. كېيىن ھەر بىر مەجلىستە خەلىپىلىكنىڭ زەرەرلىرى، خۇسۇسەن «مىللى جەمئىيەت»كە قارشىلىقى ھەققىدە گەپ قىلىشقا باشلىدى ۋە خەلىپىلىكنى بىكار قىلىش ئۈچۈن شەرت-شارائىتلار تەييارلىدى. بەزى ۋەكىللەر خەلىپىلىك تۈركىيە ئۈچۈن دىپلوماتىك نۇقتىئىنەزەردىن پايدىلىق ئىكەنلىكى ھەققىدە گەپ قىلغاندا مۇستەپا كامال ئۇلارغا قارشى چىقىپ، «مىللى جەمئىيەت»كە شۇنداق دېدى: «خەلىپىلىك ئۈچۈن ئىسلام ۋە دىن كىشىلىرى ئۈچۈن تۈرۈكلەر جەڭ قىلىپ، بەش ئەسىردىن بۇيان جەڭلەردە ئۆلمىدىمۇ؟ ئەمدى تۈركىيە ھىندى ۋە ئەرەپلەردىن يۈز ئۆرۈپ، بىرەرىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلەش ۋە مۇسۇلمانلار غېمىنى يېيىشتىن ئۆزىنى خالاس قىلىش پۇرسىتى كەلدى».

شۇنداق قىلىپ مۇستەپا كامال خەلىپىنىڭ زەرەرلىرىنى بايان قىلىپ، ئۇنى ۋە تەرەپدارلىرىنى خائىنلار دەپ ئاتىدى ھەمدە ئۇلارنى ئىنگلىزلارنىڭ قورچىقى قىلىپ كۆرسەتتى. تۈرۈكلەر ئۈچۈن خەلىپىلىكنىڭ زەرەرىنى بايان قىلىپ، ئۇنىڭغا قارشى ئەشۇنقات ئېلىپ باردى. مۇستەپا كامال بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالمىدى، بەلكى خەلىپىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەنلەرگە قارشى تەھدىت يولىنى تۇتتى. ۋەكىللەردىن بىرى خەلىپىنىڭ لازىملىقىنى ۋە دىننى ھىمايە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوچۇق ئېيتقاندا، ئاشۇ كېچىسى ئۇنى ئۆيىگە قايتىۋاتقاندا يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئادەم ئەۋەتتى. بۇ قاتىل مۇستەپا كامالنىڭ تەرەپدارلىرىدىن ئىدى. خەلىپىلىكنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ ئوتۇق سۆزلىگەن بىر ۋەكىلنى، يەنە شۇنداق گەپ قىلساڭ دارغا



ئاستۇرۇۋېتىمەن دەپ قورقۇتتى. شۇنداق قىلىپ پۈتۈن مەملىكەتنى قورقۇنچقا سېلىپ قويدى. كېيىن ئىستانبۇل ھاكىمىغا جۈمە نامىزى ئادا قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا خەلىپىنىڭ ئەتراپىدا بولىدىغان ھەرىكەت ۋە قىلمىشلىرىنى بىكار قىلىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. شۇنىڭدەك، خەلىپىنىڭ ئابرويىنى يەرگە ئۇردى. خەلىپىگە ئەگەشكەنلەرنى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشنى ئەكىتلىدى. مۇستەپا كامال باردەمچىلىرىدىن بىر تەرەپ بولغان بەزىلىرى بۇ ئىشنىڭ ماھىيىتىنى چۈشۈنۈپ قېلىپ، ئىسلامنى ھىمايە قىلىشنى قوزغالدى ۋە خەلىپىنىڭ يوقىلىپ كېتىشىدىن قورقۇپ، مۇستەپا كامالدىن ئۆزى مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولۇشنى تەلەپ قىلدى. ئۇ بۇ تەكلىپكە ئۇنىمىدى. كېيىن مىسىر ۋە ھىندىستاندىن ئىككى ئەلچى كېلىپ، ئۇلارمۇ مۇستەپا كامالنىڭ ئۆزىنى خەلىپە دەپ ئېلان قىلىشنى ئۆتۈندى. يەنە خەلىپىلىك ئۈچۈن ئۈمىد پەيدا بولدى. لېكىن مۇستەپا كامال ئۇنى رەت قىلدى ۋە خەلىپىلىكنى بىكار قىلىش ئۈچۈن قانشاتقۇچ زەربە تەييارلىدى. خەلقتە، قوشۇندا ۋە «مىللى جەمئىيەت»تە ئەجنەبىيلەرگە، دۈشمەنلەرگە، خەلىپىنىڭ ئىتتىپاقچىلىرىغا قارشى غەزەپنى قوزغاش، گويا خەلىپە ئەجنەبىيلەرنىڭ ئىتتىپاقچىسى دەپ، خەلىپىگە تۆھمەت قىلىش ۋە ئۇنىڭغا قارشى نەپرەتنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئويلاپ تېپىلغان بىر ھىلە ئىدى: مۇستەپا كامال ئادەملىرىنى خەلىپىگە قارشى قوزغاتقۇچى مىش-مىش گەپلەر بىلەن مۇھىتنى زەھەرلىدى. بۇ مۇھىت مەملىكەتكە ھۆكۈمران بولغان ۋاقىتتا 1924- يىلى 3- مارت كۈنى مۇستەپا كامال «مىللى جەمئىيەت»كە خەلىپىنى تۈگىتىش، خەلىپىنى دۆلەتتىن قوغلاپ چىقىرىش

ۋە دىننى دۆلەتتىن ئايرىش قارارىنى تەقدىم قىلدى. بۇ قارار تەقدىم قىلىنغان ۋاقىتتا مۇستەپا كامال شۇنداق دېدى: «نېمە قىلىپ بولسىمۇ، خەۋپ ئاستىدا قالغان جۇمھۇرىيەتنى ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنى مۇستەھكەم ئىلمىي ئاساستا قۇرۇش لازىم. خەلىپە ۋە ئوسمانلار خانىدانىنىڭ قالدۇقلىرى يوقىتىلىشى كېرەك. كونا دىنىي مەھكىمەلەر ۋە شەرئىي ھۆكۈملەر زامانىۋى مەھكىمە ۋە دۇنياۋى قانۇنلارغا ئالماشتۇرۇلۇشى كېرەك. دىنىي مەدرىسىلەر ئۆز ئورنىنى دىنىي بولمىغان مەكتەپلەرگە بوشىتىپ بېرىش زۆرۈر». كېيىن ئۇ دىنغا ۋە ئۆزىنى دىن پەشۋالىرى دەپ ئاتىۋالغان كىشىلەرگە تاجاۋۇز قىلدى. دىكتاتورلارچە مەجبۇر قىلىش بىلەن بۇ قارار «مىللىي جەمئىيەت» تەرىپىدىن مۇنازىرە قىلماستىن تەستىقلاندى. كېيىن ئىستانبۇل ھاكىمىغا خەلىپە ئابدۇل مېجىد ئالاق ئائىلىسىنى تۈركىيەدىن چىقىپ كېتىشى لازىملىقى ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. ھاكىم مىرشەبلەر ۋە ئەسكەرلەر بۆلىمى بىلەن بىرىم كېچىدە خەلىپە قەسرىگە باردى. خەلىپىگە بەزى كىيىملىرى ۋە ئاز-پاز پۇل سېلىنغان چامادىنىنى تۇتقۇزۇپ، مەجبۇرەن بىر ماشىنىدا چېگرىدىن ئۆتكۈزۈپ قويدى. شۇنداق قىلىپ مۇستەپا كامال ئىسلامىي دۆلەتنى ۋە ئىسلامىي تۈزۈمنى يىقىتتى ۋە ئورنىغا كاپىتالىستىك دۆلەتنى، كاپىتالىزم تۈزۈمىنى تىكلىدى. مۇستەپا كامال سېلىبچىلار ئۇرۇشىدىن باشلاپ، كاپىرلار ئارزۇ قىلىۋاتقان ئىشنى مەيدانغا چىقىرىپ، ئۇلارغا ئىسلام دۆلىتىنى يوقىتىپ بەردى.



# ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولىشى ئالدىدىكى توسۇقلار

بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشتى. ئىتتىپاقچىلار ئىسلامىي يۇرتلارنىڭ بارچىسىنى ئىگىلىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەقسىتى بۇ دۆلەتنى تامامەن يوقىتىش ۋە قايتىدىن تىكلىنىشىگە يول قويماسلىق ئىدى. ئىتتىپاقچىلار ئىسلامىي دۆلەتنى تامامەن يوق قىلغاندىن كېيىن ئىسلامىي ئالەمنىڭ قايسى قىسمىدا بولسۇن ئىسلامىي دۆلەت قايتا تىكلىنىشىگە يول قويماسلىق ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئىتتىپاقچىلار بىر قانچە پىلاننى تۈزدى ۋە ئىسلامىي دۆلەت بارلىققا قايتماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ئۇسلۇبلارنى قوللاندى. ئۇلار ھازىرمۇ شۇ غايىلىرى يولىدا ھەرىكەت قىلماقتا.

مۇستەملىكىچى كاپىر ئىسلام يۇرتلىرىنى بېسىۋالغاندىن كېيىن ئۆزى پىلانلىغان ئاساسلار بىلەن ئاشۇ يۇرتلاردا ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. ئوسمانى دۆلەت ھۆكمى ئاستىدا بولغان يۇرتلارنى 1918-يىلى مۇستەملىكىچىلەر بېسىۋېلىپ، 1922-يىلىغىچە ئۇ يەرلەردە ھەربىي ھۆكۈمرانلىقنى ئورناتتى. بەزى ئۆلكىلەردە ۋاكالەت (مەدەت) بېرىش ۋە بەزى ئۆلكىلەردە مۇستەقىللىق نامى بىلەن 1924-يىلىغىچە ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملىۋالدى. 1924-يىلى دۈشمەن ئىسلامىي دۆلەتنىڭ قايتا بەرپا بولۇشىغا ئالاقىدار ھەر قانداق ئىشلارنى يوق قىلغۇچى ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇردى. يەنى، شۇ يىلى مۇستەپا كامال مۇستەملىكىچى كاپىرلارنىڭ ياردىمىدە

خەلىپىلىكنى بىكار قىلىپ، تۈركىيەنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەتكە ئايلاندۇردى. ئىسلامى دۆلەتنى قۇرۇشنىڭ ئاخىرقى ئۈمىدلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن مۇستەپا كامال «خەلىپىلىك» دېگەن ئاتالمىنىڭ ئۆزىنى يوقاتتى. شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە خەلىپىلىك مەنسىپىگە ئىنتىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ھۆسەيىن ئىبىن ئەلى ھىجازدىن چىقىرىۋېتىلدى ۋە قىبرىسدە، ھەبسىگە ئېلىندى. شۇ يىلىنىڭ ئۆزىدە ئېنگلىزلار ئۆز مالايلىرىنىڭ ياردىمىدە قاھىرەدە ئۆتكۈزۈلىۋاتقان خەلىپىلىك كېڭىشى ئىشلىرىغا ئارىلاشتى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىشى، كېتىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتسىز يەكۈنلىنىشىگە ئېرىشتى. يەنە شۇ يىلى ئۆزىدە ئېنگلىزلار ھىندىستاندىكى «خەلىپىلىك جەمئىيىتى»نى تارقىتىۋېتىش ۋە ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىنى بەرباد قىلىپ، مىللى ۋە ۋەتەنى تەرەپكە بۇرۇۋېتىش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ باردى. شۇ يىلى مۇستەملىكىچى كاپىرلار تەسىرىدە مىسىردا «ئەزھەر» ئالىملىرىنىڭ بەزىلىرى تەرىپىدىن دىنىنى دۆلەتتىن ئاجرىتىشقا چاقىرغان، ئىسلامدا باشقۇرۇش ئاساسلىرى يوق دەپ دەۋا قىلغان، ئىسلامنى راھىبلىق دىنى، ئۇنىڭدا باشقۇرۇش ھەققىدىمۇ، دۆلەت ھەققىدىمۇ ھېچنەرسە كەلمىگەن دەپ تەسۋىرلىگەن كىتابلار يېزىلدى. شۇ يىلى ۋە كېيىنكى يىلىمۇ ئىككى ماۋزۇ ئەتراپىدا: «ئەرەپ دۆلەتلىرى بىرلىكى» پايدىلىقراقمۇ، ئىمكانىيەتلىرى كۆپىراقمۇ ياكى «ئىسلامى دۆلەتلەر بىرلىكى»مۇ؟ دېگەن پايدىسىز تالاش-تارتىشلار بىلەن جالغىتىپ قويۇلدى. گېزىتلار ۋە ژۇرناللار بىلەن بىر قانچە ۋەقت شۇ ماۋزۇ بىلەن مەشغۇل بولدى. «ئەرەپ دۆلەتلىرى بىرلىكى»مۇ، ئىسلامى دۆلەتلەر بىرلىكى»مۇ ئەسلىدە پايدىسىز



ۋە ناتوغرا بولۇشى بىلەن بىرگە ئىسلامى دۆلەتنىڭ قايتا بەرپا بولۇشى ئالدىدا تەسۋىق ئىدى. مۇستەملىكىچى كاپىرلار بۇ تالاش-تارتىشلارنى ئىسلامى دۆلەتنى زېھىنلەردىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن قەستەن ئويلاپ تاپقان ئىدى. بۇنىڭ بىلەن خەلىپىلىك ۋە ئىسلامى دۆلەت پىكرىنى مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا زېھىنلەردىن يىراقلاشتۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولدى.

مۇستەملىكىچىلەر ئىسلامى دۆلەتنى يېمىرىۋېتىشتىن ئىلگىرى تۈرۈك ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا: - «تۈركىيە تۈركى بولمىغان خەلقلەرنىڭ يۈكىنى كۆتۈرۈپ كەلمەكتە، ئەمدى بۇ خەلقلەردىن قۇتۇلۇش ۋاقتى كەلدى»، دەپ تۈرۈك مىللەتچىلىكىنى ئەۋج ئالدۇردى. ھەمدە تۈرۈك مىللەتچىلىكى يولىدا ۋە تۈركىيەنى تۈرۈك بولمىغان يۇرتلاردىن ئاجرىتىش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بارىدىغان سىياسى جەمئىيەتلەر تەشكىل قىلدى. ئەرەپ ياشلىرى ئوتتۇرىسىدا: - «تۈركىيە مۇستەملىكىچى دۆلەتتۇر. ھازىر ئەرەبلەرگە تۈركىيە مۇستەملىكىسىدىن قۇتۇلۇش پۇرسىتى كەلدى» دېگەن ئەرەپ مىللەتچىلىكىنى سىڭدۈردى ھەمدە ئەرەپ بىرلىكى ۋە مۇستەملىكچىلىكى ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بارىدىغان بىر قانچە سىياسى جەمئىيەتلەر تەشكىل قىلدى. باسقۇنچى كاپىر ئىسلامى يۇرتلارنى يېمىرىلىشى بىلەن مىللەتچىلىك غايىلىرىنى تارقاتتى ۋە مىللەتچىلىك پىكرى ئىسلام ئورنىنى ئىگىلەشكە باشلىدى. تۈرۈكلەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك ئاساسىدا مۇستەقىل بولدى. ئەرەبلەرمۇ ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇش ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك ئاساسىدا ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. مىللەتچىلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك سۆزلىرى ھەممەنىڭ تىلىدىن چۈشمەيدىغان، ئۇ

پەخىر ۋە شان-شەرەپ بەلگىسى بولۇپ قالدى. مۇستەملىكىچىلەر بۇنىڭ بىلەن كۇپايە قىلىپ قالمىدى، بەلكى ئىسلام دىنى ۋە ئۇنىڭدىكى باشقۇرۇش ھەققىدە گۇياكى، خەلىپىلىكنىڭ نەسرانىلاردىكى پاپا ھۆكۈمرانلىقىغا ئوخشىغان نەرسە بولۇپ، پەقەت دىننى راھىبلىق باشقۇرۇشىدۇر، دېگەن خاتا چۈشەنچىلەرنى تارقاتتى. ئاقىۋەتتە مۇسۇلمانلار خەلىپە سۆزىنى ئېيتىشتىن ۋە خەلىپىلىكنى تىكلەشنى تەلەپ قىلىشتىن خىجالەت بولىدىغان بولۇپ قالدى. مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا خەلىپىلىكنى تەلەپ قىلىش قالاقلىق ۋە قېتىپ قالغانلىقنىڭ نىشانى، بۇنداق گەپ زىيالىي ئادەمدىن چىقمايدۇ، ئەركىن پىكىرلىك ئادەم بۇنىڭغا ئوخشاش پىكىرنى ئېيتمايدۇ، دېگەن ئۇقۇم خۇلاسە پەيدا بولدى.

مانا شۇنداق ۋەزىيەتتە ئىسلامىي يۇرتلار كىچىك دۆلەتچىلەرگە تەقسىملەندى ۋە ھەر بىر يۇرت ئاھالىسى بۇ بۆلۈنۈشنى مۇستەھكەملەشكە كىرىشتى. نەتىجىدە بىرلا ئوسمانىي دۆلەت تۈركىيە، مىسىر، ئىراق، سۈرىيە، لىۋان، شەرقىي ئىئوردانىيە، ھىجاز، نەجد، يەمەنگە ئوخشاش بىر نەچچە بۆلەكلەرگە ئاجرىتىلدى ۋە ئۇلاردا مۇستەملىكىچىلىكنىڭ سىياسىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى مالايلىرى ۋە ياخشى نىيەتلىك ئاداشقان ئادەملىرىمىز مۇستەقىللىقنى تەلەپ قىلىپ ھەر تۈرلۈك كېڭەش ئۆتكۈزدى. كېيىن مۇستەملىكىچىلەر پەلەستىندە يەھۇدىلار ئۈچۈن مىللىي ۋەتەن بەرپا قىلىپ بەردى. بۇ مىللىي ۋەتەن كېيىنچىلىك دۆلەت نامى ئاستىدا مۇستەقىل ۋۇجۇتقا ئايلاندى. كاپىرلارنىڭ پەلەستىندە بۇ دۆلەتنى پەيدا قىلىشى ئەنگىلىيە، فرانسىيە ۋە ئامېرىكىغا ئوخشاش مۇستەملىكىچى



غەرب دۆلەتلىرى مۇسۇلمانلارنى باشقا تەرەپكە يۈرۈپ كېتىش ۋە ئىسلامىي دۆلەتنى قايتا ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ۋاستە ئىدى. بۇ ئىشلار بىلەن جۇغراپىيىلىك ھالەت ۋە ئۇمۇمىي مۇھىت مۇسۇلمانلار ئازاتلىقىنىڭ يولىغا مۇستەھكەم توسۇق بولدى.

مۇستەملىكىچىلەر ئىقتىسادتا كاپىتالىزم نىزامىنى، باشقۇرۇشتا دېموكراتىك نىزامنى، ئىش يۈرگۈزۈش ۋە قازىلىق ئىشلىرىدا غەرب قانۇنلىرىنى تەدبىق قىلىشقا باشلىدى. غەرب ھازارىتى ۋە ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرى ئادەملەر ئېڭىغا سىڭدۈرۈلدى. غەربنىڭ ياشاش يولى مۇسۇلمانلارنىڭمۇ ياشاش يولى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن غەرب ئۆزىنىڭ ھايات ھەققىدىكى ئۇقتىسىنەزەرىنى جەمئىيەتتە مۇستەھكەملەشكە ھەرىكەت قىلدى ۋە كاتتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. نەتىجىدە مىسىر ۋە ئىراقتا پادىشاھلىق پارلامېنت تۈزۈمىنى، لىۋان ۋە سۈرىيەدە جۇمھۇرىيەت تۈزۈمىنى، شەرقىي ئىئوردانىيەدە ئەمىرلىكنى ئورناتتى. پەلەستىندە ۋاكالەت (مەدەت) ھاكىمىيىتىنى ئورناتتى ۋە كېيىنچە بۇ ھاكىمىيەت دۆلەت نامى ئاستىدا يەھۇدىلار ئوتتۇرىسىدا دېموكراتىك پارلامېنت تۈزۈمى بەرپا بولۇشى بىلەن ئاخىرىغا يەتتى. پەلەستىننىڭ قالغان جايلىرىنى شەرقىي ئىئوردانىيەگە قوشۇپ، ئۇنى پادىشاھلىق پارلامېنت ھۆكۈمىتى قىلىپ قويدى. ھىجاز ۋە يەمەندە مۇستەبىت پادىشاھلىقنى، تۈركىيەدە بولسا پرېزىدېنت باشقۇرۇشىدىكى جۇمھۇرىيەتنى، ئافغانىستاندا مىراسىي پادىشاھلىقنى ئورناتتى. ئىراننى بولسا ئىمپېراتورلۇق تۈزۈمىنى ئۇتۇشقا رىغبەتلەندۈردى. ھىندىستاننى بولسا مۇستەملىكە قىلىشتا داۋام قىلىپ، كېيىن ئۇنى

ھىندىستان ۋە پاكىستان قىلىپ ئىككىگە بۆلۈپ تاشلىدى. شۇنداق قىلىپ مۇستەملىكىچىلەر ئۆز نىزامىنى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىدا تەدبىق قىلىشقا ئېرىشتى. ئۇنى تەدبىق قىلىش نەتىجىسىدە، مۇسۇلمانلار قەلبىدە ئىسلام ھۆكۈمرانلىقىنى قايتا تىكلەش ئىستىكىنى سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. مۇستەملىكىچىلەر ئۇنىڭ بىلەن چەكلەنمىدى. بەلكى ئۆزى ياراتقان تۈزۈملەرنى ھىمايە قىلىش پىكرىنى مەھەللى ئاھالە پىكرىگە سىڭدۈردى، يەنى بىر ئىقلىمدىكى ھەر بىر مىللەت ئاھالىسى پەقەت ئۆز ئىقلىملىرىنىڭ دۆلەتلىرى دەپ تەن ئېلىپ، باشقا ئىقلىملاردىن ئاجرىلىش ۋە مۇستەقىل بولۇش زۆرۈر دېگەن خۇلاسىگە كەلدى. ئاقىۋەتتە تۈركىيەگە ئىراقلىق، مىسىردا سۈرىيەلىك ئەجنەبى بولۇپ قالدى. شۇنىڭدەك ھەر بىر يۇرت ھاكىملىرى كاپىتالىستىك، دېموكراتىك تۈزۈمنى مۇستەملىكىچى كاپىرغا قارىغاندا قاتتىقراق ھىمايە قىلىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار مۇستەملىكىچىلەر تىكلەپ بەرگەن تۈزۈم ۋە دەستۇرنى ئۆزگەرتىشكە بولغان ھەر قانداق ھەرىكەتنى مۇستەملىكىچىلەر ئىسلامى يۇرتلاردا ئىجرا قىلىنىش ئۈچۈن ئىشلەپ چىققان قانۇننى جازالايدىغان قانۇنسىز ھەرىكەت دەپ ھىساپلاشتى.

مۇستەملىكىچىلەر غەرب قانۇنى مۇسۇلمانلارنىڭ يۇرتلىرىغا ئالدىن ئۇ يەرلەردىكى مالايلىرى ياردىمىدە تەدبىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشقان بولسا، ئەمدى بىۋاستە ئۆزى تەدبىق قىلىشقا كىرىشتى. يەنى، مۇستەملىكىچىلەر 19. ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ، ئىسلامى يۇرتلارغا غەرب قانۇنلىرىنى كىرگۈزۈشكە ھەرىكەت قىلدى. مەسىلەن، مىسىردا شەرئى ئەھكاملار ئورنىغا قوللىنىش ئۈچۈن فرانسىيەنىڭ پۇقرالىق



قانۇنلىرىنى كىرگۈزۈشكە قىزىقتۇرۇشقا باشلىدى ۋە بۇ ئىشتا مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. مىسىردا 1883- يىلىدىن باشلاپ قىبدىمقى فرانسىيە قانۇنى تەرجىمە قىلىنىپ، شەرئى ھۆكۈملەر ئورنىغا مەھكىمىلەردە تەدبىق قىلىنىشقا باشلىدى. ئوسمانلى دۆلىتىدە خەلىپىلىك مەۋجۇت بولغانلىقى سەۋەبىدىن غەرب قانۇنلىرىنى كىرگۈزۈش مىسىردا بولغاندەك ئاسان بولمىدى. لېكىن كاپىرلارنىڭ قاتتىق ھەرىكىتى ۋە مالايلىرىنىڭ ياردىمى ھەمدە بۇ قانۇنلار ئىسلامغا زىت ئەمەس دەپ پەتىۋا بېرىش تۈپەيلىدىن جازا، ھۆكۈم ۋە تىجارەت قانۇنلىرىنى كىرگۈزۈش مۇمكىن بولدى. ئىسلامى قانۇنلارنىمۇ غەرب قانۇنلىرىغا ئوخشىتىپ تۈزۈش پىكرى تۇغۇلدى. كېيىن شەرئى ھۆكۈملەردىن ئىبارەت بولغان قانۇنلار دەپ «مەجەللە» (قانۇنلار توپلىمى) بېسىپ چىقىرىلدى. مەھكىمىلەر ئىككىگە بۆلۈندى:

1. قانۇنلار شەكلىدىكى شەرئى ھۆكۈملەر بىلەن ئىش يۈرگۈزىدىغان «شەرئى مەھكىمە»

2. ئالىملارنىڭ ئىسلامغا زىت كەلمەيدۇ دەپ چىقارغان پەتىۋالىرىغا قاراپ غەرب قانۇنلىرىغا مۇۋاپىق ۋە ئۇلارغا تەقلىدەن ئىشلەپ چىقىلغان «شەرئى قانۇنلار» ھۆكۈم چىقىرىدىغان «نىزامى مەھكىمە».

قانۇنلارغا نىسبەتەن شۇنداق يول تۇتۇلدى. دەستۇرلارغا نىسبەتەن بولسا ئىسلامى دۆلەت ئۈچۈن بىر دەستۇر ئىشلەپ چىقىش ۋە ئۇنى فرانسىيە دەستۇرىدىن ئېلىش ھەرىكىتى باشلاندى ۋە 1878- يىلىدا مەقسىتىگە ئېرىشىشكە يېقىن قالغاندا مۇسۇلمانلارنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچراپ توختىتىلىدى. لېكىن مۇستەملىكىچىلەرنىڭ تىنچلانماسلىقى ۋە مالايلىرى ۋە غەرب

ساقاپىتى بىلەن زەھەرلەنگەنلەرنىڭ كۆپىيىشى «دەستۇر ھەرىكىتى» يەنە پەيدا بولۇشقا ۋە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا ئىمكان ياراتتى. 1908-يىلى دەستۇرنى قوللىنىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلدى. ئوسمانى دۆلەتتە قانۇنلار ۋە دەستۇرنى قوللاش بىلەن ئەرەبىستان يېرىم ئارىلى ۋە ئافغانىستاندىن ئاشقىرى پۈتۈن ئىسلامى ئۆلكىلەر غەرب قانۇنلىرى ئۇسلۇبىدا يۈرگۈزۈلىدىغان بولدى. مۇستەملىكىچىلەر ئىسلامى ئۆلكىلەرنى بېسىۋېلىپ، ئىسلامغا ئالاقىسى يوق يۇقىرالىق قانۇنلىرى دېگەن ئىپتىبارلاردا غەربنىڭ بارچە قانۇنلىرىنى بىۋاسىتە تەدبىق قىلىشقا كىرىشتى. شەرئى ئەھكاملار تەرك قىلىندى. بۇ كۇفرى ھۆكۈمرانلىقنى مۇستەھكەملەپ، ئىسلام ھۆكۈمرانلىقنى ئاجىزلاشتۇردى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا تۆۋەندىكى ئامىللار ياردەم بەردى: ئۇ مۇستەھكەم ئورنىشىپ، ھەممە ئىشلىرىنى ئۆزى بەلگىلىگەن تەلىم سىياسىتى، ئۆزى ئىشلەپ چىققان ۋە ھازىرقىچە بارلىق ئىسلامى ئۆلكىلەردە تەدبىق قىلىنىۋاتقان تەربىيە دەستۇرى ئاساسىغا قۇردى. نەتىجىدە بۇ دەستۇرلارنى ھىمايە قىلىدىغان، كۆپۈنچىسى دۆلەتنى باشقۇرۇۋاتقان ۋە مۇستەملىكىچىلەر خالىغاندەك ھەرىكەت قىلىدىغان مۇئەللىملەرنىڭ قوشۇنى پەيدا بولدى. تەلىم سىياسىتى ۋە دەستۇرلىرى تۆۋەندىكى ئىككى ئاساسقا قۇرۇلدى:

1) دىنىنى ھاياتتىن ئايرىش. بۇنىڭدىن تەبىئى رەۋىشتە دىنىنى دۆلەتتىن ئايرىش كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ھال مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرى ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشىغا ئۆزلىرى قارشى تۇرۇشنى مۇقەررەر قىلىپ قويىدۇ. چۈنكى، بۇ نەرسە (يەنى ئىسلامى دۆلەت بەرپا قىلىش) مۇسۇلمانلار تەلىم ئالغان ئاساسى (دىنىنى ھاياتتىن ئايرىش) دىن كېلىپ چىقىدىغان



سىياسەتكە زىتتۇر.

2) مۇستەملىكىچىلەرنىڭ شەخسىنى ئۆز بىلىم ۋە مەلۇماتلىرى ئۈچۈن ئاساسى مەنبە قىلىش. بۇ نەرسە ئۆز ئۆۋىتىدە ئۇشبۇ مۇستەملىكىچىلەرنى ھۆرمەتلەشنى، ئۇلۇغلاشنى، ئۇنىڭغا ئوخشاشقا ۋە تەقلىد قىلىشقا ئۇرۇنۇشنى ھەمدە مۇسۇلمانلارنى تەھقىرلەشنى، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىشنى ئۇنىڭدىن قېچىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ھەمدە ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشىغا قارشى كۆرەش قىلىشنى ۋە «ئىسلامى دۆلەت ئارقىغا قايتىش» دەپ ھېساپلاشنى تەلەپ قىلىدۇ. مۇستەملىكىچىلىك ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ياكى قورچاق ھۆكۈمەتلەر باشقۇرۇۋاتقان مەكتەپ دەستۇرلىرى بىلەنلا چەكلەنمىدى، بەلكى ئۇلارغا پەقەت مۇستەملىكىچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان مىسسىئونېرلىق مەكتەپلىرىنى ھەمدە سىياسى ۋە ساقاپى جەھەتتىن خاتا يۆزلەندۈرۈشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان ساقاپى ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىمۇ قوشتى. بۇنىڭ بىلەن تۇرلۇك مەكتەپلەردىكى ۋە تۇرلۇك ساقاپى ئۇنىۋېرسىتېتلەردىكى پىكرى مۇھىت ئۇممەتنى ئىسلامى دۆلەت ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشتىن يىراقلاشتۇرىدىغان ھەمدە ئۇممەت بىلەن ئىسلامى دۆلەتنى تىكلەش ئۈچۈن ھەرىكەتنى توسىدىغان ساقاپەتتە تەربىيەلەشكە باشلىدى.

بۇ ئىشلار بىلەن بىر قاتاردا بارچە ئىسلامى ئۆلكىلەردە دىنىنى ھاياتتىن ئايرىش ئاساسىدا سىياسى دەستۇرلار مەيدانغا كەلدى. زىيالىلار ئىچىدە دىنىنى دۆلەتتىن ئايرىش، ئەمما خەلق ئىچىدە بولسا دىنىنى سىياسەتتىن ئايرىش چۈشەنچىلىرى ھۆكۈمران بولدى. بۇنىڭ ئاقىۋىتىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ قالاقلىقىغا سەۋەپ دىنىنى مەھكەم تۇتقانلىقىدۇر، ئويغىنىشنىڭ يىگانە يولى

مىللەتچىلىك ۋە شۇ يولدا ھەرىكەت قىلىش، دەپ بىلىدىغان زىيالىيلار گۇرۇھى پەيدا بولدى. شۇنىڭدەك، مۇسۇلمانلارنىڭ قالاقلىقىغا سەۋەب ئەخلاقىدۇر، دەپ دەۋا قىلىدىغان گۇرۇھلارمۇ مەيدانغا كەلدى. بىرىنچى قىلىپ مىللەتچىلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىدىغان نامىغىلا سىياسىي بولغان پارتىيە ئۇيۇشمىلار قۇرۇلدى. ئىككىنچى باسقۇچتا ئەخلاق، ۋەئىز ئىرشاد ئاساسىدىكى جەمئىيەتلەر بەرپا بولدى ۋە پەزىلەت، ئەدەپ-ئەخلاق ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلار سىياسەتكە ئارىلاشماسلىقنى ئۆزىگە شەرت قىلىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇشبۇ پارتىيە ۋە جەمئىيەتلەر ئىسلامى دۆلەت ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشنى توسىدىغان كاتتا توسقۇ بولدى. چۈنكى ئۇلار زېھنىلەرنى باشقا تەرەپكە بۇرىۋەتتى. زېھنىلەرمۇ شەرئىي ۋاجىب بولغان سىياسىي ئىشتىن، يەنى ئىسلامى دۆلەتنى بەرپا قىلىشتىن ئەخلاقى ئىشلارغا بۇرۇلۇپ كەتتى. (ئەخلاق ئەسلىدە مۇسۇلمان ئىسلام ئەھكاملىرىنى تەدبىق قىلىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى ھەمدە ئىسلام ھۆكۈمرانلىقى بەرپا بولۇشنىڭ تەبىئىي يەكۈنىدۇر). مەزكۇر پارتىيەلەر بولسا ئىسلامغا زىت بولغان ۋە ئىسلامى دۆلەت مەيدانغا كېلىشىگە يول قويمايدىغان مۇستەملىكىچىلىك ئاساسىدا بەرپا بولغان ئىدى.

بۇ سىياسىي دەستۇرلار بىلەن بىر قاتاردا ئۇلارنى ھىمايە قىلىپ، ئىجراسىنى تەسىلەيدىغان قانۇنلارمۇ مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدەك، سىياسىي ئىسلامى پارتىيە ياكى ھەرىكەتلەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان قانۇنلار ئىشلەپ چىقىلدى. بۇ قانۇنلار مۇسۇلمانلارنى شۇ ئۆلكىلەرنىڭ ئاھالىسى بولسىمۇ «تائىپە» دەپ ئېتىبار قىلدى. بۇ قانۇنلار سىياسىي پارتىيە ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ



نىزاملىرى دېموكراتىك بولۇشى ھەمدە ئۇلارغا كىرىش بىر ئائىپىدىكى ئادەملەرگە چەكلەنمەسلىكىنى شەرت قىلغۇچى ماددىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. بۇنىڭ مەنىسى – ئىسلامى دۆلەت قايتا ۋۇجۇتقا كەلمەسلىكى ئۈچۈن ئىسلامى ئۆلكىلەردە، سىياسىي ئىسلامى پارتىيە ياكى ھەرىكەتلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھەمدە مۇسۇلمانلار پەقەت خەيرىيەت جەمئىيەتلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جەمئىيەتلەر تۈزۈشكە ھەقلىق ئىكەنلىكى ۋە ئىسلام ئاساسىدا سىياسىي پائالىيەتلەر ئېلىپ بېرىش مەنئى قىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بەزى قانۇنلار سىياسىي ئىسلامى پارتىيەلەر سىياسىي ئىسلامى پارتىيە تۈزۈشنى جازاغا تارتىلىدىغان جىنايەت دەپ ئېتىبار قىلدى. شۇنداق قىلىپ، ئىسلامى دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرمەسلىك ئاساسىدىكى سىياسىي پروگراممالار ساختا قانۇنلار بىلەن مۇستەھكەملەندى.

مۇستەملىكىچىلىك بۇنىڭ بىلەن چەكلەنمىدى، بەلكى مۇسۇلمانلارنى ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن شۇغۇللاندۇرۇپ قويۇپ، ئىسلامى دۆلەت سايىسىدا ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن ھەقىقى پائالىيەتتىن ئۈممەتنى بۇرايدىغان مەشغۇل قىلغۇچى بولۇپ قېلىش مەقسىتىدە «ئىسلامى يىغىن»لارنى قوللاپ-قۇۋۋەتلىدى. بۇ يىغىنلار تۇيغۇلارغا تەسەللى بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۆتىدى. ئۇلار بىرەر ماددىسىنىمۇ ئىجرا قىلالمايدىغان، بەلكى ئىجرا قىلىشقا ھەرىكەتمۇ قىلالمايدىغان قارارلارنى قوبۇل قىلىپ، مەتبۇئات ۋە رادىئو-تېلېۋىزىيە ئارقىلىق پەقەت ئاڭلىتىپ قويىدىغان بولدى. كېيىن بەزى يازغۇچى ۋە ناتىقلارنى ئىسلامى دۆلەت مەۋجۇت بولۇشىدىكى خەتەرلەرنى ھەمدە ئىسلامدا باشقۇرۇش نىزامى يوقلىقىنى بايان قىلىشقا

روھلاندۇردى. نەتىجىدە، مۇسۇلمانلارنىڭ چالغىنى ئۆچۈپ ۋە نۇر دىنلىرىدىن، ئۇلارنىڭ ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق ھاياتنى قايتا باشلاشتىن باشقا نەرىگە بورۇلۇپ كېتىشى ئۈچۈن مۇسۇلمانلار ئىچىدە ئەزى مالايلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىكىنىڭ ئۇشبۇ چاقىرىقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كىتابلىرى بىسىپ تارقىتىلدى.

مۇستەملىكىچىلىك ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشىغا قارشى توسقۇلار قويۇپ، ھەمدە ئىسلامى دۆلەتنى يوقاتقاندىن كېيىن يەنە پەيدا بولۇشىغا يول قويماسلىققا بار كۈچىنى سەرپ قىلىپ، ئىسلامى دۆلەتنى يوقاتقان كۈندىن باشلاپ، ھازىرغىچە مانا شۇ يولدا تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە.

## ئىسلامى دۆلەتنى بەرپا قىلىش مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر

ئىسلامى دۆلەتنىڭ دۆلەت جىھازى تۆۋەندىكى يەتتە رۇكنى ئۈستىگە بەرپا بولىدۇ: خەلىپە، مۇئاۋىنلار، ۋالىلار، قازىلار، ئىدارى جىھاز، قوشۇن ۋە شۇرا مەجلىسى. ئەگە دۆلەت شۇ يەتتە رۇكنىنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرسە ئۆز جىھازىنى مۇكەممەل قىلغان بولىدۇ. ئەگەر بۇلاردىن بىرەرسى يېتىشمىسە، ئۇنىڭ جىھازى ئەلتۈكۈس ھېسابلانمايدۇ. لېكىن خەلىپە بار ئىكەن، دۆلەت ئىسلامى دۆلەت بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. جىھازدىكى نۇقسان ئۇنىڭغا زەرەر يەتكۈزمەيدۇ. چۈنكى دۆلەتتە ئاساس خەلىپەدۇر. ئىسلامى دۆلەتتە باشقۇرۇش ئاساسلىرى تۆت بولۇپ، ئۇلار: بىرلا خەلىپە سايلاش؛ ھۆكۈم يۈرگۈزۈش (سەلتەنەت) ئۇممەتنىڭكى بولۇشى؛ سىيادەت (خوجايىنلىق) شەرىئەتنىڭكى بولۇشى ۋە



پەقەت خەلىپە شەرئى ئەھكاملارنى تەبەننى قىلىشى يەنى ئۇلارنى ئەمەل قىلىنىدىغان قانۇنغا ئايلاندۇرۇشى. ئەگەر بۇ ئاساسلاردىن بىرەرسى بولمىسا باشقۇرۇش تەبىرى ئىسلامى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تۆت ئاساسنىڭ بارچىسى مۇكەممەل بولۇشى زۆرۈر. ئىسلامى دۆلەتتە ئاساس خەلىپەدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىلار ئۇنىڭ نائىبى ۋە مەسلىھەتچىلىرىدۇر. خەلىپىلىك (ياكى ئىماملىق) بولسا مۇسۇلمانلار ئۈستىدىن ئومۇمى تەسەررۇپقا ئىگە بولۇش دېمەكتۇر. بۇ بولسا ئەقىدىلەردىن ئەمەس، بەلكى شەرئى ئەھكاملاردىندۇر. چۈنكى، بەندىلەرنىڭ ئىشلىرىغا تەئەللۇق بولغان يۈرۈشلاردىندۇر.

مۇسۇلمانلارغا خەلىپىنى تىكلەش پەرزدۇر. خەلىپىگە بەيئەتسىز ئىككى كېچىنى ئۆتكۈزۈش مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ھالال ئەمەس. ئەگەر مۇسۇلمانلار ئۈچ كۈن خەلىپىسىز قالسا، تا خەلىپىنى تىكلىگىچە گۇناھكار بولىدۇ. ئۇلار بار كۈچلىرىنى خەلىپىنى تىكلەشكە سەرپ قىلمىسا ۋە تا تىكلىگىچە تىنىمسىز ھەرىكەت قىلمىسا ئۇلاردىن گۇناھ ساقىت بولمايدۇ. خەلىپىنى تىكلەشنىڭ پەرزلىكى كىتاپ، سۈننەت ۋە ساھابىلار ئىجماسى بىلەن سابىتتۇر. قۇرئاندا الله تەئالا رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزى نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە بۇيرىغان ۋە بۇ بۇيرۇق قەتئى بولۇپ كەلگەن.

الله تائالا مۇنداق دەيدۇ:

فاحكم بينهم بما انزل الله ولا تتبع اهواءهم عما جاءك من الحق

—«(ئى مۇھەممەد!) ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئان (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن. ساڭا كەلگەن

ھەقتىن بۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن»
(5:48).

ولن احكم بينهم بما انزل الله ولاتتبع اهواءهم واحذرهم
ان يفتنوك عن بعض ما انزل الله اليك

«ئۇلارنىڭ ئارىسىدا الله ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ (ئەھكامى) بويىچە ھۆكۈم قىلغىن، ئۇلارنىڭ نەپسى خاھىشلىرىغا ئەگەشمىگىن، ئۇلارنىڭ ساڭا نازىل قىلغان قۇرئاننىڭ بىر قىسمىدىن سېنى ۋازكەچۈرۈشىدىن ساقلانغىن»
(5:49).

رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا بولغان خىتاب پۈتۈن ئۈممەتكە بولغان خىتابدۇر. بۇ خىتاب رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىنى بىلدۈرگۈچى دەلىل بىلەن كەلمىگەن. دېمەك، مەزكۇر ئايەتلەردىكى خىتاب الله نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۈچۈن بارلىق مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن خىتابدۇر. سۈننەتكە كەلسەك، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆز زامانىسىدىكى ئىمام - خەلىپىنى بىلمىگەن ھالدا ئۆلسە - جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلگەن بولىدۇ». «كىمكى بويىنىدا بەيئەت بولمىغان ھالدا ئۆلسە، ئۇ جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلۈدۇ». (ئىمام ئەھمەد ۋە تەبرانى مۇئاۋىيەدىن رىۋايەت قىلغان). «مەن رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ شۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «كىمكى اللەقا ئىتائەت قىلىشتىن قولىنى تارتسا، (يەنى باش تارتسا)، قىيامەت كۈنى اللەقا ھۆججەتسىز ھالدا ئۇچرىشىدۇ. كىمكى بويىنىدا بەيئەت بولمىغان ھالدا ئۆلسە، ئۇ جاھىلىيەت ئۆلۈمى بىلەن ئۆلىدۇ». (ئىمامى مۇسلىم ئىبنى ئۆمەردىن رىۋايەت قىلغان). ھىشام ئىبنى ئۇرۋە، ئەبۇ سالىھدىن، ئۇ ئەبۇ



ھۇرەيرىدىن رىۋايەت قىلىدۇ: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام ئېيتتى: «سىلەرگە مەندىن كېيىن ۋالىيلار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ياخشىسى سىلەرگە ياخشىلىقى بىلەن، يامىنى يامانلىقى بىلەن ۋالىيلىق قىلىدۇ. ئۇنداقتا، سىلەر ئۇلارغا قولاق سېلىڭلار ۋە ھەققە مۇۋاپىق كېلىدىغان ھەر بىر نەرسىدە ئۇلارغا ئىتائەت قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار ياخشىلىق قىلسا، بۇ سىلەرنىڭ پايداڭلار، ئەگەر يامانلىق قىلسا، (ھەم ئىتائەت قىلىڭلار. چۈنكى،) بۇ سىلەر ئۈچۈن پايدا، ئۇلارغا بولسا زىياندۇر». ئەمدى ئىجماغا كەلسەك، بۇخارى ۋە مۇسلىمنىڭ سەھىھ ھەدىس توپلاملىرىدا كەلگەن بەنى سائىدە ئايۋىنىدا بولغان ۋەقەلەر ھەققىدىكى ھەدىسقا قارىغاندا، رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتلىرىدىن كېيىن ساھابىلار پۈتۈن ئېتىبارلىرىنى خەلىپە تىكلەشكە قاراتقان. بارلىق خەلىپىلەرنىڭ ۋاپاتلىرىدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولغان. ساھابىلار خەلىپە تىكلەشنى ۋاجىپ دەپ ئىجما قىلغانلىقى تەۋاتۇر يولى بىلەن نەقىل قىلىنغان. ھەتتا ئۇلار بۇ ئىشلارنى ۋاجىپلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى دەپ بىلگەن. بۇ بولسا قەتئىي دەلىل دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. ئۈممەت ھېچبىر ۋاقىت خەلىپىسىز قالماسلىقى لازىملىقى توغرىسىدا ھەم ساھابىلارنىڭ ئىجماسى تەۋاتۇر يولى بىلەن نەقىل قىلىنغان. دېمەك، ئۈممەت ئىمامنى تىكلىشى ۋە ئۇنىڭغا باش قىلىۋېلىشى ۋاجىپتۇر. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋاپاتلىرىدىن تا قىيامەت كۈنىگىچە پۈتۈن ئۈممەت شۇنىڭغا چاقىرىلغاندۇر.

ساھابىلار رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنى دەپنە قىلىشنى تا دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۈچۈن بىرلا خەلىپىگە بەيئەت قىلغۇنچە كېچىكتۈرۈپ ئۇرغانلىقىدىن خەلىپىنى تىكلەش ئەھمىيەتلىك

زۆرۈرلىكى ۋە بۇنى ساھابىلارنىڭ ئېچىلىك ھېس قىلغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. بۇ نەزىرىيە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا نەيزە ئۇرۇلغان ۋاقىتتا قىلغان ئىشىدىنمۇ ئايان بولىدۇ. ئۇ كىشىدىن مۇسۇلمانلار ئۆزىدىن كېيىنكى خەلىپىنى بەلگىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغاندا ئۇنىمىدى. كېيىن مۇسۇلمانلار قاتتىق تۇرىۋالدى. شۇچاغدا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىچىدىن بىرىنى سايلىۋېلىشى ئۈچۈن ئالتە كىشىنى تاللىدى. بۇنىڭ بىلەن توختاپ قالماي، سايلاش ئۈچۈن قىسقا مۇددەتنى، ئۈچ كۈننى بەلگىلەپ بەردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۆزلىرىدىن بىرىنى خەلىپە قىلىشقا قارار قىلىنسا، ئۇلارغا مۇخالىپ بولغان شەخسنى ئۆلتۈرۈشنى بەلگىلىدى. ھەتتا ئۇلار ئەھلى شۇرا ۋە بۈيۈك ساھابىلاردىن بولسىمۇ، كىم قارشى چىقسا، ئۇنى ئۆلتۈرىدىغان ئادەملەرنىمۇ تەييارلاپ قويدى. خەلىپىلىككە نامزاتلار ئەلى، ئوسمان، ئابدۇرراھمان ئىبنى ئەۋپ، زۇبەيرى ئىبنى ئەۋۋام، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ ۋە سەئدى ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار ئىدى. ئەگەر مانا شۇنداق ساھابىلاردىن بىرىنى خەلىپە سايلاشقا ئىتتىپاق قىلمىسا ئۆلتۈرۈلىدىكەن، بۇ ھال خەلىپە سايلاش قەتئىي زۆرۈر ئىكەنلىكىگە دەلىل بولىدۇ.

ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش، ھەدلەرنى تىكلەش، كەمچىلىكلەرنى تولدۇرۇش، قوشۇنلارنى جەڭگە تەييارلاش، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى كېلىشمەسلىكلەرنى توختىتىش، تىنچلىقنى ساقلاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەرئى ۋەزىپىلەر خەلىپىگە باغلىقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپە تىكلەش ۋاجىبتۇر.

خەلىپىلىكنى تەلەپ قىلىش مەكرۇھ ئەمەس. ساھابىلار



رەزىيەللاھۇ ئەنھۇم ۋە ئەھلى شۇرا خەلىپىلىك ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىشقان. بۇنى ئۇلاردىن ھېچكىم ئىنكار قىلمىغان. بەلكى ساھابىلار ئىجماسى بۇنداق تارتىشىش مۇمكىنلىكىگە كېلىشكەن. رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېگەن: «ئەگەر ئىككى خەلىپىگە بەيئەت قىلىنسا، ئۇلارنىڭ كېيىنكىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار». مۇسلىم ئەبۇ سەئىدىل خۇدرىيدىن رىۋايەت قىلغان). رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام دېدى: «كىمكى بىر ئىمام (خەلىپە) بىلەن بەيئەت قىلىپ، ئۇنىڭغا قولىنى دىلىنى تۇتسا، بار كۈچى بىلەن ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلسۇن. ئەگەر باشقىسى كېلىپ ئۇنىڭدىن خەلىپىلىكنى تالاشسا، كېيىنكىسىنىڭ بوينىغا (قىلىچ بىلەن) ئۇرۇڭلار». (مۇسلىم رىۋايىتى). يەنە بىر رىۋايەتتە «كىم بولسا بولسۇن ئۇنىڭ بوينىنى قىلىچ بىلەن ئۇرۇڭلار» دېگەن سۆزلىرىگە قارىغاندا بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەقەت بىرلا خەلىپە سايلىنىدۇ. ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇشىدىكى سەۋەب، ئەگەر باشقا يول بىلەن قايتمىسا، ئۇنىڭدا ئۆلتۈرۈلىدۇ. ئەگەر خەلىپىلىك سۈپىتىگە ئىگە بولغان بىر نەچچە ئادەم توپلانسا، كۆپچىلىك تەرىپىدىن بەيئەتنى قانۇنى تۈسكە كىرگەن شەخس خەلىپە بولىدۇ. كۆپچىلىككە قارشى چىققان شەخس بولسا باغى بولىدۇ. ئەگەر خەلىپىلىك شەرتلىرىنى ئۆزىدە تولۇق مۇجەسسەم قىلغان بىرلا شەخس خەلىپىلىككە سايلانسا، كېيىن كۆپچىلىك ئۇنىڭدىن باشقىسىغا بەيئەت قىلسا، بىرىنچىسى خەلىپە بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. ئىككىنچىسىنى بولسا رەت قىلىش لازىم بولىدۇ. خەلىپىدە تولۇق بولۇشى كېرەك بولغان شەرتلەر تۆۋەندىكىلەر: مۇسۇلمان، ئەر، بالىغ، ئاقىل، ئادىل ۋە قادىر بولۇشى. مۇسۇلمان بولۇشىنىڭ

دەلىلى اللە تائالانىڭ تۆۋەندىكى سۆزىدۇر:

ولن يجعل الله للكفرين على المؤمنين سبيلا

— «اللە كاپىرلارغا ھەرگىز مۆئمىنلەرگە قارشى يول بەرمەيدۇ». (4:141)

ئەر بولۇشنىڭ دەلىلى رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆۋەندىكى ھەدىسلىرىدۇر: «ئۆز ئىشلىرىغا ئايال كىشىنى باش قىلىۋالغان قەۋم ھېچقاچان نىجات تاپالمايدۇ». بالىغ ۋە ئاقىل بولۇشنىڭ دەلىلى تۆۋەندىكى ھەدىستىن ئېلىنغان: «رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالام شۇنداق دېدى: «ئۇيقۇدىكى كىشى ئويغانغىچە، سەبىي بالا ئەقىل يەتكۈچە ۋە ساراڭ ئوڭشالغۇچە قەلەم كۆتۈرۈلگەندۇر». كىمدىن قەلەم كۆتۈرۈلگەن (يەنى قىلغان ئىشلىرىغا جاۋابكار بولمايدىغان) بولسا، ئۇ شەرئەن مۇكەللەپ ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك ئۇ ئۆز ئىشلىرىنى ئۆزى تەسەررۇپ قىلالمىغانلىقى ئۈچۈن خەلىپە بولۇش ياكى ھۆكۈمدارلىققا ئالاقىدار بىرەر ئورۇن مەنسەپكە بەلگىلىنىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇ تەسەررۇپ قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ئادالەت شەرتلىكىگە كەلسەك، ئادالەت خەلىپىنىڭ قانۇنى تۈسكە كىرىشى ۋە داۋاملىق بولۇشى ئۈچۈن لازىم بولغان شەرتتۇر. چۈنكى اللە گۇۋاھچىنىڭ ئادالەتلىك بولۇشىنى شەرت قىلغان. اللە تائالا ئېيتىدۇ:

واشهدوا ذوي عدل منكم

— «ۋە ئۆزۈڭلاردىن، يەنى مۇسۇلمانلاردىن بولغان ئىككى ئادالەت ئىگىسىنى گۇۋاھ قىلىڭلار». (65:2)

گۇۋاھتىن قارىغاندا ئۈستۈن مەرتىۋىدە بولغان شەخس، يەنى خەلىپە ئادالەتلىك بولۇشى لازىمدۇر. ھۆر بولۇش شەرتلىكىگە كەلسەك، بۇنىڭغا سەۋەب قۇل خوجايىنىنىڭ



ئىختىيارىدادۇر. ئۇ ئۆزىچە ئىش قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. ئۆزىچە ئىش قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولمىغان ئىنساننىڭ باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزەلمەسلىكى ئېنىقتۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئادەملەر ئۈستىدىن باشلىق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

قادىر بولۇش شەرتلىكىگە كەلسەك، بىرەر تەكلىپ (ۋەزىپە)نى بېجىرىشتىن ئاجىز بولغان شەخسكە ئۇ ئىشنى يۈكلەش پايدىسىز. شۇنىڭدەك، بۇ نەرسە ئەھكاملارغا ئېتىبارسىز قاراش ۋە ھوقۇقلارنىڭ زايا كېتىشىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئىسلام بۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەيدۇ.

بۇلار خەلىپىنىڭ سابىت (دائىمى) شەرتلىرىدۇر. ئەمما فۇقەھالار زىكرى قىلغان بۇلاردىن باشقا شىجائەتلىك، ئىلىملىك بولۇشى، قۇرەيشتىن بولۇشى، پاتىمە خانىدانىدىن بولۇشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش تەلەپلەر خەلىپىلىكنى قانۇنى تۈسكە كىرگۈزۈش شەرتلىرىدىن ئەمەس. ئۇلار بۇنىڭ شەرتى ئىكەنلىكىگە بىرەر دەلىل كەلتۈرمىگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار شەرت دەپ ئېتىبار قىلىنمايدۇ. شۇنىڭدەك، ھەر بىر مۇسۇلمان، ئەر، بالىغ، ئاقىل، ئادىل ۋە قادىر شەخسكە مۇسۇلمانلارغا خەلىپە بولۇشى ئۈچۈن بەيئەت قىلىنىشى دۇرۇست بولۇۋېرىدۇ.

شۇنىڭغا قارىغاندا، ئىسلامى دۆلەتنى بەرپا قىلىش بارلىق مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. بۇ كىتاب، سۈننەت ۋە ساھابىلار ئىجماسى بىلەن سابىتتۇر. چۈنكى ھازىر مۇسۇلمانلار ئۆز يۇرتلىرىدا كۇفرىنىڭ نۇپۇزىغا بويسۇنغان بولۇپ، ئۇلار ئۈستىدە كۇفرى ئەھكاملىرى تەدبىق قىلىنماقتا. ئۇلارنىڭ دىيارلىرى دارۇلئىسلام بولغاندىن كېيىن دارۇل كۇفرىغا ئايلىنىپ قالدى.



www.uyghurkitap.com

بەنى، ئۇلارنىڭ تەۋەلىكلىرى ئىسلامى ئەمەس. گەرچە ئۇلارنىڭ يۇرتلىرى ئىسلامى بولسىمۇ، مۇسۇلمانلار دارۇلئىسلامدا ياشىشى ۋە ئۇلاردا ئىسلامى تەۋەلىك بولۇشى ۋاجىپتۇر. ئەمما بۇ نەرسە پەقەت ئىسلامى دۆلەتنى بەرپا قىلىش بىلەنلا ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئىسلامنى تەدبىق قىلىدىغان، ئۇنىڭ دەۋىتىنى پۈتۈن ئالەمگە ئېلىپ چىقىدىغان خەلىپىگە بەيئەت قىلىش ئۈچۈن ئىسلامى دۆلەتنى تىكلەشكە ئىنتىلمىسە گۇناھكار بولۇپ قېلىۋېرىدۇ.

## ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشنىڭ قىيىنچىلىقلىرى

ئىسلامى دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇشى ئاسان ئەمەس، چۈنكى، ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئۇڭايغا چۈشمەيدۇ. چۈنكى بۇ يەردە ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشى ئالدىدا تۇرغان زور توسۇقلار باركى، ئۇلارنى ئېلىپ تاشلاش، ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش يولىدىكى چوڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۆتۈش كېرەك. چۈنكى ئىش قانداقتۇر بىر دۆلەتنىڭ مەيدانغا كېلىشىگىمۇ، ئىسلامى دۆلەت دەپ ئاتىلىدىغان دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇشىغىمۇ باغلىق ئەمەس. بەلكى ئىش ئىسلامنى ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان نىزام سۈپىتىدە، الله تائالانىڭ ھۆكمى دېگەن ئېتىباردا شەرئىي ئەھكاملار سۈپىتىدە تەدبىق قىلىدىغان، ئىچكىرىدە ئىسلامى ھاياتنى مۇكەممەل سۈرەتتە قايتا باشلايدىغان ۋە تاشقىرىدا بارلىق ئادەملەرگە دەۋەتنى يايىدىغان ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشىغا ئالاقىداردۇر. بۇ دۆلەت ئەقىدە ئۈستىگە قۇرۇلىدىغان ياكى



ئۇنىڭدىن كېلىپ چىققان پىكىرلەرگە ھەمدە ئۇنىڭدىن ئېلىنىدىغان قانۇن ۋە نىزاملارغا ئاساسلانغان بولۇشى لازىم. شۇندىلا ئىدىيە، ھاياتقا ئىشتىياق ئويغىتىدۇ، ھاكىم مەھكۇم تەربىيەدىن ئىختىيارى رەۋىشتە قانۇن ۋە نىزاملارنىڭ ئىجراسى كاپالەتلىنىدۇ. بۇ دۆلەت ئۇنى بەرپا قىلغان ئۇممەتتىنمۇ، ئىشلارنى باشقۇرغۇچىلاردىنمۇ ئىسلامى بولۇشى لازىم ھەمدە ئۇممەت پۈتۈن ئالەمگە ئىسلام رىسالىتىنى ئېلىپ چىقىشقا ئىمكان بېرىدىغان، غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئىسلامنىڭ نۇرىنى كۆرۈشكە ئىمكان بېرىدىغان سۈرەتتە بولۇشى لازىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ياكى ئىسلامى دۆلەت بەرپا قىلىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى يېڭىپ ئۆتۈش ئۈچۈن ئىنتىلىش لازىم. بۇ قىيىنچىلىقلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىرى تۆۋەندىكىلەر:

1. غەيرى ئىسلامى پىكىرلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام ئالىمىگە ھۇجۇمى. بۇنىڭغا سەۋەپ: ئىسلام ئالىمى چۈشكۈنلۈك ئەسىرىنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ دەۋرىدە ئۇ جەمئىيەتتىكى ئومۇمى قالاقلىق سەۋەبىدىن پىكىر يۈرگۈزۈشى يۈزەكى، مەئرىپەتسىز، ئەقلى ئاجىز ئىدى. ئىسلامى ئالەم مانا شۇنداق بىر ھالەتتە تۇرغاندا ئۇنىڭغا ئىسلام پىكىرلىرىگە زىت بولغان، ھايات ھەققىدىكى خاتا چۈشەنچىلەر ئۈستىگە قۇرۇلغان پىكىرلەر بىلەن ھۇجۇم قىلىندى. بۇ پىكىرلەر قارشىلىقتىن خالى ياخشى تۇپراقنى تېپىۋالدى ۋە ياخشى ئورۇنلىشىۋالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇسۇلمانلارنىڭ، خۇسۇسەن، زىيالىلارنىڭ ئەقىللىرى بۇ پىكىرلەر بىلەن بىرلەشتى. نەتىجىدە غەربكە تەقلىد قىلىشنى شۇئار قىلغان، ئۆزىگە خاس بولغان خاسلىقنى

بوقاتقان، ئىسلامى پىكرەتنى سىياسى دەپ ئۆزىدىن يىراقلاشتۇرغان، بۇ پىكىرنىڭ ھەقىقىتىنى ئىدراك قىلالمايدىغان سىياسى ئادەملەر شەكىللەندى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامى دەۋەت ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاشقا ئۈندەيدىغان بولىشى كىرەك. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە مۇسۇلمانلار ئىسلامنى چۈشەندۇرۇش ئارقىلىق ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بىرىشقا دەۋەت قىلىنىدۇ. غەيرى مۇسۇلمانلار ئىسلامغا ئۇنىڭ پىكرىنى شەرھىلەش ئارقىلىق دەۋەت قىلىنىدۇ. بۇ بولسا غەيرى ئىسلامى پىكىرلەردىكى خاتالىقلارنى، ئۇلاردىن كېلىپ چىقىدىغان خەتەرلىك نەتىجىلەرنى بايان قىلىنىشىنى ھەمدە ئۇممەت سىياسى جەھەتتى يېقىن ئامايەن بولۇپ تۇرىدىغان ئىسلامى ساقايەت بىلەن تەربىيلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

2. مۇستەملىكىچىلىك بەلگىلەپ بەرگەن ئاساسقا قۇرۇلغان تەلىم دەستۇرلارنىڭ، مەكتەپ ۋە ئالى ئوقۇش يۇرتلىرىدا بۇ دەستۇرلار تەدبىق قىلىنىدىغان تەرىقەتنىڭ مەۋجۇتلىقى ھەمدە بۇ تەلىم دەرگاھلىرىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئىشلىرى، ئىدارە قىلىش، قازىلىق، تەلىم، تىببى ۋە ھاياتنىڭ باشقا ساھەلىرىنى باشقۇرۇدىغان شەخسلەرنىڭ مۇستەملىكىچىلەر ئىرادە قىلىدىغان پىلان ئاساسىدا تەربىيلىنىپ چىقىشى. ھەتتا كۆرۈپ تۇرغىنىمىزدەك ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا مۇستەملىكىچى خىزمەتچىلەر ۋەزىپىسى مۇستەملىكىچى ئورناتقان چېگرالار، قانۇنلار، ساقايەت، سىياسەت، تۈزۈم، ھازارەت، ۋە باشقىلارنى مۇھاپىزەت قىلىش ھەمدە مۇستەملىكىچىنى كۆز قارچۇغىنى ئاسرىغاندەك ئاسرايدىغان مۇسۇلمان خىزمەتچىلەرگە ئالماشتۇرۇلدى. بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش يولى - مەۋجۇت



www.uyghurkitap.com

مۇستەملىكىچىلىكنىڭ يىرگىنىشلىكى ئېنىق نامايەن بولىشى ئۈچۈن ھاكىملار ۋە خىزمەتچىلەرنىڭ قىلمىشلىرىنى ئېچىپ تاشلاش. شۇنداق قىلغاندا ھېچكىم مۇستەملىكىچىلىكنى ھىمايە قىلالمايدىغان بولىدۇ.

3. تەلىم دەستۇرلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلەر بەلگىلەپ بەرگەن ئاساستا ۋە ئۇ ئىرادە قىلغان تەرىقىدا تەدبىق قىلىنىشىنىڭ ھازىرغىچە داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقى. بۇ ھال ئىلىم دەرگاھلىرىنى بىتتۈرۈپ چىققان ھەمدە ھازىرمۇ تەلىم ئېلىۋاتقان ياشلارنى ئىسلامغا زىت يۇنۇلۇشتە ئىش تۇتىدىغان قىلىپ قويىدى. بىز تەلىم دەستۇرى دېگىنىمىزدە ئىلمى ۋە سانائى دەستۇرلارنى نەزەردە تۇتمايمىز. چۈنكى بۇلار بىر ئۇممەتكە خاس بولمىغان ئالەمى بىلىملەر بولۇپ، بارلىق ئادەملەر ئۈچۈن باراۋەردۇر. بەلكى ھاياتنىكى نۇقتىئىنەزەرگە تەسىر كۆرسىتىدىغان ساقايى دەستۇرلارنى نەزەردە تۇتماقتىمىز. مانا شۇ نەرسە تەلىم دەستۇرىنى ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئالدىدا تۇرىدىغان قىيىنچىلىق قىلىپ قويىدۇ. بۇنىڭغا تارىخ، ئەدەبىيات، پەلسەپە ۋە قانۇنچىلىق بىلىملىرى كىرىدۇ. چۈنكى تارىخ ھاياتنى ۋاقىتنى تەسۋىرلەش بولسا، ئەدەبىيات شۇئۇرى تەسۋىرلەشتۇر. پەلسەپە ئەسلى پىكىر بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھايات ھەققىدىكى نۇقتىئىنەزەر قۇرۇلىدۇ. قانۇنچىلىق بولسا، ھايات مۇئامىلىرىنىڭ ئەمەلى مۇئالىجىلىرى ھەمدە شەخسلەر ۋە جامائەتلەرنىڭ ئالاقىلىرىنى تەرتىپكە سېلىش ۋاستىسىدۇر. ھەقىقەتەن، بۇلار ياردىمىدە مۇستەملىكىچىلەر مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىللىرىنى ئۆزىگە خاس تەرىزدە شەكىللەندۇرۇۋۇدۇكى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ ھاياتىدا ئىسلام مەۋجۇت بولۇشىنىڭ

زۆرۈرلىكنى چۈشۈنۈپ يەتمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەقلىيەنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەرنى بولسا ئىسلامغا دۈشمەن، ئۇنىڭ ھايات مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلالىشىنى ئىنكار قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەقلىيەنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارنى مەكتەپ ۋە ئالى ئوقۇش يۇرتلىرىدىن تاشقىرىدا ئىسلامى پىكىرلەر ۋە ئەھكاملار بىلەن تەرتىپلىك ۋە جامائىي ساقايەت بېرىش ئارقىلىق تەربىيلەش كېرەك. شۇۋاقىتتا بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش مۇمكىن بولىدۇ.

4. بەزى ساقايى بىلىملەرنى ئاممىۋى ھالدا ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلارنى ئالى ئىلىملەردىن دەپ ئېتىبار قىلىشنىڭ مەۋجۇتلىقى. مەسىلەن، ئىجتىمائى پەنلەر، پىخسىلوگىيە ۋە پېداگوگىكا ئىلىملىرى. چۈنكى، ئادەملەر بۇ ماتارىيالارنى ئىلىم دەپ، ئۇلار ھاسىل قىلغان نەتىجىلەرنى تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى دەپ ھېسابلىشىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ. بۇ ماتارىيالار كەلتۈرگەن نەرسىلەرنى ئۇلار مەكتەپ ۋە ئالى ئوقۇش يۇرتلىرىمىزدا ئىلىم سۈپىتىدە ئوقۇتۇلىدۇ. ئۇلارنى ھاياتقا تەدبىق قىلىمىز، ھايات ئىشلىرىدا ئۇلاردىن مەدەت ئالىمىز. ئىجتىمائى پەنلەر، پىخسىلوگىيە ۋە پېداگوگىكا ئالىملىرى ئېيتقان گەپلەر قۇرئان ۋە ھەدىسقا قارىغاندا كۆپراق دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىلىملەرنى تەلىم ئېلىش، ئۇلۇغلاش ھاياتىمىزدىكى ئىشلىرىمىزغا ھەكەم قىلىش نەتىجىسىدە، بىزدە خاتا پىكىرلەر ۋە نۇقتىئىنەزەرلەر پەيدا بولدى. ئۇلارغا زىت سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشىمىزمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. بۇ ئىلىملەر ئومۇمەن ئېلىپ قارالغاندا دىنىي ھاياتىمىزنى ئاجرىتىشقا



ۋە ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشقا قارشى كۈرەش قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، بۇ ماتارىيالار ئىلىم ئەمەس، ساقايەتتۇر. چۈنكى ئۇلار مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات يولى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۇلاردا تەجرىبە دېگەن نەرسە ئومۇمەن ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنى ئادەملەرگە تەدبىق قىلىش تەجرىبە دېيىلمەيدۇ. بەلكى ئۇلار تۈرلۈك شەخسلەر ئۈستىدە تۈرلۈك شارائىت ۋە ۋەزىيەتلەردە تەكرار-تەكرار كۆزىتىلگەن مۇلاھىزىلەردۇر. دېمەك ئۇلار مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات بولۇپ، تەجرىبە ئۆتكۈزگۈچىنىڭ بىر نەرسىنىڭ ئۆزى ئۈستىدە سىنىشى ياكى ئۇ نەرسە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىلىم ئەمەس، ساقايەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلار زەننى (گۇمانى) بولۇپ، خاتا بولۇشىمۇ، توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا سەۋەپ ئۇلار چەلكەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. چۈنكى ئۇلار شەخس ۋە جەمئىيەتكە قاراش ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇنىڭدەك ئۇلار شەخسى قاراشلارغا ئاساسلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت شەخسلەردىن تەركىب تاپقان دېگەن ئېتىباردا قاراشلار شەخستىن ئائىلىگە، ئۇنىڭدىن جامائەتكە ۋە ئۇنىڭدىن جەمئىيەتكە كۆچىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماتارىيالار جەمئىيەتلەرنى بىر-بىرىدىن ئاجرالغان دەپ ئېتىبار قىلىپ، بىر جەمئىيەتكە توغرا كەلگەن نەرسە ئىككىنچى جەمئىيەتكە توغرا كەلمەيدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، جەمئىيەت ئىنسان، پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلاردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، بىر جايدىكى ئىنسانغا توغرا كەلگەن نەرسىلەر ھەممە جايدىكى ئىنسانلارغىمۇ توغرا كېلىۋېرىدۇ. ھەممە تۈرلۈك

www.uyghurkitap.com

زۆرۈرلىكىنى چۈشۈنۈپ يەتمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەقلىيەنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. بەزىلەرنى بولسا ئىسلامغا دۈشمەن، ئۇنىڭ ھايات مۇئامىلىرىنى مۇئالىجە قىلالىشىنى ئىنكار قىلىدىغان قىلىپ قويىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەقلىيەنى ئۆزگەرتىش زۆرۈر بولىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ياشلارنى مەكتەپ ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىدىن تاشقىرىدا ئىسلامى پىكىرلەر ۋە ئەھكاملار بىلەن تەرتىپلىك ۋە جامائىي ساقايەت بىرىش ئارقىلىق تەربىيىلەش كېرەك. شۇۋاقتىدا بۇ قىيىنچىلىقنى يېڭىش مۇمكىن بولىدۇ.

4. بەزى ساقايى بىلىملەرنى ئاممىۋى ھالدا ئۇلۇغلاش ۋە ئۇلارنى ئالىي ئىلىملەردىن دەپ ئېتىبار قىلىشنىڭ مەۋجۇتلىقى. مەسىلەن، ئىجتىمائى پەنلەر، پىسخىلوگىيە ۋە پېداگوگىكا ئىلىملىرى. چۈنكى، ئادەملەر بۇ ماتارىيالارنى ئىلىم دەپ، ئۇلار ھاسىل قىلغان نەتىجىلەرنى تەجرىبىلەرنىڭ نەتىجىسى دەپ ھېسابلىشىدۇ ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ. بۇ ماتارىيالار كەلتۈرگەن نەرسىلەرنى ئۇلار مەكتەپ ۋە ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرىمىزدا ئىلىم سۈپىتىدە ئوقۇتۇلىدۇ. ئۇلارنى ھاياتقا تەدبىق قىلىمىز. ھايات ئىشلىرىدا ئۇلاردىن مەدەت ئالىمىز. ئىجتىمائى پەنلەر، پىسخىلوگىيە ۋە پېداگوگىكا ئالىملىرى ئېيتقان گەپلەر قۇرئان ۋە ھەدىسقا قارىغاندا كۆپراق دەلىل قىلىپ كەلتۈرۈلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىلىملەرنى تەلىم ئېلىش، ئۇلۇغلاش ھاياتتىكى ئىشلىرىمىزغا ھەكەم قىلىش نەتىجىسىدە بىزدە خاتا پىكىرلەر ۋە ئۇقتىشىنەزەرلەر پەيدا بولدى. ئۇلارغا زىت سۆزلەرنى قوبۇل قىلىشىمىزمۇ قىيىن بولۇپ قالدى. بۇ ئىلىملەر ئومۇمەن ئېلىپ قارالغاندا دىننى ھاياتتىن ئايرىشقا



ۋە ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولۇشقا قارشى كۆرەش قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ.

ھەقىقەت شۇكى، بۇ ماتارىيالار ئىلىم ئەمەس، ساقايەتتۇر. چۈنكى ئۇلار مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات يولى بىلەن ھاسىل بولىدۇ. ئۇلاردا تەجرىبە دېگەن نەرسە ئومۇمەن ئۇچرىمايدۇ. ئۇلارنى ئادەملەرگە تەدبىق قىلىش تەجرىبە دېيىلمەيدۇ. بەلكى ئۇلار تۈرلۈك شەخسلەر ئۈستىدە، تۈرلۈك شارائىت ۋە ۋەزىيەتلەردە تەكرار-تەكرار كۆزۈتۈلگەن مۇلاھىزىلەردۇر. دېمەك ئۇلار مۇلاھىزە ۋە تەتقىقات بولۇپ، تەجرىبە ئۆتكۈزگۈچىنىڭ بىر نەرسىنىڭ ئۆزى ئۆزى ئۈستىدە، سىنىش پاكى ئۇ نەرسە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا ئوخشىمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىلىم ئەمەس، ساقايەت دائىرىسىگە كىرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇلار زەننى (گۇمانى) بولۇپ، خاتا بولۇشىمۇ، توغرا بولۇشىمۇ مۇمكىن. بۇنىڭغا سەۋەپ ئۇلار چەلكەش ئاساس ئۈستىگە قۇرۇلغاندۇر. چۈنكى ئۇلار شەخس ۋە جەمئىيەتكە قارائىش ئاساسىغا قۇرۇلغان. شۇنىڭدەك ئۇلار شەخسى قاراشلارغا ئاساسلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن جەمئىيەت شەخسلەردىن تەركىپ تاپقان دېگەن ئېتىباردا قاراشلار شەخستىن ئائىلىگە، ئۇنىڭدىن جامائەتكە ۋە ئۇنىڭدىن جەمئىيەتكە كۆچىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ماتارىيالار جەمئىيەتلەرنى بىر-بىرىدىن ئايرىلغان دەپ ئېتىبار قىلىپ، بىر جەمئىيەتكە توغرا كەلگەن نەرسە ئىككىنچى جەمئىيەتكە توغرا كەلمەيدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. ھەقىقەت شۇكى، جەمئىيەت ئىنسان، پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلاردىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بىر جايدىكى ئىنسانغا توغرا كەلگەن نەرسىلەر ھەممە جايدىكى ئىنسانلارغىمۇ توغرا كېلىۋېرىدۇ. ھەممە تۈرلۈك

جەمئىيەتلەر بىرلا جەمئىيەتكە ئايلىنىدۇ، ئۇنى پىكىرلەر، تۇيغۇلار ۋە قانۇنلار ئىسلاھ قىلىدۇ. جەمئىيەتكە بولغان ناتوغرا مۇناسىۋەت نەتىجىسىدە شۇ خاتا قاراشقا ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن تەلىم ساھەسىدىمۇ، جەمئىيەتشۇناسلىقتىمۇ يېڭىچە قاراشلار مەيدانغا كەلدى. شۇنىڭدەك، ئۇلار روھشۇناسلىققا ئاساسلانغانلىقى ئۈچۈن ھەم شۇنداق خاتالىقلار پەيدا بولدى. روھشۇناسلىقنىڭ ئۆزىمۇ ئىككى جەھەتتىن خاتادۇر: بىرىنچىدىن، ئۇ مېڭىنى مىنتىقىلەرگە بۆلۈنگەن، ھەر بىر مىنتىقىنىڭ ئۆزىگە خاس قابىلىيىتى بار، بەزى بىر مېڭىلەردە باشقا مېڭىلەردە ئۇچرىمايدىغان ئىمكانىيەتلەر بار دەپ ھېساپلايدۇ. ھالبۇكى، ھەقىقەتتە مېڭە بىرلا بولۇپ، ئۇنىڭدا ھاسىل بولۇۋاتقان پىكىرلەرنىڭ ھەر خىل ۋە بىر-بىرىگە قارمۇ-قارشىلىقى ھىس قىلىنغان نەرسىلەر ھەمدە مەلۇماتلارنىڭ ھەر خىل ياكى قارمۇ-قارشىلىقىغا باغلىقتۇر. شۇنىڭدەك، بىر مېڭىدە بار بولغان قابىلىيەت باشقا مېڭىدىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بارلىق مېڭىلەردە ھەممە نەرسە ھەققىدە پىكىر قىلىش قابىلىيىتى بار. پىكىر قىلىش جەريانى بولسا ئۈشبۇ ئۈچ ئامىل بولىشى كېرەك: ھىس قىلىنىدىغان ۋاقىلىك، ھىس قىلغۇچى ئەزالار ۋە مېڭىدىكى مەلۇماتلار. كۆزلەر كۆرۈش كۈچىدە بىر-بىرىدىن پەرق قىلغاندەك، مېڭىلەرمۇ باغلاش ۋە ھىس قىلىش كۈچىدە بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر شەخسكە ھەرقانداق مەلۇماتنى بېرىش مۇمكىن. چۈنكى، ھەر بىر شەخسىدە ئۆزىگە خاس ھىس قىلىش قابىلىيىتى بار. شۇنىڭ ئۈچۈن روھشۇناسلىق «قابىلىيەتلەر» دېگەن ئايرىمغا ھېچقانداق ئاساس يوق. ئىككىنچىدىن، روھشۇناسلىقتا غەرىزىلەرنى كۆپ



دەپ، ئۇلار ئىچىدە كەشىپ قىلىنغانلىرىمۇ، تېخى كەشىپ قىلىنمىغانلىرىمۇ بار دەپ ھېساپلىنىدۇ. ئالىملار ئۈشبۇ چۈشەنچىنى ناھايىتى كۆپ تەجرىبىلەرگە ئاساس قىلىۋېلىشتى. ھەقىقەت شۇكى، ھىسسىيات ئەزالىرى ياردىمىدە قايتا-قايتا مۇشاھىدە قىلىشتىن مەلۇم بولۇدۇكى، ئىنساندا ھاياتى كۈچ بولۇپ، ئۇ ئىككى خىل كۆرۈنۈشكە ئىگە: 1. ئەلۋەتتە قاندۇرۇلۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر قاندۇرۇلمىسا ئىنسان ئۆلىدۇ. 2. قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. قاندۇرۇلمىسىمۇ ئىنسان تىرىك قېلىۋېرىدۇ، لېكىن قاندۇرۇلمىغانلىقى ئۈچۈن قالايمىقانچىلىق ئەھۋالغا چۈشىدۇ. بىرىنچىسىگە ئاچلىق، ئۇسسۇلۇق، ھاجەتنى ئادا قىلىشقا ئوخشاش ئۆزۈۋى ئېھتىياجلار، ئىككىنچىسىگە بولسا، غەرىزىلەر، يەنى تەدەييۇن غەرىزىسى، نەۋئى غەرىزىسى ۋە باقا غەرىزىسى كىرىدۇ. بۇ غەرىزىلەر ئاجىزلىقنى، نەۋئىنىڭ ساقلىنىپ قېلىشىنى ۋە ئۆز ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنى ھىس قىلىشتۇر. بۇلاردىن باشقا غەرىزىلەر يوق. بۇ ئۈچ غەرىزىدىن باشقىلىرى ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. مەسىلەن، قورقۇنۇچ، ھۆكۈمرانلىق بەقا غەرىزىسىنىڭ، مۇقەددەس دەپ بىلىش، ئىبادەت تەدەييۇن غەرىزىسىنىڭ، ئاتا ۋە ئاكا-ئۇكىلىق نەۋئى غەرىزىسىنىڭ كۆرۈنۈشىدۇر. دېمەك، روھشۇناسلىقنىڭ غەرىزىلەرگە ۋە مېڭىگە خاتا مۇناسىۋەتتە بولۇشى بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ ئاساسىغا قۇرۇلغان تەجرىبىلەرنىڭمۇ، روھشۇناسلىقتىن تەسىرلەنگەن پىداگوگىكىنىڭمۇ خاتا بولىشىغا ئېلىپ بارىدۇ.

دېمەك، جەمئىيەتشۇناسلىق، روھشۇناسلىق ۋە پېداگوگىكا ساقايمى مائارىپلار بولۇپ، ئۇلاردا ئىسلامى پىكىرگە زىت

ئورۇنلار بار. ئۇلار ئۇمۇمەن ئالغاندا خاتا ماتارىپلاردۇر. ئۇلارنى ئۆلۈغلاش ۋە ھەكەم قىلىشنىڭ ساقلىنىپ قېلىشى ئىسلامى دۆلەت پائالىيىتىگە توسىۇق بولىدىغان قىيىنچىلىقلارنى پەيدا قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئىلىم ئەمەس، ساقايەت ئىكەنلىكى ھەممە قەتئى ھەقىقەتلەر بولماي، زەننى تەرەپلەر ئىكەنلىكى ۋە خاتا ئاساسقا قۇرۇلغانلىقى ۋە ھاياتتا ھەكەم بولالماسلىقى، پەقەت ئىسلاملا ھەكەم بولىشى بايان قىلىنىشى لازىم.

5. ئىسلام ئالىمىدىكى جەمئىيەت غەيرى ئىسلامى ھايات كەچۈرۈۋاتقانلىقى ئۈنىڭغا سەۋەب، دۆلەت تۈزۈلىشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرۇلغان باشقۇرۇش نىزامى ۋە جەمئىيەتتىن ئىبارەت. بۇ جەمئىيەت بارلىق تەشكىل قىلغۇچى ئامىللىرى بىلەن ئاساسلانغان ھايات قائىدىلىرى، مۇسۇلمانلاردىكى نەپسى يۈنىلىش، پىكىر يۈرگۈزۈلۈشىنىڭ ئاساسى بولغان ئەقلى تۈزۈلۈش - بۇلارنىڭ بارچىسى ئىسلامنىڭ ھايات ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىگە زىتتۇر. بۇ ئاساسلار ئۆزگەرتىلمىسە، بۇ چەلكەش چۈشەنچىلەر تۈزۈتىلمىسە، ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت ھاياتلىرىنى، دۆلەت تۈزۈلۈشىنى، جەمئىيەت تەرتىپلىرىنى ھەممە مۇسۇلمانلار ئۈستىدە ھەكەم بولۇپ تۇرغان نەفسى ۋە ئەقلى خاتالارنى ئۆزگەرتىش قىيىن بولىدۇ.

6. ئىسلامى ھۆكۈم يۈرگۈزۈش، ئەينەن بولسا باشقۇرۇش ۋە مالىيە سىياسىتىدە مۇسۇلمانلاردىن يىراقلاشتۇرۇلغانلىقى. بۇ ھال مۇسۇلمانلارنى ئىسلامى ھاياتنى ئاجىز تەسەۋۋۇر قىلىدىغان، ئىيمان كەلتۈرمىگەنلەرنى بولسا ئىسلامى ھاياتنى مۇتلەق تونۇر چۈشىنىدىغان قىلىپ قويىدۇ. خۇسۇسەن، مۇسۇلمانلار ھاكىملار تەرىپىدىن ئىسلام ناتوغرا تەدبىق قىلىنغان زاماندا بىر مۇددەت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باشىدى، شۇنىڭدەك، ئۇلار ئوتتۇز يىلدىن بىرى (
بىرىنچى قېتىم 1953-يىلى بېسىلغان) دۇشمەنلىرى تەرىپىدىن ھەممە تەرەپتە، دەل باشقۇرۇش ۋە مالىيە سىياسىتىدە ئىسلامغا زىت بولغان مالىيە ئاساسىدا باشقۇرۇلۇپ كېلىنمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئادەملەر ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان يامان ۋاقىلىقنى چۈشۈنۈپ يېتىشىنى، بىقىن كېلەچەكتە قانداق ياشىشى ۋاجىبلىقىنى، بۇ ۋاقىلىقنى ئۆزگەرتىپ ئۇنى قانداق ھاياتقا ئايلاندۇرۇش لازىملىقىنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك. ئادەملەر ئىسلامى ھاياتقا ئۆتۈش ئاستا-ئاستا ئەمەس، بەلكى بىردىنلا ۋە تولۇق بولۇشىنى، ئىسلام ئىنقىلابى (يەنى بىر تۇرۇشتىلا) تەدبىق قىلىنىشىنى، ئاز-ئازدىن ۋە مەۋجۇت تۈزۈمنىڭ نۇقسانلىرىنى ياما-ياماپ ياسقۇچمۇ-ياسقۇچ تەدبىق قىلماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىشى كېرەك.

7. ئىسلام ئۆلكىلىرىدە دېموكراتىيەگە ئاساسلانغان، خەلقئە كاپىتالىستىك تۈزۈمنى تەدبىق قىلىدىغان، غەرب دۆلەتلىرى بىلەن سىياسى جەھەتتىن باغلانغان، ئەقلىي ۋە ئالاھىدىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان ھۆكۈمەتلەرنىڭ مەۋجۇتلىقى. بۇمۇ ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن ھەرىكەتنى قىيىنلاشتۇرىدىغان ئامىللاردىندۇر. چۈنكى، بۇ ھەرىكەت بارلىق ئىسلامى ئۆلكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندىلا مىۋە بېرىدۇ. چۈنكى ئىسلام مۇسۇلمانلار ئۆلكىلىرىنى بىر نەچچە دۆلەت قىلىشقا رۇخسەت بەرمەيدۇ، بەلكى بىرلا بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ بولسا، دەۋەت، ھەرىكەت، تەدبىق بارلىق ئىسلامى ئۆلكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇشبۇ ھۆكۈمەتلەرنى - گەرچە ئۇلارنى باشقۇرۇۋاتقانلار مۇسۇلمانلاردىن

بولمىسۇ - ئىسلامى دەۋەتكە قارشى كۈرەش مەيدانىغا چاقىرىدۇ.
شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامى ئۆلكىلەردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ
قاتنىشىشى نەتىجىسىدە مەيدانغا كېلىدىغان قىيىنچىلىقلار ۋە
مەشەققەتلەرنى كۆتۈرۈشكە توغرا كەلسىمۇ، بارلىق ئىمكانلاردا
ئىسلامى دەۋەت ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك.

8. ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتچىلىك ۋە سوتسىيالىزم ھەققىدە ئەيكارى ئاساسنىڭ مەۋجۇتلىقى. ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللەتچىلىك ۋە ئىشتىراكىيە (سوتسىيالىزم) ئاساسىدا سىياسى ھەرىكەتلەرنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى، بۇنىڭغا سەۋەب، غەربنىڭ ئىسلام يۇرتلىرىنى بېسىۋېلىشى، باشقۇرۇشنى ئۆز قولىغا كىرگۈزۈشى ۋە بۇ يەرلەردە، كاپىتالىستىك نىزامنى تەدبىق قىلىشى ئادەملەرنىڭ ئىدىيەلىرىدە ئۆزلىرىنى ھىمايە قىلىش مەيلىنى قوزغىتىدۇ. بۇنىڭدىن ئادەملەر ئۆزلىرى ياشاپ تۇرغان يەرلىرىنى ھىمايە قىلىشى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك تۇيغۇسى كېلىپ چىقىدۇ. شۇنىڭدەك، ئۆز جىنىنى، ئائىلىسىنى، قەۋمىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنى ھۆكۈمرانغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئائىلىچىلىك ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ. بۇ نەرسە يۇرتنى دۈشمەننى قوغلاپ چىقىرىش ئۈچۈن ۋەتەنپەرۋەرلىك نامى بىلەن ۋە يۇرتقا ئۆز نەسىللىرىنى ھۆكۈمران قىلىش ئۈچۈن مىللەتپەرۋەر نامى بىلەن سىياسى ھەرىكەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېيىن ئادەملەرگە كاپىتالىستىك نىزامنىڭ بۇزۇقلۇقى ۋە يارامسىزلىقى مەلۇم بولۇپ قالىدۇ. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا سوتسىيالىزمغا چاقىرىقلار تارقىلىدۇ. نەتىجىدە، كاپىتالىستىك نىزام نۇقسانلىرىنى ياماش ئۈچۈن ئىشتىراكىيە نامى بىلەن ئۇيۇشمىلار پەيدا بولىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەردە، ھايات نىزامى قانداق بولۇشى ھەققىدە يۈزەكى،



شۇنىڭدەك تەسەۋۋۇردىن باشقا ھېچقانداق تەسەۋۋۇر يوق ئىدى. بۇ نەرسە ئۇلارنى مەبدەئىدىن، ئالەمى مەبدە ئۇيۇشمىدىكى ئىسلامدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتتى.

## ئىسلامى دۆلەت قانداق بەرپا بولىدۇ

ئەلۋەتتە ئۆز تەرغىبىنى بىلەن بىرگە ئىسلامى پىكىرنىڭ تەرغىبى - ئەگەر بۇ پىكىرەت ئىدىيەلەرگە ئورناشسا، دىللارغا كىرگۈزۈلسە ۋە مۇسۇلمانلاردا ئەكس ئېتىپ، ھايات مەيدانىدا ھەرىكەت قىلىدىغان جانلىق كۈچكە ئايلانسا - ئىسلامى دۆلەتنى بەرپا قىلىش ۋە ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. شۇنداق بولسىمۇ، دۆلەت بەرپا بولۇشتىن ئالدىن زور ئىشلار ئەمەلگە ئېشىشى، ئىسلامى ھاياتنى باشلاش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۈچ سەرپ قىلىنىشى كېرەك. بۇ دۆلەتنىڭ بەرپا بولۇشى ئۈچۈن قۇرۇق ئاھىش ۋە ياخشى نىيەتلەرنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك ئەمەس. ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن پەققەت ئىشتىياق ۋە ئارزۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلمايدۇ. شۇنىڭدەك، ئىسلام ئالدىدا تۇرغان زور توسالغۇلارنى ئېلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئۇلارنى توغرا باھالاش لازىم بولىدۇ. شۇ غايە ئۈچۈن ئاتلانغان ئادەملەرنىڭ كۆتۈرۈۋالغان يۈكىنىڭ ئېغىرلىقىدىن مۇسۇلمانلارنى ئاگاھلاندۇرۇش ۋە ئىش ئۆز يولىدا ئەقىل، ئىرادە، ھوشيارلىق ۋە جۈرئەت بىلەن يۈرۈپ كېتىشى ئۈچۈن ھەر بىر رەئىيىسنىڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى بارلىقىدا مۆھەككۆرلارنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قارىتىش كېرەك. ئىسلامى

هاياتنى قايتا باشلاش يولىدا ھەرىكەت قىلىۋاتقانلار ئۆز يوللىرىنى زور قورام تاشلار ئارىسىدىن يول ئېچىشلىرىنى لېكىن مېتىنلىرى ئۆتكۈر ۋە چوڭ بولۇپ، ھەرقانداق قورام تاشنى پارچىلاپ تاشلىشىنى؛ ئۇلار ناھايىتى نازۇك ئىشقا بەل باغلىغانلىقىنى، توغرا تەدبىرلىرى ئۇنىڭ چىرايلىق ھەل قىلىشقا كېپىل بولىشىنى؛ ئۇلار زور قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىشىنى، لېكىن ئۇلارنى يېڭىپ ئۆتۈشلىرى لازىملىقىنى بىلىۋېلىشى كېرەك. ئۇلار ئۆز تەرىقەتلىرىدىن چەتكە چىقمايدۇ. چۈنكى بۇ رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرىقەتلىرىدۇر. ئۇنىڭدا توغرا يۈرۈش، شۈبھىسىز، ياخشى نەتىجىلەر بېرىدۇ. ۋە غەلىبىنى مۇقەررەر قىلىدۇ. بۇ ھازىرقى كۈندە مۇسۇلمانلار ناھايىتى خۇشاللىق ۋە ئەقىللىق بىلەن ئىش قىلىشى لازىم تەرىقەت بولۇپ، ئۇ: مۇھەممەد رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش، ئۇ زات قانداق تەدبىر قوللانغان بولسا شۇنداق ھەرىكەتلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش شەرت. پەقەت شۇنداق قىلغاندىلا توغرا يولدىن تېيىلمايدۇ. چۈنكى قىياستىكى ھەر بىر خاتا، يولدىن چەتكە چىقىش، قىيپلىشقا، ئىشنىڭ نەتىجىسىز يەكۈنلىنىشىگە سەۋەب بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن «خەلىفىلىك» يولىدا يىغىنلار ئۆتكۈزۈش ئىسلامى دۆلەت بەرپا قىلىشنىڭ ۋاسىتىسى ئەمەس. مۇسۇلمانلارنى باشقۇرۇۋاتقان دۆلەتلەرنى بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ھەرىكەتلەر ئىسلامى دۆلەتنى تىكلەشكە ۋاسىتە بولمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئىسلامى دۆلەتنى تىكلەشكە ۋاسىتە بولمايدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاشنى مەيدانغا چىقارمايدۇ. بۇلار كۆرەش ۋاسىتىسى ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلارغا تەسكىن



بېرىدىغان ئالدامچى ئامىللاردۇر. نەتىجىدە مۇسۇلمانلارنىڭ بارلىق غەيرەت ۋە شىجائەتلىرى تۆكۈپ ھەرىكەت توختايدۇ. بۇنىڭدىن ئاشقىرى بۇ ئىشلار ئىسلام تەرىقىتىگە زىتتۇر. ئىسلامى دۆلەتنى بەرپا قىلىشنىڭ بىردىنبىر يولى ئىسلامى دەۋەتنى يېيىش ۋە ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن پائالىيەت ئېلىپ بېرىشتۇر. بۇ نەرسە ئىسلامى ئۆلكىلەرنى بىرلا دەپ قاراشنى تەقەززا قىلىدۇ. چۈنكى مۇسۇلمانلار بىرلا ئۈممەتتۇر. بۇ ئۈممەت بىرلا ئەقىدە باغلاپ تۇرۇۋدىغان ۋە شۇ ئەقىدىدىن نىزامى كېلىپ چىقىدىغان ئىنسانلار ئۇيۇشمىسىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامى يەرلەرنىڭ بىرەر جايىدا بىر ئىشنىڭ سادىر بولۇشى باشقا جايىدا ئەكسى سادا بېرىدۇ، دەرھال مۇناسىۋەت قوزغىتىدۇ. شۇنىڭدەك ئىسلامى يۇرتلارنىڭ ھەممىسى بىرلا مەملىكەت دەپ قارىلىشى ۋە ئۇلارنىڭ جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى ئۈچۈن دەۋەت كەڭ يېيىلىشى زۆرۈر. چۈنكى بىرلا ئۈممەتتىن تەركىب تاپقان جەمئىيەت قازاندىكى سۇغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئاستىغا ئوت ياقسىڭىز سۇ قىزىپ قاينايدۇ. كېيىن پارغا ئايلىنىدۇ ۋە ھەرىكەتنى پەيدا قىلىدۇ. جەمئىيەتمۇ شۇنداق. شۇنىڭغا بىنائەن ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن ئالدىن بۇ يۇرتقا دەۋەت يېتىپ كېلىشى كېرەك. بۇ كىتاپلار، رىسالىلەر، ئالاقىلەر ۋە دەۋەتنىڭ باشقا بارلىق ۋاسىتىلىرى ياردىمىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. خۇسۇسەن ئالاقىلارغا كۆپىراق ئېتىبار بېرىش لازىم. چۈنكى، ئۇ دەۋەتنىڭ ئەڭ نەتىجىلىك ۋاسىتىسىدۇر. بۇ ھالدا ئاشكارا دەۋەتنى قوللىنىشتىن مەقسەت جەمئىيەتتە يالقۇن پەيدا قىلىشتۇر. شۇ ۋاقىتتا جەمئىيەتتىكى مەۋجۇت تۇراقلىق قوزغىتىلىدۇ. ئەگەر دەۋەت بىر نەچچە ئىقلىملاردا سىياسى

مەقسەتنى كۆزلەپ ئېلىپ بېرىلسا، بۇ قوزغىلىش ھەرىكەتكە ئايلىنىدۇ. كېيىن پائالىيەت بىر ئىقلىمدىن ئىسلام ئالەمىنىڭ باشقا قىسىملىرىغا يېيىلىدۇ. ئۇشبۇ ئىقلىملار ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولىدىغان تارىخى ئۇقتىسى ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. شۇ يەردىن پۈتۈن ئالەمگە ئىسلام رىسالىتىنى ئېلىپ چىقىدىغان دۆلەتنىڭ ۋۇجۇدى كامالىغا يېتىدۇ. بۇ ئىش رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە بىنائەن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا بىز دەۋەتنى يېيىشنى ۋە ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاشنى ئىسلام دۆلىتىنى تىكلەشنىڭ تەرىقىتى قىلىپ ئېلىشىمىز لازىم. شۇنىڭدەك، ئىسلامى ئۆلكىلەرنىڭ بارچىسىنى بىرلا جەمئىيەت دەپ بىلىشىمىز لازىم. بىراق، پائالىيەت مەيدانىنى بىر ياكى بىر نەچچە ئىقلىمغا چەكلەپ، مانا شۇ جايدا ئادەملەرنىڭ ساقاپەتلىرىنى ئىسلام ساقاپىتى بىلەن بېيىتىشىمىز كېرەك. شۇنىڭدەك، دەۋەتنى نەتىجىلىك قىلىشقا تەسىر كۆرسىتىدىغان، پائال ھەمدەملىك ھاسىل بولۇشى ئۈچۈن ئىسلام ھەققىدە ئۇمۇمى پىكىرنى مەيدانغا كەلتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىشىمىز ۋاجىب. بۇ تەسىر كۆرسىتىش ھەرىكىتى شۇ ئىقلىملاردا ئىسلامى دەۋەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈشنى كۆزلىگەن كۆرەش ۋاستىسىدۇر. شۇندىلا زېھنىلەردىكى پىكىر ھالىتىدىن جەمئىيەتتە مەۋجۇتلۇق ھالەتكە ئۆتىدۇ. ئۇممەت ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەتتىن دۆلەت كۆرۈنۈشىگە ئۆتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن دەۋەت ئۆزىنىڭ بارلىق دەۋرلىرىنى، يەنى باشلانغۇچ ئۇقتىسىدىن ھەرىكەتكە، كېيىن دۆلەتنى تەشكىل قىلغۇچى، قوۋۋەتنى ئۆزىدە مۇجەسسەم قىلغان تارىخى ئۇقتىسىغا ئۆتۈپ، دەۋەتنىڭ بارلىق دەۋرلىرىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. شۇ ۋاقىتتا ئۇشبۇ دۆلەتكە ۋە ئۇنىڭ



سەلتەنىتىگە كىرمىگەن ئىقلىملاردىكى مۇسۇلمانلارغا شەرىئەت مەلۇم ۋەزىپە يۈكلەيدىغان ئەمەلى دەۋرى باشلىنىدۇ. دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ: اللە تائالا نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن تولۇق ھۆكۈم يۈرگۈزۈش. ئۆزى بىلەن باشقا ئىقلىملار بىرلىشىشنى ئۆزىنىڭ ئىچكى سىياسىتىنىڭ تەركىبى قىسمىغا ئايلاندۇرۇش. بۇنىڭ ئۈچۈن بارلىق ئىسلامى ئىقلىملاردا، خۇسۇسەن ئۆزىگە خوشنا جايلىرىدا دەۋەتنى يېيىش ۋە ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاشقا تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ. كېيىن ئىسلامى ئىقلىملار ئوتتۇرىسىدا مۇستەملىكىچىلىك سىزىپ قويغان ساختا سىياسى چېگرىلارنى بۇزۇپ تاشلايدۇ. ئۆزىگە تەۋە ئۆلكىلەرنىڭ ھاكىملىرىغا ئۇشبۇ سىياسى چېگرىلارنى قوغداشنى تاپشۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن خوشنا ئىقلىملار بۇ چېگرىلارنى بىكار قىلمىسىمۇ ئىسلامى دۆلەت ئۇلارنى يوقىتىپ، ئۆتۈش ۋىزىلىرىنى، باجخانىلارنى بىكار قىلىش، ئىسلامى ئىقلىملار ئاھالىسى ئۈچۈن چېگرىلارنى ئېچىپ قويۇشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن ئادەملەر بۇ ئىسلامى دۆلەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ. ھەمدە ئىسلامنىڭ تەدبىقى ۋە ئىجراسىنى ئۆز كۆزلىرى بىلەن كۆرىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، ئىسلام تەدبىق قىلىنمايۋاتقان ۋە دارۇلكۇفرى دەپ ھېسابلىنىۋاتقان يۇرتلار دارۇلئىسلام بولۇشى ئۈچۈن جايلاردا دەۋەت ۋە تەرغىبات ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىش، ئۇلارنى ئىسلامى دۆلەت تەركىبىگە كىرگۈزۈش ئۈچۈن باتۇرلۇق كۆرسىتىشتۇر. بۇنىڭ بىلەن ئىسلام ئالەمىنىڭ بارلىق ئىقلىملىرىدىكى جەمئىيەت ساغلام ھالەتكە ئۈندىگۈچى ھالەتكە ئۆتىدۇ. بۇ ساغلام ھەرىكەت سەۋەبىدىن بارلىق مۇسۇلمانلار بىرلا

www.uyghurkitap.com

دۆلەتكە بىرلىشىدۇ. ھەمدە ئالەمنى پىكرى يېتەكچىلىكنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگۈچى ئىسلامى دۆلەت بەرپا بولىدۇ، دەۋەتنى يېيىش ۋە ئالەمنى يامانلىقلاردىن خالاس قىلىشقا ئىمكان بەرگۈچى ئۆز مەقامى ۋە ئورنىغا ئىگە بولىدۇ.

ئەمدە ئىسلامى ئۈممەت ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا جايلاشقان بولۇپ، سانى بىر نەچچە مىليون ئەتراپىدا ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بۇ ئۈممەت دەۋەتكە كىرىشكەندە شۇ پەيتتىكى مەۋجۇت ئىككى تۈزۈم قارشىسىدا ئالەمنى كۈچىنى گەۋدىلەندۈردى. ئىككىسىگە ھەم زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ قول ئاستىدىكى ئۆلكىلەرنى ئىگەللىدى ۋە يەر يۈزىنىڭ چوڭ قىسمىدا ئىسلامنى يايدى. ھازىرقى كۈندە بىر مىلياردقا يېقىن مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت بولغان ئۈممەت ماراكەشتىن ھىندىستان ۋە ھىندونىزىيەگىچە ياشاۋاتقان زور ئۆلكىلەردە ياشاۋاتقان يەر يۈزىنىڭ ئەڭ باي ۋە ئىقلىمى ئەڭ مۆتىدىل قىسىملىرىنى ئىگەللەپ تۇرغان. ئەڭ توغرا مەبدەئگە ئىگە بولغان ئىسلامى ئۈممەت بىرلا دۆلەت بولۇپ بىرلەشسە، شۈبھىسىز ھەممە نەرسىدە چوڭ دۆلەتلەرگە قارىغاندا قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ۋەزىپىسى شۇ لەھزىدىن باشلاپ پۈتۈن ئالەمگە ئىسلام رىسالىتىنى ئېلىپ چىقىدىغان بۈيۈك ئىسلامى دۆلەتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئەمەلى ھەرىكەت قىلىش ۋە بۇ ھەرىكەتنى دەۋەتنى يېيىش ۋە ئىسلامى ھاياتنى قايتا باشلاش ئۈچۈن ئەمەلى ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈشى لازىم. بىر ياكى بىر نەچچە ئىقلىمنى پائالىيەت مەيدانىنىڭ ئايانچ نۇقتىسى قىلىپ بەلگىلەش زۆرۈر. مۇسۇلمان بۇ يولدا ھەرىكەت قىلىپ، ھەر قانداق مەشەققەتلەرنى يېڭىش، بار كۈچىنى سەرپ قىلىش



بۇنىڭ باراۋىرىگە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىدىن باشقا مۇكاپاتنى كۈتمەسلىكى ۋە ھەمىشە ئاللاھنىڭ ئۆزىگە تەۋەككۇل قىلىشى لازىم.

## ئىسلام دۆلىتىنىڭ دەستۇر لايىھەسى

بۇ خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ دەستۇر لايىھەسى. بىز ئۇنى خەلىپىلىك دۆلىتىنى قايتا قۇرۇش ۋە ئاللاھ نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ئىنتىلىۋاتقان مۇسۇلمانلارغا ئىسلامى دۆلەتنىڭ ۋاقىئەلىكىنى، شەكلىنى ۋە قانۇنلىرىنى ھەمدە تەدبىق قىلىنىدىغان شەرئى قانۇنلىرى ۋە ئەھكاملىرىنى بىلىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلماقچىمىز.

بۇ ئىسلامى ئەقىدىدىن كېلىپ چىققان ۋە دەلىلىنىڭ قۇۋۋىتىگە بىنائەن شەرئى ئەھكاملاردىن ئېلىنغان دەستۇردۇر.

ئۇنى ئىشلەپ چىقىشتا ئاللاھنىڭ كىتابىغا، رەسۇلىنىڭ سۈننىتىگە كىتاب ۋە سۈننەت يول كۆرسەتكەن ساھابىلار ئىجماسى ۋە قىياسىغا تايىنىلدى.

بۇ دەستۇر ساپ ئىسلامى بولۇپ ئۇنىڭدا دىنىمىزغا يات ھېچنەرسە يوق. بۇ دەستۇر مۇئەييەن قىتئە، رايون ياكى دۆلەتكە خاس ئەمەس، بەلكى ئىسلامى ئالەمدە، بەلكى پۈتۈن دۇنيادا تىكلىنىدىغان خەلىپىلىك دۆلىتى ئۈچۈندۇر. يەنى ئىسلامنى پۈتۈن ئالەمگە ھىدايەت ۋە نۇر رىسالىتى سۈپىتىدە ئېلىپ چىقىدۇ، دۇنيا ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىسلام ئەھكاملىرىنى تەدبىق قىلىدۇ دېگەن ئېتىباردىكى دۆلەت ئۈچۈندۇر.

ئاللاھ تائالادىن مۇسۇلمانلارنى ئەزىز ۋە مۇكەررەم قىلىشىنى

ھەممە بۇ لايىھە خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ دەستۇرى بولۇپ قىلىنىشى ئۈچۈن مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىلىكنى تىكلەش ۋە اللە نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش يولىدىكى ھەرىكەتلەردىن كۆزلەنگەن غايىلىرىنى تېزراق مەيدانغا چىقىرىشىنى سورايمىز.

## دەستۇر لايىھەسى
## ئومۇمى ھۆكۈملەر

1. ماددا - ئىسلام ئەقىدىسى دۆلەتنىڭ ئاساسىدۇر. يەنى ئۇنىڭ تەركىۋىدە، جىھاز، مۇھاسىبە قىلىنىشى ياكى ئۇنىڭغا تەئەللۇق بارلىق ئىشلاردا بىرەر نەرسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن پەقەت ئىسلام ئەقىدىسى ئاساس قىلىنىدۇ. بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئىسلام ئەقىدىسى دەستۇر ۋە شەرئى قانۇنلارنىڭمۇ ئاساسىدۇر، يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ھەر قايسىسىغا ئالاقىدار بىرەر نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا پەقەت ئىسلام ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىقسىلا رۇخسەت بېرىلىدۇ.

2. ماددا - ئىسلام ھۆكۈملىرى تەدبىق قىلىنىدىغان ۋە خەۋپسىزلىكى مۇسۇلمانلار قولىدا بولغان يۇرت ئىسلام دىيارى (دارۇلئىسلام) كۇفرى تۈزۈملىرى تەدبىق قىلىنىدىغان ۋە خەۋپسىزلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولمىغان يۇرت كۇفرى دىيارى (دارۇلكۇفرى) دۇر.

3. ماددا - خەلىپە مۇئەييەن شەرئى ھۆكۈملەرنى تەبەننى قىلىپ، ئۇلارنى دەستۇر ۋە قانۇنلار سۈپىتىدە يولغا قويىدۇ. ئەگەر خەلىپە بىرەر شەرئى ھۆكۈمنى جارى قىلسا، پەقەت شۇ ھۆكۈم ئەمەل قىلىنىشى ۋاجىپ بولغان شەرئى ھۆكۈمگە



ئايلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ھۆكۈم ھەر بىر پۇقرا ئۈچۈن زاھىردىمۇ باتىنىدىمۇ ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولغان ئەمەلدىكى قانۇن بولۇپ قالىدۇ.

4. ماددا - خەلىپە زاكات ۋە جىھادتىن باشقا ئىبادەتلەردە بىرەر مۇئەييەن شەرئى ھۆكۈمنى تەبەننى قىلمايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىگە تەئەللۇق پىكىرلەردىمۇ ئۆزىچە ھېچنەرسىنى جارى قىلمايدۇ.

5. ماددا - ئىسلامى تەۋەگە ئىگە بولغان (يەنى ئىسلامى دۆلەت پۇقراسى بولغان) بارلىق ئادەملەر شەرئى ھوقۇق ۋە بۇرۇچلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

6. ماددا - دۆلەت پۇقراسى ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت، قەزا، ئىش باشقۇرۇش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردە ئايرىمچىلىقتا بول قويۇشى جائىز ئەمەس. بەلكى ئىرق، دىنى رەڭگى ۋە مىللىتىدىن قەتئىينەزەر بارچىغا بىر خىل نەزەرى بىلەن قارىشى ۋاجىپدۇر.

7. ماددا - دۆلەت مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن - ئىسلامى تەۋەگە ئىگە بارلىق ئىنسانلارغا ئىسلام شەرىئىتىنى تۆۋەندىكى ھالدا جارى قىلىدۇ:

A) مۇسۇلمانلارغا بارلىق ئىسلام ئەھكاملىرى ھېچبىر ئىستىسناسىز ئىجرا قىلىنىدۇ.

B) غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئۆز ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىگە ئەمەل قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ.

C) ئىسلامدىن قايتقان مۇرتەدلەرگە - ئۆزلىرى مۇرتەد بولسا - مۇرتەد ھۆكمى تەدبىق قىلىنىدۇ. ئەگەر مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، غەيرى مۇسۇلمان ھالدا تۇغۇلغان بولسا

ھەمدە بۇ لايىھە خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ دەستۇرى بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن مۆئمىنلەرنىڭ خەلىپىلىكنى تىكلەش ۋە ئاللە نازىل قىلغان شەرىئەت بىلەن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش يولىدىكى ھەرىكەتلەردىن كۆزلەنگەن غايىلىرىنى تېزراق مەيدانغا چىقىرىشىنى سورايمىز.

## دەستۇر لايىھەسى
## ئومۇمى ھۆكۈملەر

1. ماددا - ئىسلام ئەقىدىسى دۆلەتنىڭ ئاساسىدۇر. يەنى ئۇنىڭ تەركىبىدە، جىھاز، مۇھاسىبە قىلىنىشى ياكى ئۇنىڭغا ئەئەللۇق بارلىق ئىشلاردا بىرەر نەرسىنىڭ ۋۇجۇتقا كېلىشى ئۈچۈن پەقەت ئىسلام ئەقىدىسى ئاساس قىلىنىدۇ. بىر ۋاقىتتىلا ئۇ يەنە ئىسلام ئەقىدىسى دەستۇر ۋە شەرئى قانۇنلارنىڭمۇ ئاساسىدۇر، يەنى بۇ ئىككىسىنىڭ ھەر قايسىسىغا ئالاقىدار بىرەر نەرسىنىڭ مەۋجۇت بولۇشىغا پەقەت ئىسلام ئەقىدىسىدىن كېلىپ چىقسىلا رۇخسەت بېرىلىدۇ.

2. ماددا - ئىسلام ھۆكۈملىرى تەدبىق قىلىنىدىغان ۋە خەۋپسىزلىكى مۇسۇلمانلار قولىدا بولغان يۇرت ئىسلام دىيارى (دارۇلئىسلام) كۇفرى تۈزۈملىرى تەدبىق قىلىنىدىغان ۋە خەۋپسىزلىكى مۇسۇلمانلارنىڭ قولىدا بولمىغان يۇرت كۇفرى دىيارى (دارۇلكۇفرى) دۇر.

3. ماددا - خەلىپە مۇئەييەن شەرئى ھۆكۈملەرنى تەبەننى قىلىپ، ئۇلارنى دەستۇر ۋە قانۇنلار سۈپىتىدە يولغا قويىدۇ. ئەگەر خەلىپە بىرەر شەرئى ھۆكۈمنى جارى قىلسا، پەقەت شۇ ھۆكۈم ئەمەل قىلىنىشى ۋاجىپ بولغان شەرئى ھۆكۈمگە



ئايلىنىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بۇ ھۆكۈم ھەر بىر يۇقىرى [illegible] زاھىرىدىمۇ باتىنىدىمۇ ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ بولغان ئەمەلدىكى خەلىپە بولۇپ قالىدۇ.

4. ماددا - خەلىپە زاكات ۋە جىھادتىن باشقا ئىبادەتلەردە بىرەر مۇئەييەن شەرئى ھۆكۈمنى تەبەننى قىلمايدۇ. ئىسلام ئەقىدىسىگە ئەئەللۇق پىكىرلەردىمۇ ئۇزىچە ھېچنەرسىنى جارى قىلمايدۇ.

5. ماددا - ئىسلامى تەۋەگە ئىگە بولغان (يەنى ئىسلامى دۆلەت پۇقراسى بولغان) بارلىق ئادەملەر شەرئى ھوقۇق ۋە بۇرۇچلاردىن بەھرىمەن بولىدۇ.

6. ماددا - دۆلەت پۇقراسى ئوتتۇرىسىدا ھاكىمىيەت، قازا، ئىش باشقۇرۇش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردە، ئايرىمچىلىققا يول قويۇش جائىز ئەمەس. بەلكى ئىرق، دىنى رەڭگى ۋە مىللىتىدىن قەتئىنەزەر بارچىغا بىر خىل نەزەرى بىلەن قاراش ۋاجىپدۇر.

7. ماددا - دۆلەت مەيلى مۇسۇلمان، مەيلى غەيرى مۇسۇلمان بولسۇن - ئىسلامى تەۋەگە ئىگە بارلىق ئىنسانلارغا ئىسلام شەرىئىتىنى تۆۋەندىكى ھالدا جارى قىلىدۇ:

A) مۇسۇلمانلارغا بارلىق ئىسلام ئەھكاملىرى ھېچبىر ئىستىسناسىز ئىجرا قىلىنىدۇ.

B) غەيرى مۇسۇلمانلارغا ئۆز ئېتىقاد ۋە ئىبادەتلىرىگە ئەمەل قىلىشقا رۇخسەت بېرىدۇ.

C) ئىسلامدىن قايتقان مۇرتەدلەرگە - ئۆزلىرى مۇرتەد بولسا - مۇرتەد ھۆكمى تەدبىق قىلىنىدۇ. ئەگەر مۇرتەدلەرنىڭ پەرزەنتلىرى بولۇپ، غەيرى مۇسۇلمان ھالدا تۇغۇلغان بولسا

- مۇشرىك ياكى ئەھلى كىتاب ئىكەنلىكىگە قاراپ - غەيرى مۇسۇلمانلاردەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

D) غەيرى مۇسۇلمانلارغا يىمەك-ئىچمەك ۋە كىيىملەرگە ئەئەللۇق بولغان ئىشلاردا - شەرىئەت ئىجازەت بەرگەن دائىرىدە - ئۆز دىنلىرىغا مۇۋاپىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ.

E) تورمۇش قۇرۇش ۋە ئاجرىشىش مۇناسىۋەتلىرى غەيرى مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆز دىنلىرى بويىچە ئاجرىم قىلىنىدۇ. ئۇلار بىلەن مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا مۇناسىۋەتلەر بولسا ئىسلام ئەھكاملىرى بويىچە ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

F) دۆلەت بۇلاردىن باشقا شەرئىي ھۆكۈملەرنى ۋە مۇئامىلات، ئۇقۇبات (جازا-چارىلىرى)، بەييىنات (جىنايەتنى ئىسپاتلاش ھۆججەتلىرى)، باشقۇرۇش ۋە ئىقتىساد نىزاملىرى ۋە باشقىلارغا ئائىت بولغان ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بارچىغا بىردەك ئىجرا قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، يۇقىرىدىكى ھۆكۈملەرنى خەلقنىڭ ھەر بىر شەخسىگە ئىجرا قىلغىنىدەك، مۇئاھىدلار، مۇستەئمىنلەر ۋە ئىسلام ھاكىمىيىتىگە بويسۇنغۇچىلارنىڭ ھەر بىرىگە ھەم قوللىنىلىدۇ. پەقەت دىپلوماتىك دەخلىسىزلىككە ئىگە بولغان ۋاكالەتخانا خادىملىرى، كونسۇللار ئەلچىلەر ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر.

8- ماددا - ئەرەب تىلى ئىسلام تىلىدۇر. دۆلەتتە پەقەت مانا شۇ تىل تەدبىق قىلىنىدۇ.

9- ماددا - ئىجتىھاد پەرز كىپايەدۇر. ئىجتىھادنىڭ بارلىق شەرتلىرىنى بىجىرىۋالغان ھەر بىر مۇسۇلمان ئىجتىھاد قىلىش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر.



10- ماددا - بارلىق مۇسۇلمانلار ئىسلام مەسئۇلىيىتىنى ئۆز زىممىسىگە ئالىدۇ. ئىسلامدا ئالاھىدە «دىن كىشىلىرى» يوق. دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسى بولسا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا ئالاھىدە «دىن كىشىلىرى» مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادىلەيدىغان ھەر قانداق ھالەتنى مەنئى قىلىشتۇر.

11- ماددا - ئىسلام دەۋىتىنى يېيىش دۆلەتنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى.

12- ماددا - كىتاپ، سۈننەت، ئىجمائ ۋە قىياس - پەقەت شۇلارلا شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۈچۈن ئېتىبارلىق دەلىلدۇر.

13- ماددا - ئەسلىدە ھەر بىر شەخس بىگۇناھدۇر. ھېچكىم مەھكىمىنىڭ ھۆكمىسىز جازالانمايدۇ. بىرەر شەخسنى قىيناش مۇتلەق جائىز ئەمەس. بۇ ئىشنى قىلغان ھەر قانداق ئىنسان جازالىنىدۇ.

14- ماددا - ئەمەللەردىكى ئاساس شەرئىي ھۆكۈمگە تايىنىشتۇر. شۇنىڭدەك، ھۆكۈمنى بىلمەيتۇرۇپ بىرەر ئىش ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدۇ. نەرسىلەردىكى ئاساس بولسا، ئەگەر ھارام قىلىنغانلىقىغا دەلىل كەلمىگەن بولسا مۇباھتۇر.

15- ماددا - ھارامغا ئېلىپ بارغۇچى ۋاستە - ئەگەر ھارامغا ئېلىپ بېرىش ئېھتىمالى ئېنىق بولسا - ھارام بولىدۇ. ئەگەر ھارامغا ئېلىپ بارىدۇ دەپ گۇمان قىلىنسا، ھارام ئەمەس.

## باشقۇرۇش نىزامى

16- ماددا - باشقۇرۇش نىزامى يەككە بىرلىك نىزامدۇر. بىرلەشكەن (ئىتتىپاق) نىزامى ئەمەس.

17. ماددا ـ باشقۇرۇش مەركىزى بولۇپ، ئىدارى (ئادمىنىستراتىپ) ئىشلار بولسا مەركىزى بولمايدۇ.

18. ماددا ـ ھاكىملار (ھۆكۈم يۈرگۈزگۈچى) لار تۆتتۇر. خەلىپە، تەپۋىز مۇئاۋىنى، ۋالى ۋە ئامىل، بۇلاردىن باشقىلار ھاكىم ئەمەس بەلكى مەسئۇل شەخسلەر دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ.

19. ماددا ـ ھاكىمىيەتكە ياكى ھۆكۈمگە تەئەللۇق ھار قانداق ئەمەلگە پەقەت ھۆر (قۇل ئەمەس)، ئادىل (ئادالەتلىك). ئەر كىشىلا ئىگە بولىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولۇشىمۇ شەرتتۇر.

20. ماددا ـ ھاكىملارنى مۇھاسىبە قىلىش مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئۇلار ئۈچۈن پەرزى كىپايەدۇر. پۇقرالار ئارىسىدىكى غەيرى مۇسۇلمانلار بولسا ھاكىملارنىڭ زۇلمىدىن ۋە ئۇلارغا ئىسلام ئەھكاملىرىنى يامان تەدبىق قىلىنىۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

21. ماددا ـ مۇسۇلمانلار ھاكىملارنى مۇھاسىبە قىلىش ياكى ئۇممەت ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىش ئۈچۈن سىياسى ھىزبلەر تەشكىل قىلىش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر. شۇ شەرت بىلەنكى، ئۇشبۇ ھىزبلەرنىڭ ئاساسى ئىسلام ئەقىدىسى، تەبەنى قىلغان ئەھكاملىرى بولسا، شەرئى ئەھكاملاردىن ئىبارەت بولۇشى لازىم. ھىزب تەشكىل قىلىشقا ھىچقانداق رۇخسەتنىڭ ھاجىتى يوق. ئىسلامدىن باشقا ئاساسقا قۇرۇلغان ھەر قانداق گۇرۇھ مەنئى قىلىنىدۇ.

22. ماددا ـ باشقۇرۇش نىزامى تۆت قائىدە ئاساسىغا قۇرۇلىدۇ:

1) خۇجايىنلىق شەرىئەتنىڭ ھوقۇقى، خەلقنىڭكى ئەمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

2) ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئۇممەتنىڭ ھوقۇقى.

3) بىرلا خەلىپە سايلاش مۇسۇلمانلار ئۈستىدىكى پەرزدۇر.

4) شەرىئەت ئەھكاملىرىنى تەبەنى قىلىش پەقەت خەلىپىنىڭ ھوقۇقىدۇر. پەقەت ئۇ دەستۇر ۋە باشقا قانۇنلارنى يولغا قويىدۇ.

23. ماددا ـ دۆلەت جىھازى 8 رۇكنى ئۈستىگە قۇرۇلىدۇ.

1) خەلىپە

2) تەپۋىز مۇئاۋىنى

3) تەنپىر مۇئاۋىنى

4) جىھاد ئەمىرى

5) قازىلار

6) ۋالىلار

7) دۆلەت ئىدارىلىرى

8) ئۇممەت مەجلىسى

## خەلىپە

24. ماددا ـ خەلىپە ھاكىمىيەتتە ۋە شەرىئەتنى ئىجرا قىلىشتا ئۇممەتكە ۋەكىل بولىدۇ. 25. ماددا ـ خەلىپىلىك ئۆز-ئارا ۋە رازىلىق توختىمىدۇر. ھىچكىم ئۇنى قوبۇل قىلىشقا ۋە خەلىپىلىككە سايلىنىدىغان شەخسكە رازى بولۇش مەجبۇر قىلىنمايدۇ.

26. ماددا ـ ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بالاغەت يېشىغا يەتكەن، ئەقلى ساغلام ھەر بىر مۇسۇلمان خەلىپىنى سايلاش ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە. غەيرى

مۇسۇلمانلار بۇنداق ھوقۇقتىن مەھرۇم.

27. ماددا - ئىنئىقادا بەيئىتنى ئەمەلگە ئاشۇرغۇچى شەخسلەرنىڭ بەيئىتى ئارقىلىق بىر شەخس ئۈچۈن خەلىپىلىك ئەھدى (توختىمى) بېرىلسە، ئۇ ھالدا قالغانلارنىڭ بەيئىتى ئىنئىقاد بەيئەت ئەمەس، بەلكى ئىتائەت بەيئىتى بولىدۇ. شۇنىڭغا قارىغاندا ئىتائەتسىزلىك ئالامەتلىرى كۆرۈلگەن شەخسلەرنىڭ بارچىسى بەيئەت بېرىشكە مەجبۇر قىلىنىدۇ.

28. ماددا - مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن سايلانغان كىشىلار خەلىپە بولىدۇ. ئىسلامدىكى ھەرقانداق ئەھدىگە ئوخشاش خەلىپىلىك ئەھدىمۇ شەرئى يول بىلەن ئەمەلگە ئاشمىسا، ھېچكىم خەلىپىنىڭ ھوقۇقىغا ئىگە بولمايدۇ.

29. ماددا - خەلىپىگە ئىنئىقادا بەيئىتى بېرىلىدىغان مىنتىقە ياكى دۆلەتنىڭ ھاكىمىيەت پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزىگە تايىنىدىغان كاپىر دۆلەتكە تايانمايدىغان مۇستەقىل ھاكىمىيەت بولۇشى شەرت. شۇنىڭدەك، بۇ دۆلەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى خەۋپسىزلىكى كاپىرلار قولىدا ئەمەس، بەلكى مۇسۇلمانلار قولىدا بولۇشى لازىم. باشقا ئۆلكىلەردىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىتائەت بەيئىتىدە بۇ نەرسە شەرت ئەمەس.

30. ماددا - خەلىپىلىك بەيئىتى بېرىلىۋاتقان شەخس گەرچە ئەۋزەللىك شەرتلىرىگە ئىگە بولمىسىمۇ، بىراق ئۆزىدە ئىنئىقاد شەرتلىرىنى تولۇق مۇجەسسەم قىلىشى لازىم.

31. ماددا - خەلىپىگە دۆلەت رەئىسى دەپ ئەھدى بېرىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭدا ئالتە سۈپەت بولۇشى لازىم. يەنى، ئۇ ئەر، مۇسۇلمان، ھۆر، (قۇل ئەمەس)، بالاغەت يېشىغا يەتكەن، ئەقلى ساغلام، ئادالەتلىك ۋە ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە قادىر بولۇشى



شەرت.

32. ماددا - خەلىپىلىك مەنسىپى - دۆلەت رەئىسىنىڭ ئۆلۈمى ياكى مەنسىپىدىن ياكى ۋاز كەچكەنلىكى ياكى مەنسىپىدىن چەكلەنگەنلىكى سەۋەبىدىن بوشاپ قالسا - بوشاپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۈچ كۈن ئىچىدە خەلىپە سايلاش ۋاجىبدۇر.

33. ماددا - سايلاشنىڭ يولى تۆۋەندىكىچە:

A) ئۈممەت مەجلىسىنىڭ مۇسۇلمان ئەزالىرى بۇ مەنسەپكە نامزاتلار كۆرسىتىدۇ. نامزاتلارنىڭ ئىسىملىرى ئېلان قىلىنىدۇ. كېيىن مۇسۇلمانلاردىن ئۇلار ئىچىدىن بىرىنى سايلاش تەلەپ قىلىنىدۇ.

B) سايلاش نەتىجىسى ئېلان قىلىنىدۇ ۋە مۇسۇلمانلارغا سايلىغۇچىلارنىڭ ئەڭ كۆپ ئاۋازىنى ئالغان نامزات تونۇشتۇرۇلىدۇ.

C) مۇسۇلمانلار ئەڭ كۆپ ئاۋاز ئالغان نامزات خەلىپە سۈپىتىدە ئاللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھ ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىش شەرتى بىلەن بەيئەت بېرىلىدۇ.

D) بەيئەت ئاخىرلاشقىچە خەلققە خەلىپە ئېلان قىلىنىدۇ. شۇچاغدا ئۇنىڭ سايلانغانلىقىدىكى خەۋەر پۈتۈن ئۈممەتكە يېتىپ بارىدۇ. ئېلان قىلىنىۋاتقاندا ئۇنىڭ ئىسمى ۋە ئۇنىڭ دۆلەت رەئىسلىكىگە لايىق سۈپەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىمۇ زىكرى قىلىنىدۇ.

34. ماددا - خەلىپىنى ئۈممەت سايلايدۇ لېكىن ئۈممەت شەرئى يول بىلەن ئىنئىقاد بەيئى بەرگەن خەلىپىنى مەنسەپتىن چەكلىيەلمەيدۇ.

35. ماددا - خەلىپە دۆلەتتۇر. ئۇ دۆلەتنىڭ بارلىق

ھوقۇقلىرىغا ئىگە. خەلىپە تۆۋەندىكى ھوقۇقلارغا ئىگە:

A) ئۇ شەرئى ھۆكۈملەرنى تەبەننى قىلغان چېغىدا ئۇلارنى قانۇنى كۈچكە كىرگۈزىدۇ. بۇ پەيتتە ئۇشبۇ شەرئى ھۆكۈملەر ئىتائەت قىلىش ۋاجىپ ۋە قارشى چىقىش جائىز بولمىغان قانۇنلارغا ئايلىنىدۇ.

B) ئۇ دۆلەتنىڭ ھەم ئىچكى، ھەم تاشقى سىياسىتىگە مەسئۇلدۇر. ئۇ قوشۇن قوماندانلىقىنى ئۆز قولىغا ئالىدۇ. ئۇرۇش ئېلان قىلىش، سۈلھى، مۇۋەققەت سۈلھى ۋە باشقا توختاملارنى تۈزۈشمۇ ئۇنىڭ ئىختىيارىدادۇر.

C) ئۇ ئەجنەبىي ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىش ۋە قوبۇل قىلماسلىق ھەمدە مۇسۇلمان ئەلچىلەرنى تەيىنلەش ۋە ئىشتىن ئېلىپ تاشلاش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر.

D) ئۇ مۇئاۋىن ۋە ۋالىلارنى تەيىن قىلىدۇ ۋە ئىشتىن چەكلەيدۇ. ئۇلارنىڭ بارچىسى خەلىپە ئالدىدا مەسئۇل بولغىنىغا ئوخشاش ئۈممەت مەجلىسى ئالدىدىمۇ مەسئۇلدۇر.

E) ئۇ باش قازى، ئىدارە مۇدىرلىرى، لەشكەر باشلىرى ۋە بايراقدار ئەمىرلەرنى تەيىن قىلىدۇ ۋە ئىشتىن ئېلىپ تاشلايدۇ. ئۇلارنىڭ بارچىسى خەلىپە ئالدىدا مەسئۇلدۇر. لېكىن ئۈممەت مەجلىسى ئالدىدا مەسئۇل ئەمەس.

F) ئۇ دۆلەت خامچوتىنى بەلگىلەيدىغان شەرئى ھۆكۈملەرنى تەبەننى قىلىدۇ. ئۇ خامچوت بۆلۈملىرىنى ھەمدە كىرىم ۋە چىقىملارغا ئالاقىدار بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەر بىر جەھەت ئۈچۈن لازىم بولغان مەبلەغلەرنى بەلگىلەيدۇ.

36. ماددا - خەلىپە تەبەننى قىلىش ھوقۇقىدا شەرئى ئەھكاملار دائىرىسىگە باغلىقدۇر. ھەقىقى ئىستىنبات يولى بىلەن



شەرئى دەلىللەردىن ئىشلەپ چىقىلىشقان ھۆكۈملەردىن باشقىسىنى تەبەننى قىلىش خەلىپىگە ھارامدۇر. ئۇ ئۆزى تەبەننى قىلغان ھۆكۈملەر ۋە ئۆزى ئۈچۈن بەلگىلىۋالغان ئىستىنبات يولى بىلەن چەكلەنگەندۇر. ئۇ تۇتۇلغان يولغا زىت رەۋىشتە بېرىلگەن ھۆكۈمنى تەبەننى قىلىشى ھەمدە ئۆزى جارى قىلغان ھۆكۈملەرگە زىت بولغان بۇيرۇقلارنى بېرىشى جائىز ئەمەس.

37. ماددا - خەلىپە ئۆز ئىجتىھادى ۋە رەئيىگە مۇۋاپىق خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا مۇتلەق ھوقۇققا ئىگە. ئۇ دۆلەت ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈش ۋە خەلق ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن لازىم بولغان بارلىق مۇباھ ئىشلارنى تەبەننى قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇ مەنپەئەت ھۆججىتى بىلەن بىرەر شەرئى ھۆكۈمگە زىت ئىش تۇتۇشى جائىز ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئۇ يېمەك-ئىچمەك مەھسۇلاتلىرىنىڭ ئازلىقى ھۆججىتى بىلەن بىردىن ئارتۇق پەرزەنت كۆرۈشنى مەنئى قىلمايدۇ. ئېكسپىلاتسىيەنىڭ ئالدىنى ئېلىش دېگەن ھۆججەت بىلەن ئادەملەرگە مال باھاسىنى بەلگىلەپ بەرمەيدۇ. ئىشلارنى باشقۇرۇش ياكى مەنپەئەت ھۆججىتى بىلەن كاپىرنى ياكى ئايال كىشىنى ۋالىلىققا تاللىمايدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان شەرىئەتكە زىت ئىشلارنى قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ ھالالنى ھارام، ھارامنى ھالال دېيىشى جائىز ئەمەس.

38. ماددا - خەلىپە ئۈچۈن چەكلەنگەن مۇددەت يوقتۇر. شەرىئەتنى مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇنىڭ ھۆكۈملىرىنى ئىجرا قىلسىلا، دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قادىر بولسىلا - ئۇنىڭ ھالىتى خەلىپىلىكتىن چەكلەيدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرمىسە ئۆز لاۋازىمىدە قېلىۋېرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھالىتى ئەنە شۇ دەرىجىدە ئۆزگەرسە، ئۇنى دەرھال ئىشتىن چەكلەش ۋاجىپ بولىدۇ.

39. ماددا ـ خەلىپىنىڭ ھالىتى ئۆزگىرىشكە سەۋەب بولىدىغان ۋە بۇنىڭ بىلەن ئۇ خەلىپىلىكتىن چىقىدىغان ئىشلار ئۈچتۇر:

A) خەلىپىلىكنىڭ ئىنئىقاد شەرتلىرىدىن بىرى يوقالسا، يەنى ئۇ مۇرتەد بولسا، ياكى ئۇچۇقتىن-ئۇچۇق پاسىقلىق قىلسا، ياكى ئەقلىدىن ئازسا، ياكى شۇنىڭغا ئوخشاشلار سادىر بولسا، چۈنكى بۇ شەرتلەر خەلىپىلىكنىڭ ئىنئىقاد ۋە دائىملىق شەرتلىرىدۇر.

B) قايسى بىر سەۋەب بىلەن خەلىپىلىك ۋەزىپىسىدىن ئاجىز بولۇپ قالسا.

C) ئۆز رەئيى بىلەن شەرىئەت ئاساسىدا مۇسۇلمانلار مەنپەئەتلىرى يولىدا ئىش يۈرگۈزۈشتىن ئاجىز قىلىپ قويىدىغان زورلۇق ۋۇجۇتقا كەلسە، ئەگەر بىرەر كىشى ئۆز رەئيى بىلەن شەرىئەت ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئاجىز قىلىپ قويىدىغان دەرىجىدە ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتسە، ئۇ ھۆكمەن دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىشتىن ئاجىز دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ ۋە شۇ سەۋەب بىلەن خەلىپىلىكتىن ئېلىنىدۇ. بۇ ئىش ئىككى ھالدا يۈز بېرىشى مۇمكىن.

بىرىنچى ھالەت ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن بىرى ياكى بىر نەچچىسى ئۇنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولۇپ، ئىشلارنى ئىجرا قىلىشنى ئۆز قولىغا ئېلىشىدا. ئەگەر ئۇلار ھۆكۈمرانلىقىدىن خالاس بولۇشى ئۈمىد قىلىنسا، مەلۇم مۇددەت مۆھلەت بېرىلىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىن قۇتۇلالمىسا، خەلىپىلىكتىن ئېلىنىدۇ. ئەگەر خالاس بولۇشىغا ئۈمىد بولمىسا دەرھال ئېلىنىدۇ.



ئىككىنچى ھالەت: غالىب دۈشمەن قولىغا ھەقىقەتەن ئەسىرگە چۈشۈشى بىلەن ياكى دۈشمەننىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالسا، قارىلىدۇ: A) خەلىپىنىڭ خالاس بولۇشى ئۈمىد قىلىنسا، تا ئۈمىد ئۈزۈلگىنىگە قەدەر مۆھلەت بېرىلىدۇ، ئەگەر خالاس بولۇشىغا ئۈمىد قالمىسا، مەنسىپىدىن ئېلىۋېتىلىدۇ. B) ئەگەر خالاس بولۇشىغا ئۈمىدا قالمىسا، دەرھال ئېلىنىدۇ.

40. ماددا ـ خەلىپىنىڭ ھالىتى ئۇنى خەلىپىلىكتىن چەكلەيدىغان دەرىجىدە ئۆزگەرگەن ياكى ئۆزگەرمىگەنلىكىنى پەقەت مەھكىمەتۇلمەزالىم بەلگىلەيدۇ. پەقەت مەھكىمەتۇلمەزالىم خەلىپىنى چەكلەش ياكى ئاگاھلاندۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە.

## تەپۋىز مۇئاۋىنى

41. ماددا ـ خەلىپە ئۆزى ئۈچۈن ھۆكۈم يۈرگۈزۈش مەسئۇلىيىتىنى زىممىسىگە ئالىدىغان تەپۋىز مۇئاۋىنىنى تەيىن قىلىدۇ ۋە ئىشلىرىنى ئۆز رەئيى بىلەن تەدبىر قىلىش ۋە ئۆز ئىجتىھادىغا بىنائەن يۈرگۈزۈشنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىدۇ.

42. ماددا ـ خەلىپىگە قويۇلغان شەرتلەر تەپۋىز مۇئاۋىنىغىمۇ قويۇلىدۇ، يەنى، ئۇ ئەر، مۇسۇلمان، ھۆر (قۇل ئەمەس)، بالاغەت يېشىغا يەتكەن، ئەقلى ساغلام، ئادالەتلىك بولۇپ، ئۆزىگە تاپشۇرۇلغان ئىشلاردا لاياقەتلىك بولۇشى شەرت.

43. ماددا ـ تەپۋىز مۇئاۋىنىنى تەيىن قىلىش ئىككى شەرتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

1) ئومۇمىي نەزەر (ھەرقانداق ئىشنى كۆرۈپ چىقىش).

2) نائىب

www.uyghurkitap.com

شۇنىڭ ئۈچۈن خەلىپە تەپۋىز مۇئاۋىنىغا: «ماڭا تاپشۇرۇلغان ئىشلارغا سېنى ئۆز تەرىپىمدىن نائىب قىلدىم»، دېيىشى ياكى ئۇمۇمىي تەرز ۋە نائىبلىق مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغان سۆزلەرنى ئېيتىشى لازىم. تەيىنلەش شۇ ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلمايدىكەن ئۇ مۇئاۋىن ھېسابلانمايدۇ. تەيىنلەش پەقەت شۇ يول بىلەن ئەمەلگە ئاشسا، ئۇ تەپۋىز مۇئاۋىنىنىڭ ھوقۇقلىرىغا ئىگە بولىدۇ.

44. ماددا ـ تەپۋىز مۇئاۋىنىنىڭ ۋەزىپىسى ئۆزى بېجىرگەن تەدبىرلەر ھەمدە ئىجرا قىلغان باشقۇرۇش ۋە تەيىنلەش ئىشلىرىدىن خەلىپىنى خەۋەردار قىلىش، تاكى ئۇ ئۆز ھوقۇقلىرىدا خەلىپىگە تەڭلىشىپ قالماسلىق، يەنى ئۇنىڭ ئىشىدىن خەلىپىنى خەۋەردار قىلىش ۋە بۇيرۇلغان ئىشنى بېجىرىشتۇر.

45. ماددا ـ خەلىپە تەپۋىز مۇئاۋىنىنىڭ ئىشى ۋە تەدبىرلىرىنى ـ ئۇلارنىڭ توغرىلىقىغا رۇخسەت بېرىپ، خاتالىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە تەكشۈرۈپ تۇرۇشى ۋاجىپ. چۈنكى ئۇممەت ئىشلىرىنى تەدبىر قىلىش خەلىپىگە تاپشۇرۇلغان ۋە دەل ئۇنىڭ ئىجتىھادىغا يۈكلەنگەن.

46. ماددا ـ ئەگەر تەپۋىز مۇئاۋىنى بىرەر ئىشنى تەدبىر قىلسا ۋە ئۇنى خەلىپە تەستىق قىلسا، مۇئاۋىن ئۇ ئىشنى خەلىپە تەستىقلىغىنىدەك ـ ئاشۇرۇۋەتمەي ياكى كەمەيتمەي ـ بېجىرىشى كېرەك. ئەگەر خەلىپە تەستىقلاشتىن باش تارتسا ۋە مۇئاۋىن قىلغان ئىشنى رەت قىلىپ، نارازىلىق بىلدۈرسە قارىلىدۇ: ئەگەر مۇئاۋىن ھۆكۈمنى توغرا ئىجرا قىلغان ۋە مالنى ئۆز ئورنىغا سەرپ قىلغان بولسا، مۇئاۋىننىڭ رەئيى نۇپۇزلۇقتۇر.



چۈنكى بۇ ئەسلىدە خەلىپىنىڭ رەئيى بولۇپ، خەلىپە ئىجرا قىلىنغان بۇ ھۆكۈمنى ۋە ئىنپاق قىلىنغان بۇ مالنى [illegible] قىلالمايدۇ. ئەگەر مۇئاۋىن ئىجرا قىلغان ئىش باشقىچە بولسا مەسىلەن، ۋالىينى تەيىنلەش ياكى قوشۇننى جەڭگە تەييارلاشقا ئوخشاش ئىشلار بولسا، خەلىپە مۇئاۋىنغا قارشىلىق بىلدۈرۈشى جائىز. بۇ ھالدا خەلىپىنىڭ رەئيىگە قارىلىدۇ ۋە مۇئاۋىننىڭ ئىشى بىكار قىلىنىدۇ. چۈنكى خەلىپە بۇنداق ئىشلارنى ـ ئۆزى قىلسىمۇ، مۇئاۋىنى قىلسىمۇ ـ توغرىلاش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر.

47. ماددا ـ تەپۋىز مۇئاۋىنى بىرەر ئىدارىگە ياكى بىرەر ساھەگە خاس قىلىنىپ قويۇلمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭ تەيىنلىنىشى ئۇمۇمىيدۇر. شۇنىڭدەك، ئۇ ئىدارى ئىشلار بىلەن بىۋاستە شۇغۇللانمايدۇ ۋە ئىدارى جىھاز ئۈستىدىن ئۇمۇمىي نازارەت ئېلىپ بارىدۇ.

## تەنپىز مۇئاۋىنى

خەلىپە ئۆزى ئۈچۈن ئىجرا قىلغۇچى مۇئاۋىننى تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى ئىدارى ئىشلاردىن بولۇپ ھۆكۈم يۈرگۈزۈشكە ئالاقىسى يوق. ئۇنىڭ باشقارمىسى خەلىپىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتلەرگە ئائىتلىق قارارلارنى ئىجرا قىلغۇچى ھەمدە شۇ جەھەتلەردىن كەلگەن مەلۇماتلارنى ئۇنىڭ يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. دېمەك، ئۇ بۇ باشقارما خەلىپە بىلەن باشقىلار ئوتتۇرىسىدا ۋاستىچىدۇر.

49. ماددا ـ تەنپىز مۇئاۋىنىنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى شەرت. چۈنكى ئۇ خەلىپىنىڭ يارەمچىلىرىدىندۇر.

50. ماددا - تەنپىز مۇئاۋىنى تەۋىز مۇئاۋىنىغا ئوخشاش خەلىپىگە بىۋاستە باغلانغان بولىدۇ. ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئىجرا قىلىشتا مۇئاۋىن ھېسابلىنىدۇ.

## جىھاد ئەمىرى

51. ماددا - جىھاد ئەمىرىنىڭ ئىدارىسى تۆۋەندىكى تۆت باشقارمىدىن تەشكىل تاپىدۇ: تاشقى ئىشلار، ھەربىي، ئىچكى خەۋپسىزلىك ۋە سانائەت. بۇ باشقارمىلارنى جىھاد ئەمىرى باشقۇرىدۇ ۋە نازارەت قىلىدۇ.

52. ماددا - تاشقى ئىشلار باشقارمىسى خەلىپىلىك دۆلىتىنىڭ ئەجنەبىي دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئالاقىلىرىغا تەئەللۇق ھەرقانداق تاشقى ئىشلارغا مۇتەسەددىلىق قىلىدۇ.

53. ماددا - ھەربىي باشقارما قوشۇن، شۇرتە، قورال-ئەسلىھە، زۆرۈر ۋاستىلەر، تېخنىكا ۋە باشقىلاردىن ئىبارەت قوراللىق كۈچلەرگە تەئەللۇق ئىشلارغا مۇتەسەددىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، ھەربىي تەلىم، ھەربىي سەپلەر ۋە قوشۇنغا لازىم بولغان ئىسلامىي ۋە ئومۇمىي ساقاپەتلەرگە تەئەللۇق ھەممە ئۇرۇش ۋە ئۇرۇشقا تەييارلىنىشقا ئالاقىدار ئىشلارغا مۇتەسەددىلىق قىلىدۇ.

54. ماددا - ئىچكى خەۋپسىزلىك باشقارمىسى خەۋپسىزلىككە تەئەللۇق بارچە ئىشلارغا مۇتەسەددىلىق قىلىدۇ. شۇنىڭدەك، قوراللىق كۈچلەر ياردىمىدە دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى ئەمىنلەيدۇ ۋە بۇ ئىشتا شۇرتىنى ئاساسىي ۋاستە قىلىۋالىدۇ.

55. ماددا - سانائەت باشقارمىسى سانائەتكە تەئەللۇق بارچە



ئىشلارغا مۇتەسەددىلىق قىلىدۇ، بۇ ئورۇندا سانائەت ۋە مۇنۇر ۋە ئەۋزاپ ئۈسكىنىلەر ئىشلەپچىقىرىش، ماشىنا سازلىق، خام ئەشيا ۋە ئېلېكترون سانائىتىگە ئوخشاش ئېغىر سانائەت ياكى يېنىك سانائەت بولامدۇ بۇنىڭ پەرقى يوق. شۇنىڭدەك ھەربىي سانائەتكە ئالاقىدار كارخانىلارنىڭ بارچىسى شەخسىي مۈلۈك ياكى ئومۇمىي مۈلۈك بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھەربىي سىياسەت ئاساسىغا قۇرۇلۇشى لازىم.

## قوشۇن

56. ماددا - جىھاد مۇسۇلمانلارغا پەرزدۇر. ھەربىي تەلىم مەجبۇرى بولۇپ، ئون بەش ياشقا يەتكەن ھەر بىر مۇسۇلمان ئەر جىھادقا تەييارلىنىش ئۈچۈن ھەربىي تەلىم ئېلىشى پەرزدۇر. ئەمما ھەربىي خىزمەت پەرزى كىپايەدۇر.

57. ماددا - قوشۇن ئىككى قىسىمدىن ئىبارەت: 1) ئىھتىياتى قىسىم. بۇ قىسىم قورال كۆتۈرۈشكە قادىر بولغان بارلىق مۇسۇلمانلاردىن ئىبارەت. 2) ھەربىي خىزمەتتىكى دائىمىي قىسىم. ئۇلار ئۈچۈن خىزمەتچىلەرگە ئوخشاش دۆلەت مالىيەسىدىن مائاش تەيىنلىنىدۇ.

58. ماددا - قوراللىق كۈچلەر بىر كۈچ بولۇپ، ئۇ قوشۇندۇر. ئۇنىڭدىن ئالاھىدە بۆلۈنمە ئاللاپ ئېلىنىپ، ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبدا تەرتىپلەشتۈرۈلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا مۇئەييەن ساقاپەت بېرىلىدۇ. بۇ بۆلۈنمىلەر شۇرتەدۇر.

59. ماددا - ئۆزۈنى ھىمايە قىلىش، ئىچكى خەۋپسىزلىكنى ئەمىنلەش ۋە ئىجرائى جەھەتلەرنىڭ بارچىسىنى

بىجىرىش شۇرتىگە تاپشۇرۇلىدۇ.

60. ماددا - قوشۇن ئۈچۈن ئەمىرلەر بايرىقى (لىۋا) ۋە قوشۇن بايراقلىرى (رايە) تەيىنلىنىدۇ. خەلىپە قوشۇن قوماندانى قىلىپ تەيىنلىگەن شەخسكە شەخسەن ئۆزى ئەمىر بايرىقىنى تاپشۇرىدۇ. قوشۇن بايراقلىرىنى بولسا، بايراقدار ئەمىرلەر تەقدىم قىلىدۇ.

61. ماددا - خەلىپە قوشۇننىڭ باش قوماندانىدۇر. ئۇ شتاپ باشلىقىنى، ھەر بىر بايراق (لىۋا) ئۈچۈن ئەمىرنى ۋە ھەر بىر بۆلۈنمە ئۈچۈن باشلىقنى تەيىنلەيدۇ. ئەمما قوشۇندىكى باشقا مەرتىبىلەرنى قوشۇن باشلىقلىرى ۋە بايراقدار ئەمىرلەر تەيىنلەيدۇ. شتابلارغا بىرەر شەخسنى تەيىنلەش ئۇنىڭ ھەربىي بىلىمى دەرىجىسىگە قاراپ بولىدۇ ۋە ئۇنى شتاپ باشلىقى تەيىنلەيدۇ.

62. ماددا - قوشۇننىڭ ھەممىسى بىرلا بولۇپ، مەخسۇس قارارگاھلارغا قويۇلىدۇ. بۇ قارارگاھلارنىڭ بەزىلىرى تۈرلۈك ۋىلايەتلەرگە ۋە بەزىلىرى ئىستىراتېگىيىلىك نۇقتىلارغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. بەزى قارارگاھلار بولسا دائىمى كۆچۈپ يۈرىدىغان (ئوپېراتىپ) گورۇھلاردىن ئىبارەت بولۇپ زەربە بەرگۈچى كۈچلەردىن ھېساپلىنىدۇ. بۇ قارارگاھلارنى بىر نەچچە مەجمۇئەلەر تەركىۋىدە تەرتىپلەشتۈرۈلىدۇ. ھەر بىر مەجمۇئە قوشۇن ياكى نامى بىلەن ئاتىلىپ، نومۇر قويۇلىدۇ. مەسىلەن، بىرىنچى قوشۇن، ئۈچۈنچى قوشۇن ياكى ۋىلايەت ياكى ئەمالە نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

63. ماددا - قوشۇندا ئالىي ھەربىي تەلىم تولۇق بېرىلىشى، قوشۇننىڭ پىكرى سەۋىيىسى ئىمكانى بېرىچە يۈكسەلدۈرۈلۈشى



ھەمدە قوشۇندىكى ھەر بىر شەخس - ئۇمۇمى ئىسلامىي تەربىيە بولۇشى، ئۇنىڭدا ئىسلامى ئاڭ پەيدا بولۇشى ئىمكانىنى بېرىلىشى، ئىسلامى ساقاپىتى بىلەن بېيىشىپ بېرىلىشى شەرت.

64. ماددا - ھەر بىر قارارگاھدا يېتەرلىك مىقداردا ئالىي ھەربىي بىلىمگە، ھەربىي تاكتىكا ۋە ئورۇش ئېلىپ بېرىشتا تەجرىبىگە ئىگە شتابلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە بۇ شتابلار قوشۇندا ئومۇمى ھالدا ئىمكان قەدەر تولۇق شەكىللەندۈرۈلۈشى ۋاجىپ.

65. ماددا - قوشۇن ئىسلامى، قوشۇن سۈپىتىدە ئۆز ۋەزىپىسىنى بىجىرىشتە ئىمكانىيەت بېرىدىغان دەرىجىدە قورال-ياراق، ئوق-دورا، تېخنىكا زۆرۈر ۋاستىلەرگە ئىگە بولۇشى شەرت.

## قەزا (قازىلىق)
## (مەھكىمە ئىشلىرى)

66. ماددا - قازا مەجبۇرى ھالدا شەرئى ھۆكۈمنى بىلدۈرۈشتۇر. قازا ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى خۇسۇمەتلەرنى ئاجرىم قىلىدۇ، جامائەت ھەققىگە زىيان كەلتۈرىدىغان نەرسىلەرنى مەنئى قىلىدۇ ۋە ئادەملەر بىلەن ھۆكۈمەت جىھازىدىكى ھەر قانداق شەخس ھاكىم ياكى خىزمەتچى، خەلىپە ياكى باشقىلار - ئوتتۇرىسىدىكى دەتالاشلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

67. ماددا - خەلىپە، بالاغەت يېشىغا يەتكەن ھۆر، مۇسۇلمان، ئەقلى ساغلام، ئادالەتلىك، پىقھى ئەھلىدىن بولغان ئەر كىشىلەردىن باش قازىنى تەيىنلەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىدارى



www.uyghurkitap.com

نىزاملار دائىرىسىدە، قازىلارنى تەيىنلەش، جازالاش ۋە ئىشتىن ئېلىپ تاشلاش سالاھىيەتلىرى بېرىلىدۇ. مەھكىمىنىڭ باشقا خىزمەتچىلىرى بولسا مەھكىمە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئىدارە، مۇدىرلىرىغا باغلىقتۇر.

68- ماددا ـ قازىلار ئۈچ تۈرلۈكتۇر.

1. قازى، ئۇ مۇئامىلە ۋە ئۇقۇبەت (جازا-جارىلىرى) ھەققىدە، ئادەملەر ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان خۇسۇمەتلەرنى ئاجرىم قىلىدۇ.

2. مۇھتەسىب، ئۇ جامائەتنىڭ ھەققىگە زەرەر كەلتۈرىدىغان قانۇن بۇزغۇنچىلارنى ئاجرىم قىلىدۇ.

3. مەزالىم قازىسى ئۇ ئادەملەر بىلەن دۆلەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىدىغان نىزائلارنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

69- ماددا ـ قازىلىققا تەيىنلىنىۋاتقان شەخس مۇسۇلمان، ھۆر، بالاغەت يېشىغا يەتكەن، ئەقلى ساغلام، ئادالەتلىك، پەقىھ، ھۆكۈملەرنى ۋاقىئلىككە باغلىيالايدىغان بولۇشى شەرت. مەزالىم قازىلىقىغا تەيىنلىنىدىغان شەخس بۇ شەرتلەرگە قوشۇمچە رەۋىشتە ئەر كىشى ۋە مۇجتەھىد بولۇشىمۇ شەرت.

70- ماددا ـ قازى ۋە مۇھتەسىب مەملىكەتنىڭ بارلىق جايلىرىغا ۋە قازانىڭ بارلىق تۈرلىرىگە ئومۇمىي تەيىنلىنىشى مۇمكىن بولغانلىقىغا ئوخشاش، مەلۇم جايغا ۋە قازانىڭ مۇئەييەن تۈرلىرىگە خاس قىلىپ، تەيىنلىنىشىمۇ مۇمكىن. ئەمما مەزالىم قازىسى قازا ئىشلاردا پەقەت ئومۇمىي تەيىنلىنىدۇ. تەيىنلىنىش جايى بولسا، مەملىكەتنىڭ بارلىق جايلىرى ياكى مۇئەييەن جايى بولۇشى مۇمكىن.

71- ماددا ـ مەھكىمە قازا ئىشلىرىدا ئاجرىم قىلىش



سالاھىيىتىگە ئىگە بولغان پەقەت بىرلا قازىدىن تەشكىل تېپىشى كېرەك. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە باشقا بىرلا ياكى بىر نەچچە قازىلار بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن ئۇلاردا ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار مەسلىھەت بېرىش ۋە پىكىر بىلدۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر. ئۇلارنىڭ رەئيى قازى ئۈچۈن مەجبۇرى ئەمەس.

72- ماددا ـ قازى پەقەت قازا مەجلىسىدە، ھۆكۈم چىقارسا بولىدۇ. ھۆججەت ۋە قەسەملەر پەقەت قازا مەجلىسىدىلا ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ.

73- ماددا ـ كۆرۈلىدىغان ئىشلارنىڭ تۈرىگە قاراپ مەھكىمىلەرنىڭ دەرىجىلىرى ھەرخىل بولۇشى جائىز. بەزى قازىلار مەلۇم چېگرادا مۇئەييەن ئىشلارنى كۆرۈشكە خاس قىلىپ تەيىنلىنىشى ۋە بۇ ئىشلاردىن باشقىلىرى باشقا مەھكىمىلەرگە تاپشۇرۇلۇشى مۇمكىن.

74- ماددا ـ ئاپېللاتسىيە (قايتا كۆرۈپ چىقىش) ۋە كەسساتسىيە (ئايرىش) مەھكىمىلىرى بولمايدۇ. بىراق ئىش ئۈستىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم قەتئىيلىك جەھەتتىن بىر خىل دەرىجىدەدۇر. ئەگەر قازى ھۆكۈمنى ئېيتسا، ئۇنىڭ بۇ ھۆكمى نۇپۇزلۇقدۇر. ئۇنىڭ بۇ ھۆكمى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ ھۆكۈمنى باشقا قازىنىڭ ھۆكمى مۇتلەق بىكار قىلالمايدۇ.

75- ماددا ـ مۇھتەسىب ئاممىنىڭ ھوقۇقلىرىدىن بولۇپ، دەۋاگەرى بولمايدىغان جازا-جارىلەر ۋە جىنايەتلەرگە كىرمەيدىغان بارلىق ئىشلارنى كۆرۈپ چىقىدىغان قازىدۇر.

76- ماددا ـ مۇھتەسىب قانۇن بۇزغۇنچىلىرىنى كۆرگەن ھامان قايەردە بولمىسۇن، ئۇلار ئۈستىدىن قازا مەجلىسىز

هۆكۈم چىقىرىش هوقۇقىغا ئىگە. ئۇنىڭ بۇيرۇقلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ قول ئاستىغا بىر نەچچە شۇرتە خادىملىرىنى بېرىلىدۇ، ئۇ چىقارغان هۆكۈم دەرهال ئىجرا قىلىنىدۇ.

77. ماددا - مۇهتەسىب مۇهتەسىبلىق شەرتلىرى تولۇق مەۋجۇت بولغان شەخسلەردىن ئۆزىگە نائىبلار تاللاپ ئېلىش هوقۇقىغا ئىگە ۋە ئۇلارنى تۈرلۈك جايلارغا تارقىتىدۇ. بۇ نائىبلارغا ئۇلار تەيىن قىلىنغان مىنتىقە ياكى مەهەللىلەردە ئۇلارغا تاپشۇرۇلغان ئىشلار بويىچە مۇهتەسىبلىق ۋەزىپىسىنى بېجىرىش هوقۇقى بېرىلىدۇ.

78. ماددا - مەزالىم قازىسى - ئىسلام دۆلىتى خەلقى بولامدۇ ياكى باشقا دۆلەت پۇقراسى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىرەر شەخسكە نىسبەتەن سادىر قىلىنغان هەر قانداق زۇلۇمنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن تەيىنلىنىدىغان قازىدۇر. زۇلۇم خەلىفە تەرىپىدىن ياكى ئۇنىڭدىن باشقا هاكىم ياكى خىزمەتچىلەر تەرىپىدىن سادىر بولغانلىقىنىڭ پەرقى يوق.

79. ماددا - مەزالىم قازىسى ياكى باش قازى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ. ئەمما ئۇنى مۇهاسىبە قىلىش، جازالاش ۋە ئىشتىن بوشىتىش خەلىفە تەرىپىدىن ياكى خەلىفە هوقۇق بەرگەن بولسا مەزالىم مەهكىمىسى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بىراق مەزالىم قازىسى خەلىفە، تەپۋىز مۇئاۋىنى ياكى باش قازى ئۈستىدىن بىرەر شىكايەتنى كۆرۈپ چىقىۋاتقان پەيتتە ئۇنى ئىشتىن بوشىتىش دۇرۇس ئەمەس.

80. ماددا - مەزالىم قازىسى بىر ياكى بىر نەچچە شەخسلەر بىلەن چەكلەنمەيدۇ. بەلكى دۆلەت رەئىسى زۇلۇملارنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كېرەك بولغان مىقداردا قازىلارنى - ئۇلارنىڭ



سانى قانچە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر تەيىنلەش هوقۇقىغا ئىگە. لېكىن بىۋاستە هۆكۈم چىقىرىلىۋاتقان ۋاقىتتا هۆكۈم چىقىرىش هوقۇقى پەقەت بىرلا قازىدا بولىدۇ. قازا مەجلىسىدە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بىر نەچچە مەزالىم قازىلىرى شېرىك بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار پەقەت مەسلىهەت بېرىش هوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ رەئيى مەزالىم قازىسى ئۈچۈن مەجبۇرى ئەمەس.

81. ماددا - مەزالىم مەهكىمىسى خەلىفىنى ۋەزىپىسىدىن بوشىتىش هوقۇقىغا ئىگە بولغىنىدەك، دۆلەتتىكى هەرقانداق هاكىم ياكى خىزمەتچىنى ئىشتىن ئېلىۋېتىش هوقۇقىغىمۇ ئىگە.

82. ماددا - مەزالىم مەهكىمىسى هەر قانداق زۇلۇمنى كۆرۈپ چىقىش هوقۇقىغا ئىگە. بۇ ئورۇندا زۇلۇملار دۆلەت جىهازىدىكى شەخسلەرگە ئائىتلىق بولۇشى ياكى خەلىفىنىڭ شەرىئەت ئەهكاملىرىغا زىت ئىشلارغا ياكى دۆلەت رەئىسى تەبەننى قىلغان دەستۇر، قانۇن ۋە باشقا شەرئىي هۆكۈملەردىكى قانۇنشۇناسلىق هۆججەتلىرىدىن بىرەرسىنىڭ مەناسىغا ياكى بىرەر سېلىق سېلىش، ياكى باشقا ئىشلارغا ئائىتلىق بولۇشىنىڭ پەرقى يوق.

83. ماددا - مەزالىم قازىلىقىدا قازا مەجلىسى، جاۋابكارنى چاقىرىش ۋە دەۋاگەرنىڭ بولۇشى شەرت قىلىنمايدۇ. بەلكى مەهكىمە هېچكىم دەۋا قىلمىسىمۇ، زۇلۇمنى كۆرۈپ چىقىش هوقۇقىغا ئىگە.

84. ماددا - هەر بىر ئىنسان خۇسۇمەتتە هەم هىمايىسىنى ئالىدىغان ئادىمىنى - مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان، ئەر ياكى ئايالنى - ئۆزىدىن ۋەكىل قىلىش هوقۇقىغا ئىگە بۇنىڭدا ۋەكىل قىلغۇچى [illegible]ن ۋەكىل قىلىنغۇچىنىڭ ئوتتۇرىسىدا پەرق يوق.

ۋەكىل ۋەكىللىكىگە ھەق ئېلىشى جائىز. ھەر ئىككىلى تەرەپنىڭ رازىلىقىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

85. ماددا ـ ۋەسى ۋە ۋەلىگە ئوخشاش خاس ئەمەللەردە ياكى خەلىپە، ھاكىم، خىزمەتچى ياكى مەزالىم قازىسى ۋە مۇھتەسىبكە ئوخشاش ئومۇمى ئەمەللەردە، ھوقۇقتا ئىگە بولغان ھەر قانداق شەخس خۇسۇمەت ياكى ھىمايە بارىسىدىلا ـ ۋەسى ياكى ۋەلى، خەلىپە، ھاكىم، خىزمەتچى، مەزالىم قازىسى ياكى مۇھتەسىب سۈپىتىدە ـ ئۆز ئورنىغا ئۆزىنىڭ بارچە ھوقۇقىدا ۋەكىل تەيىن قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بۇ ھالەتتە ئۇنىڭ دەۋاگەر ياكى جاۋابكار بولۇشىنىڭ پەرقى يوق.

## ۋالىلار

86. ماددا ـ ئىسلام دۆلىتى ھۆكۈم يۈرگۈزىۋاتقان ئۆلكە ۋەھدەت (بىرلىك) لەرگە بۆلىنىدۇ ۋە بىر ۋەھدەت ۋىلايەت دەپ ئاتىلىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە ھەر بىر ۋىلايەت ھەم ۋەھدەتلەرگە بۆلىنىدۇ ۋە ئۇلار ئەمالە دەپ ناملىنىدۇ. ۋىلايەتكە مۇتەسەددى بولغان شەخس ۋالى ياكى ئەمىر، ئەمالىگە مۇتەسەددى بولغان شەخس ئامىل ياكى ھاكىم دەپ ئاتىلىدۇ.

87. ماددا ـ ۋالىلار خەلىپە تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ. ئامىللار خەلىپە تەرىپىدىن ۋە خەلىپە تەيىن قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ۋالى تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ. مۇئاۋىنلارغا قويۇلغان شەرتلەر ۋالى ۋە ئامىللارغىمۇ قويىلىدۇ، يەنى ئۇلار ئەركىشى، ھۆر، مۇسۇلمان، بالاغەت يېشىغا يەتكەن، ئەقلى ساغلام، ئادالەتلىك ۋە تاپشۇرۇلغان ئىشلارغا لاياقەتلىك بولۇشى شەرت.



ئۇلار تەقۋالىك ۋە قادىر كىشىلەردىن تاللىۋېلىنىدۇ.

88. ماددا ـ ۋالى ئۆز ۋىلايىتىدە خەلىپىنىڭ نائىبى سۈپىتىدە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ۋە ئىدارىلەرنىڭ ئىشلىرىنى نازارەت قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ۋالى ئۆز ۋىلايىتىدە، تەپۋىز مۇئاۋىنى دۆلەتتە ئىگە بولغان بارلىق ھوقۇقلارغا ئىگە بولىدۇ. ئۇ ئۆز ۋىلايىتىدىكى ئاھالىسى ئۈستىدىن ھۆكۈم يۈرگۈزىدۇ ھەمدە مالىيە، قازا ۋە قوشۇندىن تاشقىرى ۋىلايىتىگە ئالاقىدارلىق بارلىق ئىشلارنى كۆزىتىپ چىقىدۇ. بىراق، شۇرتە ئىدارى جەھەتتىن ئەمەس، بەلكى پەقەت ئىجرا قىلىش جەھەتتىن ئۇنىڭ قول ئاستىدا بولىدۇ.

89. ماددا ـ ۋالى ئەمىرلىكى تەقەززا قىلغان ھوقۇقىغا ئاساسلىنىپ قىلغان ئىشلىرىدىن خەۋەر بېرىپ تۇرۇشى ۋاجىپ ئەمەس، لېكىن ئىختىيارى رەۋىشتە خەۋەر بېرىپ تۇرۇشى مۇمكىن. ئەگەر ئاۋۋال ئۇچرىتىلمىغان بىرەر ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇنى خەلىپىنى خەۋەردار قىلغانغا قەدەر كېچىكتۈرۈپ تۇرىدۇ، كېيىن ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئىش قىلىدۇ. ئەگەر كۈتۈش سەۋەبىدىن بۇزۇلۇشتىن قورقسا، ئۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. كېيىن خەلىپىنى بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقى ۋە ئۇنى خەۋەردار قىلمىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈشى ۋاجىپ.

90. ماددا ـ ھەر بىر ۋىلايەتتە ئۆز ئاھالىسى ئارىسىدا سايلانغان مەجلىس بولۇپ، ئۇنىڭغا ۋالى رەئىسلىك قىلىدۇ. بۇ مەجلىس ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئىشلىرىدا ئەمەس، بەلكى ئىدارى ئىشلاردا رەئيى بىلدۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگە. مەجلىسنىڭ رەئيى ۋالى ئۈچۈن مەجبۇرى ئەمەس.

91. ماددا ـ ۋىلايەتتە بىر شەخسنىڭ ۋالىلىق قىلىش

مۇددىتى سوزۇلۇپ كەتمەسلىكى كېرەك. ۋالىنىڭ ۋىلايەتتە مۇستەھكەم ئورۇنلىشىپ قېلىۋالالىشى ياكى ئادەملەر ئۇنىڭغا ياخشى كۆرۈنۈۋالالىشىنى سېزىلسە، بۇ ھالدا ئۇ ۋالىلىقتىن ئازات قىلىنىدۇ.

92-ماددا – ۋالى بىر ۋىلايەتتىن باشقا ۋىلايەتكە كۆچۈرۈلمەيدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ ۋالىلىقى ئۇمۇمىي نەزەر ۋە مۇئەييەن ماكاندادۇر. بەلكى ۋالى ئىشتىن بوشۇتۇلۇپ، (باشقا ۋىلايەتكە) قايتىدىن تەيىنلىنىدۇ.

93-ماددا – ئەگەر خەلىپە ۋالىنى ئىشتىن ئېلىۋېتىشنى لازىم كۆرسە ياكى ئۇممەت مەجلىسى بىرەر سەۋەب بىلەن ياكى ھېچقانداق سەۋەبسىز ئۇنىڭدىن نارازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرسە، ياكى ۋىلايەتتىكى ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ئۇنىڭدىن نارازىلىقىنى ئىزھار قىلسا، ۋالى ئىشتىن بوشۇتۇلىدۇ. ئۇنىڭ ئىشتىن بوشۇتۇلۇشى پەقەت خەلىپە تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

94-ماددا – ۋالىلارنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇش، ئۇلارنى قاتتىق نازارەت قىلىش، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى ئېنىقلىغىلى ۋە پائالىيىتىنى تەكشۈرگىلى ئۆز تەرىپىدىن نائىبلار تەيىن قىلىش، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ياكى بىر قىسمىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا يىغىپ تۇرۇش، خەلقنىڭ ئۇلار ئۈستىدىن قىلىۋاتقان شىكايەتلىرىگە قۇلاق سېلىش – خەلىپىنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

## ئىدارى جىھاز

95-ماددا – دۆلەت ئىشلىرىنى بېجىرىش ۋە ئادەملەرنىڭ



www.uyghurkitap.com

مەنپەئەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئاساسىغا قۇرۇلغان ئىدارە، مۇئەسسەسە ۋە باشقارمىلار دۆلەت ئىشلىرىنى ۋە ئادەملەرنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ئىدارە قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

96-ماددا – ئىدارە، مۇئەسسەسە ۋە باشقارمىلارنى ئىدارە قىلىش سىياسىتى نىزامدا ئاددىيلىق، ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا تېزلىك ۋە مۇتەسەددىلەرنىڭ لاياقەتلىك بولۇشىغا ئاساسلىنىدۇ.

97-ماددا – ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولغان لاياقەتلىك ھەر بىر شەخس – ئەر ياكى ئايال، مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر – ھەر قانداق باشقارمىغا ياكى ئىدارىغا مۇدىر قىلىپ تەيىنلىنىشى ۋە ئۇنىڭدا خىزمەتچى بولۇپ ئىشلىشى مۇمكىن.

98-ماددا – ھەر بىر باشقارما ئۈچۈن ئۇمۇمىي مۇدىر، ھەر بىر ئىدارە ۋە مۇئەسسەسە ئۈچۈن ئۇنى باشقۇرىدىغان مۇدىر تەيىنلىنىدۇ. ئۇ ئاشۇ باشقارما ياكى مۇئەسسەسەلەرگە بىۋاستە مەسئۇل بولىدۇ. ئۆز نۆۋىتىدە بۇ مۇدىرلار ئاشۇ باشقارما، ئىدارە ياكى مۇئەسسەسەلەرنىڭ باش مۇدىرى ئالدىدا بېجىرگەن ئىشلىرى يۈزىسىدىن مەسئۇل بولىدۇ. شۇنىڭدەك، ۋالى ياكى ئامىل ئالدىدا ئۇمۇمىي ھۆكۈم ۋە نىزاملارغا قەتئىي ئەمەل قىلىش جەھەتتىن مەسئۇلدۇر.

99-ماددا – بارلىق باشقارما ئىدارە ۋە مۇئەسسەسەلەرنىڭ مۇدىرلىرى پەقەت ئىدارى نىزامدا قوبۇل قىلىنغان سەۋەبلەر بىلەن ئىشتىن چەكلىنىدۇ. لېكىن ئۇلار بىر ئىشتىن باشقا ئىشقا يۆتكىلىشى ۋە ئىشتىن ۋاقىتىنچىلىق چەكلىنىشى مۇمكىن. ئۇلارنى تەيىنلەش، بىر ئىشتىن باشقا ئىشقا يۆتكىۋېتىش،

ۋاقىتنچىلىق ئىشتىن توختىتىش، جازالاش ۋە ئىشتىن بوشىتىش پەقەت ئاشۇ باشقارما، ئىدارە ياكى مۇئەسسەسەلەرنىڭ باش مۇدىرى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

100- ماددا - خىزمەتچىلەر مۇدىر دەپ ھېساپلانمايدۇ. ئۇلارنى تەيىنلەش، بىر ئىشتىن باشقا ئىشقا يۆتكەش، ۋاقىتنچە ئىشتىن توختىتىش، جازالاش ۋە ئىشتىن قالدۇرۇش ھەم باشقارما، ئىدارە ياكى مۇئەسسەسەلەرنىڭ مۇدىرى تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ.

## ئۇممەت مەجلىسى

101- ماددا - مۇسۇلمانلارنىڭ رەئيىنى ئىپادىلەيدىغان، زۆرۈر بولغاندا خەلىپە مۇراجىئەت قىلىدىغان شەخسلەر ئۇممەت مەجلىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. غەيرى مۇسۇلمانلارمۇ ھاكىملارنىڭ زۇلمى ياكى ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ناتوغرا تەدبىق قىلىنىشىۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىش ئۈچۈن ئۇممەت مەجلىسى تەركىۋىدە بولسا بولىدۇ.

102- ماددا - ئۇممەت مەجلىسى ئەزالىرى سايلام يولى بىلەن سايلىنىدۇ.

103- ماددا - ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولغان ھەر بىر شەخس - ئەر ياكى ئايال، مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولۇشىدىن قەتئىينەزەر - بالاغەت يېشىغا يەتكەن ۋە ئەقلى ساغلام بولسا ئۇممەت مەجلىسىگە ئەزا بولۇش ھوقۇقىغا ئىگە. لېكىن غەيرى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەزالىق ھوقۇقى ھاكىملار زۇلمىدىن ياكى ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ ناتوغرا تەدبىق قىلىنىشىۋاتقانلىقىدىن



شىكايەت قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ.

104- ماددا - شۇرا (كېڭەش) - رەئيىنى ئېلىشتۇر. مەشۋەرەت بولسا، ئەمەلدە تەدبىق قىلىش مەجبۇرى بولۇپ قالىدىغان رەئيىنى ئېلىشتۇر. قانۇنچىلىق، تەرىپلەر، تۈرلۈك كەشپىياتلار ۋە ئىلىم-پەن ئىشلىرىغا ئوخشاش پىكرى ئىشلار مەشۋەرەتكە تەئەللۇق ئەمەس. بۇلاردىن رەئيلەر بولسا، مەشۋەرەت تەركىۋىگە كىرمەيدۇ.

105- ماددا - شۇرا پەقەت مۇسۇلمانلارنىڭ ھوقۇقى بولۇپ، غەيرى مۇسۇلمانلار بۇنىڭدىن مەھرۇم. ئەمما ئۆز رەئيلىرىنى بىلدۈرۈش، خەلىپىنىڭ مۇسۇلمان ياكى غەيرى مۇسۇلمان بولغان بارلىق شەخسلىرى ئۈچۈن جائىزدۇر.

106- ماددا - شۇرا ماۋزۇسىغا كىرىدىغان مەشۋەرەت نەۋئىدىن بولغان مەسىلىلەردە - توغرا ياكى ناتوغرا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر - كۆپچىلىكنىڭ رەئيى ئېلىنىدۇ. شۇرا ماۋزۇسىغا كىرىدىغان باشقا مەسىلىلەردە - كۆپچىلىك ياكى ئازچىلىقتىن قەتئىينەزەر توغرا رەئيى ئېلىنىدۇ.

107- ماددا - ئۇممەت مەجلىسى تۆۋەندىكى تۆت ھوقۇققا ئىگە:

بىرىنچىسى:

A) مەشۋەرەت سۆزى ئىپادىلەيدىغان مەنىگە ئالاقىدار ئىچكى ئىشلارنىڭ بارچىسىدا ئۇممەت مەجلىسىنىڭ رەئيى ئېلىنىشى ۋاجىبدۇر. بۇ ئىشلار ھاكىمىيەت، تەلىم، ساقلىقنى ساقلاش، ئىقتىساد ۋە باشقا ساھەلەر بولۇپ، ئۇلاردىن ئۇممەت مەجلىسىنىڭ رەئيىنى ئېلىش مەجبۇرىدۇر. مەشۋەرەت سۆزى ئىپادىلەيدىغان مەنىگە ئالاقىدار بولمىغان باشقا ئىشلاردا ئۇممەت

مەجلىسنىڭ رەئىيىنى ئېلىش شەرت ئەمەس. شۇنىڭغا قارىغاندا تاشقى سىياسەت، مالىيە ۋە ھەربى ساھەلەردە مەجلىسنىڭ رەئىيىنى ئېلىش مەجبۇرى ئەمەس.

B) ئۇممەت مەجلىسى دۆلەتتە ئەمەلدە سادىر بولىۋاتقان - ئىچكى ياكى تاشقى ئىشلار، مالىيە ۋە ھەربى ساھەلەردىكى - بارلىق ئىشلارنى مۇھاسىبە قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇنىڭ رەئىيى ئەگەر شەرىئەتكە زىت بولمىسا، مەجبۇرىدۇر. ئەگەر ئۇممەت مەجلىسى بىلەن ھاكىملار شەرئى جەھەتتىن بىرەر مەسىلىدە كېلىشەلمەي قالسا، بۇ ئىش ھەققىدە مەزالىم مەھكىمىسىنىڭ رەئىيىگە مۇراجىئەت قىلىنىدۇ.

ئىككىنچىسى:

ئۇممەت مەجلىسى ۋالىلار ياكى مۇئاۋىنلاردىن نارازىلىق ئىزھار قىلىشقا ھەقلىقدۇر. بۇ ئىشتا ئۇنىڭ رەئىيىنى ئېلىش مەجبۇرىدۇر. خەلىفە ئۇستىدىن نارازىلىق بىلدۈرۈلگەنلەرنى دەرھال چەكلىشى ۋاجىبدۇر.

ئۈچۈنچىسى:

خەلىفە دەستۇر ۋە قانۇنلار ئۈچۈن تەبەننى قىلماقچى بولغان ئەھكاملارنى ئۇممەت مەجلىسىگە ھاۋالە قىلىدۇ. مەجلىسنىڭ مۇسۇلمان ئەزالىرى بۇ ئەھكاملارنى مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆز پىكىرلىرىنى بىلدۈرۈشكە ھەقلىقدۇر. لېكىن ئۇلارنىڭ رەئىيىنى ئېلىش مەجبۇرى ئەمەس.

تۆتۈنچىسى:

ئۇممەت مەجلىسىنىڭ مۇسۇلمان ئەزالىرى خەلىفىلىككە نامزاتلىرىنى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر. بۇ ئىشتا ئۇلارنىڭ رەئىيىنى ئېلىش مەجبۇرىدۇر. ئۇلار تەۋسىيە قىلمىغان باشقا



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

نامزاتلار قوبۇل قىلىنمايدۇ.

## ئىجتىمائى نىزام

108- ماددا ـ ئايال، ئانا ۋە ئۆي مەلىكىسىدۇر. ئايال ھىمايە قىلىنىشى ۋاجىب بولغان پاك كىشىدۇر.

109- ماددا ـ ئەر ۋە ئاياللار (جەمئىيەتتە) بىر-بىرىدىن ئايرىلغان ھالدا ياشىشى لازىم. ئۇلار پەقەت شەرىئەت رۇخسەت بەرگەن ھەج ۋە سودىغا ئوخشاش بىر جايغا يىغىلىشقا سەۋەپ بولىدىغان ئېھتىياجلار يۈزىسىدىن جەملىنىشى مۇمكىن.

110- ماددا ـ ئەرگە بېرىلگەن ھوقۇقلار ئايالغىمۇ بېرىلىدۇ، ئەرگە پەرز قىلىنغان بۇرۇچلار ئايالغىمۇ پەرزدۇر. ئىسلام شەرئى دەلىللەر ئارقىلىق بەزى ھۆكۈملەرنى ئەرگە ۋە بەزى ھۆكۈملەرنى ئايالغا خاسلاپ قويغان. ئايال ھەم تىجارەت، دېھقانچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا، توختام ۋە مۇئامىلىلەرنى تۈزۈشكە، مۈلۈكچىلىكنىڭ بارلىق تۈرلىرىگە ئىگە بولۇشقا؛ مۈلۈكنى شەخسەن ئۆزى ياكى باشقا ئادەم ئارقىلىق كۆپەيتىشكە ۋە ھاياتتىكى ئىشلارنى بىۋاستە ئۆزى بېجىرىشكە ھەقلىقدۇر.

111- ماددا ـ ئايال كىشى مەھكىمەتۇلمەزالىمدىن باشقا دۆلەت ۋەزىپىلىرىگە، قازا مەنسەپلىرىگە تەيىنلىنىشى، ئۇممەت مەجلىسى ئەزالىرىنى سايلىشى ئۇنىڭدا ئەزا بولۇشى ھەمدە خەلىفىنى سايلاش ۋە ئۇنىڭغا بەيئەت بېرىشتە شېرىك بولۇشى جائىزدۇر.

112- ماددا ـ ئايال ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئىشلىرىغا

مۇتەسەددىلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس. شۇنىڭدەك، ئۇ خەلىپە، مۇئاۋىن، ۋالى ۋە ئامىل بولالمايدۇ. ھەمدە ھۆكۈم يۈرگۈزۈش ئىشلىرىدىن دەپ ئېتىبار قىلىنىدىغان بىرەر ئىشنى بېجىرىشكە بولمايدۇ.

113- ماددا ـ ئايال ئۇمۇمى ۋە خۇسۇسى ھاياتتا ياشايدۇ. ئۇمۇمى ھاياتتا ئۇنىڭ يۈزى ۋە ئالقانلىرىدىن باشقا ئەزالىرى كۆرۈنمىگەن، ياسانچۇقلۇق قىلمىغان، ئۇچۇق-سوچۇق بولمىغان ھالدا ئاياللار، مەھرەم ئەرلەر ۋە يات ئەرلەر بىلەن بىرگە ياشىشى مۇمكىن. خۇسۇسى ھاياتتا بولسا، پەقەت ئاياللار ياكى مەھرەملىرى بىلەن ياشىشى مۇمكىن. يات ئەر بىلەن ياشىشى مۇمكىن ئەمەس. بۇ ئىككى ھاياتتا شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىغا قەتئى ئەمەل قىلىدۇ.

114- ماددا ـ ئايالنىڭ نامەھرەم ئەر بىلەن يالغۇز قېلىشى، يات ئەرلەر ئالدىدا ئۆزىگە نازلىنىشى، ئەۋرەتلىرىنى ئېچىپ يۈرۈشى مەنئى قىلىنىدۇ.

115- ماددا ـ ئەر ھەم ئايال ئەخلاق ئۈچۈن خەتەرلىك بولغان ياكى جەمئىيەتتە بۇزۇقلۇقنى تارقىتىدىغان ھەرقانداق ئەمەلگە قول ئۇزارتىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

116- ماددا ـ ئەر-ئاياللىق ھاياتى خاتىرجەملىك ھاياتىدۇر. ئەر-ئايالنىڭ تۇرمۇشى دوستانە تۇرمۇشتۇر. ئەر، ئايالى ئۈستىدىن ھۆكۈمران بولۇپ ئەمەس، غەمخورلۇق بىلەن باشچىلىق قىلىدۇ. ئايال ئەرگە ئىتائەتلىك بولۇشى، ئەر بولسا ئايالىغا ـ ئادەتتە شۇنداق ئايالغا قانداق نەپىقە قىلىش لازىم بولسا، شۇنداق ـ نەپىقە بېرىشى پەرزدۇر.

117- ماددا ـ ئەر ۋە ئايال ئۆي ئىشلىرىنى بېجىرىشتە



بىر-بىرىگە تولۇق ياردەم بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن تاشقىرىدا بولىدىغان بارلىق ئىشلارنى بېجىرىش ئەرنىڭ زىممىسىدىدۇر. ئۆي ئىچىدىكى بارلىق ئىشلارنى كۆپىچە يەككىچە بېجىرىش ئايالنىڭ زىممىسىدىدۇر. ئايالنىڭ كۆپىچە يەتمەيۋاتقان ئىشلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن ياردەمچى خىزمەتكارلار ھازىرلاپ بېرىش ئەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

118- ماددا ـ ئايال مۇسلىمە ياكى غەيرى مۇسلىمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بالا ئۇنىڭ كاپالىتىگە مۇھتاج بولسا، ئۇنى ئۆز كاپالىتىگە ئېلىش ئايالنىڭ بۇرچى ۋە ھەققىدۇر. بالا كاپالەتكە مۇھتاج بولمىسا، قارىلىدۇ: ئەگەر ئېنىك ئانىسى ۋەلىسى مۇسۇلمان بولسا، بالىغا خالىغان كىشىسى بىلەن ياشاش ئىختىيارى بېرىلىدۇ. بالا كىمنى تاللىسا، تاللىغان كىشى ئەر ياكى ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ـ ئاشۇنىڭغا تاپشۇرۇلىدۇ. بۇ ئورۇنداق بالىنىڭ قىز ياكى ئوغۇل بولۇشى ئەھمىيەتسىزدۇر. ئەگەر ئۇلاردىن بىرى غەيرى مۇسۇلمان بولسا، بالىغا تاللاش ئىختىيارى بېرىلمەيدۇ، بەلكى ئۇلاردىن مۇسۇلمان بولغىنىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

## ئىقتىسادى نىزام

119- ماددا ـ ئىقتىساد سىياسىتى ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇشقا ئېتىبار بەرگەن ۋاقىتتا جەمئىيەت قانداق بولۇشى لازىملىقىغا ئېتىبارنى قارىتىشتىن ئىبارەت. جەمئىيەتنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ئېھتىياجلارنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئاساس قىلىنىۋېلىنىدۇ.

120. ماددا - ئىقتىسادىي مۇئامىلە خەلقنىڭ ھەر بىر شەخسكە بايلىق ۋە مەنپەئەتلەرنى تەقسىملەپ بېرىشتىن ھەمدە بايلىق ۋە مەنپەئەتلەرنى قولغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇلار ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىشتا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق شەخسلەرگە بايلىق ۋە مەنپەئەتلەردىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى يارىتىپ بېرىشتىن ئىبارەت.

121. ماددا - شەخسلەرنىڭ ھەر بىرى ئۈچۈن ئاساسىي ئېھتىياجلىرىنى تولۇق قاندۇرۇش كاپالەتكە ئىگە بولۇشى ھەمدە كامالىي ئېھتىياجلارنى ئىلاجى بارىچە ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە قاندۇرۇش ئىمكانىيىتى تەمىنلىنىشى ۋاجىبدۇر.

122. ماددا - مۈلۈك يالغۇز اللەنىڭكىدۇر. الله ئىنساننى مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئۆزىنىڭ خەلىپىسى دەپ ئېلان قىلدى. مانا شۇ ئومۇمىي ۋاكالەت بىلەن ئىنسان مۈلۈككە ئىگىلىك قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدى. الله ئىنسانغا مۈلۈكنى قولغا كىرگۈزۈشكە ئىزنى بەردى. مانا شۇ مەخسۇس ئىزنى بىلەن ئىنسان ئەمەلدە مۈلۈكنىڭ ئىگىسىگە ئايلاندى.

123. ماددا - مۈلۈك ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: خۇسۇسىي مۈلۈك، ئومۇمىي مۈلۈك ۋە دۆلەت مۈلكى.

124. ماددا - خۇسۇسىي مۈلۈك ئەين (مەۋجۇت نەرسە) ياكى مەنپەئەت بىلەن بەلگىلىنىدىغان شەرئىي ھۆكۈم بولۇپ، بۇ ھۆكۈم خۇسۇسىي مۈلۈك ئىگىسىگە ئاشۇ نەرسىدىن پايدىلىنىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ئەۋەز ئېلىش ئىمكانىيىتىنىڭ يارىتىلىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

125. ماددا - ئومۇمىي مۈلۈك جامائەتكە ئەينىدىن مۇشتەرەك پايدىلىنىشقا شارىئ تەرەپىدىن بېرىلگەن ئىزنىدۇر.



126. ماددا - سەرپ قىلىنىشى خەلىپىنىڭ رەئيى ۋە ئىجتىھادىغا باغلىق بولغان ھەر قانداق مال-مۈلۈك، جىزيە، خىراجغا ئوخشاش - دۆلەت مۈلكى دەپ ھېسابلىنىدۇ.

127. ماددا - كۆچمە ۋە كۆچمەس مۈلۈكنىڭ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈۋەندىكى بەش شەرئى سەۋەب بىلەن چەكلەنگەن:

A) ئەمگەك.

B) مىراس.

C) ياشاش ئۈچۈن مالغا بولغان ئېھتىياج.

D) دۆلەت ئۆز مىلىدىن خەلققە بېرىشى.

E) شەخسلەر مال ياكى كۈچ سەرپلىمەي ئالىدىغان ماللار.

128. ماددا - مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىش مەيلى ئۇنى سەرپ قىلىش بىلەن مەيلى كۆپەيتىش بىلەن بولسۇن - شارىئنىڭ ئىزنى بىلەن چەكلەنگەندۇر. ئىسراپچىلىق، مەئشەت پەرەسلىك ۋە بېخىللىق مەنئى قىلىنىدۇ. كاپىتالىستىك شىركەتلەر، كوپېراتىپ جەمئىيەتلەر ۋە باشقا شەرىئەتكە زىت بولغان مۇئامىلاتلار مەنئى قىلىنىدۇ. شەرىئەتكە زىت بولغان مۇئامىلىلەر مەنئى قىلىنىدۇ. جازانىخورلۇق، ھەددىن ئاشقىرى ئۈستۈن باھا قويۇش، مانايولىيە، قىمار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار مەنئى قىلىنىدۇ.

129. ماددا - ئاھالىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئىسلامغا كىرگەن يەرلەر ۋە ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىنىڭ يەرلىرى ئۇشرى يەرلەر ھېسابلىنىدۇ. ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدىن ئاشقىرى ئۇرۇش ياكى سۈلھى بىلەن پەتھى قىلىنغان يەرلەر خىراجىي يەرلەردۇر. ئۇشرى يەرلەرنىڭ ئۆزىگىمۇ، مەنپەئەتىگىمۇ شەخسلەر ئىگىلىك قىلىدۇ. ئەمما خىراجىي يەرلەر دۆلەت

مۈلكى ھېساپلىنىپ، شەخسلەر پەقەت ئۇلارنىڭ مەنپەئەتىگە ئىگىلىك قىلىدۇ. ھەر بىر شەخس ئۆشرى يەرلەرنىڭ ئۆزىنى ۋە خىراجى يەرلەرنىڭ مەنپەئەتىنى شەرئى توختاملار بىلەن ئالماشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. يەرلەر ھەم باشقا مال-مۈلۈكلەرگە ئوخشاش مىراس قىلىپ ئېلىنىدۇ.

130. ماددا – قۇرۇق يەرلەر ئىشلەش ۋە ئەترابىنى ئورۇنلىش بىلەن مۈلۈك قىلىپ ئېلىنىدۇ. باشقا يەرلەر بولسا پەقەت شەرئى سەۋەبلەر – مىراس، سېتىۋېلىش، دۆلەت ئاجرىتىپ بېرىشى بىلەن مۈلۈككە ئايلىنىدۇ.

131. ماددا – يەرنى – خىراجى ياكى ئۆشرى بولىشىغا – دېھقانچىلىق ئۈچۈن ئىجارىگە بېرىش، شۇنىڭدەك، مۇزارىئەت (زىرائەتكە شېرىك بولۇپ يېرىنى باشقىغا بېرىش)مۇ مەنئى قىلىنىدۇ. ئەمما مۇساقات جائىزدۇر.

132. ماددا – يەرگە ئىگە بولغان ھەر بىر ئادەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى كېرەك. مۇھتاج ئادەمگە يەردىن پايدىلىنىش ئىمكانىنى بېرىدىغان ۋاستىلەر بەيتۇلمالدىن بېرىلىدۇ. ئۈچ يىلغىچە يەرنى ئىشلەتمەستىن تاشلاپ قويغان ھەر قانداق ئادەمدىن يەر تارتىۋېلىنىدۇ ۋە باشقا ئادەمگە بېرىلىدۇ.

133. ماددا – ئۇمۇمى مۈلۈك ئۈچ نەرسىدە نامايەن بولىدۇ:

A) جامائەت زۆرۈرىيەتلىرى دەپ ھېساپلىنىدىغان بارلىق نەرسىلەر: شەھەرنىڭ كوچا ۋە ئومۇم پايدىلىنىدىغان مەيدانلارغا ئوخشاش.

B) زور كانلار: نېفىت كانلىرىغا ئوخشاش.

C) تەبىئىتى شەخسنى ئۇنىڭغا ئىگىلىك قىلىشتىن مەنئى قىلىدىغان نەرسىلەر: دەريالارغا ئوخشاش.



134. ماددا – كارخانا – ماھىيەتكە قارىغاندا – خۇسۇسى مۈلۈك ھېساپلىنىدۇ. لېكىن ئۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان مەھسۇلاتنىڭ ھۆكمىنى ئالىدۇ. ئەگەر مەھسۇلات خۇسۇسى مۈلۈك ھېساپلانسا، كارخانىمۇ خۇسۇسى مۈلۈك بولىدۇ: توقۇمىچىلىق كارخانىلىرىغا ئوخشاش. ئەگەر مەھسۇلات ئۇمۇمى مۈلۈكتىن بولسا كارخانىمۇ ئۇمۇمى مۈلۈك ھېساپلىنىدۇ: تۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش كارخانىلىرىغا ئوخشاش.

135. ماددا – دۆلەت خۇسۇسى مۈلۈكنى ئۇمۇمى مۈلۈككە ئايلاندۇرۇشى مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى ئۇمۇمى مۈلۈك – دۆلەتنىڭ رەئيىگە قاراپ ئەمەس، بەلكى مۈلۈكنىڭ ماھىيىتى ۋە سۈپىتىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

136. ماددا – ئۇممەتنىڭ ھەر بىر ۋەكىلى ئۇمۇمى مۈلۈكچىلىك دائىرىسىگە كىرىدىغان بارلىق بايلىقلاردىن پايدىلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە دۆلەت بىرەر شەخسكە ئۇمۇمى مۈلۈككە ئىگىلىك قىلىشقا ياكى ئۇنى ئۆز پايدىسىغا بويسۇندۇرۇشقا (ئېكسپىلاتسىيە)گە رۇخسەت بېرىپ، خەلقنى ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلىشى مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس.

137. ماددا – دۆلەت خەلقنىڭ مەنپەئەتلىرىنى كۆزلىگەن ھالدا قۇرۇق يەرلەردىن ياكى ئۇمۇمى مۈلۈك ھېساپلىنىدىغان نەرسىلەردىن ئۆز ھىمايىسىگە ئېلىپ قويۇشى جائىز.

138. ماددا – بايلىق يىغىش – گەرچە زاكات بېرىلسىمۇ – مەنئى قىلىنىدۇ.

139. ماددا – زاكات مۇسۇلمانلاردىن يىغىپ ئېلىنىدۇ. زاكات شەرىئەت بەلگىلەپ بەرگەن مۈلۈكلەردىن – پۇل، تىجارەت ۋاستىلىرى، چارۋا ۋە دانلاردىن – ئېلىنىدۇ. شەرىئەتتە

كۆرسىتىلمىگەنلەردىن ئېلىنمايدۇ. زاكات - بالاغەت يېشىغا يەتكەن ئەقلى ساغلام، مۆكەللەپ ياكى كىچىك ياكى مەجنۇن بولغان غەيرى مۆكەللەپ بولۇشىدىن قەتئىنەزەر - ھەر بىر مۈلۈك ئىگىسىدىن ئېلىنىدۇ. ئېلىنغان ماللار بەيتۇلمالنىڭ ئالاھىدە بۆلۈمىگە قويۇلىدۇ ۋە قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنغان سەككىز تائىپىنىڭ بىر ياكى بىر نەچچىسىگە سەرپ قىلىنىدۇ.

140. ماددا - جىزيە زىممىلەردىن يىغىپ ئېلىنىدۇ. ئەگەر تۆلەشكە قادىر بولسا، بالاغەتكە يەتكەن ئەرلەردىن ئېلىنىدۇ. ئاياللار ۋە بالىلاردىن ئېلىنمايدۇ.

141. ماددا - خىراج، خىراجىي يەرلەردىن ئىمكانىيىتىگە قاراپ ئېلىنىدۇ. ئۆشرى يەرلەردىن بولسا، ئەمەلى ھوسۇلدىن زاكات (ئۆشرە) ئېلىنىدۇ.

142. ماددا - مۇسۇلمانلاردىن بەيتۇلمالنىڭ خىراجەتلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن شەرىئەت ئىجازەت بەرگەن سېلىقلار يىغىپ ئېلىنىدۇ. شۇ شەرت بىلەنكى، سېلىقلار مۈلۈك ئىگىسىنىڭ ئادەتتىكى ئېھتىياجلىرىدىن ئارتقان مال-مۈلۈك ھېسابىدىن ئېلىنىدۇ. ھەمدە دۆلەت ئېھتىياجلىرىنى تولۇقلاشقا يېتەرلىك بولۇشى رىئايە قىلىنىدۇ. غەيرى مۇسۇلمانلاردىن مۇتلەق سېلىق ئېلىنمايدۇ. ئۇلاردىن پەقەت جىزيە ئېلىنىدۇ.

143. ماددا - شەرىئەت ئۈممەت ۋاجىب قىلغان ھەر قانداق ئەمەلنى بىجىرىش ئۈچۈن بەيتۇلمالدا مەبلەغ مەۋجۇت بولمىسا، مەسئۇلىيەت ئۈممەت زىممىسىگە ئۆتىدۇ. بۇنداق ھالدا دۆلەت سېلىق سېلىش ئارقىلىق بۇ مەبلەغنى ئۈممەتتىن يىغىپ ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. شەرىئەت ئۈممەتكە ۋاجىب قىلمىغان ئەمەللەر ئۈچۈن بولسا دۆلەت ھېچقانداق سېلىق سېلىشى جائىز ئەمەس.



دۆلەت مەھكىمە ۋە ئىدارىلارنىڭ ئەمىنىنى [illegible] ياكى [illegible] مەنپەئەتنى ئادا قىلىش ئۈچۈن سېلىقلارنى ئېلىش [illegible] ئەمەس.

144. ماددا - دۆلەت جۇغلانمىسى شەرقىي [illegible] ئەستىقلىغان دائىمىي قىسىملىرى مەۋجۇت جۇغلانمىنىڭ [illegible] بۆلۈملىرى ھەر بىر بۆلۈمگە ئاجرىتىلىدىغان مەبلەغلەر ۋە بۇ مەبلەغلەرنى قايسى ئىشلارغا خاسلاشتۇرۇشى خەلىپىنىڭ رەئيى ۋە ئىجتىھادىغا ھاۋالە قىلىنىدۇ.

145. ماددا - بەيتۇلمالنىڭ دائىمىي كىرىملىرى: پەيئى (دۈشمەنلەردىن جەڭسىز ئېلىنغان ئولجىلار) نىڭ ھەممىسى، جىزيە، خىراج، رىكاز، (قەتئىي قىلىنغانغا قەدەر يوشۇرۇپ قويۇلغان تېپىلما بايلىقلار) نىڭ بەشتىن بىرى ۋە زاكات. بۇ مەبلەغلەر ئۇلارغا ئېھتىياج بولمىسىمۇ ھەمىشە ئېلىنىدۇ.

146. ماددا - بەيتۇلمالنىڭ دائىمىي كىرىملىرى دۆلەت خىراجەتلىرىنى تولۇقلاشقا كىپايە قىلمىسا دۆلەت مۇسۇلمانلاردىن سېلىق ئېلىشقا ھەقلىقتۇر. سېلىقلار پەقەت تۆۋەندىكى ئىشلار ئۈچۈن ئېلىنىش شەرت:

A) پەقىر، مىسكىن، مۇساپىرلارغا ھەمدە جىھاد پەرزىنى بىجىرىشكە بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىش ۋاجىب بولغان خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن.

B) بەيتۇلمالدىن تولۇق تەرىقىسىدا بېرىلىش ۋاجىب بولغان خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن خىزمەتچىلەر، قوشۇن ئەمىنلىرى، ھاكىملارغا ئاجرىتىلىدىغان نەپىقىلەر.

C) ئومۇمىي مەنپەئەت ۋە قولايلىقلار يارىتىش تەرىقىسىدا بەيتۇلمالدىن بەدەلسىز بېرىلىشى ۋاجىب بولغان خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن: يوللار قۇرۇش، سۇ بىلەن تەمىنلەش،

مەسجىد، مەدرىسە ۋە شىپاخانىلار قۇرۇشقا ئوخشاش.

D) خەلق ئاچارچىلىق، كەلكۈن ۋە يەر تەۋرەشكە ئوخشاش ئاپەتلەرگە دۇچار بولغان ۋاقىتتا بەيتۇلمالدىن زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بېرىلىشى ۋاجىب بولغان خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن.

147. ماددا - مەملىكەت چېگرىلىرىدىكى باجخانىلاردىن ئېلىنىدىغان ئۆمۈمى مۈلۈك پاكى دۆلەت مۈلكىدىن ھاسىل بولىدىغان ۋە مىراسخورسىز مىراس قالىدىغان مەبلەغلەرمۇ بەيتۇلمالنىڭ كىرىملىرىدىن ھېساپلىنىدۇ.

148. ماددا - بەيتۇلمالنىڭ خىراجەتلىرى تۆۋەندىكى ئالتە تۈرگە تەقسىملىنىدۇ:

A) زاكات ماللىرىنى ئېلىشقا ھەقلىق بولغان سەككىز تائىپىگە زاكات قىسمىدىن سەرپ قىلىنىدۇ. ئەگەر زاكات قىسمىدا مەبلەغ بولمىسا، ئۇلارغا ھېچنەرسە سەرپ قىلىنمايدۇ.

B) پەقىرلەر، مىسكىنلەر، مۇساپىرلار، جىھاد ۋە قەرزدارلارغا - ئەگەر زاكات قىسمىدا مەبلەغ بولمىسا - بەيتۇلمالنىڭ دائىمى كىرىملىرىدىن سەرپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بەيتۇلمالنىڭ دائىمى كىرىملىرىدىمۇ مەبلەغ بولمىسا، بۇ ھالدا پەقىرلەر، مىسكىنلەر، مۇساپىرلار ۋە جىھاد خىراجەتلىرىنى تولۇقلاش ئۈچۈن سېلىق يىغىپ ئېلىنىدۇ. ئەمما قەرزدارلارغا ئۇلاردىن سەرپ قىلىنمايدۇ. ئەگەر پاساد خەۋپى مەيدانغا كەلسە، بۇ خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن قەرز ئېلىنىدۇ.

C) خىزمەتچىلەر، ھاكىملار ۋە ئەسكەرلەرگە ئوخشاش، دۆلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان شەخسلەرگىمۇ بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بەيتۇلمالدىكى مەبلەغ كۇپايە قىلمىسا،



بۇ خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن دەرھال سېلىق سېلىنىدۇ. ئەگەر پاساد خەۋپى كۆرۈلسە بۇ خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن قەرز ئېلىنىدۇ.

D) يوللار، مەسجىدلەر، مەدرىسەلەر ۋە شىپاخانىلارغا ئوخشاش ئاساسى ئۆمۈمى مەنپەئەتلىك ۋە قولايلىقلار ئۈچۈن ھەم بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىدۇ ئەگەر بەيتۇلمالدىكى مەبلەغ يەتمىسە، بۇ خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن دەرھال سېلىقلار سېلىنىدۇ.

E) كامالى ئۆمۈمى مەنپەئەتلەر ۋە قولايلىقلار ئۈچۈن بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىدۇ. ئەگەر بەيتۇلمالدا مەبلەغ يەتمىسە، ئۇلارغا ھېچنەرسە سەرپ قىلىنمايدۇ، كېيىنگە قالدۇرۇلىدۇ.

F) يەر تەۋرەش ۋە كەلكۈن ئاپىتىگە ئوخشاش ئاپەتلەرگىمۇ بەيتۇلمالدىن سەرپ قىلىنىدۇ. ئەگەر مەبلەغ بولمىسا، بۇ خىراجەتلەرنى تولۇقلاش ئۈچۈن دەرھال قەرز ئېلىنىدۇ. كېيىن بۇ قەرز يىغىلىدىغان سېلىقلار ھېساۋىدىن تۆلىنىدۇ.

149. ماددا - دۆلەت ھەر بىر پۇقرانى ئىش بىلەن تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

150. ماددا - شىركەتلەر ۋە شەخسلەرنىڭ قول ئاستىدىكى خىزمەتچىلىرى ھەم دۆلەت خىزمەتچىلىرى ئىگە بولغان بارلىق ھوقۇق ۋە يۈرۈچلارغا ئىگەدۇر. ھەق باراۋەرلىكە ئەمگەك قىلغۇچى ھەر بىر - ئىشنىڭ پاكى ئىشچىنىڭ تۈرىدىن قەتئىينەزەر خىزمەتچىدۇر. ئەگەر ئىشچى ۋە ياللىغۇچى شەخس ئىش ھەققى ئۈستىدە كېلىشەلمەي قالسا، ئەينۇل مىسلى (دەل شۇ ئەمەلگە ئوخشاش ئىش ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ئىش ھەققى) گە قاراپ ھۆكۈم

قىلىنىدۇ. باشقا ئىشلاردا كېلىشەلمىسە، شەرىئەت ئەھكاملارىغا مۇۋاپىق ئىجارە توختىمىغا قاراپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ.

151. ماددا - ئىش ھەققى ئىشتىن ياكى ئىشچىنىڭ ئۆزىدىن كەلگەن پايدىغا قاراپ بەلگىلىنىشى مۇمكىن. ئىشچىنىڭ مەلۇماتى ياكى ئىلمى دەرىجىسىگە قاراپ بەلگىلەنمەيدۇ. خىزمەتچىلەر ئۈچۈن قوشۇمچە مۇكاپاتلار بولمايدۇ، بەلكى ئۇلار - ئىش ياكى ئىشچىنىڭ ئۆزىگە قاراپ بەلگىلىنىشىدىن قەتئىينەزەر - ئۆزلىرىنىڭ ئىش ھەققلىرىنى تولۇق ئالىدۇ.

152. ماددا - ھېچقانداق مەبلەغكە ئىگە بولمىغان، ئىشسىز ۋە قارايدىغان يېقىنلىرى بولمىغان شەخسلەرنى دۆلەت تەمىنلەيدۇ. ئاجىز ۋە مىسكىنلارنى دۆلەت ئۆز قارمىقىغا ئالىدۇ.

153. ماددا - بايلىقلارنىڭ خەلق ئوتتۇرىسىدا باراۋەر ئايلىنىپ تۇرۇشىغا جىددى ئېتىبار بېرىدۇ، پەقەت بىر گورۇھ قولىغا ئۆتۈپ قېلىشىغا يول قويمايدۇ.

154. ماددا - دۆلەت خەلققە ھەر بىر شەخسكە كامالى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئىمكانىيەتلىرىنى يارىتىپ بېرىش ھەمدە جەمئىيەتنى مۇۋازىنىتىنى ساقلاش مۇئامىلىسىنى تۆۋەندىكىچە ھەل قىلىدۇ:

A) دۆلەت بەيتۇلمالدىكى كۆچمە ۋە كۆچمەس مۈلۈكلەر، ئولجىلار ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلاردىن بېرىدۇ.

B) يېتەرلىك يەرگە ئىگە بولمىغان شەخسلەرگە مۇئەييەن يەرلەردىن ئاجرىتىپ بېرىدۇ. ئەمما يېرى بولۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭدىن پايدىلىنالمايۋاتقان شەخسلەرگە بەرمەيدۇ. دېھقانچىلىق قىلىشتىن ئاجىز بولغان شەخسلەرگە بۇ ئىمكانىيەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن مەبلەغ ئاجرىتىدۇ.



C) قەرز تۆلەشتىن ئاجىز بولغان شەخسلەرنىڭ قەرزلىرىنى زاكات، ئولجا ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھېسابىدىن تۆلەيدۇ.

155. ماددا - دۆلەت ھوسۇلدارلىقنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىدە يەردىن پايدىلىنىشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان دېھقانچىلىق سىياسىتىنىڭ تەلەپلىرىگە مۇۋاپىق دېھقانچىلىق ئىشلىرى ۋە مەھسۇلاتلىرىنى نازارەت قىلىپ تۇرىدۇ.

156. ماددا - دۆلەت بارلىق سانائەت ساھەلىرىنى نازارەت قىلىدۇ. ئومۇمى مۈلۈك ئىركىگە كىرىدىغان سانائەت ساھەلىرىگە بىۋاستە مۇتەسەددىلىق قىلىدۇ.

157. ماددا - تاشقى سودا ئالاقىلاردا بۇيۇم ئىشلەپچىقىرىلىدىغان جايغا قاراپ ئەمەس، بەلكى سودىگەرنىڭ پۇقرالىقىغا قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدۇ. شۇنىڭدەك، بىز بىلەن ئۇرۇش ھالىتىدە بولغان دۆلەت سودىگەرلىرىگە بىزنىڭ يۇرتىمىزدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ، پەقەت سودىگەر ياكى مال ئۈچۈن مەخسۇس ئىزنى بىلەن رۇخسەت بېرىلىدۇ. بىز بىلەن توختام تۈزگەن دۆلەتلەرنىڭ سودىگەرلىرىگە ئوتتۇرىدىكى توختام شەرتلىرىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئىسلام دۆلىتىنىڭ پۇقراسى بولغان سودىگەرلەرگە مەملىكەت مۇھتاج بولغان نەرسىلەر ۋە دۈشمەننى ھەربى سانائى ۋە ئىقتىسادى جەھەتتىن كۈچەيتىدىغان نەرسىلەرنى تاشقىرىغا ئېلىپ چىقىشقا رۇخسەت بەرمەيدۇ. ئەمما بۇ سودىگەرلەر ئۆزلىرى ئىگە بولغان ھەرقانداق مالنى ئېلىپ كىرىش مەنئى قىلىنمايدۇ. ئىسرائىلىيەگە ئوخشاش بىز بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرغان دۆلەت بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر. بۇنداق دۆلەتلەر تىجارى ياكى ھەر قانداق باشقا



www.uyghurkitap.com

ئالاقىلاردا ئەمەلدە دارۇلھەرب (ئۇرۇش دىيارى) ھۆكمىدە بولىدۇ.

158. ماددا ـ خەلقنىڭ بارلىق شەخسلىرى ھاياتىنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە تەئەللۇق بولغان ئىلمى لابوراتورىيەلەر ئېچىش ھوقۇقىغا ئىگەدۇر. ئەسلىدە بۇنداق لابوراتورىيەلەرنى ئېچىش دۆلەتنىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

159. ماددا ـ ئۇممەت ياكى دۆلەتكە زەرەر كەلتۈرىدىغان ماددىلار ئىشلەپچىقارغۇچى لابوراتورىيەلەرگە شەخسلەرنىڭ ئىگىلىك قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

160. ماددا ـ دۆلەت بارلىق خەلق ئۈچۈن پۇلسىز تىببى خىزمەتنى تەمىنلەيدۇ، لېكىن دوختۇرلارنى ياللاش ۋە دارى دەرمان سودىسى مەنئى قىلىنمايدۇ.

161. ماددا ـ مەملىكەتكە ئەجنەبى مەبلەغلەرنى ئېلىپ كىرىش ۋە ئۇلاردىن ئىنۋېستىتسىيە (پايدىلىنىش)، شۇنىڭدەك ھەر قانداق ئەجنەبىگە ئىمتىياز بېرىش مەنئى قىلىنىدۇ.

162. ماددا ـ دۆلەت ئۆزىگە خاس ھەر قانداق تاشقى تەسىردىن مۇستەقىل بولغان پۇل چىقىرىدۇ. بۇ پۇل ھېچقانداق ئەجنەبى پۇللارغا باغلىق بولماسلىقى لازىم.

163. ماددا ـ دۆلەتنىڭ پۇللىرى چىقىرىلغان ياكى چىقىرىلمىغان ھالدىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن ئىبارەتتۇر. دۆلەتنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن باشقا پۇلى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت ئالتۇن ۋە كۈمۈش ئورنىغا باشقا ماددىدىن پۇل چىقىرىشى مۇمكىن، شۇ شەرت بىلەنكى، دۆلەت خەزىنىسىدە ئاشۇ پۇل باراۋىرىدە ئالتۇن ۋە كۈمۈش بولۇشى كېرەك. يەنى دۆلەت مىس، تۇچ، قەغەز ياكى باشقا ماددىلاردىن پۇل چىقىرىپ،



ئۇنى ئۆز نامىدىن چىقىرىشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ پۇلنىڭ ئالتۇن ۋە كۈمۈشتىن تولۇق مۇقابىلى بولسا.

164. ماددا ـ دۆلەتنىڭ ئۆز پۇلىنى ئالماشتۇرۇشى مۇمكىن بولغىنىدەك، بۇ پۇل بىلەن باشقا دۆلەت پۇلىنى ئۆز-ئارا ئالماشتۇرۇش ھەم جائىزدۇر. بۇ پۇللار جىنسى تۈرلۈك ھەر خىل بولسا، ئالماشتۇرۇشتا بىرىنىڭ قىممىتى ئىككىنچىسىنىڭكىدىن ئارتۇق بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنى ئالماشتۇرۇش قولدىن قولغا ئۆتۈش شەرتى بىلەن جائىزدۇر. نىسى بولۇشى بولسا جائىز ئەمەس. پۇل جىنسلىرى تۈرلۈك بولسا ئالماشتۇرۇش باھاسى بىر قەيتسىز ئۆزگىرىشكە رۇخسەت قىلىنىدۇ. خەلقتىكى ھەر بىر شەخس ئىچكىرىدىنمۇ، تاشقىرىدىنمۇ خالىغان پۇلنى ۋە بۇ پۇل باراۋىرىگە ھېچقانداق رۇخسەتكە مۇھتاج بولمىغان ھالدا ھەر قانداق پۇل ۋە باشقا بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

## تەلىم سىياسىتى

165. ماددا ـ تەلىم دەستۇرىنىڭ ئاساسى ئىسلام ئەقىدىسى بولۇشى شەرت. ئوقۇش ماددىلىرى ۋە ئوقۇتۇش يوللىرى تەلىمنى ئۇشبۇ ئاساسدا چەكلەشكە يول قويمايدىغان ھالدا ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.

166. ماددا ـ تەلىم سىياسىتى ئىسلامى پىكىر ۋە ئىسلامى تۇيغۇلارنى شەكىللەندۈرۈش بولۇپ، ئوقۇش ماددىلىرىنىڭ بارچىسى مانا شۇ سىياسەت ئاساسدا ئىشلەپچىقىلىدۇ.

167. ماددا ـ تەلىمدىن كۆزلەنگەن غايە ئىسلامى شەخسىنى

شەكىللەندۈرۈش ۋە ئادەملەرنى ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە تەئەللۇق بولغان ئىلىم ۋە مەرىپەت بىلەن يېتىشتۈرۈشتۇر. تەلىم يوللىرى مانا شۇ غايىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان رەۋىشتە بەلگىلىنىدۇ. بۇ غايىگە ئېلىپ بارمايدىغان ھەرقانداق يوللار مەنئى قىلىنىدۇ.

168. ماددا ـ ئىسلامى بىلىملەر ۋە ئەرەپ تىلىغا ئاجرىتىلغان ھەپتىلىك دەرسلەر مىقدارى سان جەھەتتىنمۇ، ۋاقىت جەھەتتىنمۇ باشقا بىلىملەرگە ئاجرىتىلغان دەرسلەر مىقدارىغا تەڭ بولۇشى شەرت.

169. ماددا ـ تەلىمدە تەجرىبى بىلىملەر ۋە شۇ تۈركۈمگە كىرگۈچى ماتېماتىكا بىلەن ساقاپى بىلىملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھېساپقا ئېلىنىشى كېرەك. تەجرىبى ۋە شۇ تۈركۈمگە كىرگۈچى بىلىملەر ئېھتىياجغا قاراپ ئۆگىنىلىدۇ. تەلىم باسقۇچلىرىنىڭ بىرەرسىگە چەكلەپ قويۇلمايدۇ. ساقاپى بىلىملەر بولسا ئالى باسقۇچتىن ئالدىنقى بىرىنچى باسقۇچلاردىن ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرىگە زىت بولمىغان مۇئەييەن سىياسەتكە قاراپ ئېلىنىدۇ. ئەمما ئالى باسقۇچتا تەلىم سىياسىتى ۋە غايىسىدىن چەتكە چىقماسلىق شەرتى بىلەن ئىلىم سۈپىتىدە ئېلىنىدۇ.

170. ماددا ـ تەلىمنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا ئىسلام ساقاپىتى ئۆگىتىلىشى شەرت. ئالى باسقۇچتا بولسا تىببىيات، جۇغراپىيە، تەبىئەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىلىملەر ئىختىساسلاشتۇرۇلغىنىغا ئوخشاش ئىسلامى مائارىپنىڭ بارلىق تۈرلىرى ئۈچۈن ھەم پاكولتېتلار ئىختىساسلاشتۇرۇلىدۇ.

171. ماددا ـ پەن ۋە سانائەتلەر ـ سودا-تىجارەت، دېڭىزچىلىق ۋە دېھقانچىلىققا ئوخشاش، بىر جەھەتتىن بىلىملەر



www.uyghurkitap.com

تۈركۈمگە قوشۇلۇپ، ھېچقانداق قەيت ۋە شەرتسىز ئېلىنىۋېرىدۇ. مۇسەۋۋىرلىك ۋە ھەيكەلتاراشلىققا ئوخشاشلار بولسا ئۆزىگە خاس ئۇقتىشىنەزەر بىلەن تەسىرلەنگەن ساقاپەت تۈركۈمگە قوشۇلۇپ، ئەگەر ئىسلام ئۇقتىشىنەزىرىگە زىت بولسا، ئېلىنمايدۇ.

172. ماددا ـ تەلىم دەستۇرى يېگانە بولىدۇ. دۆلەت بەلگىلىگەن دەستۇردىن باشقا ھېچقانداق دەستۇرغا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. دۆلەت دەستۇرغا چەكلەنگەن، تەلىم دەستۇرىغا ئاساسلانغان، تەلىم سىياسىتى ۋە غايىسىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان مەھەللى مەدرىسىلەرگە رۇخسەت بېرىدۇ. شۇ شەرت بىلەنكى، تەلىم ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ھەم، مۇئەللىملەر ئوتتۇرىسىدا ھەم ئەر ۋە ئاياللار ئارىلاش بولماسلىقى ھەمدە بىرەر تائىپە، دىن، مەزھەپ، ئىرق ياكى رەڭدىكىلەر ئۈچۈن خاس بولماسلىقى كېرەك.

173. ماددا ـ مەيلى ئەر مەيلى ئايال بولسۇن، ھەر بىر شەخسنىڭ ھايات مەيدانىدا زۆرۈر بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا باسقۇچلاردا تەلىم ئېلىش بارچىغا مەجبۇرىيدۇر. بۇ تەلىمدە بارچىنى پۇلسىز تەمىنلەش دۆلەت زىممىسىدەدۇر. ئالى تەلىممۇ ئىمكانى بېرىچە بارچىغا پۇلسىز تەمىنلىنىشى لازىم.

174. ماددا ـ دۆلەت پىقھى، ئۇسۇلى پىقھى، ھەدىس، تەپسىر، پىكىر، تىببىيات، كىيومېتىرىيە، خىمىيە، ئىختىرا، كەشپىياتلار ۋە باشقا ئىلىم مائارىپ ساھەلىرىدە ئىزدىنىشنى داۋام قىلىشنى خالىغۇچىلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى ئۈچۈن مەدرىسە ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلەردىن ئاشقىرىدا كۈتۈپخانىلار،

ئەكسىللەندۈرۈش ۋە ئادەملەرنى ھاياتنىڭ بارلىق ساھەلىرىگە ئەئەللۇق بولغان ئىلىم ۋە مەرىپەت بىلەن يېتىشتۈرۈشتۇر. تەلىم يوللىرى مانا شۇ غايىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان رەۋىشتە بەلگىلىنىدۇ. بۇ غايىگە ئېلىپ بارمايدىغان ھەرقانداق يوللار مەنئى قىلىنىدۇ.

168. ماددا – ئىسلامى بىلىملەر ۋە ئەرەپ تىلىغا ئاجرىتىلغان ھەپتىلىك دەرسلەر مىقدارى سان جەھەتتىنمۇ، ۋاقىت جەھەتتىنمۇ باشقا بىلىملەرگە ئاجرىتىلغان دەرسلەر مىقدارىغا تەڭ بولۇشى شەرت.

169. ماددا – تەلىمدە تەجرىبى بىلىملەر ۋە شۇ تۈركۈمگە كىرگۈچى ماتېماتىكا بىلەن ساقاپى بىلىملەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ھېسابقا ئېلىنىشى كېرەك. تەجرىبى ۋە شۇ تۈركۈمگە كىرگۈچى بىلىملەر ئېھتىياجغا قاراپ ئۆگىنىلىدۇ. تەلىم باسقۇچلىرىنىڭ بىرەرسىگە چەكلەپ قويۇلمايدۇ. ساقاپى بىلىملەر بولسا ئالى باسقۇچتىن ئالدىنقى بىرىنچى باسقۇچلاردىن ئىسلام پىكىرلىرى ۋە ھۆكۈملىرىگە زىت بولمىغان مۇئەييەن سىياسەتكە قاراپ ئېلىنىدۇ. ئەمما ئالى باسقۇچتا تەلىم سىياسىتى ۋە غايىسىدىن چەتكە چىقماسلىق شەرتى بىلەن ئىلىم سۈپىتىدە ئېلىنىدۇ.

170. ماددا – تەلىمنىڭ بارلىق باسقۇچلىرىدا ئىسلام ساقاپىتى ئۆگىتىلىشى شەرت. ئالى باسقۇچتا بولسا تىببىيات، جۇغراپىيە، تەبىئەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىلىملەر ئىختىساسلاشتۇرۇلغىنىغا ئوخشاش ئىسلامى ماگارىپنىڭ بارلىق تۈرلىرى ئۈچۈن ھەم پاكولتېتلار ئىختىساسلاشتۇرۇلىدۇ.

171. ماددا – پەن ۋە سانائەتلەر – سودا-تىجارەت، دېڭىزچىلىق ۋە دېھقانچىلىقتا ئوخشاش، بىر جەھەتتىن بىلىملەر



تۈركۈمگە قوشۇلۇپ، ھېچقانداق قىيىت ۋە شەرتسىز ئېلىنىۋېرىدۇ. مۇسەۋۋىرلىك ۋە ھەيكەلتاراشلىققا ئوخشاشلار بولسا ئۇلارغا خاس نۇقتىئىنەزەر بىلەن تەسىرلەنگەن ۋاقىتتا ساقاپەت تۈركۈمگە قوشۇلۇپ، ئەگەر ئىسلام نۇقتىئىنەزەرىگە زىت بولسا، ئېلىنمايدۇ.

172. ماددا – تەلىم دەستۇرى يېگانە بولىدۇ. دۆلەت بەلگىلىگەن دەستۇردىن باشقا ھېچقانداق دەستۇرغا رۇخسەت بېرىلمەيدۇ. دۆلەت دەستۇرغا چەكلەنگەن، تەلىم دەستۇرىغا ئاساسلانغان، تەلىم سىياسىتىنى ۋە غايىسىنى مەيدانغا چىقىرىدىغان مەھەللى مەدرىسىلەرگە رۇخسەت بېرىدۇ. شۇ شەرت بىلەنكى، تەلىم ئوقۇغۇچىلار ئوتتۇرىسىدا ھەم، مۇئەللىملەر ئوتتۇرىسىدا ھەم ئەر ۋە ئاياللار ئارىلاش بولماسلىقى ھەمدە بىرەر تائىپە، دىن، مەزھەپ، ئىرق ياكى رەڭدىكىلەر ئۈچۈن خاس بولماسلىقى كېرەك.

173. ماددا – مەيلى ئەر مەيلى ئايال بولسۇن، ھەر بىر شەخسنىڭ ھايات مەيدانىدا زۆرۈر بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى پەرزدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا باسقۇچلاردا تەلىم ئېلىش بارچىغا مەجبۇرىدۇر. بۇ تەلىمدە بارچىنى پۇلسىز تەمىنلەش دۆلەت زىممىسىدەدۇر. ئالى تەلىممۇ ئىمكانى بېرىچە بارچىغا پۇلسىز تەمىنلىنىشى لازىم.

174. ماددا – دۆلەت پىقھى، ئۇسۇلى پىقھى، ھەدىس، تەپسىر، پىكىر، تىببىيات، كېيومېتىرىيە، خىمىيە، ئىختىرا، كەشپىياتلار ۋە باشقا ئىلىم ماگارىپ ساھەلىرىدە ئىزدىنىشنى داۋام قىلىشنى خالىغۇچىلارغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىشى ئۈچۈن مەدرىسە ۋە ئۇنىۋېرسىتېتلەردىن تاشقىرىدا كۆتۈپخانىلار،

لابوراتورىيەلەر ۋە باشقا مەرىپەت ۋاستىلىرىنى تەييارلايدۇ. شۇ چاغدا ئۇممەت ئارىسىدا مۇجتەھىدلار، ئىختىراچىلار يېتىشىپ چىقىدۇ.

175. ماددا - بارچە باسقۇچلاردا تەلىم ئۈچۈن مۇئەللىپلىك ھوقۇقىنى سۇئىستېمال قىلىش مەنئى قىلىنىدۇ. ھېچكىم - مەيلى مۇئەللىپ بولسۇن، مەيلى باشقا بولسۇن - بېسىپ نەشرى قىلىنغان كىتاۋنى بېسىش ۋە نەشرى قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە ئەمەس. بىراق، ئۆزىدە تېخى بېسىلمىغان ۋە نەشرى قىلىنمىغان پىكىر بولسا، بۇ پىكىرلەرنى باشقىلارغا بېرىپ، باراۋەرىگە ھەق ئېلىشى تەلىم ئۈچۈن ھەق ئېلىشى جائىز بولغىنىغا ئوخشاش جائىزدۇر.

## تاشقى سىياسەت

176. ماددا - سىياسەت - ئۇممەتنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، دۆلەت ۋە ئۇممەت تەرىپىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. دۆلەت بۇ ئىش بىلەن بىۋاستە شۇغۇللىنىدۇ. ئۇممەت بولسا بۇ ئىش ھەققىدە دۆلەتنى مۇھاسىبە قىلىدۇ.

177. ماددا - ھېچبىر شەخس، ھىزب، گورۇھ ياكى جامائەنىڭ بىرەر ئەجنەبى دۆلەت بىلەن ئالاقىسى بولۇشى مۇتلەق جائىز ئەمەس. باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئورنىتىلىدىغان ھەرقانداق ئالاقىلار دۆلەتنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇقدۇر. چۈنكى، پەقەت دۆلەتلا ئۇممەت ئىشلىرىنى ئەمەلى رەۋىشتە باشقۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. ئۇممەت ۋە سىياسى گورۇھلارنىڭ ۋەزىپىسى بولسا، مانا شۇ



www.uyghurkitap.com

تاشقى ئالاقىلار ھەققىدە دۆلەتنى مۇھاسىبە قىلىشتىن ئىبارەت.

178. ماددا - غايە ۋاستىنى ئاقلىمايدۇ. چۈنكى تەرىقەت پىكرەت جىنسىدىن بولىدۇ. ۋاجىبقىمۇ مۇباھقىمۇ ئېرىشىش ئۈچۈن ھارام ۋاستە قىلىنمايدۇ. سىياسى ۋاستە سىياسەتنىڭ تەرىقىتىگە زىت بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

179. ماددا - سىياسى تاكتىكا تاشقى سىياسەتتە زۆرۈردۇر. بۇنىڭدىكى قۇۋۋەت ئەمەللەرنى ئاشكارا قىلىش ۋە مەقسەتلەرنى مەخپى تۇتۇشتادۇر.

180. ماددا - جۈرئەت بىلەن دۆلەتلەرنىڭ جىنايەتلىرىنى ئېچىپ تاشلاش، ساختا سىياسەتلىرىنىڭ خەتەرىنى بايان قىلىش، يىرگىنىشلىك تىل بىرىكتۈرگۈچىلەرنى پاش قىلىش، ئاداشتۇرغۇچى گورۇھلارنى پارچىلاپ تاشلاش - بۇلار ئەڭ مۇھىم سىياسى ئۇسلۇبلاردىندۇر.

181. ماددا - شەخس، ئۇممەت ۋە دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتا ئىسلامى پىكىرنىڭ بۈيۈكلىكىنى كۆرسىتىش ئەڭ كۈچلۈك سىياسى يوللاردىن ھېساپلىنىدۇ.

182. ماددا - ئۇممەتنىڭ سىياسى مەسىلىسى - دۆلەت شەخسىيىتىنىڭ قۇۋۋىتىدە، ئىسلام ئەھكاملىرىنىڭ گۈزەل تەدبىقىدا ۋە ئىسلامى دەۋەتنى پۈتۈن ئالەمگە يېيىش ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت قىلىشتا نامايەن بولىدىغان - ئىسلامدۇر.

183. ماددا - ئىسلامى دەۋەتنى يېيىش مىھۋەر (مەركىزى ئوق) بولۇپ، تاشقى سىياسەت ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ. بارچە دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان ئالاقىلار مانا شۇ ئاساسقا قۇرۇلىدۇ.

184. ماددا - ئىسلامى دۆلەتنىڭ دۇنيادىكى باشقا دۆلەتلەر بىلەن ئورنىتىدىغان ئالاقىلىرىدا تۆت نەرسىگە ئېتىبار

فارتىلىدۇ.

1) ئىسلام ئالىمىدىكى مەۋجۇت دۆلەتلەر بىرلا مەملىكەت دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ. ئۇلار تاشقى ئالاقىلار دائىرىسىگە كىرمەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بولىدىغان تاشقى ئالاقىلار سىياسەت دەپ ھېسابلانمايدۇ. ئۇلارنىڭ بارچىسىنى بىرلا دۆلەت ھودۇدى (چېگراسى) ئىچىدە بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىش ئېلىپ بېرىش ۋاجىبدۇر.

2) بىز بىلەن ئۆز-ئارا ئىقتىسادى، تىجارى، ياخشى خوشنىچىلىق ياكى ساقافى شەرتنامە تۈزگەن دۆلەتلەر بىلەن شۇ شەرتنامىلەردە كۆرسىتىلگەندەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇقرالىرىنى - ئەگەر شەرتنامىدا كۆرسىتىلگەن بولسا - ئىسلام دۆلىتىگە چەتئەل پاسفورتىسىز، شەخسى گۇۋاھنامە بىلەن كىرىشى مۇمكىن، شۇ شەرت بىلەنكى، ئۇلارمۇ بىزنىڭ پۇقرالىرىمىزغا ئەمەلدە دەل شۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشى لازىم. ئۇ دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان ئىقتىسادى ۋە تىجارى ئالاقىلار مۇئەييەن زۆرۈرى نەرسىلەردە ۋە مۇئەييەن سۈپەتلەردە چەكلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قۇدرىتىنى كۈچەيتىشكە ئېلىپ بارماسلىقى لازىم.

3) بىز بىلەن ئۆز-ئارا شەرتنامىلەرگە ئىگە بولمىغان دۆلەتلەر، ئەنگلىيە، ئامېرىكا، فرانسىيەگە ئوخشاش ئەمەلدىكى مۇستەملىكىچى دۆلەتلەر، ياكى رۇسىيەگە ئوخشاش مەملىكەتنى مۇستەملىكە قىلىش تەمەسىدىكى ھۆكمەن ئۇرۇش ھالىتىدىكى (مۇھارىب) دۆلەتلەر دەپ ئېتىبار قىلىنىدۇ ۋە ئۇلارغا نىسبەتەن بارلىق ئېھتىيات چارىلىرى كۆرۈلىدۇ. ئۇلار بىلەن ھېچقانداق دىپلىماتىك ئالاقىلارنى ئورنىتىش مۇمكىن ئەمەس. بۇ



دۆلەتلەرنىڭ پۇقرالىرى يۇرتلىرىمىزغا پەقەت چەتئەل پاسپورتى ياكى ھەر بىر شەخس ۋە ھەر بىر سەپەر ئۈچۈن مەخسۇس ۋىزا بىلەنلا كىرىشى مۇمكىن.

4) ئىسرائىلىيەگە ئوخشاش ئەمەلدە ئۇرۇش ھالىتىدىكى دۆلەتلەر بىلەن بارچە تەسەررۇپلاردا ئۇرۇش ھالىتى ئاساس قىلىنىۋېلىنىدۇ. بىز بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ۋاقىتىنچىلىق سۈلھى بولسىمۇ، بولمىسىمۇ ئەمەلدە ئۇرۇش ھالىتىدىكىدەك مۇئامىلە قىلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ بارچە پۇقرالىرىنىڭ مەملىكەتكە كىرىشى مەنئى قىلىنىدۇ.

185- ماددا - ھەربىي شەرتنامىلەر، شۇنىڭدەك ھەربىي شەرتنامە جۈملىسىگە كىرىدىغان سىياسى شەرتنامىلەر ھەمدە ھەربىي بازا ۋە ئايرۇپىلانلارنى ئىجارىگە بېرىش توختاملىرى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ. ياخشى خوشنىچىلىق توختاملىرىنى، ئىقتىسادى، تىجارى، مالىيە، ساقافى ۋە ۋاقىتىنچىلىق سۈلھى توختاملىرىنى تۈزۈش جائىزدۇر.

186- ماددا - ئىسلام دۆلىتى ئىسلام ئاساسىغا قۇرۇلمىغان ياكى ئىسلام ئەھكاملىرىنى تەدبىق قىلمايدىغان تەشكىلاتلار بىلە، ئىشتىراك قىلىشى جائىز ئەمەس. مۇنداق تەشكىلاتلار جۈملىسىگە ب د ت، خەلقئارا سوت، خەلقئارا پۇل فوندى ۋە خەلقئارا بانكىغا ئوخشاش خەلقئارا تەشكىلاتلار ھەمدە «ئەرەب ئەللىرى بىرلىكى»گە ئوخشاش ئىقلىمى تەشكىلاتلار كىرىدۇ.